ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرى ئۈچۈن دەرسلىك

# ئۇيغۇر تېبابىتى خام دورىلار ئىلمى

(ئۈچىنچى توم)

# 维吾尔医生药学

（下册）



شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

ئۇيغۇر تېبابىتى خام دورىلار ئىلمى

(ئۈچىنچى توم)

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىدرىس باقى
ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت ھاجى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەتتۇرسۇن غوپۇر

| 维吾尔医高等专科学校教材 | ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىكى |
|---|---|
| 1. 维吾尔医基础理论学 | 1. ئۇيغۇر تېبابىتى ئاساسىي نەزەرىيىلىرى ئىلمى |
| 2. 维吾尔医病理学 | 2. ئۇيغۇر تېبابىتى كېسەللىنىش قانۇنىيىتى ئىلمى |
| 3. 维吾尔医诊断学 | 3. ئۇيغۇر تېبابىتى دىئاگنوستىكا ئىلمى |
| 4. 维吾尔医治疗技术学 | 4. ئۇيغۇر تېبابىتى داۋالاش ئۇسۇللىرى ئىلمى |
| 5. 维吾尔医保健学 | 5. ئۇيغۇر تېبابىتى ساقلىقنى ساقلاش ئىلمى |
| 6. 维吾尔医医德医风 | 6. ئۇيغۇر تېبابىتى ئەخلاق ئىلمى |
| 7. 维吾尔医心理学 | 7. ئۇيغۇر تېبابىتى پسىخولوگىيە ئىلمى |
| 8. 基础乌尔都语 | 8. ئوردۇ تىلىدىن ئاساس |
| 9. 医用乌尔都语 | 9. تېببىي ئوردۇ تىلى |
| 10. 维吾尔医经典著作选 | 10. ئۇيغۇر تېبابىتى كىلاسسىك ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلەر |
| 11. 维吾尔医内科学 | 11. ئۇيغۇر تېبابىتى ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمى |
| 12. 维吾尔医外科学 | 12. ئۇيغۇر تېبابىتى تاشقى كېسەللىكلەر ئىلمى |
| 13. 维吾尔医骨科学 | 13. ئۇيغۇر تېبابىتى سۆڭەك كېسەللىكلىرى ئىلمى |
| 14. 维吾尔医皮肤病学 | 14. ئۇيغۇر تېبابىتى تېرە كېسەللىكلىرى ئىلمى |
| 15. 维吾尔医儿科学 | 15. ئۇيغۇر تېبابىتى باللار كېسەللىكلىرى ئىلمى |
| 16. 维吾尔医传染病学 | 16. ئۇيغۇر تېبابىتى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئىلمى |
| 17. 维吾尔医妇产科学 | 17. ئۇيغۇر تېبابىتى تۇغۇت ـ ئاياللار كېسەللىكلىرى ئىلمى |
| 18. 维吾尔医五官科学 | 18. ئۇيغۇر تېبابىتى بەش ئەزا كېسەللىكلىرى ئىلمى |
| 19. 维吾尔医精神病学 | 19. ئۇيغۇر تېبابىتى روھىي كېسەللىكلەر ئىلمى |
| 20. 急救学 | 20. جىددىي قۇتقۇزۇش ئىلمى |
| 21. 维吾尔医营养学 | 21. ئۇيغۇر تېبابىتى ئوزۇقلۇق ئىلمى |
| 22. 维吾尔医药用植物学 | 22. ئۇيغۇر تېبابىتى دورا ئۆسۈملۈكلىرى ئىلمى |
| 23. 维吾尔医生药学 | 23. ئۇيغۇر تېبابىتى خام دورىلار ئىلمى |
| 24. 维吾尔医药品鉴定鉴别学 | 24. ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئىلمى |
| 25. 维吾尔医药炮制学 | 25. ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنى لايىقلاشتۇرۇش ئىلمى |
| 26. 维吾尔医处方学 | 26. ئۇيغۇر تېبابىتى رېتسېپلار ئىلمى |
| 27. 维吾尔医成药学 | 27. ئۇيغۇر تېبابىتى پىششىق دورىلار ئىلمى |
| 28. 维吾尔医药制学 | 28. ئۇيغۇر تېبابىتى دوراسازلىق ئىلمى |
| 29. 维吾尔医药物化学 | 29. ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىك خىمىيىسى |

ISBN 7-5372-4065-5
总定价（全三册）：198.00元
ISBN 7-5372-4065-5

ئۇيغۇر كىتاب
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكەت

维吾尔医高等专科学校教材

# 维吾尔医生药学

（下册）

主　编：吐尔洪・吾买尔

副主编：阿尔甫・买买提尼牙孜
艾力・肉孜

编　者：（按维文字母排列）
阿不力克木・努尔买买提阿吉
阿不都拉・阿不都热西提
艾力阿吉・库尔班尼牙孜艾米琪
艾尔肯・卡斯木
吐尔洪・吾买尔
吐尼莎古丽・买提卡斯木
茹克娅・沙地克
扎合达・托合提
阿力甫・吐尔地
穆塔力甫・艾力阿吉艾米琪
吾布力卡斯木・买提斯迪克
吾不力・吐尔地

新疆人民卫生出版社

ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرى ئۈچۈن دەرسلىك

# ئۇيغۇر تېبابىتى خام دورىلار ئىلمى

(ئۈچىنچى توم)


باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۆمەر

مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: ئارىپ مۇھەممەتنىياز
ئەلى روزى

تۈزگۈچىلەر: ( ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى )
ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت ھاجى
ئابدۇللا ئابدۇرېشىت
ئەلى ھاجى قۇربانىنياز ئەمچى
ئەركىن قاسىم
تۇرغۇن ئۆمەر
تۇنساگۈل مەتقاسىم
روقىيە سادىق
زاھىدە توختى
غالىپ تۇردى
مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى
ئوبۇلقاسىم مۇھەممەتسىدىق
ئوبۇل تۇردى



شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
كىتاب تورى

图书在版编目(CIP)数据

维吾尔医生药学/阿不力克木等编. —乌鲁木齐:新疆人民卫生出版社,2006.3
ISBN 7-5372-4065-5

Ⅰ.维… Ⅱ.阿… Ⅲ.维吾尔族—民族医学—生药学—高等学校—教材—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.R291.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 017548 号

责任编辑: 伊德力斯·巴克
阿不力克木·努尔买买提阿吉

责任校对: 热依汗·努尔

# 维吾尔医生药学

（下册）

(按维文字母排列)

阿不力克木·努尔买买提阿吉、阿不都拉·阿不都热西提
艾力阿吉·库尔班尼牙孜艾米琪、艾尔肯·卡斯木、吐尔洪·吾买尔
吐尼莎古丽·买提卡斯木、茹克亚·沙地克、扎合达·托合提、阿力甫·吐尔地
穆塔力甫·艾力阿吉艾米琪、吾布力卡斯木·买提斯迪克、吾不力·吐尔地 编

*
新疆人民卫生出版社出版
(乌鲁木齐市龙泉街 66 号 邮 编 830001)
新疆新华印刷厂印刷
新疆新华书店发行
*
787×1092 毫米 16 开本 102 印张 103 插页
2006 年 3 月第 1 版 2006 年 3 月第 1 次印刷
印数:1－3500 总定价(全三册):198.00 元

# ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى

مۇدىرى: خېشىڭدۇڭ (دۆلەتلىك جۇڭگو تېبابىتى دورىگەرلىكىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى پەن - تېخنىكا مائارىپ مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، پروفېسسور)

مەتتىمىن ياسىن (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى)

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: خۇاڭ جىلىڭ (دۆلەت جۇڭيى تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىكىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى پەن - تېخنىكا مائارىپ مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دوكتور، پروفېسسور)

ۋاڭ شاۋيەن (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى)

نۇرغۇن ئۆمەر (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ)

خالمۇرات غوپۇر (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دوكتور، پروفېسسور)

جاۋ مىڭ (دۆلەتلىك جۇڭگو تېبابىتى دورىگەرلىكىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى پەن - تېخنىكا مائارىپ مەھكىمىسى مائارىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن تەتقىقاتچى)

ئارىپ مۇھەممەتنىياز (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى جۇڭيى - مىللىي تېبابەتچىلىك دورىگەرلىكىنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان تەتقىقاتچى)

ئىدرىس باقى (شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتىنىڭ باشلىقى، ئالىي مۇھەررىر)

ئەلى روزى (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پروفېسسور)

ئابدۇرېھىم قادىر (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورىگەرلىك يازما يادىكارلىقلىرىنى رەتلەش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، تەتقىقاتچى)

ھەيئەتلىرى: ھەبىبۇللا يۈسۈپ (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، مۇئاۋىن مۇدىر پراۋىزور)

مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ)

مەغپىرەت ئابدۇۋەلى (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، دوتسېنت)

ئۇبۇل ھەسەن (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، دوتسېنت)

ئابدۇقادىر ئابدۇۋايىت (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

مۇھەممەتقاسىم ئۇبۇلھەسەن (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، دوتسېنت)

جۈرئەت توختى (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، دوتسېنت)

ئۇبۇلقاسىم مۇھەممەتسىدىق (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، دوتسېنت)

ئەركىن يۈسۈن (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، دوتسېنت)

ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، لېكتور)

تۇرغۇن تۇرسۇن (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، لېكتور)

مۇختەر نۇرمۇھەممەت (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، لېكتور)

يارمۇھەممەت (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى جۇڭيى - مىللىي تېبابەتچىلىك دورىگەرلىكىنى باشقۇرۇش باشقارمىسىدىن، مۇدىر بۆلۈم ئەزاسى)

ئىسراپىل ئەبەي (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، مۇدىر پراۋىزور)

ئېھسان ئىمىن (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت ھاجى (شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتىدىن، مۇھەررىر)

www.uyghurkitap.com

باقى يۈسۈپ (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋراچ)
مۇھەممەتقاسىم سىدىق (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋراچ)
خالىدە ھەسەن (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋراچ)
ھەبىبۇللا ئەلى (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋراچ)
نۇرسۇن غوپۇر (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مەسئۇل ۋراچ)
ئۇبۇل قادىر (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ)
ئىزىز كەنجى (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋراچ)
مۇھەممەتئېلى مەھمۇدى (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋراچ)
رۇقىيە سادىق (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر پراۋىزور)
نىمىتۇللا ئەبەيدۇللا (يەكەن ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ)
ئەلى ھاجى قۇربانىياز ئەمچى (خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋراچ)
باقى ئالىم (خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋراچ)
ئابدۇخالىق ئىسمائىل (خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋراچ)
مۇھىددىن غاپپار (خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋراچ)

## ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش كومىتېتى ئىشخانىسى ئەزالىرىنىڭ ئىسملىكى

ئىشخانا مۇدىرى: نۇرغۇن ئۆمەر (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ)
مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ئارىپ مۇھەممەتنىياز (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى جۇڭيى - مىللىي تىبابەتچىلىك دورىگەرلىكنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان تەتقىقاتچى)
ئەلى روزى (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پروفېسسور)
ئەزالىرى: مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ)
ئۇبۇل ھەسەن (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، دوتسېنت)
ئۇبۇلقاسىم مۇھەممەتسىدىق (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، دوتسېنت)
ئابدۇكېرىم نۇرسۇنتوختى (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، لېكتور)
ئەكبەر مۇھەممەت (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، لېكتور)
ئەلى زىيا (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، لېكتور)
ئابدۇقەييۇم مەنسۇرىپ (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، لېكتور)
ئەنۋەر دولقۇن (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، لېكتور)
يار مۇھەممەت (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى جۇڭيى - مىللىي تىبابەتچىلىك دورىگەرلىكنى باشقۇرۇش باشقارمىسىدىن، مۇدىر بۆلۈم ئەزاسى)
ئېھسان ئىمىن (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)
ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت ھاجى (شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتىدىن، مۇھەررىر)

# 维吾尔医药学教材编写委员会人员名单

| | | |
|---|---|---|
| 主　任： | 贺兴东 | （国家中医药管理局科技教育司司长，教授） |
| | 买买提明·牙生 | （新疆维吾尔自治区卫生厅厅长） |
| 副主任： | 洪　净 | （国家中医药管理局科技教育司副司长，博士，教授） |
| | 王小燕 | （新疆维吾尔自治区卫生厅副厅长） |
| | 吐尔洪·吾买尔 | （新疆维吾尔医学高等专科学校校长，副主任医师） |
| | 哈木拉提·吾甫尔 | （新疆医科大学副校长，博士，教授） |
| | 赵　明 | （国家中医药管理局科技教育司教育处处长，副研究员） |
| | 阿尔甫·买买提尼牙孜 | （新疆维吾尔自治区卫生厅中医民族医药管理处处长，特聘研究员） |
| | 伊德力斯·巴克 | （新疆人民卫生出版社社长，编审） |
| | 艾力·肉孜 | （新疆维吾尔医学高等专科学校副校长，教授） |
| | 阿不都热依木·卡地尔 | （新疆维吾尔自治区维吾尔医药文献整理工作领导小组办公室主任，研究员） |
| 委　员： | 艾比布拉·玉素甫 | （新疆维吾尔医学高等专科学校，副主任药师） |
| | 穆塔力甫·艾力阿吉艾米琪 | （新疆维吾尔医学高等专科学校，副主任医师） |
| | 买合皮热提·阿布都外力 | （新疆维吾尔医学高等专科学校，副教授） |
| | 吾布力艾山 | （新疆维吾尔医学高等专科学校，副教授） |
| | 阿布都卡地尔·阿布都瓦依提 | （新疆维吾尔医学高等专科学校，副编审） |
| | 买提卡斯木·吾布力艾山 | （新疆维吾尔医学高等专科学校，副教授） |
| | 居来提·托合提 | （新疆维吾尔医学高等专科学校，副教授） |
| | 吾布力卡斯木·买提斯迪克 | （新疆维吾尔医学高等专科学校，副教授） |
| | 艾尔肯·玉逊 | （新疆维吾尔医学高等专科学校，副教授） |
| | 阿布都克热木·吐尔逊托合提 | （新疆维吾尔医学高等专科学校，讲师） |
| | 吐尔洪·吐尔逊 | （新疆维吾尔医学高等专科学校，讲师） |
| | 木合塔尔·努尔买买提 | （新疆维吾尔医学高等专科学校，讲师） |
| | 亚尔买买提 | （新疆维吾尔自治区卫生厅中医民族医药管理处主任科员） |
| | 斯拉甫·艾拜 | （新疆维吾尔自治区维吾尔医医院院长，新疆维吾尔自治区维吾尔医研究所所长，主任药师） |
| | 伊河山·伊明 | （新疆维吾尔自治区维吾尔医研究所副所长，副编审） |
| | 阿不力克木·努尔买买提阿吉 | （新疆人民卫生出版社，编辑） |

www.uyghurkitap.com

巴克·玉素甫　（新疆维吾尔自治区维吾尔医医院，主任医师）
买提卡斯木·斯地克　（新疆维吾尔自治区维吾尔医医院，主任医师）
哈丽达·艾山　（新疆维吾尔自治区维吾尔医医院，主任医师）
艾比布拉·艾力　（新疆维吾尔自治区维吾尔医医院，主任医师）
吐尔逊·吾甫尔　（新疆维吾尔自治区维吾尔医医院，主治医师）
吾布力·卡德尔　（喀什地区维吾尔医医院副院长，副主任医师）
艾则孜·坎吉　（喀什地区维吾尔医医院，主任医师）
买买提艾力·麻合木提　（喀什地区维吾尔医医院，主任医师）
茹克娅·莎地克　（喀什地区维吾尔医医院，主任药师）
尼木吐拉·艾拜都拉　（莎车县维吾尔医医院，副主任医师）
艾力阿吉·库尔班尼牙孜艾米琪　（和田地区维吾尔医医院，主任医师）
巴克·阿力木　（和田地区维吾尔医医院，主任医师）
阿布都合力克·斯马义　（和田地区维吾尔医医院，主任医师）
木依丁·阿巴尔　（和田地区维吾尔医医院，主任医师）

## 维吾尔医药学教材编写委员会办公室成员名单

办 公 室 主 任：吐尔洪·吾买尔　（新疆维吾尔医学高等专科学校校长，副主任医师）
办公室副主任：阿尔甫·买买提尼牙孜　（新疆维吾尔自治区卫生厅中医民族医药管理处处长，特聘研究员）
艾力·肉孜　（新疆维吾尔医学高等专科学校副校长，教授）
成　　　员：穆塔力甫·艾力阿吉艾米琪（新疆维吾尔医学高等专科学校，副主任医师）
吾布力艾山　（新疆维吾尔医学高等专科学校，副教授）
吾布力卡斯木·买提斯迪克　（新疆维吾尔医学高等专科学校，副教授）
阿布都克热木·吐尔逊托合提　（新疆维吾尔医学高等专科学校，讲师）
艾克拜尔·买买提　（新疆维吾尔医学高等专科学校，讲师））
艾力·孜瓦　（新疆维吾尔医学高等专科学校，讲师）
阿布都克优木·买提西热甫　（新疆维吾尔医学高等专科学校，讲师）
安瓦尔·杜力坤　（新疆维吾尔医学高等专科学校，讲师）
亚尔买买提　（新疆维吾尔自治区卫生厅中医民族医药管理处主任科员）
伊河山·伊明　（新疆维吾尔自治区维吾尔医研究所副所长，副编审）
阿不力克木·努尔买买提阿吉　（新疆人民卫生出版社，编辑）

# كىرىش سۆز

ئۇيغۇر تېبابىتى — ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختىن بۇيان تۈرلۈك كېسەللىكلەر بىلەن ئىزچىل كۈرەش قىلىشى جەريانىدا يەكۈنلىگەن تەجرىبىلىرىنىڭ ئىلمىي يەكۈنى.

ئۇيغۇر تېبابىتى — قەدىمدىن بۇيان 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ساقلىقىنى ساقلاپ، كېسەللىكلەرگە قارشى تۇرۇپ، ساغلام ئۆسۈپ كۆپىيىشىگە خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان بىردىنبىر تېبابەت بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە خاس نەزەرىيە سىستېمىسىغا ۋە بىر يۈرۈش داۋالاش ئۇسۇللىرىغا، مول دورا بايلىقلىرىغا ئىگە.

ئۇيغۇر تېبابىتى تارىختىن بۇيان ئۇستاز ـ شاگىرت تەربىيىلەش شەكلى ئارقىلىق ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئىدى. 1983 ـ يىلى كۆكخوتتا ئېچىلغان مەملىكەتلىك 2 ـ نۆۋەتلىك مىللىي تېبابەتچىلىك خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1984 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنى خوتەندە قۇرۇشنى قارار قىلدى ھەمدە مەكتىپىمىز 1987 ـ يىلى تۇنجى قېتىم ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى باشلىدى. مەكتىپىمىزنى 1989 ـ يىلى 9 ـ ئايدا دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىقى رەسمىي تەستىقلاپ ئەنگە ئالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىزباسارلىرىنى تەربىيىلەش ئىشلىرى ھازىرقى زامان مائارىپى دەۋرىگە قەدەم قويدى.

1986 ـ يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى مەرھۇم ئىسھاقجان مەھمۇدىنىڭ مەسلىھەتچىلىكى، سابىق نازىر رەقىپ ئابباسنىڭ رەھبەرلىكى، مۇئاۋىن نازىر مۇھەممەتئىمىن سابىرنىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىكى، جۇڭگو ـ مىللىي تېبابەتچىلىك دورىگەرلىكىنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئارىپ مۇھەممەت نىيازنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر تېبابىتى مۇتەخەسسىسلىرى مەكتىپىمىزنىڭ تۇنجى ئەۋلاد دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تۈزۈشنى باشلاپ، 1992 ـ يىلى بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى تولۇق ئاخىرلاشتۇردى. بۇ دەرسلىكلەرنى باشتىن ـ ئاخىر ئالىي مۇھەررىر مەرھۇم ئىنايىتۇللا ھېلىمى، ئۇيغۇر تېبابەت ئالىمى، تىلشۇناس مەرھۇم ھاجى ئابدۇلھەمىد يۈسۈفى قاتارلىقلار بېكىتىپ، تەھرىرلەپ ۋە ئىش قوشۇپ، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى ئىلگىرى ـ كېيىن نەشر قىلىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك مائارىپىغا تۇنجى ئاساس سالغان ئىدى. مەكتىپىمىز ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى مۇھەممەتئىمىن ياسىن، سابىق مۇئاۋىن نازىر گۈلبوستان سابىت قاتارلىقلارنىڭ

رەھبەرلىكى بىلەن مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇيغۇر تېبابىتى ئىزباسارلىرىنى ئەتراپلىق، سەۋىيىلىك، سۈپەتلىك تەربىيىلەش ئۈچۈن، 10 نەچچە يىللىق ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىمىزنى يەكۈنلەش ئاساسىدا مەكتىپىمىزنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تۈزۈشنى 2002 ـ يىلى باشلىغانىدۇق. مەكتىپىمىز بىر نەچچە يىلدىن «ئۇيغۇر تېبابىتى خام دورىلار ئىلمى» نامىدىكى بۇ كونسپېكتىنى نەشرگە تاپشۇرغىنىمىزدىن كېيىن، قۇرۇلما ۋە مەزمۇن جەھەتلەردە ئۇرغۇنلىغان يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بارلىقى بايقىلىپ، مەزكۇر كونسپېكتقا مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى، ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت ھاجى قاتارلىقلار كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈش ئارقىلىق قۇرۇلما جەھەتتە باشتىن ـ ئاخىر قايتىدىن رەتلەپ، تېمىغا مۇناسىۋەتسىز، ئىلمىيلىكى يوق دەپ قارالغان مەزمۇنلارنى قالدۇرۇۋېتىپ، «ئۇيغۇر تېبابىتى خام دورىلار ئىلمى» دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلۈشكە تېگىشلىك بولسىمۇ، كونسپېكتقا كىرگۈزۈلمەي قالغان زور بىر قىسىم مەزمۇنلارنى ۋە دورىلارنى يېڭىدىن يېزىپ چىقىپ، دورىلارنىڭ ھەر قايسى تىللاردىكى ناملىرىنى تولۇقلاپ، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا سېلىشتۇرۇپ بېكىتىپ، قېلىپلاشتۇرۇپ، «ئۇيغۇر تېبابىتى خام دورىلار ئىلمى» دەرسلىكىنىڭ ئىلمىيلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پايدىلىنىش قىممىتىنى ئاشۇردى.

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى بۇ دەرسلىكنىڭ سىستېمىلىق، مۇكەممەل، سۈپەتلىك، تەلەپكە لايىق نەشر قىلىنىشى ئۈچۈن زور كۈچ چىقاردى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابىتى دەرسلىك
ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش كومىتېتى ئىشخانىسى
2006 ـ يىلى 1 ـ مارت

# نەشرىياتتىن

ئۇيغۇر تېبابىتى خام دورىلار ئىلمى — ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

بۇ دەرسلىك ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىمدىن ئىبارەت چوڭ ئىككى بۆلەككە بۆلۈندى. ئومۇمىي قىسىمدا ئۇيغۇر تېبابىتى خام دورىلار ئىلمى ھەققىدە چۈشەنچە، ئۇيغۇر تېبابىتى خام دورىلار ئىلمىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى، ۋەزىپىسى ۋە ئۇنى ئۆگىنىش ئۇسۇلى، ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىك ئىلمىنىڭ قىسقىچە تەرەققىيات تارىخى؛ ئۇيغۇر تېبابىتى خام دورىلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى، ئۇلارنى يىغىۋېلىش، ساقلاش ۋە ئۇنۇمىنىڭ تۇرۇش مۇددىتى؛ ئۇيغۇر تېبابىتىدە خام دورىلارنى تونۇش ۋە پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇللىرى؛ ئۇيغۇر تېبابىتىدە، خام دورىلارغا تەبىئەت بەلگىلەش ۋە ئۇلارنى خۇسۇسىيەتكە ئايرىش قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلدى.

مەخسۇس قىسمى ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ خام دورىلارنى خۇسۇسىيەتكە ئايرىش پرىنسىپى بويىچە خىلتسىز غەيرىي تەبىئىي كەيپىياتنى تەڭشىگۈچى دورىلار، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى پىشۇرغۇچى دورىلار، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى سۈرگۈچى دورىلار، قان تازىلىغۇچى دورىلار، قان كۆپەيتكۈچى دورىلار قاتارلىق 45 بابقا بۆلۈندى، ھەر بىر بابى بىر نەچچە خىل دورىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئۆز نۆۋىتىدە شۇ خىل دورىنىڭ تونۇشى، خىمىيىلىك تەركىبى، فارماكولوگىيىلىك تەسىرى، تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر، ئىشلىتىش ئۇسۇلى، ئىشلىتىش مىقدارى، زىيانلىق تەسىرى، تۈزەتكۈچىسى، ئورۇنباسارى، چىقىش ئورنى، پىششىق دورا ياسالمىسى قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلدى خۇسۇسىيىتى ئورتاق بولغان بىر قىسىم دورىلار مۇناسىۋەتلىك بابلاردا تەكرارلاندى. ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ خام دورىلارنى پەرقلەندۈرۈشىگە ياردىمى بولۇش ئۈچۈن، شۇ خىل دورىنىڭ رەڭلىك سۈرىتى كىتابنىڭ ئاخىرىغا قوشۇمچە قىلىندى.

ئوقۇغۇچىلار بۇ دەرسلىكنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۇيغۇر تېبابىتى خام دورىلىرىغا ئائىت بىلىملەرنى ئىگىلەپ، ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكىگە ئاساس سالالايدۇ.

بۇ دەرسلىك، شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى ئوقۇغۇچىلىرىدىن سىرت، ھەر دەرىجىلىك ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىسىدىكى تېۋىپ، دورىگەرلەرنىڭ ۋە دورا تەتقىقاتچىلىرىنىڭ پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالايدۇ.

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
2006 ـ يىلى 1 ـ مارت
ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# مۇندەرىجە


يىگىرمە توققۇزىنچى باب يۇرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار ..................... 1
كىرەش..................................................... 2
كېۋەز چېچىكى ............................................ 3
مارجان.................................................... 5
تاغ سۇنبۇلى .............................................. 6
سۇنبۇل چىنى ............................................. 8
لەئلى ..................................................... 10
ئاق مەۋسەل ............................................... 11
زۇمرەت .................................................... 12
ئالما ...................................................... 14
ھېقىق .................................................... 16
پىلە غوزىسى .............................................. 17
ئىژشنە.................................................... 19
بىدمىشكى ................................................ 21
سۇنبۇل ھىندى ............................................ 22
سازەج ھىندى ............................................. 24
مەرزەنجۇش ............................................... 26
مەرۋايىت ................................................. 29
دۇرنەج ئەقرەبى........................................... 31
نارمىشكى ................................................ 32
پەرەنجىمىشكى ........................................... 34
ياقۇت .................................................... 35
رەيھان ئۇرۇقى ........................................... 37
ئاق سەندەل .............................................. 38
قىزىل سەندەل ............................................ 39
پويرارىيە يىلتىزى ......................................... 41
زۇرۇمبات ................................................ 42

www.uyghurkitap.com


قاشتېشى ........ 44

ئالتۇن ........ 45

كۈمۈش ........ 46

گۈلى گاۋزىبان ........ 47

ئوتتۇزىنچى باب جىگەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار ........ 57

ئىزخىر مەككى ........ 58

چوڭ چىلان ........ 59

قوي جىگىرى ........ 61

لەكى مەغسۇل ........ 62

ئېۋكومىيە دەرىخى قوۋزىقى ........ 64

مەرۋايىت ........ 65

جىنتىيانا ........ 66

دولانا ........ 70

رەۋەن ........ 72

سەئدى ........ 74

سۇندۇرۇس ........ 76

زەرنەپ ........ 78

ئۇد ھىندى ........ 79

تەرخەمەك ........ 81

ئاق شېكەر ........ 83

سەئدى كوفى ........ 84

پىلە قۇرتى ........ 86

ئوتتۇز بىرىنچى باب ئۆپكە - كانايىنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار ........ 99

زۇپا ........ 100

چۆل رەيھىنى ........ 101

چۇغۇندان ........ 102

تىزغا ........ 104

تەڭگىيوپۇرماق گۈلى ........ 105

ئاق قېيىن قوۋزىقى ........ 107

تاتلىق شاپتۇل مېغىزى ........ 108

تاتلىق ئۆرۈك مېغىزى ........ 109
قوي ئۆپكىسى ........ 110
مۇرچۇبە ........ 111
يىلان ئۆتى ........ 113
ئىلى سوغىگۈلى ........ 114
چامغۇر ........ 116
نىشاستە ........ 117
لوبان ........ 119
رۇببى سۇس ........ 121
راتىيانەج ........ 122
قۇندۇزئوت ........ 124
قوڭغۇراقگۈل يىلتىزى ........ 125
ئەرۋسە ياپرىقى ........ 127
شۇمشا ئۇرۇقى ........ 128
شېكەرتىغال ........ 130
تاغ پىيىزى ........ 132
زىغىر ئۇرۇقى ........ 133
زىغىر يېغى ........ 135
بېھى ئۇرۇقى ........ 137
ئەرەب يېلىمى ........ 138
كەتىرا ........ 140
ئىشەك سۈتى ........ 142
ئۈجمە يىلتىزى پوستى ........ 143
شىقىلداق يىلتىزى ........ 145
قارلىغاچ چاڭگىسى ........ 146
**ئوتتۇز ئىككىنچى باب ئاشقازان، ئۈچەينى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار** ...... 157
ئامىلە ........ 158
گۈلدارچىن ........ 160
خولىنجان ........ 161
قېتىق سۇزمىسى ........ 163

www.uyghurkitap.com


سىسالىيۇس ...... 164

چۈژگۈن ئۈندۈرمىسى ...... 166

ماگنولىيە ...... 167

تاغ دېنى ...... 168

يۇمىلاق قاقىلە ...... 169

ياۋا ئامۇت ...... 171

پىچەكگۈل ...... 172

قۇلماق ...... 173

قوي قېرىنى ...... 175

ئاقمۇچ ...... 176

ئارپىبەدىيان يىلتىزى پوستى ...... 177

ئارپا ئۈندۈرمىسى ...... 179

پىستىگۈل يىلتىزى ...... 180

جىغان مېۋىسى ...... 181

قاقىلە ...... 183

قىزىلچا ...... 184

توخۇ تاشلىقى پوستى ...... 186

پىننە ...... 187

جۇۋىنە ...... 189

شاخار ...... 191

مەستىكى رۇمى ...... 192

كۆلى بېھىسى ...... 194

پىياز ...... 195

لاچىندانە چىنى ...... 197

ئوتتۇز ئۈچىنچى باب ئۆتنى قوۋۋەتلىگۈچى دورىلار ...... 207

قومۇش يىلتىزى ...... 208

سەپرائوت يىلتىز پوستى ...... 209

نىلۇپەر ئۇرۇقى ...... 211

ئالقات يىلتىزى پوستى ...... 212

پىچانگۈل يىلتىزى ...... 214

غۇنچىئۇزۇم ........ 215
سۇ بۆلجۇرگىنى ........ 217
جۇڭگو ماڭدارى ........ 218
پىيزەك ئامۇت ........ 219
گۇل ياسىمەن ........ 221
بۇرجۇن ........ 222
كاسنىه ........ 223
زىرىق ........ 225
يۆگىمەچىئوت ........ 226
كۆك ماش ........ 228
**ئوتتۇز تۆتىنچى باب تالنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار** ........ 231
تەسۇىقوناق ........ 232
هايۋاناتلارنىڭ تېلى ........ 233
شىنجاڭ قانتېپەرى ........ 234
بەرخۇت دەرىخى قوۋزىقى ........ 236
بايناق ........ 238
ئاق ماش ........ 239
تارانتاس ........ 240
**ئوتتۇز بەشىنچى باب بۆرەك، دوۋساقنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار** ........ 247
سۆئلەب مىسرى ........ 248
جەرەن ........ 250
تۈلكە ........ 251
توشقانزەدىكى ........ 253
بېدە ئۇرۇقى ........ 254
بۇغا قېنى ........ 255
پىياز ئۇرۇقى ........ 256
هەلىيۇن ئۇرۇقى ........ 258
تۇخۇم سېرىقى ........ 260
ئاقىرقەرها ........ 261
نوقۇت ........ 263

نارجىل ........................ 264
بەسباسە ........................ 266
ئاق بەھمەن ........................ 268
زاغۇن ئۇرۇقى ........................ 269
سەۋزە ئۇرۇقى ........................ 271
ئوتتۇز ئالتىنچى باب باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار ........................ 279
ريگ ماھى ........................ 280
يەر ياڭىقى يېغى ........................ 281
سەقەنقۇر ........................ 282
بۆكەن مۈڭگۈزى ........................ 284
ھەسەل ........................ 285
پەنەرمايە ........................ 287
توشقانتۇلاق ........................ 288
مالىنا ........................ 289
سەمەكتۇس سەيدا ........................ 291
غاز تۇخۇمى ........................ 292
غاز گۆشى ........................ 293
جىگدە چىچىكى ........................ 294
بۇقا چۇيىسى ........................ 296
قارا چېكەتكە ........................ 297
ھەببى قەلقەل ........................ 299
چەشمى خۇرۇس ........................ 300
شاقاقۇل مىسرى ........................ 302
يىڭنە بېلىق ........................ 303
ئوتتۇز يەتتىنچى باب بالىياتقۇ ۋە تۇخۇمدانىنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار ........................ 321
باشاق مۈڭگۈزى ........................ 322
دىپساكۇس ........................ 323
لىپپەكگۈل ........................ 324
نارگۈل ئۇرۇقى ........................ 326
تىربىمولىت تېشى ........................ 327

بالا ھەمراھى ........ 329
ئوتتۇز سەككىزىنچى باب سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتكۈچى دورىلار ........ 333
قارىئۇق ........ 334
چىگىت مېغىزى ........ 335
ئېشەكقومۇشى ........ 337
ياۋا كۇنجۇت ........ 338
قارا كۇنجۇت ........ 339
ئاق كۇنجۇت ........ 341
كۆكنار ئۇرۇقى ........ 342
پىندۇق ........ 344
چىلغوزا ........ 345
تۇدەرى ........ 347
پىستە مېغىزى ........ 348
ھەببۇلخۇزرا ........ 351
ھەببى زەلەم ........ 352
ھەببى رىشاد ........ 353
يەر ياڭىقى ........ 354
ئوتتۇز توققۇزىنچى باب كۆزنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار ........ 359
سۇرمە ........ 359
سەرەس ........ 361
قوي ئۆتى ........ 362
ھۆپۈپ گۆشى ........ 363
سېغىزخان ........ 364
تاجىگۈل ئۇرۇقى ........ 365
تۇتىيا ........ 367
قىرىقىنچى باب ئېغىز بوشلۇقىدىكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار ........ 371
رۇسۇت ........ 372
زەمچە ........ 373
ئوسما يىلتىزى ........ 376
شاتۇت ........ 378

مىئە سائىلە ………… 379
موزا ………… 381
مۆرمەككى ………… 383
كۆپىكى دەريا ………… 385
كەبابە ………… 387
كات ھىندى ………… 388
بادام شاكىلى ………… 390
كاۋاۋچىنى ………… 391
قىرىق بىرىنچى باب پەي، مۆسكۆل، ئېرۋىلارنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار 393
قىرغاۋۇل ………… 394
چىڭگىلىك ………… 396
چىرك يوپۇرماقلىق جىنتىيانا ………… 397
تولغىماچ مېۋىلىك تاغ كۆنجۈتى ………… 398
كۆندۈش ………… 399
ياۋا توشقان گۆشى ………… 401
تاشچېچەكى ………… 403
يىلپىز سۆڭىكى ………… 404
ئۆزۈنچاق زىراۋەندە ………… 405
بۆرە سويمىسى يىلتىزى پوستى ………… 407
بۆزۈن ………… 409
بۆغىتاپان ………… 410
ھەببۇلغار ………… 411
شۇمبۇيا ………… 413
ئاق پارپا ………… 414
قاقىرا تۇمشۇق ………… 416
زۆپتى رۇمى ………… 417
ھىك ………… 418
چۇمۇلە ………… 420
بوزۇغا ………… 422
جويۇز ………… 424

بالادۇر ............................................................ 426
مالكەنگىنى ............................................................ 428
زەيتۇن يېغى ............................................................ 429
كاشىم ............................................................ 431
قارا پارپا ............................................................ 432
قەلەمپۇر يېغى ............................................................ 435
ئەرمۇدۇن دەرىخى ئۇرۇقى ............................................................ 437
فەرپىيۇن ............................................................ 439
ئادراسمان ئۇرۇقى ............................................................ 441
ئادراسمان ئۇرۇقى يېغى ............................................................ 444
ئادراسمان ............................................................ 445
كۇچۇلا ............................................................ 447
تۆگە يېغى ............................................................ 449
سۇزاپ ............................................................ 450
جىنچاتقىلى يىلتىزى ............................................................ 451
ئەرمۇدۇن دەرىخى قوۋزىقى ............................................................ 452
بوزىدان ............................................................ 453
**قىرىق ئىككىنچى باب تەشەننۇچنى بوشاشتۇرغۇچى دورىلار** ............................................................ 461
كەۋرەك ............................................................ 461
ئاق چۇغلۇق ............................................................ 463
تاتلىق بادام يېغى ............................................................ 464
**قىرىق ئۈچىنچى باب تېرىنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار** ............................................................ 467
ئاچچىق قۇستە ............................................................ 468
مىس دېتى ............................................................ 470
قەردمانە ............................................................ 473
ئالا كۇلۇك ............................................................ 474
چالموگرا يېغى ............................................................ 476
نۆشۇدۇر ............................................................ 477
سامساق ............................................................ 479
خېنىگۇلى ئۇرۇقى ............................................................ 483

چاقالقئوت ..................................... 485
چاقالقئوت ئۇرۇقى ..................................... 486
تاغ كەرەپشىسى ئۇرۇقى ..................................... 488
ئاق قىچا ئۇرۇقى ..................................... 489
كالىي زىرە ..................................... 491
جىنكېۋىزى ئۇرۇقى ..................................... 492
ئوردان ..................................... 494
قارا خەربەق ..................................... 496
كۈنجۈت يېغى ..................................... 498
سىيادان ..................................... 500
بىلسان يېغى ..................................... 502
كۆك ئەمەن ..................................... 503
شاترەنجى ..................................... 504
قىزىل قىچا ..................................... 506
سىيادان يېغى ..................................... 508
قىرىق تۆتىنچى باب داغ، سەپكۈن چۈشۈرگۈچى دورىلار ..................................... 515
چىگىت يېغى ..................................... 515
غارغار ..................................... 516
نەرگىس گۈلى ئۇرۇقى ..................................... 519
كىلىبمىل تېشى ..................................... 520
قىرىق بەشىنچى باب چاچنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار ..................................... 523
ئوسما يوپۇرمىقى ..................................... 523
ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى ..................................... 525
شاپتۇل مېغىزى ..................................... 526
شاپتۇل مېغىزى يېغى ..................................... 528

# يىگىرمە توققۇزىنچى باب يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار

يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش تەسىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەرخىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر تەسىرىدىن، يۈرەكتە ئاجىزلاش يۈز بەرسە، ئورگانىزمدا ماددا ئالمىشىش قالايمىقانلىشىش، فىزىئولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇش بىلەن بىرگە يۈرەك ئاجىزلىقىغا ئالاقىدار تۈرلۈك كېسەللىكلەر (يۈرەك مۇسكۇلىغا قان ۋە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك، يۈرەك سانجىقى، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، يۈرەك زەئىپلىشىش، تۇتقاقلىق، ئىشتىھاسىزلىق، ھەزىم ئاجىزلاش، ھىستېرىيە، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەيز تۇتۇلۇش، نېرۋا ئاجىزلىق، جۈنۈن، مالىخولىيا، تۆۋەنكى مۈچىلەر ئىششىش …) پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنىڭ ۋاقتىدا ئالدىنى ئالمىغاندا يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلارنىڭ تۈرى ھەرخىل بولغاچقا، ئىشلەتكەندە كېسەللىك سەۋەبىگە قاراپ، مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق ياكى قۇرۇق سوغۇق بولىدۇ. بۇ خىل دورىلار يۈرەك مۇسكۇلىنى قۇۋۋەتلەش، ماددا ئالمىشىشنى ياخ بېرىدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: كىرەش، كېۋەز چېچىكى، مارجان، تاغ سۇمبۇلى، سۇمبۇل چىنى، لەئلى، ئاق مەۋسەل، زۇمرەت، ئالما، ھېقىق، پىلە غوزىسى، ئۆشنە، بىدىمىشكى، سۇمبۇل ھىندى، سازەج ھىندى، مەرزەنجۇش، مەرۋايىت، دۇرنەج ئەقرەبى، نارمىشكى، پەرەنجىمىشكى، ياقۇت، رەيھان ئۇرۇقى، ئاق سەندەل، قىزىل سەندەل، پويرارىيە يىلتىزى، زۇرۇمبات، قاشتېشى، ئالتۇن، كۈمۈش، گۈلى گاۋزىبان.

گاۋزىبان ھىندى، ئۇستىقۇددۇس، بىستىپايەنج، بادرەنجبۇيا، تاغ بادرەنجى بۇيا، ئۇدسەلىب، قىزىلگۈل، لىمون، چۆل يالپۇزى، لوكات، لوپنۇر كەندىرى، ئەتىرگۈل، سەۋزە، كەھرىۋا، تاباشىر، زەھرەموھرە، ئالتۇن ۋاراق، كۈمۈش ۋاراق، ئەنبەر، ئىپار، لاچىندانە ھىندى، گۈلدارچىن، زەپەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كىرەش
(当归 dang gui)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Radix Angelicae Sinensis

[ئىنگلىزچە نامى] Chinese Angelica

[تونۇش]

بۇ كۆنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «كىرەش» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (1.29 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاساسلىق تەركىبى ئۇچۇچان ماي ۋە سۇدا ئېرىيدىغان تەركىبتىن ئىبارەت. ئۇچۇچان ماي ئاساسەن نېيترال خۇسۇسىيەتلىك. كىسلاتالىق، فىنوللۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئۈچ خىل تەركىبتىن تۈزۈلگەن. يەنە ئاز مىقداردىكى ئامىنو كىسلاتاسى، ۋىتامىنلار سىلىن، ناترىي، سىنك قاتارلىق ئېلېمېنتلاردىن تەركىب تاپقان.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] يۈرەك رىتىمسىزلىقىنى تۈگىتىش، قان تومۇرلارنى كېڭەيتىش، قان ئايلىنىشنى تېزلىتىش، قاندىكى ماينى ئېرىتىش، قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىش، ئاغرىق توختىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ھەيز ئاغرىتىپ كېلىشنى تۈگىتىش، راكنى كونترول قىلىش قاتارلىقلار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، قاننى سۇيۇلدۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئۈچەينى سىلىقلاشتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەيز قالايمىقانلىشىش، ھەيز ئاغرىتىپ كېلىش، ھەيز تۇتۇلۇش، قان ئازلىق، ھەر خىل زەخىملىنىش، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، تۇغۇتتىن كېيىنكى قەۋزىيەت، پۇت ئاغرىقى، غەلۋىرەك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كىرەش 12 گرام، ئاق چۇغلۇق 12 گرام، رۇمبەدىيان ئالتە گرام، پىششىق

ئەگىرسۈناي 12 گىرام (ھەيز ئاغرىتىپ كەلسە، تاغ دېنى قوشۇلىدۇ) قايىنىتىپ ئىچىپ بەرسە، ھەيز قالايمىقانلىشىشقا شىپا بولىدۇ.

2. ياڭاق مېغىزى 12 گىرام، زاراڭزا چېچىكى سەككىز گىرام، كىرەش 8 گىرام، ھەممىسىنى قوشۇپ، قايىنىتىپ ئىچىپ بەرسە، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

3. كىرەش بىلەن تاغ دېنىنىڭ ھەر بىرىدىن 35 گىرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، ھەر قېتىمدا 12 گىرامدىن قايناق سۇ بىلەن ئىچسە ياكى ئۈچ پارچە خام زەنجىۋىل قوشۇپ قايىنىتىپ ئىچىپ بەرسە، ھەيز ئاغرىتىپ كېلىشكە شىپا بولىدۇ.

4. كەتىرا 105 گىرام، ئاق چۈغلۇق 210 گىرام، كىرەش 10 گىرام، توشقانزەدىكى 70 گىرام، ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزىدىن 70 گىرام ئېلىپ، قوشۇپ يۇمشاق سوقۇپ، كۈنىگە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 105 گىرامدىن ئىچىپ بەرسە، قان ئازلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

5. كەتىرا 12 گىرام، پىيىزەك 12 گىرام، شاپتۇل مېغىزى 12 گىرام، زاراڭزا چېچىكى 12 گىرام، ئاق قىچادىن 12 گىرامدىن ئېلىپ، ھەممىسىنى قوشۇپ قايىنىتىپ ئىچىپ بەرسە، جاراھەت ۋە زەخىملەرنى پۈتتۈرىدۇ.

6. كىرەشنى كۆنجۈت يېغى بىلەن قورۇغاندىن كېيىن ھەر قېتىم 12 گىرامدىن ئېلىپ سۇدا قايىنىتىپ ئىچىپ بەرسە، تۇغۇتتىن كېيىنكى چوڭ تەرەت قېتىپ قېلىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 8 ~ 16 گىرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] نىلۇپەر، گۈل بىنەپشە.

[ئورۇنباسارى] پىششىق ئەگىرسۈناي.

[چىقىش ئورنى] غۇلجا ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] كىرەش شەربىتى.

## كېۋەز چېچىكى

(棉花花 mian hua hua)

[ئەرەبچە نامى] زہرالقطن

[پارسچە نامى] گل پنبہ

[ئوردۇچە نامى] کپاس کا پھول

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

[لاتىنچە نامى] Tomentum Gossypii

[ئىنگلىزچە نامى] tomentum of upland cotton

[تونۇش]

بۇ لەيلىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ياكى چاتقال كېۋەز غوزىلاشتىن بۇرۇن ئىلگىرى ئېچىلغان چېچىكى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى «كېۋەز چېچىكى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. قۇرۇتۇلغان گۈلى سېرىق رەڭلىك، گۈل كاسىسى ئىستاكان شەكىللىك بولۇپ، گۈل تاج ياپراقچىسى بەش، سېرىق رەڭلىك، ئوتتۇرىسى سۇس بىنەپشە رەڭلىك، ئازراق پۇرىقى بار، تەمى ئاچچىقراق كېلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ھەر خىل نېرۋا كېسەللىكلىرى، ۋەسۋەسىچىلىك.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۈرەك رىتىمسىزلىقى، مالىخولىيا، مېڭە كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كېۋەز چېچىكى 25 گرام، ئۇستىقۇدۇس، گاۋزىبان، بادرەنجى بۇيا، سۇمبۇل قاتارلىقلاردىن 10 گرامدىن ئېلىپ، شەربەت تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. كېۋەز چېچىكىدىن گۈلقەنت تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا، نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 25～50 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] تۇسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] پەرەنجىمىشكى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، ھىندىستان، مىسىر قاتارلىق ئەللەردىمۇ چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] كېۋەز چېچىكى گۈلقەنتى، كېۋەز چېچىكى شەربىتى.

[ئىزاھات] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يەنە پاختىسى ۋە يىلتىزىمۇ دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، پاختىسى بەدەننى قىزىتىدۇ، يارىلارنىڭ ئۆستىگە قويسا، يارىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ، جاراھەتلەرنى قۇرۇتىدۇ، ئىششىقلارنىڭ ئۈستىدىن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلسە، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، كۆيدۈرۈپ كۈلى مەلھەملەر تەركىبىگە قوشۇلىدۇ، يىلتىزىنىڭ ئۆزىنى يالغۇز ياكى باشقا دورىلار بىلەن قوشۇپ قايناتىپ ئىچسە، سۈيدۈك ۋە توختاپ قالغان ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، قورساقتىكى ئۆلۈك ھامىلىنى ۋە بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ، تۆرەلمىنىڭ تۇغۇلۇشىنى تېزلىتىدۇ.

# مارجان
(珊瑚 shan hu)

[ئەرەبچە نامى] مرجان
[پارسچە نامى] مرجان
[ئوردۇچە نامى] مرجان
[لاتىنچە نامى] Corallium japonicum
[ئىنگلىزچە نامى] Japanese Coral
[تونۇش]

بۇ گورگىندا ئائىلىسىدىكى هايۋانات قىزىل رەڭلىك مارجان قۇرتىدىن ئاجرىلىپ چىققاندىن كېيىنكى هاك ماددىلىق ئىسكىلىت بولۇپ، بۇ خىل قىزىل قۇرتنىڭ ئىسكىلىتى يەنى سۆڭەكلىرى «مارجان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتە كېسىپ تاياقسىمان قىلىپ قويۇلىدۇ، ئۆزى قاتتىق، خۇددى فار فور خىشقا ئوخشايدۇ، ئاسان سۇنمايدۇ، پۇرىقى ۋە تەمى يوق (3.29 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] كالتسىي كاربوناتتىن ئىبارەت.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]

يۇرەك، مېڭە، جىگەر ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، كۆڭۈلنى ئېچىش، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش، هۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۇرەك ئاجىزلىقى، يۈرەك قوزغىلىش، قاتتىق بىئاراملىق، ۋەسۋەسىچىلىك، ئاشقازان ئاجىزلىقى، هەر خىل قاناش، قانلىق ئىچى سۈرۈش، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، كۆرۈش كۈچى ئاجىزلىق، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تۆت گرام مارجاننى ئىككى گرام ئەرەب يېلىمى بىلەن قوشۇپ يۇمشاق سوقۇپ سۇپۇپىنى تۇخۇم ئېقى بىلەن قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، ئىچى سۈرۈش، ئۇچەي ۋە باشقا ئەزالاردىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ.

2. مارجان سۇپۇپىدىن بىر يېرىم گرامنى قايناق سۇ بىلەن قوشۇپ ئىچسە، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

3. ئۈچ گرام مارجاننى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى هەر خىل جاراھەتلەرگە سەپسە، جاراھەتنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئارتۇق گۆشلىرىنى يەپ، ساپ گۆش ئۈندۈرىدۇ، چىشنىڭ تۈۋىگە باسسا، چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ.

4. تاباشىر 10 گرام، مارجان 5 گرام، ئاق سەندەل 10 گرام، قائىدە بويىچە سۈيۈپ قىلىپ يېسە، يۈرەك قوزغىلىشقا شىپا بولىدۇ، جاراھەتكە سەپسە، جاراھەت پۈتتۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.5 ~ 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] كەھرىۋا، خۇنسىياۋشان.

[چىقىش ئورنى] تەيۋەن-ۋە جەنۇبىي دېڭىز رايونى ئەتراپلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۈيۈپى سەرتان، خېمىرى مەرۋايىت، قۇرسى كەھرىۋا.

[قوشۇمچە] مارجان ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى ئىنچىكە، خۇددى دەرەخ شېخىغا ئوخشايدۇ، بۇ «شاخ مارجان» دېيىلىدۇ، يەنە بىرسى قاتتىق، يۇرۇشلۇك پارچە ھالەتتە بولۇپ، بۇ «بىخ مارجان» دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر تېبابىتىدە ھازىر «بىخ مارجان» كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ، بۇ ئىككىسى خۇسۇسىيەت ۋە بارلىق تەرەپلىرى بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ، بىزنىڭ تونۇشتۇرغىنىمىز بۇ ئىككى خىل مارجانغا ئورتاق بولغان مارجاندۇر.

## تاغ سۇنبۇلى

(马蹄香 ma ti xiang)

[ئەرەبچە نامى] سنبل جبلى

[پارسچە نامى] سنبل كوهى

[ئوردۇچە نامى] بالچھڑ پہاڑى

[لاتىنچە نامى] Rhizoma et Radix Valerianae Jatamansi

[ئىنگلىزچە نامى]

[تونۇش]

بۇ سۇنبۇل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تاغ سۇنبۇلى (Valeriana Jatamansi Jones) بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزسىمان غولى ۋە يىلتىزى «تاغ سۇنبۇلى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يىلتىزسىمان غولى ياپىلاق سىلىندىر شەكىللىك، سەل ئېگىلگەن بولۇپ، سىرتى قوڭۇر رەڭلىك، بوغۇملۇق، ئاستى تەرىپىدە كۆپ ساندىكى چاچما يىلتىزى بار، ئۈزى چىڭ، چۈرۈك بولۇپ، ئاسان سۇنىدۇ. تەمى سەل

ئاچچىق، ئالاھىدە خۇش پۇراقلىق بولىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] تاغ سۇنبۇلىنىڭ تەركىبىدە، ئۇچۇچان ماي، ۋلترات (Valtrate) ، دىدروۋالترات (Didrovaltrate) ۋە ۋالېروسىدات (Valerosidate) ، لىنارىن ئاكاسىئىن (Linarin Acaciin) ۋە لىنارىن ۋالېرىئانات (Linarin Valerianate) قاتارلىقلار بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەك، پەي، نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەش، يۈرەكنى قوزغىتىش، تارتىشىپ قېلىشنى قايتۇ. رۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىششىق ياندۇرۇش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، تىنچلاندۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۈرەك ئاجىزلىقى، پەي ۋە نېرۋا ئاغرىقلىرى، سەرئى، ھەيز توسۇلۇش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ئىشتىھاسىزلىق، جىگەر ئىششىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تاغ سۇنبۇلىدىن ئىككى گرامنى ھەسەل بىلەن قوشۇپ، قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ ئىچسە ياكى ئۇنىڭدىن شەربەت تەييارلاپ ئىچسە، يۈرەك، پەي ۋە نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. تاغ سۇنبۇلى، ئوغرىتىكەن، قوغۇن ئۇرۇقى ھەر بىرىنى 10 گرامدىن ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، سۈيدۈك تۇتۇلۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. تاغ سۇنبۇلى بىلەن زاراۋزا چېچەكىنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، ھەيز توسۇلۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] گۈل يېغى، كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] سۇنبۇل چىنى، سۇنبۇل تىپ ۋە سۇمبۇل ھىندى.

[چىقىش ئورنى] خېنەن، خۇبېي، سىچۇەن، يۈننەن قاتارلىق ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ، شەنشى ئۆلكىسىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، ھىندىستان ۋە ياۋروپا ئەللىرىدىنمۇ چىقىدۇ.

[قوشۇمچە] «ئەلقانۇن» دا خېلى بۇرۇنلا سۇنبۇل نامىدا (Valeriana Jatamansi Jones) ئۆسۈملۈك بايان قىلىنغان، مۇشۇ لاتىنچە نامنى ئاساس قىلىپ ئىزدىگەندە، بۇ ئۆسۈملۈك

www.uyghurkitap.com

ئوردۇچە نامى «تىگەر» دېيىلىدۇ. لېكىن بەزى كىتابلاردا تىگەرنى «ئاسارۇن» نامى بىلەن ئاتاپ، تاغ سۇنبۇلنى خاتا ھالدا ئاسارۇن دەپ ئىشلىتىپ كېلىنگەن. ئاسارۇننىڭ ئىلمىي نامى «asarum ewropaeum» بولۇپ، بۇ زىراۋەندە ئائىلىسىگە كىرىدۇ. تاغ سۇنبۇل بولسا، سۇنبۇل ئائىلىسىگە كىرىدۇ، شۇڭا بۇ خاتالىقنى تۈزىتىش زۆرۈر.

## سۇنبۇل چىنى

(甘松 gan song)

[ئەرەبچە نامى] سنبل صيني

[پارسچە نامى] سنبل چيني

[ئوردۇچە نامى] سنبل چيني

[لاتىنچە نامى] Radix et Rhizoma Nardostachyos

[ئىنگلىزچە نامى] Chinese Nardostachys Root and Rhizoma

[تونۇش]

بۇ سۇنبۇل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئېگىزلىكى 35~25 سانتىمېتىر ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك جۇڭگو سۇنبۇلى (Nardostaghys Chinensis Batalin) بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ غولى ۋە يىلتىزى «سۇنبۇل چىنى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ھازىر رايونىمىزدا ئىشلىتىلىۋاتقان سۇنبۇل مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت. بۇنىڭ گۈلى ۋە ئۇرۇقى بولمايدۇ، رەڭگى قارا سېرىققا مايىل، خۇشبۇي، ئۆتكۈر پۇراقلىق، يىلتىزى بىرئاز قاتتىق (5.29 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] سۇمبۇل چىنىنىڭ يىلتىزىسىمان غولىدا ئارىستولېن (Aristolene)، ناردوستا خون (Nardostachone)، دېبىلون (Debilone)، ناردوزىنون (Nardosinone)، ۋالېرانون (Valeranone)، پاتخۇئۇلى ئالكوھول (Patchouli alcohol) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: سۇمبۇل چىنىنىڭ تىنچلاندۇرۇش تەسىرى بار، زەھەرلىك تەسىرى ئاز راق.

2. ۋالېرانون يۈرەك رىتىمى تەرتىپسىزلىنىشكە قارشى تۇرۇش ئۈنۈمىگە ئىگە ۋە خېلى ئىشەنچلىك دورا ھېسابلىنىدۇ. يات ئورۇن خاراكتېرلىك قېرىنچە مەنبەلىك رىتىمنى تورمۇزلاش تەسىرى خېنىندىن ۋە خېنىن ئۆسۈملۈكىدىكى ئۇچۇچان مايدىن كۈچلۈك ھەم زەخمىلىنىش مەنبەلىك يۈرەك دالانچىسى تىترەش ۋە پارپا زەھىرى مەنبەلىك يۈرەك دالانچىسى

تالالىرى تىترەشنى تىزگىنلىشى خېنىن بىلەن ئوخشايدۇ.

3. باكتېرىيىگە قارشى تۇرۇش تەسىرىگە ئىگە، سۇمبۇل چىنىنىڭ 800 : 1 نىسبەتلىك قويۇقلۇقتىكى ئېرىتمىسى زەمبۇرۇغنى تورمۇزلايدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەك، مېڭە، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، چىرايىنى چىرايلىق قىلىش، قو-رۇش، تۇتۇش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، ئاشقازان بىلەن ئۈچەيگە بۇزۇق ماددىلارنىڭ قۇيۇلۇشىنى توسۇش، تاش پارچى-لاش، ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۈرەك، نېرۋا، ئاشقازان ۋە جىگەر ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، قورساقتا سۇ چۇ-شۇش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، يۈرەك رىتىمى قالايمىقانلىشىش، ھەيز توسۇلۇش، كۆپ تەرلەش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇنبۇلنى ئەمەن ۋە سەندەل بىلەن بىرگە تالقانلاپ ئىچىپ بەرسە، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ؛ بەدەنگە سۈركىسە، خۇشبۇي قىلىدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇنبۇلنى قاينىتىپ سۈيىدە ئولتۇرسا، ھەيزنى راۋانلاشتۇرى-دۇ.

3. مۇۋاپىق مىقداردىكى يۇمغاقسۇت بىلەن سۇنبۇل چىنىنى تالقانلاپ كۆزگە تارتسا، كۆزدىكى قىزىللىقنى كۆتۈرىدۇ ۋە كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كىرپىك ئۇندۇرىدۇ، دورىلارنىڭ قۇۋۋىتىنى كۆز قاتلاملىرىغا يەتكۈزۈپ، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ، موزا بىلەن كۆزگە تارتسا، ياشنى توختىتىدۇ.

4. سۇنبۇلدىن 500 گرامنى 700 گرام ئۈزۈم سۈيىدە قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا ئېلىپ، ئۈچ ھەپتە ئاپتاپتا قويۇپ ئىچىپ بەرسە يۈرەك، نېرۋا، ئاشقازان، جىگەر ۋە كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، ئىسپىغول.

[ئورۇنباسارى] سۇنبۇل ھىندى.

[چىقىش ئورنى] سىچۈەن، گەنسۇ، چىڭخەي، شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئاملە نۆشدارى، مەجۇنى دەبدۇلۋەرد.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# لەئلى

(喇子 la zi)

[ئەرەبچە نامى] لعل

[پارسچە نامى] لعل

[ئوردۇچە نامى] لعل

[لاتىنچە نامى]

[ئىنگلىزچە نامى]

[تونۇش]

لەئلى قىزىل ياقۇتقا ئوخشايدىغان، لېكىن رەڭگى ئۇنىڭدىن سۇسراق، بىنەپشە رەڭ ياكى جىگەررەڭگە مايىل، ياقۇتقا قارىغاندا يۇمشاقراق، سۈزۈك پارقىراق، ناھايىتى ئەتىۋار مىنېرال ماددا بولۇپ، كلاسسىك تېببىي كىتابلاردا بەدەخشاندىن چىقىدىغىنىنىڭ ئەڭ ياخشى ھېسابلىنىدىغانلىقى ۋە بەكرەك قىزىل ھەم قاتتىق كېلىدىغانلىقى سۆزلەنگەن، ھازىر لەئلى ئاپتونوم رايونىمىزدىنمۇ چىقىدىغانلىقى، ئۇنىڭ رەڭگى ۋە سۈپىتىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇماتلار بار (6.29 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەك، مېڭە ۋە نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، قان توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۈرەك، مېڭە ۋە نېرۋا ئاجىزلىقى، يۈرەك چالاكغۇراش، مالىخولىيا، جۇنۇن، ھىستېرىيە، سەرئې، ئۇنۇتقاقلىق، بۇۋاسىر قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. 0.5 گرام لەئلى كۆشتىسىنى گۈل يېغى بىلەن قوشۇپ مەلھەم قىلىپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، بۇۋاسىرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ.

2. لەئلى كۆشتىسى، مەرۋايىت كۆشتىسى، بىخ مارجان كۆشتىسى ۋە ساپ ئەنبەردىن 0.5 گرامدىن ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئاز مىقداردا ئىپار قوشۇپ يۇمشاق سالايە قىلىپ، قىزىلگۈل ئەرقى بىلەن ھەر كۈنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىپ بەرسە، يۈرەك سانجىقى، يۈرەك تىترەش، يۈرەك تىقىلمىسى، يۈرەك زەئىپلىشىش، يۈرەك قوزغىلىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.5 ~ 0.15 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] لايىقلاشتۇرۇش ياخشى بولمىسا، ئەزالاردا توسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ.
[تۈزىتىش دورىسى] ئەرەب يېلىمى، كەتىرا.
[ئورۇنباسارى] مەرۋايىت.
[چىقىش ئورنى] ھىندىستان ھەم ئاپتونوم رايونىمىزدىن چىقىدۇ.
[ىشلىتىش دورا ماسلىسى] خېمىرى مەرۋايىت.

## ئاق مەۋسەل
(麦冬 mai dong)

[ئەرەبچە نامى] موصل ابيض
[پارسچە نامى] موصل سفيد
[ئوردۇچە نامى] موصل سفيد
[لاتىنچە نامى] Radix Ophiopogonis
[ئىنگلىزچە نامى] Dwarf Lilyturf Root tuber
[تونۇش]
گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئاق مەۋسەلنىڭ تۈگۈنەك غولىدىن ئىبارەت (7.29 ـ رەسىم).
[خىمىيىلىك تەركىبى] كۆپ خىل گلۇكوزىد، كۆپ خىل ستېروئىدلىق ساپونىن، شىلىمشىق ماددىلار.
[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. قايتىلىمىسى تەجرىبە ھايۋانلىرىنىڭ ئوكسىگېن كەملىككە بولغان چىدامچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ. تاجسىمان ئارتېرىيىدىن ئۆتىدىغان قاننىڭ مىقدارىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق يۈرەك مۇسكۇلىغا قان يېتىشمەسلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىغا ئىگە. يۈرەك رىتىمسىزلىقىغا قارشى تۇرالايدۇ، يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ قىسقىرىش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.
2. قان قەنتىنى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىتىش ۋە بەلگىلىك تىنچلاندۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.
3. قايىنتىلمىسىنىڭ ئاق رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە، چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسى، كېزىك تاياقچە باكتېرىيىسى قاتارلىق كۆپ خىل باكتېرىيىلەرنى كۆرۈنەرلىك تىزگىنلەش رولى بار.
4. سۇ ياكى ئىسپىرتتىكى ئاجرالمىسىنىڭ ئىچكى تورسىمان تېرە سىستېمىسىنىڭ يۇتۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، ئەتراپ ئاق قان ھۈجەيرىلىرىنى ئاشۇرۇش، ئانتىتېلانىڭ

هاسىل بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى ئۆزارتىش رولىغا ئىگە. يەنە بەدەندىكى ئەركىن رادىكاللارنى تازىلاش، قېرىشقا قارشى تۇرۇش رولىغا ئىگە.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەك ۋە ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ، ئاشقازان، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۈرەك ئاجىزلىقى، يۆتەل، قان تۈكۈرۈش، قان قۇسۇش، ئۆپكە ياللۇغى، ئۆپكە يىرىڭلىق ئىششىقى، نېرۋا ئاجىزلىقى، باھ ئاجىزلىقى قاتارلىق كېسەللەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

ئاق مەۋسەل، ئاق سەندەل، بىدمىشكى قاتارلىقلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ ئەرەق تارتىپ ئىستېمال قىلىپ بەرسە، يۈرەك چالاڭغۇراش ۋە يۈرەك ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 9~12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] تال ۋە ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىششىق ئەگرىسۇناي.

[ئورۇنباسارى] ئاقسەندەل.

[چىقىش ئورنى] تاغ باغرىدىكى ئورمانلاردا ئۆسىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۈپۈپى مەۋسەل.

## زۇمرەت
(纯绿宝石 chun lu bao shi)

[ئەرەبچە نامى] زمرد

[پارسچە نامى] زمرد

[ئوردۇچە نامى] زمرد پانا

[لاتىنچە نامى] Colouriess bery

[ئىنگلىزچە نامى]

[تونۇش]

زۇمرەت يېشىل رەڭلىك، سۇزۇك، پارقىراق، ناھايىتى كۆركەم، پۇراقسىز، تەمسىز كەلگەن، ئاز ئۇچرايدىغان قىممەت باھالىق نەپىس مىنېرال بولۇپ، قاتتىق، يەنە كېلىپ يۇقىرى ئېلاستىكلىققا ھەم ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈشچانلىققا ئىگە، دۇنيادا رەڭگى تەكشى،

ئاربلاشمىلىرى ئاز، سۇزۇك كەلگەن زۇمرەتلەر ئاز ئۇچرايدۇ، شۇڭا بۇ ناھايىتى ئەتىۋارلىق بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتىدە يېشىل رەڭلىك، سۇزۇك، پارقىراق، جۇلالىق، ساپ بولغىنى ياخشى ھېسابلىنىدۇ ۋە شۇ خىلى ئىشلىتىلىدۇ (8.29 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەك، مېڭە، جىگەر ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش، ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، قان توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، زەھەر قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۈرەك، مېڭە ۋە جىگەر ئاجىزلىقى، يۈرەك قوزغىلىش، يۈرەك چالاڭغۇراش، دەم سىقىش، يۈرەك سانجىقى، سېرىقلىق چۈشۈش، قورساققا سۇ چۈشۈش، بۆرەك ئاجىزلىقى، ئىچى سۈرۈش، قان تولغاق، سەرئى، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقى، كۆزگە سۇ چۈشۈش، كۆزگە ئاق چۈشۈش، كۆز ياشاڭغىراش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تاباشىر 10 گرام، قاشتېشى ئۈچ گرام، سەندەل 10 گرام، زۇمرەت ئىككى گرام، قىزىلگۈل 15 گرام، قائىدە بويىچە سوقۇپ، سۈپۈپ تەييارلاپ، يۈرەك ساھەسىگە چېپىپ بەرسە، يۈرۈك چالاڭغۇراشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئاقاقىيا 10 گرام، رۇبىسۇس 15 گرام، زۇمرەت ئىككى گرام، ئەنجىبار 10 گرام، ئادەتتە بويىچە ھەب تەييارلاپ ئىچسە ياكى سۈپۈپ تەييارلاپ، يەرلىك ئورۇنغا سەپسە، قان توختىتىدۇ، جاراھەت پۈتتۈرىدۇ.

3. سۈرمىدىن بىر گرام، زۇمرەتتىن بىر گرام، يۇمشاق سوقۇپ تالقانلاپ، كۆزگە سۈرمە قىلىپ تارتسا، كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] سىرتتىن ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ، ئىچكى تەرەپتىن 0.8 ～ 1 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆپ ۋاقىت ئىستېمال قىلسا دوۋۋاققا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، تەرخەمەك ئۇرۇقى.

[ئورۇنباسارى] مەرۋايىت، ياقۇت.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالتاي ۋە كۆكتوقاي قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى زۇمرەت، خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرى.

[كۇشتە قىلىش ئۇسۇلى] بىرىنچى خىل ئۇسۇل: 60 گرام زۇمرەتنى 500 گرام

www.uyghurkitap.com

سەبرى لوئابى بىلەن بىر كوزىغا سېلىپ، ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ گىلى ھېكمەت قىلىپ، 20 كىلوگرام ئەتراپىدىكى كالا تېزىكى بىلەن ئوت يېقىلىدۇ، ئەگەر بىر ئاز قاتتىق بولسا بۇ مەشغۇلات يەنە بىر قېتىم تەكرارلانسا بولىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئېلىپ يۇمشاق سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئىككىنچى خىل ئۇسۇل: مۇۋاپىق مىقداردىكى زۇمرەتنى قىزدۇرۇپ، مەلۇم قېتىم قىزىلگۈل ئەرقىغە تاشلاپ داغلىغاندىن كېيىن، بەلگىلىك قىزىلگۈلنى سوقۇپ يۇغۇرۇپ زوۋۇلا قىلىپ، زۇمرەتنى ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ ئەتراپىنى گىلى ھېكمەت قىلىپ تېزەككە كۆمۈپ ئوت يېقىپ، ئاندىن ئېلىپ سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۈچىنچى خىل ئۇسۇل: ھۆل كۆك نېلۇپەرنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن پاقىيوپۇرمىقىنى سوقۇپ، زوۋۇلا قىلىپ ئۇنىڭغا كۆشتە قىلماقچى بولغان زۇمرەتنى سېلىپ گىلى ھېكمەت قىلىپ مۇۋاپىق مىقداردىكى تېزەك بىلەن ئوت يېقىپ، ئەگەر بىر قېتىمدا تولۇق كۆشتە بولمىغان بولسا، بۇ مەشغۇلاتنى قايتا تەكرارلاپ، ئاندىن ئېلىپ سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

## ئالما

(苹果 ping guo)

[ئەرەبچە نامى] تفاح

[پارسچە نامى] سيب

[ئوردۇچە نامى] سيب

[لاتىنچە نامى] Fructus Mali Pumilae

[ئىنگلىزچە نامى] Apple Fruit

[تونۇش]

بۇ ئەترگۈل ئائىلىسىدىكى مېۋىلىك دەرەخ ئالما دەرىخىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ پىشقان مېۋىسى «ئالما» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يۇمىلاق شار شەكىللىك بولۇپ، سىرتقى يۈزى قىزغۇچ سېرىق ياكى ئاقۇش رەڭلىك، پارقىراق، خۇش پۇراق، سۇلۇق كېلىدۇ. ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇقچىلىرى بولىدۇ، تەمى تاتلىق ياكى چۈچۈمەل كېلىدۇ (9.29 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئالما تەركىبىدە كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، ئۇندىن باشقا شېكەر ماددىسى، ئۆزگەرگەن قەنت بار. پىشمىغان ئالمىدا كراخمال بولۇپ، بۇ مېۋىنىڭ پىششىقىغا ئەگىشىپ يوقىلىدۇ. كىسلاتالاردىن ئاساسلىقى ئالما كىسلاتاسى (Malic acid) بار. ئۇندىن باشقا خىنىن كىسلاتاسى، كوينىك كىسلاتاسى (quinic acid)، لىمون كىسلاتاسى (citric acid)، تار تارىك كىسلاتاسى (Tar tarric acid)، ياغ، پېكتىن، VitA ،B ،C

لار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] مېۋە يىلىمىنى چىقىرىۋېتىپ تەييارلانغان ئالما ئوكۇل سۆيۈقلۇقى ئۆي توشقىنىنىڭ ۋېناسىغا ئوكۇل قىلىنسا، قاندىكى قەنتنى ئۆرلىتىدۇ. ئالما ئوكۇل سۆيۈقلۇقىنىڭ تەسىرى ئۇنىڭدا تۇتقان ئۈزۈم شېكىرىنىڭ تەسىرىگە قارىغاندا كۈچلۈك، بۇنىڭ سۆيدۈك ماڭدۇرۇش ئۈنۈمى كېيىنكىسىدىن 3~2 ھەسسە ئارتۇق.

[تەبىئىتى] تاتلىق ئالما بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق، چۈچۈمەل ئالما بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

تاتلىق ئالما: يۈرەك، جىگەر، مېڭە يۈرەك ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى تەڭشەش، قۇرۇق يۆتەلنى توختىتىش، ئىچ سۈرۈشنى ۋە قۇسۇشنى توختىتىش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش.

چۈچۈمەل ئالما: يۈرەك، جىگەر ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، قۇرۇتۇش، تۇتۇش، قۇسۇش ۋە غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتتىن بولغان ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۈرەك، مېڭە، جىگەر، ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، بەدەن ئاجىزلىقى، يۆتەل، ئۇسسۇزلۇق، قۇسۇش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتتىن بولغان ئىچى سۈرۈش، كۆڭۈل ئېلىشىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئالمىدىن كۈندە ئىككى تال يەپ بەرسە، يۈرەك، ئاشقازان، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ.

2. ئالما مۇراببasى تەييارلاپ، بىر كۈندە ئىككى ۋاخ 20 گرامدىن يەپ بەرسە، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىدۇ، يۈرەك ئېغىش ھەم يۈرەك رىتىمسىزلىقىغا شىپا بولىدۇ.

3. ئالمىنى پىشۇرۇپ سۈيىنى ئىچسە، كۆڭۈل ئېلىشىشنى پەسەيتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 12 ~ 24 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆكرەككە زىيان قىلىدۇ، قورساقنى ئېسىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، گۈلقەنت، دارچىن.

[ئورۇنباسارى] بېھى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئالما شەربىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ھېقىق
(玛瑙 ma nao)

[ئەرەبچە نامى]
[پارسچە نامى]
[ئوردۇچە نامى]
[لاتىنچە نامى] Achates
[ئىنگلىزچە نامى] Agate
[تونۇش]
بۇ بىر خىل كۋارتىس تۈرىدىكى مەدەندىن ئىبارەت بولۇپ، سۈزۈك پاقىراق، رەڭگى سېرىققا مايىل قىزىل بولىدۇ، تەمى بىمەززە تېتىيدۇ (10.29 ـ رەسىم).
[خىمىيىلىك تەركىبى] بۇ سىلىكون دىئوكسىدى ($SiO_3$) تۈتىدۇ. يەنە ئاز مىقداردا تۆمۈر، مانگان قاتارلىق ئارىلاشما ماددىلارمۇ بار.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
يۈرەك، جىگەر، تالنى قۇۋۋەتلەش؛ قان توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، تاشلارنى پارچىلاش، كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرۇش، چىش مىلىكىنى چىڭىتىش، باھنى قوزغاش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
يۈرەك ئاجىزلىقى، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، جىگەر ۋە تال توسۇلۇش، چىش مىلىكلىرى بوشاپ كېتىش، قان سىيىش، قان تۈكۈرۈش، خۇن تەۋرەش، بۇرۇن قاناش، قان ۋە سەپرا مەنبەلىك ئىسھال، بۆرەك ۋە دوۋساق تاش كېسەللىكى، باھ ئاجىزلىقى، بالدۇر مەنىي يۈرۈپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. گاۋزىبان 10 گرام، ئۇستىقۇددۇس 10 گرام، ھېقىق تېشى 2 گرام، زەپەر 2 گرام، مەرۋايىتتىن 2 گرام ئېلىپ، سوقۇپ سۈپۈپ قىلىپ كۈندە ئىككى قېتىم ئىچسە، يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.
2. ئانارگۈلى 10 گرام، ئاقاقىيا 10 گرام، ئەنجىبار بىر گرام، ھىقىق تېشىدىن 2 گرامدىن، سۈپۈپ تەييارلاپ يەرلىك ئورۇنغا سەپسە، تاشقى ئەزالاردىكى قاناشلىق جاراھەتلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. تاباشىردىن 10 گرام، ھېقىق تېشىدىن 1.5 گرامدىن ئېلىپ، سوقۇپ 10 گرام قېتىق سۈزمىسىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ بەرسە، قان ۋە سەپرا مەنبەلىك ئىسھالغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. ھېقىق كۆشتىسىنى قايماق بىلەن بىر مەزگىل ئىستېمال قىلسا، باھنى كۆچەيتىدۇ، بالدۇر مەنىي يۈرۈپ كېتىشنى توختىتىدۇ.

5. ھېقىقنى بىخ مارجان بىلەن سوقۇپ سوپۇپ تەييارلاپ چىشقا باسسا، چىشنى چىڭىتىدۇ، چىش تۈۋى قاناشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.5 ~ 1.5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆشتە قىلماي ئىشلىتىلمەيدۇ، بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] بىخ مارجان، قاشتېشى.

[چىقىش ئورنى] يەمەن كانلىرىدىن ۋە باشقا مەملىكەتلەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مۇپەررىھى ياقۇت، ئەۋرىشىم شەربىتى.

## پىلە غوزىسى

(蚕茧 can jian)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Incun abulum Bambycis

[ئىنگلىزچە نامى] Silk Cocoon

[تونۇش]

بۇ پىلە پەرۋانە ئائىلىسىدىكى ھاشارات پىلە پەرۋانىسىنىڭ غوزىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، «ئەۋرىشىم» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. پىلە غوزىسى ئېللىپس شەكىللىك ياكى ئوتتۇرىسى قورۇلغان ھالەتتە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 3~4 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 1.5~2 سانتىمېتىر كېلىدۇ، سىرتقى يۈزى ئاق بولۇپ، ئاسان پارچىلانمايدۇ، پىلە غوزىسىنى تازىلاپ، قۇرتنى ئېلىۋېتىپ، قىرقىپ ئىشلىتىلىدۇ (11.29 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇچمە يوپۇرمىقىدا بېقىلغان پىلە غوزىسىنىڭ تەركىبىدە سۇ، كۆل ماددىسى، 91% ئاقسىل ۋە تالالىق ماددىلار بار.

[فارماكولوگىيلىك تەسىرى] پىلە غوزىسىنىڭ ئۆت ئاجرىتىش ئىقتىدارى، ئاشقازان - ئۈچەي ئىشلەپچىقىرىش رولى بار.

[تەبىئىتى] خام پىلە غوزىسى بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەك، مېڭە، باھ ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، بەدەننى سەمرىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق كەلتۈرۈش، مالىخولىيا، سەرىيە، يۆتەل، زىققە، كۆز جاراھەتلىرى ۋە كۆز ياشاڭغىراش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۈرەك، مېڭە، باھ ۋە ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، ئاغرىق پەسەيتىش، بەدەننى سەمرىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق كەلتۈرۈش، بەلغەم بوشىتىش، تېرىنى پارقىرىتىش.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئۇستىقۇددۇس، سۇمبۇل، بادرەنجى بۇيا، سېرىقئوت، پىلە غوزىسى قاتارلىقلاردىن يەتتە گرامدىن ئېلىپ شەربەت تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ.

2. پىلە غوزىسى، گاۋزىبان، نىلۇپەر، ئاق سەندەل ھەر بىرىدىن 10 گرام، بىدىمىشكىدىن 7 گرام ئېلىپ، چالا سوقۇپ چايلىق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك رىتىمسىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئۈچ گرام پىلە غوزىسىنى ئىككى گرام كەھرىۋا بىلەن قوشۇپ سۈپۈپ قىلىپ ئەزالارغا سەپسە، جاراھەتنى پۈتتۈرۈش تەسىرىنى بېرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1~3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئاسارۇن.

[ئورۇنباسارى] يۇپۇلغان، كۆشتە قىلىنغان مەرۋايىت، گاۋزىبان ھىندى.

[قوشۇمچە] پىلىنىڭ ئۇرۇقى، مايىقى، غوزا ئىچىدە قاتقان قۇرتى دورا ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

(1) يېڭى تۆرەلمىسى يىپەك قوسۇپ غوزا باغلاش ئالدىدا ئۆلۈپ قېلىپ قالغان پىلە قۇرتىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، ئۇ بالىلاردىكى تارتىشىپ قېلىش، كېچىسى چۆچۈپ يىغلاش، بادام بەز ياللۇغى، كاناي شاخچىلىرى ياللۇغى، ياشانغانلارنىڭ مېڭىسىگە قان چۈشۈش، ئېغىز، كۆز مايماقلىشىپ قېلىش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ، ئۇندىن باشقا



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

يۆتەل، گال ئاغرىقى، ئاۋاز بوغۇلۇپ قېلىش، يەل تېشىپ قېلىش قاتارلىقلارغىمۇ پايدا قىلىدۇ.

(2) غوزا باغلىغاندىن كېيىنكى قۇرتى: بۇ ئەڭ ياخشى ئۇزۇقلاندۇرغۇچى ماددا بولۇپ، ئۇنى ئوتتا قۇرۇتۇپ سوقۇپ ئىچىشكە بېرىلسە، بالىلارنىڭ تاماق ھەزىم قىلىشى بۇزۇلۇش، ئوزۇقلىنىش ناچارلىقتىن ئورۇقلاپ كەتكەن بىمارلار ئۈچۈن پايدىلىق دورا ھېسابلىنىدۇ. قاينىتىپ سۈيى ئىچىلسە، دىئابېت كېسىلىدىكى كۆپ ئۇسساشنى توختىتىدۇ.

(3) پىلە غوزىسى: بۇنىڭدا ئاساسلىقى قۇرت ئاساس قىلىنىدۇ. بۇنى كۆيدۈرۈپ قان توختاتقۇچى دورا سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە بولىدۇ، ئىچىشكە بېرىلسە، ئۈچەي قاناش، قان سىيىش، بالىياتقۇدىن قان كېلىش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ، سىرتقا ئىشلەتسە چىش قاناش، جاراھەت، يىرىڭلىق يارىلار، ئېغىز بوشلۇقى ھەم چىش مىلىكىنىڭ قانىشى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ، قاينىتىلمىسى دىئابېت كېسىلىنى داۋالايدۇ، سازاڭ مەددە قۇرتنى چۈشۈرىدۇ.

(4) پىلە مايىقى3 تىنچلاندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنى رېماتىزم، پالەچ، يېرىم پالەچ قاتارلىقلارغا ھەم باش ئاغرىقى، بالىياتقۇدىن قان كېتىش، كۆپ قۇسۇپ، سۇ يوقىتىش، قورساق غۇرۇلداش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] خېمىرى ئەۋرىشىم، ئەۋرىشىم شەربىتى، جەۋھىرى مۇپەررىھى ئەرۋىشىم.

## ئۆشنە

(松萝 song luo)

[ئەرەبچە نامى] اشنه

[پارسچە نامى] دوالى، دواله

[ئوردۇچە نامى] چھریله

[لاتىنچە نامى] Usnea Diffracta

[ئىنگلىزچە نامى] Diffracted Usnea

[تونۇش]

بۇ، ئۆشنە ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك يىپلىق ئۆشنە ۋە بۇزۇق غوللۇق ئۆشنىنىڭ يىپسىمان تۈرى بولۇپ، بۇ يىپقا ئوخشاش ئىنچىكە، ياپلاق، ئىككى تەرىپى ئاق، ئوتتۇرىسى

www.uyghurkitap.com

كۆك رەڭلىك، تەمى تاتلىق، خۇش پۇراق كېلىدۇ، مۇشۇ ئىككى خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىپسىمان قىسمى «ئۆشنە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (29. 12 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] بارباتىك كىسلاتا (Barbatic acid)، ئۆشنە كىسلاتاسى (Sunic acid)، دىففىراكتايىك كىسلاتا (Diffractaic acid)، رامالىك كىسلاتا (Ramalic acid)، لىخېنىن (Lichenin) ۋە كاربون سۇ بىرىكمىلىرى بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] باكتېرىيىگە قارشى تۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، مىكروب ئۆلتۈرۈش، قىزىتمىنى پەسەيتىپ، ياللۇغ قايتۇرۇش، راكنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەك، مېڭە، ئاشقازان، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۈرەك چالاڭغۇراش، سەرئى، كۆڭۈل ئېلىشىش، يۈرەك ئاجىزلىق، ئاشقازان، جىگەر ئاجىزلىقى، قورساق ئېسىلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئۆشنە يەتتە گرام، زىرە، بەدىيان، پىننە قاتارلىقلاردىن 10 گرامدىن ئېلىپ دەملەپ ئىچسە، ئاشقازاننى قىزىتىپ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ.

2. ئۆشنىنى كۆيدۈرۈپ تۈتۈنىنى بۇرۇندىن كىرگۈزسە، شەقىقە، سەرئىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئۆشنىنى چالا سوقۇپ سۇغا چىلاپ سۈيىنى ئىچىپ بەرسە، ئەزالارنىڭ ئاجىزلىقى، بوشىشىشى، قولتۇق ئاستى بېزى، تىز، يوتا قاتارلىق ئەزالارنىڭ بوشىشىشىغا پايدا قىلىدۇ ۋە ئىششىقنى قايتۇرىدۇ.

4. ئۆشنىنى ئارپىبەدىيان بىلەن كۆزگە سۈرمە قىلسا ياكى تېمىتسا، كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

5. ئۆشنىنىڭ تالقىنىنى قولتۇققا سەپسە، قولتۇقنىڭ سېسىق پۇرىشىنى يوق قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3～10 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] رۇم بەدىيان.

[ئورۇنباسارى] گاۋزىبان.

[چىقىش ئورنى] ھىندىستان ۋە جۇڭگودىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] داۋائى مىسكى، ئەبرىشىم شەربىتى.

## بىدمىشكى

(黄花柳 huang hua liu)

[ئەرەبچە نامى] خلاف بلخ

[پارسچە نامى] گربۀ بيد

[ئوردۇچە نامى] بيد مشك

[لاتىنچە نامى] Flos Salix Caprea

[ئىنگلىزچە نامى] Musk Willow

[تونۇش]

بۇ تال ـ تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئىپار سۆگىتىنىڭ گۈلى بولۇپ، «بىدمىشكى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. گۈلى ئادەتتە سۆگەتنىڭ گۈلى بىلەن ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن خۇش پۇراق، رەڭگى سېرىق، تەمى ئۆتكۈر كېلىدۇ (13.29 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق قايتۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، ھارارەت ۋە ئۇسسۇلۇق پەسەيتىش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

مېڭە ۋە يۈرەك ئاجىزلىقى، يۈرەك ئاغرىقى، ئۇسسۇزلۇق، قۇسۇش، ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك رىتىمسىزلىقى، باش ئاغرىقى، يۇقىرى قان بېسىم، قىزىتما قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. پىلە غوزىسى، لاچىندانە ھىندى 3 گرام، گاۋزىبان ھىندى 5 گرام، بىدمىشكى 10 گرام، قائىدە بويىچە دەملەپ ئىچىپ بەرسە، ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك رىتىمسىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. بىدمىشكىدىن ئەرەق تارتىپ، كۈندە ئۈچ ۋاخ 30 مىللىلىتىردىن ئىستېمال قىلىپ بەرسە، قان بېسىمىنى چۈشۈرىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.

3. ئەرقى بىدىمىشكى بىلەن ئەرقى سەندەلنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، كۈندە ئۈچ ۋاخ 50 مىللىلىتىردىن ئىچىپ بەرسە، قان بېسىمنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە چۈشۈرىدۇ. ھارارەت، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 10 گرام.

[ئورۇنباسارى] قىزىلگۈل.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇقجان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] روم بەدىيان، ئەنجۈر مونىكى، ئۇستىقۇددۇس.

[چىقىش ئورنى] لاھور، كەشمىر قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئەرقى بىدىمىشكى، خىمىرى سەندەل.

## سۇنبۇل ھىندى

(毛甘松 mao gan song)

[ئەرەبچە نامى] سنبول هندی

[پارسچە نامى] آیک هندی

[ئوردۇچە نامى] بلچهڑ هندی

[لاتىنچە نامى] Rhizoma Nardostachyos Jatamansi

[ئىنگلىزچە نامى] Indian Uarerian

[تونۇش]

بۇ سۇنبۇل ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 15 ~ 30 سانتىمېتىر ئۆسىدىغان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كەڭ يوپۇرماقلىق سۇمبۇل بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «سۇنبۇل ھىندى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يىلتىز قوڭۇر رەڭلىك بولۇپ، ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان توم ـ ئىنچىكە، دىئامېتىرى تەخمىنەن بىر مىللىمېتىر كېلىدىغان چاچما يىلتىزلىرى بار، ئۇشتۇلغان يۈزى سارغۇچ ئاق ياكى كۈل رەڭگە مايىل ئاق، ئۆتكۈر، تەمى چۈچۈمەل (14.29 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] سۇنبۇل ھىندى تەركىبىدە كوۋمارىن خىلىدىكى بىرىكمىلەردىن جاتامانزىن (Jatamansine)، جاتامانزىنول (Jatamansinol)، ئوروزېلول (Oroselol)، ئاڭ-



www.uyghurkitap.com

گېلېتسىن (Angelicin)، ئارىستولېن (Aristolene) قاتارلىقلار بار، يەنە ناردول (Nardol)، سۈنبۈل كېتونى ( ۋالېرانون - Va Leranon)، كالاررېنول (Kalarrenol) قاتارلىقلار بار.

يېقىنقى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، يەنە كوۋمارىن (coumarin) خىلىدىكى تەركىبلەرمۇ بارلىقى ئېنىقلانغان.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ۋالېرانوننىڭ يۈرەك رىتىمى تەرتىپسىزلىكىنىشكە قارشى تەسىرى بىر قەدەر بىخەتەر بولۇپ، شوكقا قارشى تۇرۇش جەھەتتە باشقا سۈمبۈللارنىڭ ئۈچۈچان مېيىدىن كۈچلۈك، سۈمبۈل كاناپچىلارنى كېڭەيتىدۇ، ئىسپىرتلىق ئېرىتمىسى ئورگانىزمدىن ئايرىلغان سىلىق مۇسكۇللۇق ئەزالار (كىچىك ئۈچەي، چوڭ ئۈچەي، بالىياتقۇ، كاناپچە) قاتارلىقلارغا ھىستامىن، 5 - ھىدرو ستىرېپتامىن ۋە ئاتسېتىل خولىن قاتارلىقلارغا قارشى تۇرۇش تەسىرى بار. كەڭ يوپۇرماقلىق سۈمبۈلنىڭ ئۈچۈچان يېغى ئاززاق بولۇپ، زەمبۈرۇغقا قارشى تۇرۇش، يەل ھەيدەش ۋە بوشاشتۇرۇش تەسىرى بار، تېرىگە، شىللىق پەردىلەرگە نىسبەتەن غىدىقلاش تەسىرى يوق، تىنچلاندۇرۇش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەك، مېڭە، باھ ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل تارقىتىش، بەدەننى قىزىتىش، پەي ۋە نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەش، كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى تازىلاش، بەتبۇيلۇقنى يوقىتىش، چاچ ئۆستۈرۈش، چاچ قارايتىش، چىرايىنى گۈزەللەشتۈرۈش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

سەرئى، ھىستېرىيە، يۈرەك قوزغىلىش، رەئشە، پەي ۋە نېرۋا ئاغرىقلىرى، كالتەيۈتەل، ھەيز توسۇلۇش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ئىشتىھاسىزلىق، جىگەر زەئىپلىكى ۋە ياللۇغى، سېرىقلىق چۈشۈش، جىگەر يىگلەپ كېتىش، چاچ ئاقىرىپ كېتىش، كۆرۈش كۈچى ئاجىزلاپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. سۈنبۈلنىڭ چىرايىنى گۈزەللەشتۈرۈش خۇسۇسىيىتى بولغاچقا، يۈز تېرىلىرىدىكى ھەر خىل داغ، سەپكۈن قاتارلىقلارغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مۇۋاپىق مىقداردىكى سۈنبۈلنى يۇمشاق سوقۇپ قولتۇققا سەپسە، قولتۇقنىڭ سېسىقلىقىنى يوق قىلىدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى سۈنبۈلنى چاينىسا، ئېغىزنىڭ بەتبۇيلۇقىنى يوق قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

3. ئامىلە 20 گرام، ئوسما سۈيى 50 مىلىلىتىر، زەيتۇن يېغى 50 مىلىلىتىر، سۈنبۇل 20 گرام، قائىدە بويىچە مەلھەم تەييارلاپ، باشقا چاپسا چاچ ئۆستۈرىدۇ، قارايتىدۇ.

4. مۇۋاپىق مىقداردىكى سۈنبۇلنى كۆيدۈرۈپ بۇرۇنغا تارتسا، تۇتقاقلىق كېسەل ئۇچۇن شىپا بولىدۇ.

5. گاۋزىبان ھىندى، ئۇستقۇددۇس، لاچىندانە ھىندى، سۈنبۇل، بەدىيان قاتارلىق دورىلاردىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، چايلىق قىلىپ ئىچسە، يۈرەك قوزغىلىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

6. سۈنبۇل، مەرۋايىتلاردىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، كۆزگە تارتسا كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] گۈل يېغى، كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] ئىزخىر مەككى، سازەج ھىندى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ يۈننەن، شىزاڭ، سىچۈەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن، ھىندىستان، نىپال، ياۋروپا، شىمالىي ئاسىيا قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئامىلە نۇشدارى، جاۋارىش جالىنۇس، مەجۇنى دەبدۇلۋەرد، داۋائى كۇركۇم، داۋائىمىشكى، خېمىر ئەبرىشىم، لوبۇبى كەبىر، مۇپەررىھى ياقۇت، مۇپەررىھ ئەبرىشىم، شەربىتى سۈنبۇل.

## سازەج ھىندى

(三条筋 san tiao jin)

[ئەرەبچە نامى] ساذج ہندی

[پارسچە نامى] تيزپات

[ئوردۇچە نامى] تيزپات، تج پات

[لاتىنچە نامى] Cortex Cinnamomi tamalae

[ئىنگلىزچە نامى] Bark of Himalay Cinnaman

[تونۇش]

بۇ كامپۇرا ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان كىچىك، ئوتۇن قىلىدىغان كامپۇرا دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى بولۇپ، رەڭگى سارغۇچ يېشىل رەڭدە، خۇش پۇراق، تەمى ئاچچىق، بۇ دەرەخنىڭ قۇتۇرۇلغان يوپۇرمىقى «سازەج ھىندى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] سازەج ھىندى يوپۇرمىقىنىڭ تەركىبىدە ئۇچۇچان ماي بار، بۇ ئاساسەن فىللاندىرېن (Phellandrene)، ئېۋگېنول (Evgenol) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئۇچۇچانْ ماي ئاشقازانغا نىسبەتەن يەرلىك غىدىقلاش تەسىرىگە ئىگە. بۇ يەل ھەيدىگۈچى دورا قىلىپ ئىشلىتىلسە، كۆڭۈل ئېلىشىش ياكى ئاشقازان ـ ئۈچەي كۆپۈش ئەھۋاللىرىنى توگىتىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلنى خۇشال قىلىش، ئۈچەيدىكى يەللەر-نى تارقىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، ئېغىزدىكى بەتبۇيلۇقنى يوقىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۈرەك قوزغىلىش، يۈرەك ئاجىزلىق، ئاشقازان ئاجىزلىقى، جۇنۇن، قورقۇنچاقلىق، ئىستىسقا، يەرقان، سۈيدۈك، ھەيز راۋان بولماسلىق، مەقئەت كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تىلنىڭ ئاستىغا قويۇپ شۈمسە، ئېغىزدىكى بەتبۇيلۇقنى يوقىتىدۇ، كېكەچلىكنى يوق قىلىدۇ.

2. سازەج ھىندىنى يۇمشاق سوقۇپ، تالقىنىنى سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، ئولتۇق پۇراشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئۇستقۇددۇس، ئۇدسەلىب 10 گرامدىن، گاۋزىبان 15 گرام، فەرەنجىمىشكى 10 گرام، سازەج ھىندى 15 گرام. قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچسە، مېڭە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەي-دۇ.

4. سازەج ھىندى، پىننە، دارچىن، قەلەمپۇر، زەنجىۋىل 10 ھەر بىرىنى گرامدىن ئېلىپ، چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، ھەزىم ناچارلىق، قورساق كۆپۈشكە شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ~ 4 گىرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقجان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بىنەپشە، سەندەل.

[ئورۇنباسارى] سۇنبۇل.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ خۇبېي، سىچۇەن، يۈننەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن ھەم كەشمىر، پاكىستان، بېرما قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىش ئەنبەر، داۋائى مىشكى.

[قوشۇمچە] سازەج ھەققىدە ئازراق ئىختىلاپ بار، «لىسانۇل لوغاتۇلئەدۋىيە» ۋە «كىتابۇلمۇفرەدات» لاردا سازەجنى بىز يۇقىرىدا يازغان نام بىلەن ئاتىغان، ئۇنىڭ لاتىنچە نامى «Cinnamomum tamala» دەپ يېزىلغان، لېكىن ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرى ئۆلچەملىرى مۇزاكىرە نۇسخىسىدا سازەج دارچىن دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى دەپ كۆرسىتىلگەن، بۇ ئىككى خىل يوپۇرماقنىڭ شەكلى بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ، تەركىبىدە تۇتقان خىمىيىلىك ماددىلارمۇ ئوخشاش، پەقەت لاتىنچە نامىلا پەرق قىلىدۇ، شۇڭا كەسپداشلارنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزدىنىپ كۆرۈشىنى سورايمىز.

## مەرزەنجۇش
(牛至 niu zhi)

[ئەرەبچە نامى] مرزنجوش

[پارسچە نامى] مرزنگوش

[ئوردۇچە نامى] دونا مروا

[لاتىنچە نامى] Herba origan Vulgaris

[ئىنگلىزچە نامى] Common origaum Herb

[تونۇش]

بۇ كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى سامان غوللۇق ئۈسۈملۈك جەمبىل بولۇپ، غولى تىك ئۆسىدۇ. يۇقىرىقى قىسمى كۆپىنچە ئۇدۇل شاخلىنىدۇ، يوپۇرمىقى تار، تۇخۇم شەكلىدە، تولۇق گىرۋەكلىك كېلىدۇ، يوپۇرماق قولتۇقلىرىدا كۆپىنچە ئۇششاق شاخچىلىرى بولىدۇ، گۈلى كىچىك، سۆسۈن، ئۆگزىسىمان گۈل رېتى بولۇپ، كونۇس شەكلىدە

توپلىشىدۇ، ئۆتكۈر پۇراقلىق، تەمى ئاچچىق، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يەر ئۈستى قىسمى «جەمەبىل» ياكى «كېيىكئوتى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك ئادەتتە تاغنىڭ ھەم ئۆلكىنىڭ دەپ ئىككى خىل بولىدۇ (29.16 ـ رەسىم).

[**خىمىيىلىك تەركىبى**] تەركىبىدە ئۇچۇچان ماي ھەم ستاخىئوزا قاتارلىق تەركىب بار.

[**فارماكولوگىيىلىك تەسىرى**] 1. باكتېرىيىگە قارشى تەسىرى بار. 2. ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش تەسىرى بار. 3. سىلىق مۇسكۇللارغا نىسبەتەنمۇ تەسىرى بار.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق (تاغنىڭ قۇرۇق ئىسسىقلىقى ئارتۇقراق كېلىدۇ).

[**خۇسۇسىيىتى**]

ئاساسلىقى مېڭە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئۇندىن باشقا ئاشقازان ۋە ئۈچەينى تازىلاش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، ئارتۇق ئۆللۈكنى قۇرۇتۇش، مەددە قۇرت چۈشۈرۈش، زەھەر قايتۇرۇش، ھامىلە ساقلاش، تال خىزمىتىنى ياخشىلاش، سەمرىتىش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، ئىششىق قايتۇرۇش، پەي، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، قاننى جانلاندۇرۇش.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**]

مېڭە ئاجىزلىقى، يۈرەك چاپچىغۇراش، ئۆپكە ياللۇغى، باش ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى، مەددە قۇرت، سوغۇقتىن بولغان سۈيدۈك تۇتۇلۇش، بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى، قاتتىق ئىششىق، پالەچ، لەقۋا، بەدەن ئاجىزلىق، كۆرۈش كۈچى ئاجىزلىق، ھەيز قالايمىقانلىشىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. مەرزەنجۇشنى ئەنجۈر سۈيى بىلەن ئىچسە ھاسىراش ۋە ئۆپكە ياللۇغىغا پايدا قىلىدۇ.

2. مەرزەنجۇشنى قۇرۇق ئەنجۈر سۈيى بىلەن ئەرەق تارتىپ بىرگە ئىچىپ بەرسە، چىرايىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ.

ن قوشۇپ ئىچسە، مەددىنى چۈشۈرىدۇ.

4. بەش گرام مەرزەنجۇشنى سوقۇپ كەرەپشە سۈيى بىلەن ئىچىپ بەرسە، بۆرەكتىكى تاشنى چۈشۈرۈپ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

5. 15 گرام مەرزەنجۇشنى قايناتىپ سۈيىگە سىركەنجىۋىل قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، ھامىلە چۈشۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

6. 10 گرام مەرزەنجۇشنى زەيتۇن يېغى بىلەن قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

7. 10 گرام مەرزەنجۇشنى سىركىگە چىلاپ، سىركەنجىۋىل قىلىپ ئىچىپ بەرسە، تال ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ.

8. مەرزەنجۇشتىن ئەرەق تارتىپ، تۆگە سۈتىنىڭ پىشلىقى بىلەن ئىچىپ بەرسە سەمرىتىدۇ.

9. مەرزەنجۇش بىلەن خىيار شەنبەردىن يەتتە گرامدىن ئېلىپ؛ قوشۇپ ئېزىپ، ھەر خىل تاياق زەخمىلىرىگە چاپسا، ئاغرىق پەسەيتىدۇ ھەم كۆكنى يوقىتىدۇ.

10. مەرزەنجۇشنىڭ شىرنىسىنى چىقىرىپ، ھەسەل قوشۇپ بىرىلسە، كىچىك تىلنىڭ ئىششىقلىرىنى، ھۆللۈكتىن بولغان ئۆپكە ئىششىقى، زەھەرلىك ھاشارات چاققان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ.

11. مەرزەنجۇشنىڭ ئۆزىنى چاينىسا، چىش ئاغرىقىنى توختىتىدۇ.

12. توققۇز گرام مەرزەنجۇشنى ھەسەل بىلەن قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، چايان چاققان يەرنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇپ، ئاغرىقنى يوقىتىدۇ.

13. بەش گرام مەرزەنجۇشكە سىركە ۋە زىرە قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، چىش ۋە گالنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

14. مەرزەنجۇشنىڭ سىقىلغان سۈيىنى كۆزگە تېمىتسا، كۆزگە ئاق چۈشۈشكە پايدا قىلىدۇ.

15. 10 گرام مەرزەنجۇشنى سوقۇپ چوچۇكبۇيا گۈلىنىڭ يېغى بىلەن قوشۇپ بۇرنىغا تېمىتسا، مېڭىنىڭ زىيادە ھۆللۈكىنى چىقىرىدۇ، قۇلاققا تېمىتسا، قۇلاقنىڭ ئېغىرلىقىنى يوقىتىدۇ.

16. 10 گرام مەرزەنجۇشنى سوقۇپ سۈت بىلەن قوشۇپ قۇلاققا تېمىتسا، قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

17. 10 گرام مەرزەنجۇشنى سوقۇپ ھەسەل بىلەن خېمىر قىلىپ تاڭسا، قاتتىق ئىششىقلارنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

18. 10 گرام مەرزەنجۇشنى سوقۇپ زەيتۇن يېغى بىلەن قوشۇپ كىندىككە چېپىپ

بەرسە، كىندىك چىقىپ قېلىشقا پايدا قىلىدۇ. قورساقتىكى يەللەرنى تارقىتىدۇ.

19. مەزەنجۇشتە ئۆيگە دۆت (ئىسرىق) سالسا ياكى ئۆيدە قويسا زەھەرلىك ھاشاراتلارنى قاچۇرىدۇ.

20. مەرزەنجۇشتىن تۆت گرامنى سىركە ۋە ھىندىستان تۇزىغا قوشۇپ ئىچسە، ئەزالار-نىڭ ھەم تىلنىڭ ئىششىقلىرى ۋە ئېغىز ئىچىگە چىققان مۇدۇرلارغا پايدا قىلىدۇ.

21. مەرزەنجۇشنىڭ تۆت گرام سۇپۇپىنى ھەر كۈنى ئاخشام ياتار چاغدا يېيىشكە ئادەتلەنسە، ئاشقازاندىكى سېسىق گاز ۋە مېڭىدىكى ئاچچىق سۇلارنىڭ كۆزگە چۈشۈشىنى توسايدۇ ۋە زېھىنىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، رەڭگىنى چىرايلىق قىلىدۇ.

22. 10 گرام مەرزەنجۇش ئېزىپ، گۈل يېغى بىلەن ياكى يەككە ھالەتتە بەدەنگە چېپىلسا، پالەچ، لەقۋا، رەئشە، مۇپاسىل، قۇلۇنجى، ئاشقازان ۋە ئۈچەي ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] كېسەللىك ئەھۋالى ۋە ياشقا قاراپ 15 گرامغىچە بېرىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقچان كىشىلەرنىڭ ئۆپكىسىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سىركە.

[ئورۇنباسارى] تاغ يالپۇزى.

[چىقىش ئورنى] تاغ باغرىدا، يايلاقلاردا ئۆسىدۇ، شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.

## مەرۋايىت

(珍珠 zhen zhu)

[ئەرەبچە نامى] لؤلؤ

[پارسچە نامى] مروارید

[ئوردۇچە نامى] موتی

[لاتىنچە نامى] Margarita

[ئىنگلىزچە نامى] pearl

[تونۇش]

مەرۋايىت سەدەپنىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ، بۇنىڭ بەزىسى چوڭ، بەزىسى كىچىك بولۇپ،

كىچىكى كۆكنار ئۇرۇقىدىنمۇ ئۇششاقراق، چوڭى قۇشقاچ تۇخۇمىدىنمۇ چوڭراق، بەزىسى كەپتەر تۇخۇمىدەك بولىدۇ، لېكىن بۇ خىلدىكىسى بەك ئاز ئۇچرايدۇ، بەزىسى 12 گرام چوڭلۇقىدا بولىدۇ. بۇنىڭ ياخشىسى ئاق، ساپ، پارقىراق، يۇمىلاق، سىلىق بولغىنىدۇر، بۇ خىلدىكىسى بەھرەيىن، ھورمۇز، ئومان قاتارلىق ئورۇنلاردىن چىقىدۇ، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھورمۇزدىن چىقىدىغىنى بەھرەيىندىن چىقىدىغىنىدىن ياخشىراق، بۇنىڭدىن قالسا، تۇخۇم شەكلىدە كېلىدىغانلىرى بولۇپ، باشقا شەكىللىرى ئاق، پارقىراق بولىدۇ. ئادەتتە مەرۋايىت ئۈچ خىل بولىدۇ، 1 ـ خىلى سېرىق، 2 ـ خىلى قارا، 3 ـ خىلى تۇتۇق بولۇپ، بەك ئۇششاق بولغىنى ناچار ھېسابلىنىدۇ (29 . 17 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] مەرۋايىت تەركىبىدە كالتسىي كاربونات، كۆپ خىل ئامىنو كىسلاتالار مەسىلەن: لىيۇسىن (Lueucini)، مېتئونىن (Methionine)، ئالانىن (Alanine)، گلىتسىن (Glycine) قاتارلىق 20 نەچچە خىل ئامىنو كىسلاتا بار، يەنە ئاز مىقداردا قوشۇغۇن، ناترىي، مىس، سىنىك، ماگنىي، مانگان قاتارلىق ئانئورگانىك تۇزلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] مەرۋايىتتىن ئېلىنغان سۇيۇق ماددا ئورگانىزمدىرمۇزلاش رولىغا ئىگە.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلنى ئېچىش، قۇۋۋەتلەش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش، تۇتۇش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، قاننى تازىلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

نېرۋا ئاجىزلىقى، خەفقان، يۈرەك قوزغىلىش، جۇنۇن، ۋەسۋەسىچىلىك، يۈرەك، جىگەر، ئاشقازان ۋە بۆرەك ئاجىزلىقى، بالدۇر مەنىي يۈرۈپ كېتىش، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، قانلىق ئىچى سۈرۈش، بوۋاسىر، ھەيز كۆپ كېلىش، قىزىل، چېچەك، داغ، يىرىڭلىق جاراھەت، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قىزىلگۈل، ئاق سەندەل 10 گرامدىن، مەرۋايىت ئىككى گرام، گاۋزىبان 15 گرام، ناۋات 15 گرام قائىدە بويىچە سۈپۈپ تەييارلاپ ئىچسە، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. سۇرمە، مەرۋايىتنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، سوقۇپ كۆندە بىر قېتىم كۆزگە تارتسا، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

3. سەدەپ، مەرۋايىتنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ سالايە قىلىپ، ئىسپىغۇل لۇئابىغا

ئارىلاشتۇرۇپ، كۆندە بىر قېتىم داغقا چاپسا، داغ چۇشۇرىدۇ.

4. ئەنجىبار، ئاقاقىيا بەش گرامدىن، ئانارگۇل ئۈچ گرام، بۇغا مۈڭگۈزى، مەرۋايىت ئىككى گرامدىن قائىدە بويىچە سوقۇپ سۈپۈپ قىلىپ، كۆندە ئىككى قېتىم ئىچىپ بەرسە، قان توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 2 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] بىخ مارجان، زۇمرەت.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ غەربىي جەنۇبىي دېڭىز بويلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] خېمىرى مەرۋايىت، سۈپۈپى ھېقىق، ھەببى ھېقىق، سۇنۇنى ھېقىق، داۋائىمىشكى.

## دۇرنەج ئەقرەبى

(印度多榔菊 yin du duo lang ju)

[ئەرەبچە نامى] درنج عقربى

[پارسچە نامى] درنج عقربى

[ئوردۇچە نامى] دورنج

[لاتىنچە نامى] Radix Dorinicum hookarii

[ئىنگلىزچە نامى] Leopards Bane

[تونۇش]

بۇ مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ھىندى دۇرنەجىنىڭ يىلتىزى بولۇپ، شەكلى چايانغا ئوخشايدۇ، پوستى كۆل رەڭ، ئىككى ياكى ئۈچ بوغۇملۇق بولىدۇ، بۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى بىرئاز ئاچچىق، خۇشبۇي، قاتتىق، ئىچى ئاق بولغىنىدۇر. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يۇيۇپ تازىلاپ قۇرۇتۇلغان يىلتىزى «دۇرنەج ئەقرەبى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (29.18 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەك، ئاشقازان، جىگەر، پەي ۋە نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش؛ قىزىتىش، ئارتۇق ھۆللۈكنى

قۇرۇتۇش، يەلنى تارقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ھامىلىنى ساقلاش، زەھەر قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۈرەك ئاجىزلىقى، يۈرەك قوزغىلىش، ئۇنتۇغاقلىق، سەرئى، مالىخولىيا، يەل ۋە نېرۋا ئاجىزلىقى؛ پالەچ، لەقۋا، ۋابا، ئامىيوبالىق تولغاق، چۇما، ئادەتلەنگەن بويىدىن ئاجراش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

كاپۇر، دۇرنەج 12 گرامدىن، جەدۋار، بىنەپشە تۆت گرامدىن قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، ئەرقى گۇلاب بىلەن خېمىر قىلىپ كومىلاچ تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا، يۈرەك ۋە نېرۋا كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ.

2. دورنەج ئەقرەبى 10 گرام، زەپەر 7 گرام، داۋائى مىشكى 20 گرام، جەدۋار 30 گرامدىن ئېلىپ، ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، مەجۇن تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، يۈرەككە قان يېتىشمەسلىككە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. بادرەنجى بۇيا 10 گرام، ئۇستقۇددۇس 10 گرام، دورۇنەج ئەقرەبى 10 گرام، غارىقۇن 7 گرام، گاۋزىبان 10 گرام، لاچىندانە 7 گرام، بۇ دورىلاردىن سۇپۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ئۇنتۇغاقلىق، سەرئى، مالىخولىيا قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 6 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] تەمرى ھىندى، بىنەپشە.

[ئورۇنباسارى] زورۇمبات.

[پىشىق دورا ياسالمىسى] مۇپەررىھى ياقۇت، لوبۇبى كەبىر، داۋائى مىشكى.

[چىقىش ئورنى] ئىران.

## نارمىشكى

(铁力木 tie li mu)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى] نارمشک

[ئوردۇچە نامى] ناگ کیسر

[لاتىنچە نامى] Mesua Ferrea

[ئىنگلىزچە نامى] Mesa

[تونۇش]
بۇ گۈتتىفېرا ئائىلىسىدىكى دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان بىر خىل چىرايلىق دەرەخ نارمىشىك دەرىخى (ferrea Mesua) بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ گۈللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خۇش پۇراقلىق ماددىسى «نارمىشك» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (29.19 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]
يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئىچنى توختىتىش، كۆڭۈلنى خۇشال قىلىش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، مادىلارنى تارقىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
يۈرەك، مېڭە، ئاشقازان، باھ، پەي ۋە جىنسىي ئاجىزلىقلىرى؛ بوۋاسىر قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. نارمىشكىدىن 10 گرام ئېلىپ سۇيۇپ تەييارلاپ، ئاخشىمى سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ سۈيىگە ناۋات ياكى ھەسەل قوشۇپ ئۇدا بىر نەچچە كۈن ئىچىپ بەرسە، بوۋاسىرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ ۋە بوۋاسىر تۈگۈنچىلىرىنى يوقىتىدۇ.
2. نارمىشكىدىن ئەرەق تەييارلاپ، كۈندە 15 مىللىلىتىردىن ئىچىپ بەرسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.
3. نارمىشكىنى تالقانلاپ يارىلارغا سەپسە، زەخملەرنىڭ سۈيىنى يوقىتىدۇ.
4. نارمىشكىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ تاماقتىن بۇرۇن ئىچىپ بەرسە، مەدە، قۇرتلارنى ئۆلتۈرىدۇ.
5. مەستىكى، گۈلنار 10 گرامدىن، ئاقىرقەرھا، كۈندۇر، نارمىشكى بەش گرامدىن، قائىدە بويىچە سۇيۇپ قىلىپ، يېسە بالدۇر مەنىي يۈرۈپ كېتىش، كۆپ ئېھتىلام بولۇش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆتكە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، كاسىنە.

[ئورۇنباسارى] باراۋەر مىقداردا زىرە، پەرەنجىمىشكى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ يۇننەن ئۆلكىسىدىن ھەمدە ياۋروپا، ھىندىستان، پاكىستان، بېرما قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مۇپەررىھى ياقۇت، ئەۋرىشىم شەربىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# پەرەنجمشكى

(丁香罗勒 ding xiang luo le)

[ئەرەبچە نامى] فرنجمشك

[پارسچە نامى] بالنگوئے خورد

[ئوردۇچە نامى] رام تلسى

[لاتىنچە نامى] Herba Ocimi gratissimi

[ئىنگلىزچە نامى] Steetseented Basil Herb

[تونۇش]

بۇ كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى يۇراقلىق چاتقال ئۆسۈملۈك قەلەمپۇر يۇراقلىق رەيھان بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «فەرەنجمشكى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ رەيھان ئۆسۈملۈكنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، رەيھان ئۆسۈملۈكىدىن ئېگىز ۋە تىكەنلىك، يوپۇرمىقى چوڭ - چوڭ بولىدۇ. ئۇنىڭ يۇرىقى ئۆتكۈر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى «قەلەمپۇر بوستانى» دەپمۇ ئاتايدۇ. يۇرىقى ئىپارنىڭ يۇرىقىغا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ «فەرەنجمشكى» دەپ ئاتالغان، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ غولىنىڭ ئېگىزلىكى 0.5 ~ 1 مېتىر. غىچە بولۇپ، تۈز ئۆسىدۇ ھەم يۇمران ئۇزۇن تۈكچىلەر بىلەن قاپلانغان. بۇ ئۆسۈملۈك ئىككى خىل بولۇپ، بىرى ئۆلكىنىڭكى، بۇنى «فەرەنجمشكى ھىندى» دەيدۇ، يەنە بىرى جاڭگالنىڭكى بولۇپ، بۇنى «فەرەنجمشكى چىنى» دەپ ئاتايدۇ. رەڭگى كۆك سېرىقنىڭ ئارىلىقىدا، رەڭگى قارىئۆرۈككە ئوخشاش (20.29 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاز مىقداردا ئۇچۇچان ماي بار، ماينىڭ ئاساسلىق تەركىبى ئارپا بەديان مېتىلى (Methyli aeniculum)، 55% ئېستىراگول مېتىلى خاۋىكول (Estragole methylchavicol)، 34~40% لىنالول (Lenalol)، ئاز مىقداردا قەلەمپۇر فېنولى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

مېڭە، يۈرەك، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش؛ بۇرۇننىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، يۇمشىتىش، سىلىقلاشتۇرۇش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، يەل تارقىتىش، كېكىرتىش،

ئىشتىھانى ئېچىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۈرەك ئاجىزلىقى، يۈرەك تىترەش، يۈرەك چالاڭغۇراش، مالىخولىيا، نەزلىلىك زۇ-كام، يۆتەل، ئاشقازان ۋە جىگەر ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بادرەنجى بۇيا 5 گرام، گاۋزىبان ھىندى 3 گرام، فەرەنجمىشكى 3 گرام، قائىدە بويىچە سۇپۇپ قىلىپ ئىچسە، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم، سەۋدا خىلتىدىن بولغان يۈرەك قوزغىلىشقا شىپا بولىدۇ.

2. سۇنبۇل، بەسباسە، گاۋزىبان، لاچىندانە، فەرەنجمىشكى، رەيھان ئۇرۇقى 10 گرامدىن. قائىدە بويىچە قايىنتىپ ئىچسە، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ.

3. ئۇستقۇددۇس، فەرەنجمىشكى، گاۋزىبان، بەدىيان 10 گرامدىن، دارچىن، قەلەم-پۇر يەتتە گرامدىن، قائىدە بويىچە چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بىنەپشە، سىركەنجىۋىل.

[ئورۇنباسارى] بالەنگو.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىي ئۆلكىلىرىدىن ھەمدە ئافرىقا، ھىندىستان، ئەرەبىستان، برازىلىيە قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] داۋائى مىشكى، داۋائى كۇركۇم، مۇپەررىھى ئەبرىشىم.

## ياقۇت

(红宝石 hong bao shi)

[ئەرەبچە نامى] ياقوت

[پارسچە نامى] ياقوت

[ئوردۇچە نامى] ياقوت،مانك

[لاتىنچە نامى] Rubinus

www.uyghurkitap.com

[ئىنگلىزچە نامى] Rubiy

[تونۇش]

بۇ ھەممىگە تونۇش بولغان ئۆزى قاتتىق، رەڭگى سۈزۈك، داغسىز، پارقىراق كەلگەن قىممەت باھالىق، ئەتىۋارلىق مىنېرال بولۇپ، ئۇ گۈزەللىك، دوستلۇق، پاكلىق ۋە ئەخلاقلىقنىڭ سىمۋولى قىلىنىدۇ. ئەتىۋارلىق ھالقا، ئۈزۈك، بۆلاپكا، شەمشەر، نەپىس خەنجەر قاتارلىقلارنى زىننەتلەشكە ئىشلىتىلىدۇ. ياقۇت رەڭگىگە ئاساسەن قىزىل ياقۇت، ئاق ياقۇت، سېرىق ياقۇت، يېشىل ياقۇت دەپ بىرقانچە تۈرگە بۆلىنىدۇ، قىزىل ياقۇت بىلەن يېشىل ياقۇت خەلقئارالىق سورت ھېسابلىنىدۇ (21.29 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] تۆمۈر، ئالیۇمىن، ماگنىي فروم، تۆمۈر فروم، كالتسىي قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خوسۇسىيىتى]

كۆڭۈلنى ئېچىش، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، قان تازىلاش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، زەھەر قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

مېڭە ئاجىزلىقى، يۈرەك سېلىش، يۈرەك چالاڭغۇراش (خەفەقان)، نېرۋا ئاجىزلىقى، جۇنۇن، سەرئى، كۆرۈش كۈچى ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

ياقۇتنى كۈشتە قىلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، باشقا دورىلار بىلەن قوشۇپ، خېمىرى مەرۋايىت، مۇپەررىھى ياقۇت، داۋائى مىشكى، مۇپەررىھى ئەۋرىشىم قاتارلىق ياسالمىلارنى تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا، يۇقىرىقى كېسەللەرگە پايدا قىلىدۇ ياكى ياقۇتنى كۈشتە قىلىپ مۇناسىپ دورىلار بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.1 ～ 1 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ھەزىمنى بۇزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] مەستىكى رۇمى.

[ئورۇنباسارى] مەرۋايىت، كەھرىۋا.

[چىقىش ئورنى] ئاپتونوم رايونىمىزدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مۇپەررىھى ياقۇتى.

# رەيھان ئۇرۇقى
(罗勒子 luo lei zi)

[ئەرەبچە نامى] بزرالريحان

[پارسچە نامى] تخم ريحان

[ئوردۇچە نامى] تلسى كابج

[لاتىنچە نامى] Semen Ocimi Basilici

[ئىنگلىزچە نامى] basil Seed

[تونۇش]

بۇ كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «رەيھان ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (29. 22 ـ رەسىم).

ئۇرۇقى تۇخۇم شەكىللىك، سىرتقى كۆرۈنۈشى كۆل رەڭگە مايىل قوڭۇر ياكى قارا بولىدۇ. سەل پارقىرايدۇ، تەمى سۇس، پۇرىقى ئاجىز كېلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقى تەركىبىدە تەخمىنەن سەككىز پىرسەنت كۆل ماددىسى بار. 16.40% ئاقسىل، 16.80% ماي، 24.14% تالا، 23.3% كاربون سۇ بىرىكمىلىرى بار. ئۇرۇقىنىڭ يېغىدا 3.31% پالمىتىك كىسلاتا، 6.4% قاتتىق كىسلاتاسى، 15.4% ياغ كىسلاتاسى، 56.03% لىنول كىسلاتاسى قاتارلىقلار بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق توختىتىش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، ئىچىنى قاتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۈرەك تىترەش، يۈرەك ئاجىزلىقى، ئىچى سۈرۈش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. رەيھان ئۇرۇقىدىن 10 گرام، ئەرەب يېلىمىدىن يەتتە گرام قائىدە بويىچە سوقۇپ تالقانلاپ ئىچسە، ئىچ سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. رەيھان ئۇرۇقى، پەرەنجىمىشكى، لاچىندانە، سۇنبۇل قاتارلىقلاردىن 10 گرامدىن قائىدە بويىچە چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، مېڭە، يۈرەكنى كۈچلەندۈرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 2 گرام.
[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] ناۋات، مەرزەنجۇش.
[ئورۇنباسارى] كىنوچە ئۇرۇقى.
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. ئۇندىن باشقا، ھىندىستان، ئافرىقا، ئەرەبىستان، برازىلىيە قاتارلىق ئەللەردىمۇ چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] رەيھان شەربىتى.

## ئاق سەندەل
(檀香 tan xiang)

[ئەرەبچە نامى] صندل ابيض
[پارسچە نامى] صندل سفيد
[ئوردۇچە نامى] صندل ابيض
[لاتىنچە نامى] Lignum Santali albi
[ئىنگلىزچە نامى] Sandalwood
[تونۇش]
بۇ سەندەل ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان، ئېگىزلىكى 6 ~ 9 مېتىر كېلىدىغان دەرەخ ئاق سەندەل (Santalum album) نىڭ ياغىچىدىن ئىبارەت بولۇپ، شەكلى سىلىندىرسىمان، خۇش پۇراق، تەمى ئاچچىق، بۇ دەرەخنىڭ قۇرۇتۇپ پارچىلانغان ياغىچى «ئاق سەندەل» ياكى «سەندەل سەفىد» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (29.23 ـ رەسىم).
[خىمىيىلىك تەركىبى] سەندەلدە 2~6% كىچە ئۇچۇچان ماي بار. يەنە ئاز مىقداردا چۇمۇلە كىسلاتاسى، تانىن، يېلىم قاتارلىقلار بار.
[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئاق سەندەل يېغى باكتېرىيىگە قارشى تۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، يۈرەكنى كۈچەيتىش، سۈيدۈك ھەيدەش رولىغا ئىگە.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، خىلتسىز قۇرۇق ئىسسىق كەيپىياتنى ۋە غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى تەڭشەش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، تىنچلاندۇرۇش، ھارغىنلىقنى چىقىرىش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، قاننى تازىلاش، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، قىزىتما قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۈرەك ئاجىزلىقى، يۈرەك قوزغىلىش، قان سىيىش، سۈيدۈك كۆيۈشۈپ كېلىش، سۆزنەك، كونا يۆتەل، كاناي شاخچىلىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى، قىزىتما، مېڭە ئاجىزلىقى، باش ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سەندەلنى گۈلابتا تاشقا سۈرۈپ ياكى باشقا مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن داكىغا سۈركەپ يۈرەكنىڭ ئۇدۇلىغا قويسا، يۈرەك سانجىقىنى توختىتىدۇ.

2. سەندەل، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى 10 گرامدىن، بۇ قائىدە بويىچە سوقۇپ، ئەرقى گۈل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ باش ساھەسىگە چاپسا، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. بىنەپشە، بىدىمىشكى، سەندەل، گاۋزىبان 10 گرامدىن، چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، ھارارەت، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 7 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] باھقا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، ناۋات.

[ئورۇنباسارى] كاپۇر، ئۆشنە.

[چىقىش ئورنى] ئىلىمىزنىڭ خەينەنداۋ ئارىلىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، ھىندىستان، ئىتالىيە، ھىندونېزىيە قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سەندەل شەربىتى.

## قىزىل سەندەل

(紫檀香 zi tan xiang)

[ئەرەبچە نامى] صندل احمر

[پارسچە نامى] صندل سرخ

[ئوردۇچە نامى] چندن سرخ

[لاتىنچە نامى] Lignum Ptero Carpi Santalini

[ئىنگلىزچە نامى] Red sandal Wood, Sandal wood padauk

[تونۇش]

بۇ پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 15 ~ 25 مېتىرغىچە كېلىدىغان دەرەخ قىزىل سەندەل (Pterocarpus indicus Willd) بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ قۇرۇتۇپ پارچىلانغان ياغىچى

«قىزىل سەندەل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۇزۇن سىلىندىر شەكىللىك بولۇپ، ئىچى - تېشى قىزىل، ئۇزۇن ساقلانغانلىرىنىڭ رەڭگى توق ۋە تۇتۇق بولۇپ قالىدۇ، تەمى قېرىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ (24.29 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] قىزىل سەندەل تەركىبىدە پېتروكارپىن، ھوپتېروكارپىن، ئانگولېۋزىن ۋە ئۇچۇچان ماي، يېلىم ماددىسى بار.

يۇقىرىقى ئۆسۈملۈك بىلەن بىر ئۇرۇقداش بولغان Pterocarpus Santalinusl ناملىق يەنە بىر خىل قىزىل سەندەل بولۇپ، بۇمۇ ئوخشاشلا دورا سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ دورا ئەشياسى شەكلى ۋە توقۇلما قۇرۇلۇشلىرى يۇقىرىقى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدۇ. بۇ ھىندىستان، سىرلانكا، فىلىپپىن، پاكىستان قاتارلىق جايلاردىن ئىمپورت قىلىنىدۇ. تەركىبىدە پتېروكارپىن بولغاندىن باشقا، يەنە سانتالىن (Santalin)، دېئوكسى سانتالىن (Deoxysantalin)، پتېرتىلبېن (Ptertilbene)، پتېروكارپول (Pterocarpol) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] بۇنىڭ سۇدىكى ئېرىتمىسىنىڭ كىچىك چاشقان قورساق سۇلۇق ئۆسمىسىگە نىسبەتەن مەلۇم دەرىجىدە تورمۇزلاش رولى بار. قورساق سۈيى ھاسىل بولۇشنى ئازايتىدۇ. ئۆلۈش نىسبىتى تۆۋەنلەيدۇ. بۇنىڭ بوياق ماددىسى سۇدا ئېرىمەيدۇ، ئىسپىرتتا ئېرىيدۇ. ئىسپىرتتىكى ئېرىتمىسى سېرىق رەڭلىك بولىدۇ. بۇنى كۆن نۇرىدا قويسا يېشىل رەڭلىك جۇلا كۆرۈنىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

مېڭە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، تۇتۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، خىلىت-سىز قۇرۇق ئىسسىق كەيپىياتنى، غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرا خىلتىنى تەڭشەش؛ قان توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، تەرلىتىش، قان تازىلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئىچ سۈرۈش، ھەيز كۆپ كېلىش، قان سىيىش، قان تۈكۈرۈش، قىزىتما، يۈرەك چالاڭغۇراش، يۇقىرى قان بېسىمى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سەندەلنىڭ سۈپۈپىنى قايناق سۇ بىلەن بىر قېتىمدا بەش گرامدىن ئىچىپ بەرسە، يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. قىزىل سەندەل قايناتمىسىنى يەككە ھالەتتە ياكى شاھتەررە قايناتمىسى بىلەن ئىچىپ بەرسە، قان تازىلايدۇ.

3. قىزىل سەندەلنى قايىنتىپ بەدەننى يۇسا، بەدەندىكى سېسىق پۇراقنى يوقىتىدۇ.

4 . قىزىل سەندەل، ئەنجىبار، ئانارگۈلى، نامازشام گۈلى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن، خۇنسىياۋشان ئالتە گرام. قائىدە بويىچە سۇپۇپ قىلىپ ئىچسە، قان توختىتىدۇ، جاراھەت پۈتتۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] باھقا ۋە ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، ناۋات.

[ئورۇنباسارى] كاپۇر، ئاق سەندەل.

[چىقىش ئورنى] ئىبلىمىزنىڭ يۈننەن، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن ھەم ھىندىستان، سىرلانكا، فىلىپپىن قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى ئەنجىبار، مەجۇنى ئۆشبە.

## پويرارىيە يىلتىزى

(葛根 ge gen)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Radix Puerariae Lobatae

[ئىنگلىزچە نامى] Lobed kudzuvine Root

[تونۇش]

بۇ پۇرچاق ئائىلىسىدىكى پىلەك تارتىپ ئۆسىدىغان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك پويرارىيىنىڭ قۇرۇتۇلغان يىلتىزىدىن ئىبارەت بولۇپ، «پويرارىيە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (29 . 25 ـ رەسىم) .

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاساسلىق تەركىبى ئىزوفلاۋونلاردىن ئىبارەت.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] يۈرەك رىتىمىنى تەڭشەش، يۈرەك مۇسكۇلىنى قان بىلەن تەمىنلەش، يۈرەك قان تومۇرىنى كېڭەيتىش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، قاندىكى ماينى، قەنتنى تۆۋەنلىتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، راكقا قارشى تۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، مەستلىكنى يېشىش، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش رولى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

www.uyghurkitap.com

يۆرەكنى ۋە «تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلەش، تەرلىتىش، مۇسكۇللارنى بوشىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، قىزىتما پەسەيتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

زۇكام، باش ئاغرىقى، كۆپ ئۇسساش، ئاغرىش، قىزىتما، ئىچى سۈرۈش، قىزىل، جاراسىملىق تولغاق، ئۈچەي ياللۇغى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. لوپنۇر كەندىرى، سەپرائوت يىلتىزى، پويىرارىيە يىلتىزىدىن يەتتە گرامدىن ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، قىزىتما قايتۇرىدۇ.

2. ئاق باش ئوت 16 گرام، مامرانچىنى، زىرىق 7 گرامدىن، چۈغلۈق، ئەرمۇدۇن قوۋزىقى، پويىرارىيە يىلتىزى 10 گرامدىن ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، جاراسىملىق تولغاققا شىپا بولىدۇ.

3. ئېلۇپەر 30 گرام، ھۆل چۈچۈكبۇيا 20 گرام، پويىرارىيە يىلتىزىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، ئۈچەي ياللۇغىغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4～16 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازان، ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە، بەدىيان.

[ئورۇنباسارى] سەپرائوت يىلتىزى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال، خېنەن، شەندۇڭ، جياڭسۇ، سىچۇەن، يۈننەن قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] پويىرارىيە يىلتىزى قايناتمىسى.

## زۇرۇمباد

(郁金 yu jin)

[ئەرەبچە نامى] زرنباد

[پارسچە نامى] زرنباد

[ئوردۇچە نامى] كچور

[لاتىنچە نامى] Radix Curcumae Wenyujin

[ئىنگلىزچە نامى] Wenchow Turmeric Root Tuber

[تونۇش]

بۇ زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك زەرچىۋە، زورۇمبات ياكى بوزۇغىنىڭ تۈگۈنەك يىلتىزىدىن ئىبارەت بولۇپ، «زورۇمبات» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل يىلتىزنىڭ ئىككى تەرىپى ئۈچلۈق، ئوتتۇرىسى دومباق، رەڭگى قوڭۇرغا مايىل سېرىق رەڭدە، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى ئۆتكۈر كېلىدۇ (29.26 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] تەركىبىدە 1.6% ئۇچۇچان ماي، 0.3% زەرچىۋە سېرىق ماددىسى (Curcumin) قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا 30 ~ 40% گىچە كراخمال، 3% ياغلىق ماي قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. ماي ماددىسى ئالمىشىشقا بولغان تەسىرى: زورۇمبات قاينىتىلمىسىدىن 10 مىللىلىتىر ئەتراپىدا توشقانغا ئىچكۈزۈلسە، 100 كۈندىن كېيىن قان زەردابى خولېستېرىنى يۇقىرىلايدۇ.

2. باشقا تەسىرى: زورۇمباتنىڭ سۇدىكى چىلانمىسى تەجرىبە نەيچىسىدە كۆپ خىل كېسەل پەيدا قىلغۇچى زەمبۇرۇغلارنى تىزگىنلەيدۇ، زورۇمبات ئۇچۇچان مېيىنىڭ ئىمۇلسىيىلىك ياسالمىسى بىلەن ئىنسانلار ئۆت خالتىسىنى سايىلاندۇرۇپ تەكشۈرگەندە، ئۆت خالتىسىنى قىسقارتىش تەسىرى بولمايدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۇرەك، مېڭە، ئاشقازان، باش ۋە پەيىنى قۇۋۋەتلەش؛ توسالغۇلارنى ئېچىش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، ئىشتىهانى ئېچىش، يەل تارقىتىش، هۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، بەدەننى سەمرىتىش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، سۈيدۈك ۋە هەيزنى راۋان قىلىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

خەفەقان، بەلغەم مەنبەلىك يۆتەل، روهىي كېسەللىكلەر، بالىياتقۇ ياللۇغى، بالىلاردىكى تولغاق، ئىچ سۈرۈش، قورساق ئېسىلىش، ئىشتىهاسىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. زورۇمباتتىن بىر دانە ئېلىپ شۈمۈپ بەرسە، تىل ئېغىرلىقى ۋە چىش مىلىكى بوشاپ كېتىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. زورۇمبات، لاچىندانە، قاقىلە، پوستى تۇرۇنجى، بەدىيان، پىننە قاتارلىق دورىلاردىن بەش گرامدىن ئېلىپ، چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ، هەزىمگە ياردەم بېرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3~10 گرام.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقجان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] بىنەپشە.
[ئورۇنباسارى] بوزىدان، دۇرنەج ئەقرەبى.
[چىقىش ئورنى] ئىلمىزنىڭ سىچۇەن ئۆلكىسىدىن چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] داۋائى مىشكى.

## قاشتېشى

(玉石 yu shi)

[ئەرەبچە نامى]
[پارسچە نامى]
[ئوردۇچە نامى]
[لاتىنچە نامى]
[ئىنگلىزچە نامى]
[تونۇش]
بۇ ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولغان سۈزۈك ياكى يېرىم سۈزۈك پارقىرايدىغان تاش بولۇپ، كۆك، ئاق، سېرىق، يېشىل قاتارلىق ھەر خىل رەڭلەردە بولۇپ ناھايىتى كۆركەم. ئۆزى قاتتىق، ۋەزنى ئېغىر، بۇ قاشتېشى دەريا، تاغ، ساي ۋە قۇم دۆۋىلىرىدىن يىغىۋېلىنىدۇ (27.29 - رەسىم).
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
يۈرەك، مېڭە، جىگەر، تال، بۆرەك، ئاشقازان قاتارلىق ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش؛ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
تاجىسمان قان تومۇر قېتىش، ھەر خىل يۈرەك كېسەللىكلىرى، نېرۋا كېسەللىكلىرى، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. قاشتېشىنى كۆشتە قىلىپ، ئىستېمال قىلىپ بەرسە، يۈرەك، مېڭە، جىگەر، ئاشقازان، تال ۋە بۆرەك قاتارلىق ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ.
2. ئىككى گرام قاشتېشىنى كۆشتە قىلىپ، بېھى شەربىتى بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلسا، يۈرەك ئاجىزلىق، خەفەقان، سەپرادىن بولغان ئىچى سۈرۈش، ئاشقازان ۋە جىگەر

ئاجىزلىقلىرى، سەرئى، ئۇنۇتقاقلىق، مالىخولىيا، ھىستېرىيە قاتارلىق كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. قاشتېشىدا داغمال سۈيى تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش بىلەن بىرگە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2~1 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆشتە قىلماي ئىشلىتىلسە، دوۋسائقنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] ياقۇت.

[چىقىش ئورنى] يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مۇپەررىھى ياقۇت، خىمىرى مەرۋايىت.

## ئالتۇن

(金 jin)（自然金）

[ئەرەبچە نامى] ذهب

[پارسچە نامى] زرطلا

[ئوردۇچە نامى] سونا

[لاتىنچە نامى] Native Gold

[ئىنگلىزچە نامى] nature gold

[تونۇش]

كاندىن چىقىدىغان ئەڭ قىممەتلىك مەدەنلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ مەدەننىڭ كۆشتە قىلىنغان تالقىنى «ئالتۇن كۆشتىسى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، رەڭگى ئاق، قىزىل، سېرىق رەڭلەردە كېلىدۇ، سېرىق ئالتۇن دورىلىققا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ (29.28 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەك مېڭە، ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، زېھنىنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈش، خۇشلۇق يەتكۈزۈش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۈرەك مېڭە، ئاجىزلىقى، ئۇنۇتقاقلىق، تۇتقاقلىق كېسەل، مالىخولىيا، ۋەسۋەسىلىك، غەم ـ ئەندىشە، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، ھەر خىل كۆز كېسەللىكلىرى، ئىچى سۈرۈش، سەرئى، ھىستېرىيە قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۆشتە قىلىنغان ئالتۇننىڭ تالقىنى، مەرۋايىت تالقىنى بىلەن ئىچسە، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. ئالتۇننىڭ كۆشتە قىلىنغان تالقىنىنى، سۇرمىنىڭ كۆشتە قىلىنغان تالقىنى ھەم مامرانچىنى تالقىنى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۇرمە تەييارلاپ كۆزگە تارتسا، ھەر خىل كۆز كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئالتۇننى تاۋلاپ سۇغارغان سۇيىگە قېتىق سۇزمىسىنى سېلىپ ئېرىتىپ ئىچسە، ئىچى سۈرۈش، قان تولغاقتا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. ئەرقى بىدمىشكى، ئەرقى سەندەل، ئەرقى گاۋزىبان قاتارلىق ئەرەقلەرگە ئالتۇن داغمال سۇيىنى قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، غەم - ئەندىشە، جۆنۈنلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.1 ~ 0.3 گرام، داغمال سۇيى 20~10 مىللىلىتىرغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆشتە ياكى داغمال سۇيى ئىشلىتىلىدۇ، دوۋساقتا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، ھەببۇلئاس، شاھى بەللۇت.

[ئورۇنباسارى] ياقۇت.

[چىقىش ئورنى] دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] داۋائىي مىشكى، ئەبرىشىم شەربىتى، خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرى.

## كۈمۈش

(银 yin)

[ئەرەبچە نامى] فضه،نقره

[پارسچە نامى] سيم

[ئوردۇچە نامى] چاندى،نقره

[لاتىنچە نامى] Argentum

[ئىنگلىزچە نامى] Silver

[تونۇش]

بۇ خەلق ئارىسىدا تونۇلغان مەشھۇر مەدەنلەردىن بىرى بولۇپ، ئەسلى مەدىنى «native Silver» ، بۇ كۈمۈش رۇدىسىنى قىزدۇرۇپ، تېخنىكا ئارقىلىق چەككىلەپ ئېلىنىدۇ. كۆپىنچە دانچىسىمان، مونەكسىمان، تەڭگىسىمان، بەزىلىرى تورسىمان كېلىدۇ، رەڭگى كۈمۈش رەڭلىك، سىرتقى كۆرۈنۈشى قوڭۇر قىزىلغا مايىل قارا ياكى كۈل رەڭگە مايىل

قارا بولىدۇ (29.29 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۇرەك مېڭە، ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلنى ئېچىش، يۆتەلنى توختىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۇرەك چالاڭغۇراش، مالىخولىيا، ساراڭلىق، كۆزگە ئاق چۈشۈش، قولتۇق پۇراش، يۆتەل، نەپەس سىقىلىش، يۇرەك ئاجىزلىق، ئىستىسقا، تال كېسەللىكى، بوۋاسىر، قىچىشقاق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۆشتە قىلىنغان كۇمۇش تالقىنىنى بادام مېغىزى، ھەسەل، ئۇستقۇددۇس شەربىتى بىلەن مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىپ بەرسە، يۇرەك ئاجىزلىقى، خەفەقان، يۆتەل، نەپەس سىقىلىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. كۆشتە قىلىنغان كۇمۇش تالقىنى قايماق، تۇخۇم ئېقى ۋە هومماز بىلەن بىرگە ئىچىپ بەرسە، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ.

3. كۆشتە قىلىنغان كۇمۇش تالقىنىنى سىماب بىلەن بىرگە مەلھەم قىلىپ، يەرلىك ئورۇنغا چېپىپ بەرسە، بوۋاسىر، قىچىشقاق كېسىلىگە شىپا بولىدۇ.

4. كۆشتە قىلىنغان كۇمۇش تالقىنىنى بىخ مارجان كۆشتىسى بىلەن بىرگە چىش تۇۋىگە باسسا، چىش تۇۋى قاناش، چىش چىرىش ۋە سېسىق پۇراش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5.0 ~ 1 گرا.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىچ تەرەپتىن كۆپ ئىشلەتسە ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] پىروزە تېشى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] داۋائى مىشكى، لوبۇبى كەبىر.

## گۈلى گاۋزىبان

(琉璃苣花 liu li ju hua)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Felos Borage officinali

[ئىنگلىزچە نامى] Flower Borage

[تونۇش]

بۇ بوتا كۆز ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ھىندى گاۋزىباننىڭ گۈلى بولۇپ، تولۇق ئېچىلغاندا گۈلى يىغىۋېلىنىپ، گۈلى ئايرىم قۇرۇتىلىدۇ، گۈلى رەڭلىك ئۇزۇنچاقراق، خۇش پۇراق بولىدۇ، خۇددى ھەمىشىباھار گۈلىگە ئوخشايدۇ. ئۇنى بەزىلەر گاۋزىباننىڭ گۈلى ئەمەس، باشقا بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى دەپ قارايدۇ.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] مېڭە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا ۋە بەلغەم خىلىتىنى پىشۇرۇش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، روھنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان ھەرخىل كېسەللىكلەر، مېڭە ۋە يۈرەك ئاجىزلىقى، مالىخولىيا، جۇنۇن، نېرۋا ئاجىزلىق، يۈرەك تىترەش، يۈرەك سىلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بادرەنجى بۇيا، گۈلى گاۋزىبان، لاچىنىدانەدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، دەملەپ ئىچسە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەپ، مېڭىگە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ.

2. گۈلى گاۋزىبان، قەلەمپۇر، لاچىندانە، قارىمۇچ، قاقىلە قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ چايلىق قىلىپ ئۇزۇن مەزگىل ئىچىپ بەرسە، نېرۋا خاراكتېرلىك ئاشقازان ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3～10 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] تالغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئاق سەندەل.

[ئورۇنباسارى] گاۋزىبان ھىندى، پىلە غوزىسى.

[چىقىش ئورنى] ھىندىستان، پاكىستان ۋە جۇڭگودىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## گاۋزىبان ھىندى①

(琉璃苣 liu li ju)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىنى پىشۇرۇش، كۆڭۈلنى ئېچىش، رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، ئىچنى يۇمشىتىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم، سەپرا، سەۋدا خىلىتلىرىنى پىشۇ-رۇش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، يۆتەل توختىتىش، قىزىتمىنى پەسەيتىش.

## ئۇستۇقۇددۇس②

(薰衣草 xun yi cao)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىنى پىشۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، مېڭىنى تازىلاش، پەي - نېرۋىلارنى قوزغىتىش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ماددىلار-نى تارقىتىش، بەلغەم بوشىتىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، يەل ھەيدەش.

## بىستىپايەنج③

(水龙骨 shui long gu)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلىتلىرىنى پىشۇرۇش، سۈرۈش، مېڭە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل تارقىتىش، قان تازىلاش.

① تەپسىلاتى 3 - باب 3 § غا قاراڭ

② تەپسىلاتى 3 - باب 3 § غا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 3 - باب 3 § غا قاراڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## بادرەنجى بۇيا چىنى①

(香青兰 xiang qing lan)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىنى پىشۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ھەزىمگە ياردەم بېرىش، ئىنچىلاندۇرۇش، يۆتەل توختىتىش، مېڭە، يۈرەك ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش.

## تاغ بادرەنجى بۇيىسى②

(益母草 yi mu cao)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىنى پىشۇرۇش، يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، قاننى جانلاندۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

## ئۇد سەلب③

(赤芍 chi shao)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىنى پىشۇرۇش، يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىششىق تارقىتىش، پارقىرىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش.

---

① تەپسىلاتى 3 ـ باب 3 § غا قاراڭ

② تەپسىلاتى 3 ـ باب 3 § غا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 3 ـ باب 3 § غا قاراڭ

## قىزىلگۈل①

(玫瑰花 mei gui hua)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي سەپرا ماددىسىنى پىشۇرۇش، جىگەر، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلنى ئېچىش، رەئىس ئەزالارنى، بەدەننى، ئاشقازان، ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق قايتۇ- رۇش، هارارەت پەسەيتىش، قان توختىتىش، بەتبۇيلۇقنى يوقىتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختى- تىش، تەرەتنى راۋان قىلىش.

## لىمون②

(柠檬 ning meng)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاساسلىقى خىلىتسىز قۇرۇق ئىسسىق كەيپىياتنى تەڭشەش، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، قىزىتما قايتۇرۇش، ئۈندىن باشقا سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكنى پەسەيتىش، تەرەتنى يۇمشىتىش، تېرىنى پارقىرىتىش، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى تازىلاش، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش، هەزىمنى ياخشىلاش، ئىشتىهانى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

## چۆل يالپۇزى③

(丹参 dan shen)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە هۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ياللۇغ قايتۇرۇش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، ئويۇپ قالغان

---

① تەپسىلاتى 3 ـ باب 1 § غا قاراڭ

② تەپسىلاتى 1 ـ باب 1 § غا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 10 ـ بابقا قاراڭ

www.uyghurkitap.com

قاننى تارقىتىپ، ئاغرىق توختىتىش، كۆڭۈلنى تىنچلاندۇرۇش، جىگەر ۋە تالنى كۈچلەندۈ-
رۈش، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش.

## لوكات[①]

(枇杷果 pi pa guo)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قىزىتما قايتۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، ھارارەت پەسەيتىش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، ئاشقازاننى ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش.

## لوپنۇر كەندىرى[②]

(罗布麻 luo bu ma)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قىزىتما پەسەيتىش، يەل تارقىتىش، جىگەر ھارارىتىنى پەسەيتىش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، سۈيدۈك راۋانلاشتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش.

## ئەتىرگۈل[③]

(月季花 yue ji hua)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، ئىششىق قايتۇرۇش، ھەيزنى راۋان قىلىش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش.

① تەپسىلاتى 12 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 12 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 13 ـ بابقا قاراڭ

## سەۋزە[1]

(胡萝卜 hu luo bo)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى، يۈرەك ۋە ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش؛ چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، رەئىس ئەزالارنى ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، مەنىي كۆپەيتىش، ئىچىنى يۇمشىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، ئىششىق تارقىتىش.

## كەھرىۋا[2]

(琥珀 hu po)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئىچنى توختىتىش، ئاشقازان ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش.

## تاباشىر[3]

(天竺黄 tian zhu huang)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قورۇش، تۇتۇش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، يۈرەك ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، مەنىي تۇتۇش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، قىزىتما ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش.

---

① تەپسىلاتى 15 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 24 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 24 ـ بابقا قاراڭ

www.uyghurkitap.com

## زەھەرمۇھرە①

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

زەھەر قايتۇرۇش؛ يۈرەك، مېڭە، جىگەر قاتارلىق رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش؛ باھنى قوزغاش، ۋابانىڭ ئالدىنى ئېلىش، مەنىي تۇتۇش، بۆرەك ۋە تالنى قۇۋۋەتلەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، قان توختىتىش.

## ئالتۇن ۋاراق②

(金箔 jin bo)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

مېڭە، يۈرەك ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، بەدەننىڭ تەبىئىي ھارارىتىنى ساقلاش، زېھنىنى ئۆتكۈر قىلىش، ماددا ئالمىشىشنى ياخشىلاش، ئۇنتۇغاقلىقنى يوقىتىش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش.

## كۈمۈش ۋاراق③

(银箔 yin bo)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش.

① تەپسىلاتى 26 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 28 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 28 ـ بابقا قاراڭ

# ئەنبەر①

## (龙涎香 long xian xiang)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

مېڭە، يۈرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، تەبىئىي ھارارەتنى ساقلاش، پەي، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، زېھىننى ئۆتكۈرلەشتۈرۈش.

# ئىپار②

## (麝香 she xiang)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

كۆڭۈلنى خۇشال قىلىش، رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، تەبىئىي ھارارەتنى كۆچەيتىش، ئىچكى ۋە تاشقى سەزگۈ قۇۋۋەتلىرىنى قوزغىتىش، تەبىئەتنى يۇمشىتىش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، سپازما قايتۇرۇش، باھنى قۇۋۋەتلەش.

# لاچىندانە ھىندى③

## (印度豆蔻 yin du dou kou)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

مېڭە، يۈرەك، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش؛ ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

---

① تەپسىلاتى 28 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 28 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 28 ـ بابقا قاراڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## گۈلدارچىن[①]

(肉桂子 rou gui zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ھەزىمنى ياخشىلاش، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىھانى ئېچىش، بەلغەم بوشتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

## زەپەر[②]

(西红花 xi hong hua)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى، يۈرەكنى، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، ھېس-تۇيغۇنى كۈچەيتىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان قويۇق ئوفۇنەتنى يوقىتىش، خىلىتلارنى بۇزۇلۇشتىن ساقلاش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، سۈيدۈكنىڭ كۆپ كېلىشىنى تىزگىنلەش، تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇش، باھ، جىگەر ۋە باشقا ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، نەپەسلىنىشنى ياخشىلاش، بۆرەك ۋە دوۋساقنى تازىلاش، مۇرەككەپ دورىلارنىڭ قۇۋۋىتىنى يۈرەككە ۋە باشقا ئەزالارغا يەتكۈزۈش.

---

① تەپسىلاتى 32 - بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 27 - بابقا قاراڭ

# ئوتتۇزىنچى باب  جىگەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار

جىگەرنىڭ توسالغۇسىنى ئېچىش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش تەسىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، جىگەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەرخىل ئىچكى - تاشقى سەۋەبلەر تەسىرىدىن بەدەندە جىگەر ئاجىزلىق يۈز بەرسە، ئورگانىزمدا ماددا ئالمىشىش قالايمىقانلىشىش، فىزىئولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇش بىلەن بىرگە، جىگەر ئاجىزلىقىغا ئالاقىدار تۈرلۈك ئالامەتلەر (جىگەرنى ماي قاپلاش، جىگەر توسۇلۇش، جىگەر ئىششىش، قاندا ماي ئارتىپ كېتىش، قورساققا سۇ چۈشۈش، قان ئازلىق، جىگەر ياللۇغلىنىش، قان بۇزۇلۇش، باھ ئاجىزلاش، سېرىقلىق چۈشۈ، باش قېيىش، كۆڭلى ئېلىشىش ...) پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنى ۋاقتىدا داۋالىمىغاندا يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. جىگەر ئاجىزلىقىغا ئىشلىتىدىغان دورىلارنىڭ تۈرى ھەر خىل بولغاچقا، ئىشلەتكەندە مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. جىگەر ئاجىزلىقىغا ئىشلىتىدىغان دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق ياكى قۇرۇق سوغۇق بولىدۇ. بۇ خىل دورىلار جىگەرنى قۇۋۋەتلەپ جىگەرنىڭ توسالغۇسىنى ئېچىش، ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، ياللۇغلىنىشقا قارشى تۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار جىگەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ئىزخىر مەككى، چوڭ چىلان، قوي جىگىرى، يۇيۇلغان لوك، ئېۋكومىيە دەرىخى قوۋزىقى، مەرۋايىت، جىنتىيانا، دولانا، رەۋەن، سەئدى، سۇندۇرۇس، زەرنەپ، ئۇد ھىندى، تەرخەمەك، ئاق شېكەر، سەئدى كوفى، پىلە قۇرتى.

قىزىلگۈل، شېكەر قومۇشى، ئىتئۈزۈمى، شىۋاق، بىلسان ياغىچى، ئەفسەنتىن، شاتارى، قارادان، يۆگىمەچئوت، كۈدە ئۇرۇقى، كاۋا ئۇرۇقى، تابىشىر، زەھرە موھرە، توخۇ گوشى، ئۈلار گۆشى، كەكلىك گۆشى، ئۆچكە گۆشى، مارجان، زۇمرەت، ئالما، ھېقىق، پەرەنجى مىشكى، ئامىلە، مەستىكى رۇمى، جۇڭگو ماڭدارى، ياۋا ئامۇت، گۈل ياسمەن، بورجۇن، كاسىنە، زىرىق، ئاق ماش، بۆكەن مۈڭگۈزى، ھەسەل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئىزخىر مەككى

(青香茅 qing xiang mao)

[ئەرەبچە نامى] اذخر

[پارسچە نامى] كاەمكى، گورگيا

[ئوردۇچە نامى] گندھيل

[لاتىنچە نامى] Herba Cymbopogi Citrati

[ئىنگلىزچە نامى] Lemongrass Herb

[تونۇش]

بۇ باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك مەككە يېغى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «ئىزخىر مەككى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يوپۇرماق ئالىقىنى تال چىۋىق شەكىللىك، گۈلىنىڭ رەڭگى قىزغۇچ خورما رەڭلىك، چۈرۈك بولۇپ، ئاسان سۇنىدۇ. ئىچى ئازراق كاۋاك، سارغۇچ ئاق رەڭلىك، يىلتىزى توم، تېتىسا تىلنى ئېچىشتۇرىدۇ، ئۆتكۈر پۇراقلىق (1.30 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئىزخىرنىڭ تەركىبىدە 0.4~0.8% گىچە ئۇچۇچان ماي بار. مايىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى 70~80% سىترال (Citral)، 20% مىرتسېن (Myrcene)، تىترونېللا (Citronellai) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئىزخىر تەركىبىدىكى ئۇچۇچان مايىنىڭ زەمبۇرۇغلارنى تورمۇزلاش رولى بار. پۈتۈن چۆپىدە قاندىكى قەنتنى كېمەيتكۈچى ئىنسۇلىنغا ئوخشاش ماددا بولۇپ، بۇ كۆل رەڭگە مايىل ئاق رەڭلىك پاراشوكتىن ئىبارەت. تىترونىللا ۋە مىرتسېن قاتارلىقلار يۆتەل توختىتىش، دەم سىقىشنى ياخشىلاش رولىغا ئىگە.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

جىگەر، ئۆت ۋە تالنى قۇۋۋەتلەش؛ غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى سۈرۈش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىششىق تارقىتىش، يەل ھەيدەش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئۇخلىتىش، ئىشتىھانى ئېچىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

جىگەر توسۇلۇش، جىگەرنى ماي قاپلاش، جىگەر ئىششىقى، قاندا ماي ئارتىپ كېتىش،

پالەچ، لەقۋا، بوغۇم ئاغرىقلىرى، بەل ئاغرىقى، ئۆپكە ئىششىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئەفتىمۇن ئۇرۇقى 10 گرام، كاسنە ئۇرۇقى 15 گرام، ئارپىبەدىيان 10 گرام، ئىزخىرمەككى 15 گرام، ئوغرىتىكەن 10 گران. بويىچە، دەملەپ ئىچىپ بەرسە جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، جىگەر قىزىشنى توسايدۇ.

2. بەدىيان يىلتىزى پوستى، كاسنە 30 گرامدىن، ئىزخىرمەككى 15 گرام، ئۇرۇقسىز قىزىل ئۈزۈم، ئەنجۈر مونىكى 60 گرام، قائىدە بويىچە ھەسەلدىن 500 گرام قوشۇپ مائۇل ھەسەل شەربىتى تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، پالەچ، لەقۋا، ئىستىرخاغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 6 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] بۆرەك ۋە باش ئاغرىقىغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] نىلۇپەر.

[ئورۇنباسارى] راسەن، تاتلىق قۇستە.

[چىقىش ئورنى] ئىلمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىن ھەم ئافرىقا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى دەبدۇلۋەرىد، مائۇل ئۇسۇل شەربىتى، مائۇل ھەسەل شەربىتى.

[ئىزخىر يېغىنى تەييارلاش ئۇسۇلى] ئىزخىردىن ئازراق ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئىككى ھەسسە زەيتۇن يېغى تۆكۈپ، ئېغىزى مەھكەم قاچىغا ئېلىپ، 30 كۈن ئاپتاپتا قويۇلىدۇ، ئاندىن ئۇنى سۈزۈپ ئېلىپ يەنە ئۈچ قېتىم يۇقىرىقى قائىدە بويىچە قايتا ـ قايتا چىلاپ، ھەر قېتىملىق تىرىپىنى تاشلاپ، يېڭىدىن ئىزخىرنى سېلىپ، ئۆتىنچى نۆۋەتتە سۈزۈلدۈرۈلگىنى دورا سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

## چوڭ چىلان
(大枣 da zao)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Fructus Jujubae

[ئىنگلىزچە نامى] Common Jujube

[تونۇش]

بۇ خۇزۇر ئائىلىسىدىكى ياغاچ غوللۇق چاتقال ئۆسۈملۈك سوقا مېۋىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى «چوڭ چىلان» ياكى «سوقا چىلان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى قىزىل، گۆشى قېلىن، ئۇرۇقى كىچىك، تەمى تاتلىق كېلىدۇ (2.30 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] 33% ئاقسىل، 0.4% ئوكلېۋودلۇق ماددىلار، 0.061% كالتسىي، 0.055% فوسفور، 0.0016% تۆمۈر، 0.00001% ۋىتامىن A، 0.00015% ۋىتامىن $B_1$، 0.012% ۋىتامىن C قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] جىگەرنى قوغداش، مۇسكۇللارنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش رولى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

جىگەر، تال ۋە ئاشقازاننى قوغداش، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى پىشۇرۇش ھەم سۈرۈش، كۆكرەكنى تازىلاش، تازىلاش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

تال ئاجىزلىغانلىقتىن بولغان ئىچى سۈرۈش، ھەزىم قىلىش ناچارلىشىش، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، ئۈچەي ياللۇغىدىن بولغان ئىچى سۈرۈش، سېرىقلىق چۈشۈش، ھەزىم يوللىرىدىكى راك، ھەر خىل تېرە كېسەللىكلىرى، ئۆپكە، گالنىڭ يىرىڭلىكى، ئاۋاز پۈتۈپ قېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ھۆل چىلاننى يەپ بەرسە، ئۆپكىنىڭ، گالنىڭ يىرىڭلىكىگە، ھاسىراش، ئاۋاز پۈتۈپ قېلىشقا شىپا بولىدۇ.

2. چوڭ چىلاننىڭ ئۇرۇقىنى يۇمشاق سوقۇپ، قايناق سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

3. چوڭ چىلاندىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، كاسىنە ئەرقى، سىركەنجۇبىل بىلەن قايىنتىپ ئىچىپ بەرسە، ھەر خىل تېرە كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 8 ~ 12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ھەزىمنى بۇزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، پىننە.

[ئورۇنباسارى] سەرپىستان.
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] چىلان شەربىتى.

## قوي جىگىرى
(羊肝 yang gan)

[ئەرەبچە نامى]
[پارسچە نامى]
[ئوردۇچە نامى]
[لاتىنچە نامى] Goat Liver
[ئىنگلىزچە نامى] sheep of liver
[تونۇش]

بۇ بىر خىل مۇرەككەپ ئەزا بولۇپ، ئۇ ئىنسان ۋە ھايۋاناتنىڭ بەدىنىدىكى چوڭ ئاساسىي ئەزا ھېسابلىنىدۇ، تەبىئىي قۇۋۋەت باشقا ئەزالارغا شۇ جىگەردىن بارىدۇ، ئۇ تاماق ۋە خىلىتلارنىڭ ھەر قېتىم ھەزىم بولۇپ پىشىدىغان ئورنىدۇر. جىگەرلەرنىڭ ياخشىراقى ئۇچار جانىۋارلارنىڭ جىگىرىدۇر. بولۇپمۇ ياش، سېمىز، ساغلام بولغان توخۇ، غاز، ئۆردەكنىڭ جىگىرىدۇر. چارۋاماللار جىگىرىدىن ياخشىراقى ئوغلاقنىڭ ۋە بىر ياش سېمىز قوينىڭ جىگىرىدۇر، جىگەرنىڭ ناچارراقى قېرى، چوڭ ھايۋانلارنىڭ جىگىرىدۇر، بولۇپمۇ جاڭگالنىڭ ۋەھشىي ھايۋانلىرىنىڭ جىگىرى ناچار بولىدۇ. ئاساسلىقى قوي جىگىرى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ھەر 10 گرامىنىڭ تەركىبىدە 68 گرام سۇ، 18 گرام ئاقسىل، 7 گرام ياغ، 4 گرام قەنت، ئۇندىن باشقا كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر، ۋىتامىن A، C قاتارلىقلار بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلاش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، قان تولۇقلاش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تورىدىكى ئادرېسى

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
جىگەر ئاجىزلىقى، ئىچى سۈرۈش، قان ئازلىق، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. قوي جىگىرىنى كاۋاپ قىلىپ يېسە، قان تولۇقلايدۇ، جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ.

2. جىگەرنى قورۇغان ۋاقىتتا چىققان ھورنى كۆزگە ئالسا ياكى كاۋاپ قىلغان ۋاقىتدا ئاققان سۈيىنى كۆزگە تېمىتسا، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بېرىلىدۇ.
[زىيانلىق تەسىرى] تەستە سىڭىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] دارچىن، زىرە.
[ئورۇنباسارى] باشقا ھايۋاناتلارنىڭ جىگىرى.
[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

## لەكى مەغسۇل
(紫草茸 zi cao rong)

[ئەرەبچە نامى] لك مغول
[پارسچە نامى] لاك
[ئوردۇچە نامى] لاكھ لاكھتا
[لاتىنچە نامى] Lacca
[ئىنگلىزچە نامى] Lac
[تونۇش]
بۇ لاكسىفىرا ئائىلىسىدىكى ھاشارات شىللاق قۇرتىنىڭ ئاجراتمىسى بولۇپ، كۆزدە دەرەخنىڭ يىلىملىق شىخى كېسىۋېلىنىپ، يىلىمى ئېلىنىپ، شىخى تاشلىۋېتىلىدۇ، ئاندىن قۇرۇتۇلىدۇ، مۇشۇ ئاجراتما «لەكى مەغسۇل» ياكى «لاك» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (4.30 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] دەرەخ مېيى 65~80%، موم (蜡) 4~8%، سۇ 1~4%،

قەنت، ئاقسىل، تۇز %6~2، سۇدا ئېرىيدىغان پىگمېنت %3~0.6 قاتارلىقلار بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، پارقىرىتىش، بۇزۇق ماددىلارنى تارقىتىش، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى تازىلاش، بەلغەم بوشىتىش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، قان توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئومۇمىي بەدەن سۇلۇق ئىششىقى، قورساققا سۇ يىغىلىش، يۆتەل، سېرىقلىق چۇشۇش، يەرقان، ئاشقازان ۋە جىگەر ئاغرىقى، بالىياتقۇدىن قان كېلىش، قان تۈكۈرۈش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. يۇيۇلغان لوكتىن بىر گرام ئېلىپ، ئۆچكىنىڭ يېڭى سىقىلغان سۈتى بىلەن ئىچسە، قان تۈكۈرۈشنى ۋە بالىياتقۇدىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ.

2. يۇيۇلغان لوك، ئارپىبەدىياندىن يېرىم گرامدىن ئىككى گرامغىچە ئېلىپ سىركە بىلەن ئىچىپ بەرسە، ئورۇقلىتىدۇ.

3. بابۇنە 15 گرام، يۇيۇلغان لوك، كاسىنە يىلتىزى 7 گرامدىن، كەرەپشە 10 گرام. قائىدە بويىچە قايناتما تەييارلاپ ئىچسە، ئومومىي بەدەن سۇلۇق ئىششىقنى قايتۇرۇپ، ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ.

4. زۇپا 10 گرام، زىغىر 15 گرام، سەرپىستان 7 گرام، لوكى مەغسول 5 گرام، قائىدە بويىچە تالقانلاپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىپ بەرسە، بەلغەم بوشىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 7~2 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] تالغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] مەستىكى.

[ئورۇنباسارى] رەۋەن، ئاسارۇن.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ يۇننەن ئۆلكىسى ھەمدە تايلاند، ھىندىنوزىيە، ھىندىستان قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] داۋائى لوك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ئېۋكومىيە دەرىخى قوۋزىقى
(杜仲 du zhong)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Cortex Eucommiae

[ئىنگلىزچە نامى] Eucommia Brak

[تونۇش]

بۇ يۇكومىيە ئائىلىسىدىكى ئېۋكومىيە دېگەن دەرەخنىڭ قۇرۇتۇلغان قوۋزىقىدىن ئىبارەت (5.30 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاساسلىق تەركىبى: گلۇتامىك كىسلاتا (Glotamic acid)، سىستىن (systine) قاتارلىق 17 خىل دىسوتئاتسىيىلىك ئاقسىللار (Dissociation) دىن تۈزۈلگەن بولۇپ، يەنە ئادەم بەدىنى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان گېرمانىي (Ge)، سېلىن (Se) قاتارلىق كۆپ خىل مىكرو ئېلېمېنت بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] قېرىشنى كېچىكتۈرۈش، قان تومۇرنى كېڭەيتىپ، قان بېسىمنى چۈشۈرۈش، تىنچلاندۇرۇش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

جىگەر، تال، ئاشقازان ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، پەي ۋە سۆڭەكلەرنى چىڭىتىش، مەنىينى كۆپەيتىش، ھامىلىنى مۇقىملاشتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

جىگەر، تال، ئاشقازان ئاجىزلىقى، بۆرەك زەئىپلىكىدىن بولغان جىنسىي ئاجىزلىق، مەنىي كەملىك، بۆرەك سوۋۇپ كېتىش، بەل ئاغرىش، پالەچ، لەقۋا، ھامىلە چۈشۈپ كېتىش ۋە يۇقىرى قان بېسىمى كېسەللىكى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سۆئەلەپ 10 گرام، شاقاقۇل 7 گرام، كۇنجۇت 10 گرام، ئېۋكومىيە دەرىخى قوۋزىقى 20 گرام. قائىدە بويىچە سوقۇپ سۈيۈپ قىلىپ يېسە، مەنىي كۆپەيتىدۇ، بەدەننى

سەمرىتىدۇ.

2. ئېۋكومىيە دەرىخى قوۋزىقى، دارچىن، جۇۋنا، پىلپىل 10 گرامدىن. قائىدە بويىچە سوقۇپ، چايلىق قىلىپ ئىچسە، ئاشقازان ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 12 ~ 20 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەترا.

[ئورۇنباسارى] ئاقىرقەرھا.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ سىچۇەن، گۇيجۇ، خۇنەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

## مەرۋايىت قۇلۇلە قېپى

(石决明 shi jue ming)

[ئەرەبچە نامى] لؤلؤ

[پارسچە نامى] مروارید

[ئوردۇچە نامى] موتی

[لاتىنچە نامى] Concha Haliotidis

[ئىنگلىزچە نامى] Sea—ear shell

[تونۇش]

سەدەپ قۇلۇلىسى ئائىلىسىدىكى دېڭىز قۇلۇلىسىنىڭ تاشقى قېپىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ قاپ كلىنىكىدا «قۇلۇلە قېپى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى ئاقۇش پارقىراق، پۇراقسىز كېلىدۇ (6.30 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] 90% تىن ئارتۇق كالتسىي كاربونات، ئازراق ماگنىي، تۆمۈر، سۇلفات كىسلاتا تۇزلىرى، فوسفات كىسلاتا تۇزلىرى، ئاز مىقداردا يود ۋە كۆپ خىل ئامىنو كىسلاتالىرى بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. سۇدىكى ئېرىتمىسى بەلگىلىك دەرىجىدە جىگەرنى قوغداش تەسىرىگە ئىگە. AAT نى تۆۋەنلىتەلەيدىغان بولۇپ، پاتولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە، جىگەر ھۈجەيرىسىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغان.

2. ئوكسىگېن كەملىككە بولغان چىدامچانلىقنى ئاشۇرۇش تەسىرىگە ئىگە. يەنە تەندىن

ئايرىلغان چاشقان ئۆپكىسىنىڭ قان بىلەن سۇغۇرۇلۇشىنى ئاشۇرىدۇ، كاناي ۋە شاخچە كاناي سىلىق يوللۇق مۇسكۇللىرىنى كېڭەيتىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باش ئاغرىش، باش قېيىش، قۇلاق غوڭۇلداش، كۆز چىڭقىلىپ ئاغرىش، كۆز قىزىرىپ ئىششىش، كۆزگە ئاق چۈشۈش، جىگەر ۋە بۆرەك ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قۇلۇلە قېپى، ئەزپارەتىپ 5 گرامدىن، ئاقىرقەرھا، شاقاقۇل 10 گرامدىن. قائىدە بويىچە سۇپۇپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، جىگەر ۋە بۆرەك ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدۇ.

2. قۇلۇلە قېپىنى ئەرقى بەديان بىلەن سۈرۈپ كۆزگە تېمىتسا، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10~ 5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] تال ۋە ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] زىرە، بەديان.

[ئورۇنباسارى] سەدەب.

[چىقىش ئورنى] گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، لياۋنىڭ قاتارلىق جايلاردىكى دېڭىزلاردىن چىقىدۇ.

## جىنتىيانا

(龙胆 long dan)

[ئەرەبچە نامى] كف الارنب

[پارسچە نامى] كوشاد

[ئوردۇچە نامى] جطيانا

[لاتىنچە نامى] Rodix gentiana

[ئىنگلىزچە نامى] Rough Gentian Root
[تونۇش]
بۇ جىنتىيانا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك جىنتىيانادىن ئىبا-رەت بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ تۈرلىرى كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە جىنتىيانا رومىنىڭ تەسىرى ياخشىراق بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ بوغۇملۇق يىلتىزى «جىنتىيانا» نامىدا دورىغا ئىشلىتى-لىدۇ. تېنى قاتتىق، چۈرۈك، رەڭگى سىرتى قارامتۇل قوڭۇر، ئىچى سارغۇچ قىزىل، تەمى قېرىق، بىر ئاز پۇراقلىق كېلىدۇ (30.7 - رەسىم).
[خىمىيىلىك تەركىبى] جىنتىيانا رومىنىڭ تەركىبىدە تەخمىنەن تۆت پىرسەنتكىچە گىنىنتىئوپىكرىن (Gynintiopicrin)، گېنتىئىن (Geintiin)، ئاتسىدوم گىنتزىكوم (Gentisicaci)، گىنتىيانوزا، قومۇش شېكىرى ۋە مېۋە يېلىم ماددىسى قاتارلىقلار بار.
باشقا خىلدىكى جىنتىيانانىڭ يىلتىزى ۋە يىلتىزسىمان غولىنىڭ تەركىبىدە تەخمىنەن بىر ئۈچ پىرسەنتكىچە، هۆل يىلتىزىنىڭ تەركىبىدە تەخمىنەن 10% گىچە گىنتىئوپىكرىن (Gentiopicrin)، گىنتىيانىن (Gentianine) ۋە گىنتىيانوزا (Gentianose) قاتارلىقلار بار.
[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. ئاشقازاننى كۈچەيتىش تەسىرى:
هايۋانلارغا قىلغان سىناق شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جىنتىيانا ئاشقازان سۇيۇقلۇقى ۋە ئاشقازان كىسلاتاسىنى ئاجرىتىپ چىقىرىشنى تېزلىتىدۇ، گىنتىئوپىكرىننىڭ يۇقىرىقىغا ئوخشاش تەسىرى بار.
2. باكتېرىيىگە قارشىلىق تەسىرى:
جىنتىيانا قايناتمىسى يېشىل يىرىڭ تاياقچە باكتېرىيىسى، ئۈچەي كېزىكى تاياقچىسى، شەكىل ئۆزگەرىشچان، تاياقچە باكتېرىيىسى، ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرى-يىسى، تولغاق تاياقچە باكتېرىيىسى ۋە گەجسىمان چاچ تەمرەتكە زەمبۇرۇغى، يۇلتۇزسىمان نوكامىس باكتېرىيىلىرىگە نىسبەتەن ئوخشىمىغان دەرىجىدە تورمۇزلاش تەسىرى بار.
3. نېرۋا سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى:
گىنتىيانىن كىچىك چاشقان مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى قوزغىتىدۇ، لېكىن چوڭ دوزىدىكىسى مەست قىلىدۇ، جىنتىيانانىڭ مىقدارى هەر بىر كىلوگرام ئۈچۈن، 25~100 مىللىگرامغا قەدەر بولغان ناترىي پىنتو بارىتال ۋە خلورال هىدراتنىڭ ناركوزلاش تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

4. قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش تەسىرى:

جىنتىيانا ۋە جىنتىيانادىن ئېلىنغان سۇيۇقلۇق دېڭىز چوشقىسى بىلەن مۈشۈكنىڭ قان بېسىمىنى چۈشۈرىدۇ، جىنتىيانا تىنكتورىسىنىڭ چوڭ دوزىسى ناركوز قىلىنغان ھايۋانلار-نىڭ قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش تەسىرىگە ئىگە ھەمدە يۈرەكنى تورمۇزلاپ، يۈرەك رىتىمىنى ئاستىلىدۇ.

5. ياللۇغلىنىشقا قارشى تەسىرى:

چوڭ چاشقانغا جىنتىيانا ۋە جىنتىيانادىن بېرىلسە، فورمالىن مەنبەلىك بوغۇم زورىيىپ كېتىشىنى يەڭگىللىتىدۇ، جىنتىيانانىڭ كىچىك چاشقاندىكى ياللۇغلىنىشقا قارشى تەسىرى ناترىي سالىتسىلاتقا قارىغاندا 4~7 ھەسسىگە قەدەر كۈچلۈك.

6. باشقا تەسىرلىرى:

جىنتىيانىڭ چوڭ دوزىسى كىچىك چاشقانغا ئىشلىتىلسە تىنچلاندۇرىدۇ. مۇسكۇلنى بوشاشتۇرىدۇ، ستىرىخنىننىڭ زەھەرلىك تەسىرىنى تۆۋەنلىتىدۇ، جىنتىيانانىڭ سۇدا قايناتىپ ئېسپىرت بىلەن تىندۇرۇپ تەييارلانغان ئوكۇل ياسالمىسى كىچىك چاشقاننىڭ كاربون تېتراخلورورىد كەلتۈرۈپ چىقارغان، جىگەر زەھەرلىنىشنى مۇھاپىزەت قىلىش تەسىرى بار ھەم جىگەر توقۇلمىسىنىڭ كېسەللىك ئۆزگىرىشىنى ئازايتىدۇ. كىچىك چاشقان-نىڭ جىگەر گلۇكوگېنىنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرىدۇ. چوڭ چاشقان، ئىتنىڭ ئۆت سۇيۇقلۇقىنى روشەن ھالدا ھەيدەش تەسىرى بار. گىنتىئوپىكرىن بەزگەك پلازمودىيىسىنى تورمۇزلاش، ئۆلتۈرۈش رولىغا ئىگە ھەم ئۆت سۇيۇقلۇقىنى ھەيدەش ئۈنۈمى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

جىگەر، تال، پەي، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، بۆرەك، باھنى كۈچلەندۈرۈش، ئىششىق ۋە يەللەرنى تارقىتىش، نېرۋىنى قوزغىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، سوغۇقتىن بولغان ئىچكى ئاغرىقلارنى پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

جىگەر، ئاشقازان، باھ، پەي ئاجىزلىقى؛ پالەچ، لەقۋا، پەي، نېرۋا، ئاشقازان ئاجىزلىقى؛ ھەزىم ئاجىزلىقى، قورساقتىكى ھامىلىنى چۈشۈرۈش، جىگەر ۋە تال ئىششىقى،

سۈيدۈك ۋە ھەيز تۇتۇلۇش، غالجىر ئىت چىشلەش، يىلان چېقىۋېلىش ۋە باشقا زەھەرلىك ھاشاراتلار چاققان يارىلارنى داۋالاش ۋە زەھەرلىنىشنىڭ ئاغرىق ئازابىنى پەسەيتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بەدىيان، روم بەدىيان 10 گرامدىن، سۇزاپ ئۇرۇقى 5 گرام، جىنتىيانادىن 7 گرام ئېلىپ سوقۇپ، 40 گرام ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇپ، مەجۇن تەييارلاپ ئىچسە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ، يەل تارقىتىدۇ.

2. ئىزخىر 5 گرام، بەدىيان 10 گرام، بەدىيان يىلتىزى 15 گرام، ئەنجۇر مونىكى 15 گرام، جىنتىيانا، بوزىداندىن 5 گرامدىن، چالا سوقۇپ قايىنتىپ سۈزۈپ، 100 گرام ئېلىپ قويۇپ قايىنتىپ، مائۇل ھەسەل تەييارلاپ بېرىلسە، پالەچ، لەقۋا، ئىسترخا كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

3. خىيار شەنبەر 20 گرام، پىلپىل 7 گرام، زاراۋەندى گۈلى، جىنتىيانا، بادام يېغى ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ، قايناتما تەييارلاپ ئىچسە، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1~6 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆكرەككە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بادام مېغىزى، كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] ئاسارۇن، بىخ كەبىر، قۇستە، زىراۋەندە.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال، ئىچكى موڭغۇل، ئوتتۇرا جۇڭگو، شىنجاڭ رايونلىرىدىن چىقىدۇ، جىنتىيانا رومى بولسا ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ياۋروپا، رۇسىيە، موڭغۇلىيە قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[قوشۇمچە] جىنتىيانانىڭ، جىنتىيانا رومى «欧龙胆 Gentiana lutea »، جىنتىيانا 条叶龙胆 Gentiana » چوكا يوپۇرماقلىق جىنتىيانا «، 龙胆 Gentiana Scabra Bge » «三花龙胆 Gentiana triflora Pall » ئۈچ گۈللۈك جىنتىيانا «manshurica kitag »، قاتارلىقلاردىن ئىبارەت تۈرلىرى بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ غولى ۋە يىلتىزى «جىنتىيانا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] تەرياقى بەئە، تەرياقى سامانىيە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# دولانا

(山楂 shan zha)

[ئەرەبچە نامى] زعرور

[پارسچە نامى] دولانه

[ئوردۇچە نامى] دولانہ، سیب جنگلی

[لاتىنچە نامى] Fructus Crataegi Pinnatifidae

[ئىنگلىزچە نامى] Chinese Hawthom Fruit

[تونۇش]

بۇ ئازغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان ئۆسۈملۈك دەرەخ دولانا ۋە تاغ دولانىسىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پىشقان ھەم قۇرۇتۇلغان مېۋىسى «دولانا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. دولانا مېۋىسى شار شەكىللىك بولۇپ، سىرتقى يۈزى خورمارەڭ ياكى توق قىزىل رەڭلىك، كىچىك داغلىرى بار. مېۋە ئېتى قېلىن، ئۆزى قاتتىق، تەمى ئاچچىق - چۈچۈك، خۇش پۇراق كېلىدۇ (8.30 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] دولانا تەركىبىدە كىراتىگويىك كىسلاتاسى (Crotaegoiic acid)، تارتارىك كىسلاتا، كاروتىن، ۋىتامىن $B_1$، $B_2$، ۋىتامىن C، فلاۋون، قەنت تۈرلىرى ۋە گلۇكوزىدلار، تاننىن، ئاقسىل، ماي، كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر قاتارلىقلار بار.

تاغ دولانىسىدا كىراتىگويىك كىسلاتا، ئالما كىسلاتاسى، كافى كىسلاتاسى، كاروتىن، ۋىتامىن $B_1$، C، تاننىن، گلۇكوزىدلار، مېۋە قەنتى، ئاقسىل، مايلىق ياغ، كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر قاتارلىقلار بار.

دولانا ھىندىي (Crataegusoxyacanha) نىڭ تەركىبىدە ئېپىقئۇزۇمى كىسلاتاسى، كىراگىلويىك كىسلاتا، تاننىن، ھېپېرىن (Hyperin)، كافى كىسلاتاسى، خلوروگېنىك كىسلاتا (Chlorogenic acid)، ئاتسېتىل خولىن (Acetylcholine)، خولىن، مايلىق ياغ، تارتارىك كىسلاتا، ئالما كىسلاتاسى قاتارلىقلار بار.

ئۇرۇقى تەركىبىدە ئاساسلىقى ئامىگدالىن (Amygdalin) بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. قان بېسىمغا بولغان تەسىرى: دولانا تەركىبىدىكى فلاۋوننىڭ سودا ئېرىگەن ماددىسىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا كۆك تومۇر، قورساق بوشلۇقى

ۋە ئون ئىككى بارماق ئۈچەي قاتارلىق دورا بېرىش يوللىرى ئارقىلىق كىرگۈزۈلگەندە، ئوخشىمىغان دەرىجىدە قان بېسىمنى چۈشۈرىدۇ.

2. باكتېرىيىگە قارشى تەسىرى: بەدەن سىرتىدىكى باكتېرىيىنى تورمۇزلاش تەجرىبە-سىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، دولانا قايناتمىسى شىگېللا تاياقچە باكتېرىيىسى، سۇئىي تولغاق تاياقچە باكتېرىيىسى قاتارلىقلارنى تورمۇزلايدۇ ھەمدە يېشىل يىرىڭ تاياقچە باكتېرىيىسىنىمۇ تورمۇزلايدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

جىگەر ۋە تالنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش، ھەزىمنى ياخشىلاش، توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل تارقىتىش، تاماق سىڭدۈرۈش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، قاندىكى مايىنى تۆۋەنلىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەزىم ئاجىزلىقى، قورساق ئېسىلىش، جىگەر، تال ئاجىزلىقى، ئاشقازان كىسلاتاسى-نىڭ كېمىيىپ كېتىشى، ئىچى سۈرۈش، تۇغۇتتىن كېيىنكى قورساق ئاغرىش، تولغاق، ھەيز ئاغرىتىپ كېلىش، قاندىكى ماي كۆپىيىپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قاقلە، زەنجىۋىل، پىننە، بەديان، دولانا ھەر بىرىنى بەش گرامدىن ئېلىپ، سۇيۇپ تەييارلاپ ئىچسە، ھەزىم ئاجىزلىقى، قورساق ئېسىلىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئىزخىر، بەديان يىلتىزى پوستى، كەرەپشە يىلتىزى، دولانا ھەر بىرىنى 10 گرامدىن ئېلىپ، 300 گرام ھەسەل بىلەن بىرلىكتە قائىدە بويىچە مائۇل ھەسەل تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، جىگەر، تال ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 6 ~ 12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سىركە، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى.

[ئورۇنباسارى] مەستىكى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ خېنەن، جياڭسۇ، سەنشى، خېبېي، خۇنەن، گۇاڭشى، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇيۇپى دولانا، مائۇل ھەسەل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# رەۋەن
## (大黄 da huang)

[ئەرەبچە نامى]  راوند

[پارسچە نامى]  بيخ ريباس

[ئوردۇچە نامى]  ريوند چيني

[لاتىنچە نامى]  Radix et Rhizoma Rhei Palmati

[ئىنگلىزچە نامى]  Rhubarb (voot)

[تونۇش]

بۇ قامچىئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك دورىلىق رەۋەن بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «رەۋەن» ياكى «بىخ رىباس» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. قۇرۇتۇلغان يىلتىزسىمان غولى توغرىسىغا كېسىپ پارچىلىنىدۇ، بىر تەرىپى سەل چوڭ بولۇپ، ئات تۇۋىقىغا ئوخشايدۇ. سىرتى سېرىققا مايىل بېغىررەڭ، كۆپلىرىنىڭ ئىچى كاۋاك، ئىزىلىشى رەتسىز، خۇش پۇراق، تەمى ئاچچىق كېلىدۇ (30.9 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى]  رەۋەن ئاساسلىقى سۈرۈش تەسىرىگە ئىگە بولغان تەركىبلەرگە ئىگە. ئۇلار نەچچە خىل ئۈزۈم شېكىرى، گلۇكوزىدى، خرىزوفانول ئالوي، ئېمودىن، خرىزوفانىڭ كىسلاتاسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يەنە رەۋەن تاننىك كىسلاتاسى، رابونتىن، رپونتىگىنىن، 4.6% ئانتراكۋىنون ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولغان ماددىلارمۇ بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى]  1. سۈرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ئۈنۈملۈك تەركىب ئانتراكوۋىنون گلۇكوزىدىن ئىبارەت. رەۋەننى ئىستېمال قىلىپ 6—8h دىن كېيىن، رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئۇ چوڭ ئۈچەيدە قەدەممۇ قەدەم پارچىلاپ، چوڭ ئۈچەينى غىدىقلاپ، ئاندىن تەرەت ماڭدۇرىدۇ.

2. رەۋەننىڭ ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىسى، بوغما، قۇرت چۆپ تاياقچە باكتېرىيىسى، كۆيدۈرۈلگەن تاياقچە باكتېرىيىسى، ئۈچەي كېزىكى تاياقچە باكتېرىيىسى، تولغاق تاياقچە باكتېرىيىسىگە نىسبەتەن قارشىلىق كۈچى يۇقىرى.

3. دورىلىق رەۋەننىڭ ئاددىي ئېلىنغان ماددىسى تېرە ئاستىغا ئوكۇل قىلىنسا ئۆسمىنىڭ ئۆسۈشىنى توسىدۇ.

4. رەۋەن تەركىبىدىكى ئانترا كوينون خىلىدىكىلەرنى ئىستېمال قىلسا، ئۈچەيدە ئاسان شۈمۈرۈلىدۇ، 3~2 سائەتتىن كېيىن قاندىكى قويۇقلۇقى ئۆرلەيدۇ، كېيىن بارا - بارا تۆۋەنلەيدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

جىگەر ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، هۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، ئىچنى سۈرۈش، سەمرىتىش، پارقىرىتىش، سۈيدۈك ۋە هەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، جىگەر، تال ۋە ئۈچەيلەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش؛ يەل تارقىتىش، ئاغرىق قالدۇرۇش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەر خىل ئىششىق، يۆتەل، خەفەقان، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، زىققە، سىل، ئۆپكە ۋە ئۈچەيلەرنىڭ يىرىڭلىق يارىسى، ئىستىسقا، يەرقان، تورلۇك ئىچى سۈرۈش، ئاشقازان ئاجىزلىقى، قورساق ئېسىلىش، جىگەر، تال ئىششىقى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، هەيز توسۇلۇش، قەۋزىيەت، بۆرەك ۋە دوۋساق ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. 10 گرام رەۋەننى سوقۇپ، بېھى ئۇرۇقى لوئابى بىلەن يۇغۇرۇپ ھەب تەييارلاپ، كۈندە بىر ۋاخ ئىچسە، دەم سىقىش ۋە كونا يۆتەلگە شىپا بولىدۇ.

2. ئۇغرىتىكەن 10 گرام، تەرخەمەك ئۇرۇقى، تاۋۇز ئۇرۇقى 15 گرامدىن، رەۋەندىن 7 گرام ئېلىپ سوقۇپ، 20 گرام ئەرقى كاسىنە بىلەن ئىچسە، سۈيدۈكنى راۋان قىلىپ، سۈلۈق ئىششىقنى تارقىتىدۇ.

3. رەۋەن 10 گرام، تەمرى ھىندى، شوخلا 20 گرامدىن، كاسىنە ئۇرۇقى 10 گرام، شاھتەررە 15 گرام، سىركە 150 مىللىلىتىر، شېكەر 200 گرام، قائىدە بويىچە سىركەنجەۋىل تەييارلاپ $3 \times 2 \times 1$ مىللىلىتىردىن ئىچىپ بەرسە، يەرقان (سېرىقلىق) ئۈچۈن مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. 30 مىللىلىتىر قايىنىتىلغان ئانار سۈيىگە 5 گرام رەۋەننى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، كۈندە بىر ۋاخ بەرسە، جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3~6 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] تېنى ئاجىزلارغا زىيان قىلىدۇ.

[تۆزەتكۈچىسى] كەتىرا، بىھى لوئابى، ئىسپىغۇل.

[ئورۇنباسارى] قىزىلگۈل، سۇمبۇل.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، سىچۈەن، شىزاڭ قاتارلىق ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى رەۋەن، سىركەنجىۋىل رەۋەنى، دىنار شەربىتى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئالدىرىشى

## سەئدى

## (香附 xiang fu)

[ئەرەبچە نامى] سعدكوفى

[پارسچە نامى] مشك زيرزمين

[ئوردۇچە نامى] ناگرموتھ

[لاتىنچە نامى] Rhizoma Cyperi

[ئىنگلىزچە نامى] nutgrass Galingle Rhizome

[تونۇش]

بۇ قىياقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكنىڭ يەر بېغىرلىغۇچى يىلتىزسىمان غولى بولۇپ، ئۇچى تەرىپىدە ناھايىتى چوڭ ئۇرچۇق شەكىللىك تۈگۈنەك غولى بولىدۇ، «سەئدى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يىلتىزنىڭ بەزىلىرى يۇمىلاق، بەزىلىرى ئۇزۇنچاق، بەزىلىرى ياپىلاق كېلىدۇ، تەمى سەل ئاچچىق، رەڭگى خورمارەڭ، خۇش پۇراق كېلىدۇ، بۇ ئىككى خىل بولىدۇ، بىرىنچى خىلى شېخى قارا، ئىچى ئاق، خۇش پۇراق بولىدۇ. بۇنى «سەئدى كوفى» دەپ ئاتايدۇ، ئىككىنچى خىلى «سەئدى ھىندى» دېيىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچى ئاق ئەمەس، سۆئدى كوفىدىن كىچىكرەك، سەئدى ھىندىنىڭ يەنە بىر خىلى بار بولۇپ، زەنجىۋىلغا ئوخشايدۇ، چاينىسا زەپەر رەڭدە بولىدۇ، بۇنى نەمدەپ تېرىسىگە چاپسا، شۇئان تۈكلەرنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ، بۇنىڭ ھەم زەھەرلىك تەرىپىمۇ بار، ئەمما تەسىردە «سەئدى كۇفى» ياخشىراق (10.30 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] بۇنىڭ تەركىبىدە %8.3~9.1 گىچە گلۇكوزا، %1~7 گىچە مېۋە قەنتى، %40~40.1 كىچە كراخمال، %0.65~1.4 گىچە ئۇچۇچان ماي بار، يەنە يىلتىزىدا بەزى زەمبۇرۇغلارنى تورمۇزلىغۇچى ماددىلارمۇ بار.

[فارماكولوگىيلىك تەسىرى] 1. بالىياتقۇغا بولغان تەسىرى: سۆئىدىنىڭ بەش پىر-سەنتلىك ئېكىستىراكتى دېڭىز چوشقىسى، ئۆي توشقىنى، مۈشۈك، ئىت قاتارلىقلارنىڭ ئورگانىزمىدىن ئايرىلغان بالىياتقۇسىنى قىسقارتىپ، بالىياتقۇ مۇسكۇلىنىڭ كېرىلىش كۈچى-نى بوشىتىش تەسىرى كىرەش ئېكىستىراكتى بىلەن ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۈچى ئاجىز-راق، سۆئىدى تۇتقان ياغنىڭ ئاجىزراق ھالدىكى ئېتروگېپىنلىق (ئاياللىق ھورمونىدەك) تەسىرى بار.

2. ئاغرىق توختىتىش تەسىرى بار: سۆئىدىنىڭ 20% لىك ئىسپىرت بىلەن ئېلىنغان ماددىسى 20 گرام ئېغىرلىق ئۇچۇن 0.5 مىلىلىتىر ھېسابىدا كىچىك چاشقاننىڭ تېرە ئاستىغا ئوكۇل قىلىنسا، ئاغرىق توختىتىدۇ.

3. باكتېرىيىگە قارشى تەسىرى، تۇگۈنەك يىلتىزى باكتېرىيىگە قارشى تۇرۇش رولىغا ئىگە. بۇنىڭدىن ئېلىنغان ماددا بىر قىسىم زەمبۇرۇغلارنى تورمۇزلايدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

جىگەر، مېڭە، يۈرەك، پەي، نېرۋا، ئاشقازان ۋە ئۈچەي قاتارلىق ئەزالارنى قۇۋۋەت-لەش؛ يەل ھەيدەش ۋە ھەيز، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، تاشلارنى ئېرىتىش، تومۇرلارنى ئېچىش، زىيادە ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، بەدەندىكى سېسىقلىقنى يوقىتىش، سۈت كۆپەي-تىش، ئەقلنى زىيادە قىلىش، باھنى قوزغاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

مېڭە ۋە يۈرەك ئاجىزلىقى، يۈرەك قوزغىلىش، پالەچ، لەقۋا، ھەزىمنىڭ بۇزۇلۇشلى-رى، ئىشتىھاسىزلىق، ئىچ سۈرۈش، بۆرەك ۋە دوۋساقتا تاش چۈشۈش، ھەيز تۇتۇلۇش، تولغاق، قۇسۇش، سۈت كەملىك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قارىمۇچ، پىلپىل، قەلەمپۇر، بەدىيان، پىننە، سۆئىدى، كەرەپشە ئۇرۇقى قاتارلىق-لاردىن 10 گرامدىن ئېلىپ، چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، ھەزىمگە ياردەم بېرىدۇ، ئىشتىھا-سىزلىقتا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. 10 گرام سەئىدىنى 10 گرام يالپۇز بىلەن قاينىتىپ، بىر كۈندە ئىككى ۋاخ 50 مىلىلىتىردىن ئىچسە، تولغاقتا شىپا بولىدۇ.

3. كالا قايمىقىدىن 50 گرام، سۆئىدىدىن 10 گرام، قائىدە بويىچە سوقۇپ ئارىلاشتۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

روۋپ، بىر كۈندە ئىككى ۋاخ 10 گرامدىن ئىچسە، جىگەر مەنبەلىك ھەزىم بۇزۇلۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ، چوڭ تەرەتنى راۋان قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئەزالارغا قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ، گالغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] رۇم بەديان، ھەسەل، بادام يېغى.

[ئورۇنباسارى] سۇمبۇل.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىدىن، ئامېرىكا، ئەرەبىستان، مىسىر، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئامىلە نۇشدارى، جاۋارىش جالىنۇس، مەجۇنى ئازراقى، ئامىلە نۇشدارى لوئلوۋى.

## سۇندۇرۇس

(侧柏脂 ce bai zhi)

[ئەرەبچە نامى] اسرنج، سندور

[پارسچە نامى] سندورس

[ئوردۇچە نامى] سندورس

[لاتىنچە نامى] Resina Juniperi Formosanae

[ئىنگلىزچە نامى] Resina of Taiwan Juniper

[تونۇش]

بۇ ئارچا ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ ياكى چاتقال قارا ئارچا (Juniperus Communis) دەرىخىنىڭ يېلىمى بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ يېلىمى «سۇندۇرۇس» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ قىزغۇچ پارقىراق يېلىم بولۇپ، خۇددى كەھرىۋاغا ئوخشايدۇ، تەمى ئاچچىق، ئۇنى كۆيدۈرسە، ھىدىنىڭ پۇرىقىدەك سېسىق پۇراق كېلىدۇ (30. 11 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم يوقىتىش، ئىچكى ـ تاشقى ئەزالاردىن كەلگەن قاننى

توختىتىش، ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، تەرلەشنى توسۇش، ئورۇقلىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

جىگەر ئاجىزلىقى، ھەر خىل قاناش، بەلغەم مەنبەلىك نەپەس سىقىلىش، كۆپ قان كېتىش، قۇلاق ئاغرىقى، قۇلاق ئېغىرلىقى، باش ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى، بوۋاسىر، ھۆللۈكتىن پەيلەرنىڭ بوشىشىشى، چىش مىلىكى كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سۇندۇرۇسنى يۇمشاق ئېزىپ، سىركەنجىۋىل بىلەن ئىچسە، تەرلەشنى توسىدۇ، ئورۇقلىتىدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇندۇرۇسنى ھەسەل بىلەن قوشۇپ ئىچسە، كۆپ قان كېلىشنى توختىتىدۇ.

3. سۇندۇرۇسنى كۆيدۈرۈپ تۈتۈنىنى مەقئەتكە تۇتسا، قاناشنى، ئاغرىشنى توختىتىدۇ.

4. مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇندۇرۇسنى ئۇد ھىندى بىلەن بىرگە ئىس سېلىپ تۈتۈنىنى ئالسا، باش ئاغرىقىنى داۋالايدۇ.

5. مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇندۇرۇسنى يۇمشاق ئېزىپ، چىشقا سالسا، چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىپ، بوشاشقان چىشلارنى چىڭىتىدۇ، جاراھەتكە سەپسە، جاراھەتنى پۈتتۈرىدۇ.

6. سۇندۇرۇسنى ئېرىتىپ قۇلاققا تېمىتسا، قۇلاق ئاغرىقىنى ۋە قۇلاق ئېغىرلىقىنى داۋالايدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سەمغى ئەرەبى.

[ئورۇنباسارى] كەھرىۋا.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ شەرقىي جۇڭگو، جياڭسۇ قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ، ئىككىنچى خىلى ھىندىستاندىن كۆپ چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇيۇقى سۇندۇرۇس.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## زەرنەپ
(紫杉 zi shan)

[ئەرەبچە نامى] زرنب

[پارسچە نامى] سرو تركستانى

[ئوردۇچە نامى] تاليس پتر

[لاتىنچە نامى] Ramuluset Folium Taxi Cuspidatae

[ئىنگلىزچە نامى] Branchlet and leaf of japanese yew

[تونۇش]

بۇ تاكسۇ دەرىخى ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 20 مېتىردىن ئاشىدىغان دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ شىمالىي زەرنەپ دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ يوپۇرمىقى «زەرنەپ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يوپۇرمىقى شەكلى چىۋىقسىمان شەكىلدە، رەڭگى يېشىل رەڭدە، تەمى ئاچچىق، خۇش پۇراق كېلىدۇ (12.30 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] يوپۇرمىقى تەركىبىدە تاكسىنىن (Taxinine)، تاكسىنىن A، تاكسىنىن H، تاكسىنىن K، تاكسىنىن L قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. قان قەنتىنى تۆۋەنلىتىش تەسىرى: زەرنەپ ئالكولو- ئىدىنى يۇقىرى شېكەرلىك قان كېسەللىكلىرىگە ھەر كىلوگرام ئۈچۈن 1~5 مىللىگرامدىن ھېسابلاپ، تېرە ئاستى ياكى ۋېناغا ئوكۇل قىلىنسا، قاندىكى قەنتنى تۆۋەنلىتىدۇ.

2. باشقا تەسىرى: زەرنەپ ئىشقارى ئارىلاشما ئىشقارلار بولۇپ، ئاكسىنىن A (بۇ ياۋروپادىن چىقىدىغان تاكسوس Txus baccata ئىچىدىن ئېلىنغان) نىڭ زەھەرلىك تەسىرى چوڭ ئەمەس، تاكسىنىن B ئوكۇلى ئازراق زەھەرلەيدۇ. يەنى بۇ يۈرەك مۇسكۇلىغا نىسبەتەن بىۋاسىتە زىيان يەتكۈزىدۇ. بۇنىڭ ئۆلۈملۈك قويۇقلۇقى ھەر بىر مىللىلىتىردا 80 مىللىگرام بولىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

جىگەر، تال، ئاشقازان، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش؛ كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، پەي - مۇسكۇللارنى كۈچلەندۈرۈش، يەل تارقىتىش، قورۇش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەي- تىش، زىيادە ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، ئاغرىق توختىتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش،

قىزىتما قايتۇرۇش، چىش مىلىكىنى چىڭىتىش، قان توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۇرەك ئاجىزلىق، يۇرەك قوزغىلىش، يۇرەك چالاڭغۇراش، ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، ھېق تۇتۇش، يۆتەل، دەم سىقىش، مېڭە ۋە ئەسەبىي كېسەللىكلەر جۈملىدىن پالەچ، لەقۋا، ئىچى سۈرۈش، چىش مىلىكى بوشاپ كېتىش، ھەرخىل ئىچكى ـ تاشقى قاناشلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئامىلە نۇشدارى تەركىبىگە قوشۇپ بېرىلسە، ئاشقازان جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، تاماق سىڭدۈرىدۇ.

2. ئۇستقۇددۇس، بادرەنجى بۇيا، گاۋزىبان، قەلەمپۇر، زەرنەپ ھەر بىرىنى 10 گرامدىن ئېلىپ چايلىق قىلىپ ئىچسە، يۇرەك قوزغىلىش، يۇرەك چالاڭغۇراش، پالەچ، لەقۋا كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

3. موزا، ئاقاقىيا، كەت ھىندى، زەرنەپ بەش گرامدىن، ئانارگۈلىدىن ئىككى گرامدىن ئېلىپ، سوقۇپ سۈيۈپ تەييارلاپ، كۈندە ئىككى قېتىم چىش تۈۋىگە سەپسە، چىش مىلىكى قاناشقا شىپا بولىدۇ، چىشنى چىڭىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] يۇمغاقسۈت.

[ئورۇنباسارى] لاچىندانە، دارچىن، كاۋاۋچىن.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئۈچ ئۆلكىدىن چىقىدۇ، يەنە بىنگال، جەنۇبىي ھىندستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئامىلە نۇشدارى.

## ئۇد ھىندى

(沉香 chen xang)

[ئەرەبچە نامى] عودغرقی

[پارسچە نامى] عودہندی

[ئوردۇچە نامى] اگرہندی

[لاتىنچە نامى] aquilariae Rersinatum Lignum

[ئىنگلىزچە نامى] wood of chinese eaglewood

[تونۇش]

بۇ، مازارىيۇن ئائىلىسىدىكى دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان چوڭ دەرەخ ھىندىستان ئۇد دەرىخى بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ قارا جىگەر رەڭلىك مايلىق رىزىنىلىق ئۇزەك ياغىچى «ئۇد ھىندى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. پۇرىقى ئۆتكۈر، خۇش پۇراقلىق كېلىدۇ (30. 13 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇد ھىندى تەركىبىدە مايلىق رىزىنا بار، بۇنىڭ ئىسپىرتتىكى چىلانمىسىدىن ئېلىنغان ماددا 48% كە يېتىدۇ، سوپۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىنكى سۇنىڭ پارىنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئېلىنغان ئۇچۇچان ماي 13% گە يېتىدۇ، مېيىدا بېنزول ئاتسېتون (Bensylasetone)، سېكوي تېرپېن ئالكوھول (Swsaui terpeneacidhole) قاتارلىقلار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] پەي - مۇسكۇللارنىڭ تارتىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، پەي - مۇسكۇللارنى بوشىتىدۇ، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىدۇ، يۈرەك مۇسكۇلىغا قان يېتىشمەسلىكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

جىگەر، يۈرەك ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش؛ ماددىلارنى يۇمشىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، ئېغىزنىڭ بەتبۇيلۇقىنى يوقىتىش، ئىشتىھانى ئېچىش، بەلغەم بوشىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، يەل تارقىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۈرەك، مېڭە ۋە ئاشقازان ئاجىزلىقى؛ بوغۇم ئاغرىقى، ئېغىز پۇراش، يۆتەل، سوغۇقتىن بولغان دەم سىقىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئۇستىقۇددۇس، لاچىندانە، ئاق سەندەل، ئۇد ھىندى 10 گرامدىن. قائىدە بويىچە چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. زەنجىۋىل، بەدىيان، جۇۋۇنە، ئۇد ھىندى، دارچىن، كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇم بەدىيان ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن. چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەل تارقىتىدۇ.

3. مەستىكى، ئۇد ھىندى، رۇم بەدىيان، جۇۋنە قاتارلىقلاردىن 10 گرامدىن ئېلىپ، سۇپۇپ تەييارلاپ، بىر كۈندە ئۈچ ۋاخ ئۈچ گرامدىن ئىچسە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەل تارقىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 4 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كاپۇر، سىركەنجىۋىل، قىزىلگۈل.

[ئورۇنباسارى] دارچىن، قەلەمپۇر، زەپەر.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، تەيۋەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن ھەم ھىندىستان، ھىندونېزىيە، ۋېيتنام، مالايسىيا، كامبودژا قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىش ئۇد شېرىن، جاۋارىش ئۇد تورۇش، جاۋارىش ئۇدمىشكى.

## تەرخەمەك

(黄瓜 huang gua )

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Fructuc Cucumis Sativi

[ئىنگلىزچە نامى] Cucumber Fruit

[تونۇش]

بۇ كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق يامىشىپ پېلەك تارتىپ ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تەرخەمەك (تۈز ۋە ئەگرى ئۆسىدىغان تۈرلىرى) نىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى «تەررە»، يىلتىزى «بىخ تەررە»، ئۇرۇقى «تۇخۇمى تەررە» قاتارلىق ناملاردا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسى سەل ئەگرى، مېۋىسىنىڭ تاشقى پوستى يېشىل رەڭدە، تېنى بولسا ئاق رەڭدە، سۇلۇق، تەمى تاتلىق كېلىدۇ. مېۋىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇقلىرى بولىدۇ (30. 14 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] تەرخەمەك ئېتىدە گلۇكوزا، راموزا (Rhamose)، گالاكتوزا

(Galactose) ، ماننوزا (Mannose) ، مېۋە قەنتى (Eructus)، رۇتىن (Rutin)، ۋىتامىن C، ئۇچۇچان ماي ۋە ئاچچىق تەركىب كوكوربىتاسىن (Cucurbitacin) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] بۇنىڭ تەركىبىدىكى كوكوربىتاسىن ناملىق ئاچچىق تىر- كىبلەرنىڭ هايۋاناتلارغا تەجرىبە قىلىش جەريانىدا ئۆسمىگە قارشى تەسىرى بارلىقى ئىسپاتلان- غان، زەھەرلىك تەسىرى تۆۋەن.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى، قۇرۇق ئىسسىق كەيپىياتنى تەڭشەش؛ ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، قىزىتما چۈشۈرۈش، چىرايىنى گۈزەللەشتۈرۈش، تېرى- گە جۇلا بېرىش، سۈيدۈك ھەيدەش، تاش پارچىلاش ۋە چۈشۈرۈش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، چوڭ تەرەتنى راۋان قىلىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

كۆپ ئۇسساش، قىزىتما، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، سۈيدۈك كۆيۈپ كېلىش، بۆرەك، دوۋساق ۋە سۈيدۈك يولىدا تاش پەيدا بولۇپ قېلىش؛ ئۇيقۇسىزلىق، ھەۋزىيەت، جىگەر كېسەللىكى، باش ئاغرىش، ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك چالاڭغۇراش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلى- دۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تەرخەمەكتىن كۈندە مۇۋاپىق مىقداردا يەپ بەرسە، كۆپ ئۇسساشنى پەسەيتىدۇ، قىزىتما قايتۇرۇپ، سۈيدۈك ماڭدۇرىدۇ. دوۋساقتىكى تاش ۋە قۇملارنى ئېرىتىپ چۈشۈر- دۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، چىرايىنى پارقىرىتىدۇ.

2. تەرخەمەكنى تۇز بىلەن قوشۇپ يېسە، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنىڭ ئۆتكۈرلۈ- كىنى پەسەيتىدۇ؛ تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ، قىزىتمىنى ياندۇرىدۇ، سۈيدۈكنىڭ كۆيۈشۈپ كېلىشىنى يوقىتىدۇ.

3. تەرخەمەكنى پۇراتسا ياكى پوستىنى سويۇپ پېشانىسىگە قويسا، باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك چالاڭغۇراشقا پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا بېرىلسە بولىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ، قورساقنى كۆپتۈرۈپ

قويىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سوغۇق مىزاج كىشىلەر ئۈچۈن ئارپا بەدىيان، تۇز، جۇۋنە، ۋاسالغۇ.

[ئورۇنباسارى] قوغۇن سويىمىسى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىلىپ ئۆستۇ-رۇلىدۇ.

## ئاق شېكەر

(砂糖 sha tang)

[ئەرەبچە نامى] سكر

[پارسچە نامى] شكر

[ئوردۇچە نامى] كھانڈ

[لاتىنچە نامى] Saccharum Alba

[ئىنگلىزچە نامى] Wite Sugar

[تونۇش]

بۇ باشاقلىق ئۆسۈملۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك شېكەر قومۇشى ۋە قىزىلچىلاردىن ئايرىپ ئېلىنغان، ئۇششاق كرىستال دانچىلاردىن ئىبارەت. رەڭگى ئاق ۋە قارا، تەمى تاتلىق كېلىدۇ. شېكەر قۇمۇشىنىڭ سىقىلغان سۇيىدىن ياسىلىدىغان، ھەممە ئادەمگە تونۇشلۇق بولغان بىر خىل تاتلىق نەرسىدۇر (30.15 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى]

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى]

[تەبىئىتى] ئاق شېكەر قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، تەبىئەتنى يۇمشىتىش، گالدىكى يىرىكلىكنى يوقىتىش، ئۆپكىنى تازىلاش، نېرۋا ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش؛ ساپ قان پەيدا قىلىش، پەي ۋە مۇسكۇللارنى چىڭىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قەۋزىيەت، دەم سىقىش، قان ئازلىق، باھ ۋە نېرۋا ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلە-

www.uyghurkitap.com

دۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ھەر كۈنى 30 گرام ئاۋاتنى بىر قانچىگە بۆلۈپ شۈمۈپ بەرسە، يۆتەل ۋە كۆكرەك- نىڭ يىرىڭلىكى ئۈچۈن شىپا بولىدۇ.

2. شېكەرنى قىزىق سۇغا سېلىپ ئېرىتىپ ئىچىپ بەرسە، ئاۋاز پۈتۈپ قېلىش ئەزالارنىڭ تىترىشى ئۈچۈن مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. شېكەرنى قىزىلگۈل ئەرقى ياكى سوغۇق سۇ بىلەن ئىچىپ بەرسە، تەپنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 100~150 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكە سىلى، ئىسھال ۋە ئۈچەي كېسىلى بارلارغا، سەپرا مىزاج كىشىلەرگە بېرىلمەيدۇ. سېرىقماي ۋە ئاچچىق نەرسىلەر بىلەن يېسە بەلغەم پەيدا قىلىدۇ، خىلىتلارنى بۇزۇپ، قاننى كۆيدۈرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بادام، يېڭى سېغىلغان سۈت.

[ئورۇنباسارى]

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن پاكىستان، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىغا ئوخشاش ئىسسىق ئىقلىملىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] گۈلقەنت.

## سەئدى كوفى

(香附 xiang fu)

[ئەرەبچە نامى] سعدكوفى

[پارسچە نامى] مشك زير زمين

[ئوردۇچە نامى] ناگرموتھ

[لاتىنچە نامى] Rhizoma Cyperi

[ئىنگلىزچە نامى] Nutgrass Galingale Rhizome

[تونۇش]

قىياقلار ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئۇزۇن قىياقنىڭ يىلتىزسىمان تۈگۈنەك غولى بو-

لۈپ، قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ. بۇ كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، تۈكلۈك، خۇش پۇراق، تەمى بىر ئاز ئاچچىق بولۇپ، «سەئدى كوفى» ياكى «سەئدى ھىندى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] بۇنىڭ تەركىبىدە 9~8 پىرسەنتكىچە گلۇكوزا، 40~41 پىرسەنتكىچە كراخمال، ئاز مىقداردا ئۇچۇچان ماي بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. ئاياللىق ھورمونىنى ئىلگىرى سۈرۈش تەسىرى بار.

2. ئاغرىق توختىتىش تەسىرى بار.

3. باكتېرىيىگە قارشى تۇرۇش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

جىگەر، ئاشقازان، نېرۋا ۋە پەيىنى قۇۋۋەتلەش؛ ئىشتىھانى ئېچىش، يەل تارقىتىش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

جىگەر، ئاشقازان ۋە نېرۋا ئاجىزلىقى؛ پالەچ، لەقۋا، ھەزىم بۇزۇلۇش، ئىشتىھاسىزلىق، ئىچ سۈرۈش، تولغاق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سەئدى كوفى، يالپۇز، سېمىز ئوت ئۇرۇقى 10 گرامدىن، قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، تولغاقتا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. سەئدى كوفىنى قىزىلگۈل جۇزبۇۋا، ئاقىرقەرھا قاتارلىقلار بىلەن سوقۇپ تالقانلاپ، كالا قايمىقىغا ئارىلاشتۇرۇپ يەپ بەرسە، جىگەر مەنبەلىك ھەزىم بۇزۇلۇشقا، نېرۋا ئاجىزلىقى، پالەچ، لەقۋا قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5~1 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] رۇم بەدىيان، ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] سۇمبۇل.

[چىقىش ئورنى] مىسىر، ئەرەبىستان، ھىندىستان، جۇڭگو قاتارلىق دۆلەتلەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى ئاملە نوشدارى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

# پىلە قۇرتى

(僵蚕 jiang chong)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Bombyx Batryticatus

[ئىنگلىزچە نامى] Stiff Silkworm

[تونۇش]

بۇ، پىلە پەرۋانىسى ئائىلىسىدىكى ھاشارات پىلە قۇرتىنىڭ ئىچىدىن چىقىدىغان قۇرتىدىن ئىبارەت بولۇپ، «پىلە قۇرتى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (30. 17 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاقسىل، قاتارلىق 17 خىل ئامىنو كىسلاتا، ئۇندىن باشقا كالتسىي (Ca)، ماگنىي (Mg)، سىنك (Sn) قاتارلىق 28 خىل مىكرو ئېلېمېنت بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] تارتىشىشقا قارشى تۇرۇش، تىنچلاندۇرۇش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، قان ئۇيۇشقا قارشى تۇرۇش، قان قەنتىنى تۆۋەنلىتىش.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

جىگەر ۋە ئۆپكىنى، بەلغەم بوشىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، جىگەر ۋە ئۆپكە ئاجىزلىقى، لەقۋا، مۇسكۇللار لىكىلداش، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاش، كۆزدىن ياش ئېقىش.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. پىلە قۇرتى بەش گرام، قىزىلگۈل 10 گرام، ئۈجمە يىلتىز پوستى، كاسىنە ئۇرۇقى، بەدىيان، بادام مېغىزى، چىلغوزا مېغىزى 10 گرامدىن، ھەسەل 300 گرام؛ قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ، كۈندە ئىككى قېتىمدىن تاماقتىن كېيىن ھەر قېتىمدا 10 گرامدىن ئىستېمال قىلىپ بەرسە، جىگەر ۋە ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 9~3 گرامغىچە.
[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] بەدىيان.
[ئورۇنباسارى] پىلە قۇرتى مايىقى.
[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى رەبۇ.

## قىزىلگۈل[①]

(玫瑰花 mei gui hua)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
غەيرىي تەبىئىي سەپرا ماددىسىنى پىشۇرۇش، جىگەر، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلنى ئېچىش، رەئىس ئەزالارنى، بەدەننى، ئاشقازان، ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق قايتۇرۇش، ھارارەت پەسەيتىش، قان توختىتىش، بەتبۇيلۇقنى يوقىتىش، ئىچ سۈرۈشنى تۈختىتىش، تەرەتنى راۋان قىلىش.

## شېكەر قومۇشى[②]

(甘蔗 gan zhe)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل.
[خۇسۇسىيىتى]
قان كۆپەيتىش، جىگەرنى، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش، چىش مىلىكىنى چىڭىتىش ۋە تازىلاش، ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىش، توسالغۇلارنى ئېچىش.

---

① تەپسىلاتى 3 ـ باب 1 § غا قاراڭ
② تەپسىلاتى 6 ـ بابقا قاراڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئىتئۈزۈمى①

(龙葵果 long kui guo)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يالل ۇغ قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرا خىلتىنى؛ قۇرۇق ئىسسىق ۋە ھۆل ئىسسىق كېيپىياتنى تەڭشەش؛ ئۇسسۇزلۇق، ھارارەت پەسەيتىش؛ قان تازىلاش، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش.

## شىۋاق②

(茵陈蒿 yin chen hao)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

توسالغۇلارنى ئېچىش، تاش پارچىلاش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق تارقىتىش، ھەيزنى راۋان قىلىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، نەزلىنى تازىلاش.

## بىلسان ياغىچى③

(麦加没药树木 mai jia mei yao shu mu)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

توسالغۇلارنى ئېچىش، جىگەرنى، مېڭىنى ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، ئىششىق تارقىتىش، بەلغەم بوشىتىش.

---

① تەپسىلاتى 10 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 9 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 9 ـ بابقا قاراڭ

## ئەفسەنتىن①

(苦艾 ku ai)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

توسالغۇلارنى ئېچىش، مېڭە، جىگەر، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، قۇرت ئۆلتۈرۈش.

## شاتارى②

(栀子 zhi zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئىششىق قايتۇرۇش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى تەڭشەش، خۇشلۇق كەلتۈرۈش، غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، ئۆت يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

## قارادان③

(连翘 lian qiao)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قىزىتما پەسەيتىش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، قاتتىقلىقنى يۇمشىتىش.

---

① تەپسىلاتى 9 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 10 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 11 ـ بابقا قاراڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## يۆگىمەچئوت①

(田旋花 tian xuan hua)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆت ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، قان توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

## كۇدە ئۇرۇقى②

(韭菜子 jiu cai zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يەل تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىششىق تارقىتىش، باھنى، پەي ـ مۇسكۇللارنى، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، بەدەننى تازىلاش، پارقىرىتىش.

## كاۋا ئۇرۇقى③

(南瓜子 nan gua zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

مەددە چۈشۈرۈش، سۈت پەيدا قىلىش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش.

---

① تەپسىلاتى 33 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 16 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 17 ـ بابقا قاراڭ

## تاباشىر[①]

(天竺黄 tian zhu huang)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قورۇش، تۇتۇش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، يۈرەك ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، مەنىي تۇتۇش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، قىزىتما ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش.

## زەھرەموھرە[②]

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

زەھەر قايتۇرۇش؛ يۈرەك، مېڭە، جىگەر قاتارلىق رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش؛ باھنى قوزغاش، ۋابانىڭ ئالدىنى ئېلىش، مەنىي تۇتۇش، بۆرەك ۋە تالنى قۇۋۋەتلەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، قان توختىتىش.

## توخۇ گۆشى[③]

(鸡肉 ji rou)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، يېڭى قان پەيدا قىلىش، يىلىكنى تولدۇرۇش، ئەقىل - پاراسەتنى ئاشۇرۇش، باھنى قۇۋۋەتلەش، مەنىي ۋە سۈت پەيدا قىلىش، ئىشتىھانى ئېچىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، چىراينى ۋە ئاۋازنى ياخشىلاش.

---

① تەپسىلاتى 24 - بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 26 - بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 27 - بابقا قاراڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئۇلار گۆشى①
(雪鸡 xue ji)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، قان كۆپەيتىش، قۇۋۋەت تولۇقلاش، قاننى جانلاندۇرۇش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئەتنى ئۆستۈرۈش، مېڭە ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش.

## كەكلىك گۆشى②
(竹鸡 zhu ji)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى، جىگەرنى، بۆرەكنى، رەئىس ئەزالارنى ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش؛ ئوزۇقلۇق تولۇقلاش، ساپ قان پەيدا قىلىش، ئىچ سۇرۇشنى توختىتىش، سەمرىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئارتۇق گۆشلەرنى يېيىش، بەدەننى قىزىتىش، قان تازىلاش، ئىششىق تارقىتىش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش.

## ئۆچكە گۆشى③
(山羊肉 shan yang rou)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ساپ قان پەيدا قىلىش، تەبىئەتنى يۇمشىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش، نەپەسنى ياخشىلاش، باھنى قوزغاش.

---

① تەپسىلاتى 27 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 27 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 27 ـ بابقا قاراڭ

## مارجان[1]

(珊瑚 shan hu)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەك، مېڭە، جىگەر ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، كۆڭۈلنى ئېچىش، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش.

## زۇمرەت[2]

(纯绿宝石 chun lu bao shi)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەك، مېڭە، جىگەر ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش، ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، قان توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، زەھەر قايتۇرۇش.

## ئالما[3]

(苹果 ping guo)

[تەبىئىتى] تاتلىق ئالما بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق، چۈچۈمەل ئالما بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

تاتلىق ئالما: يۈرەك، جىگەر، مېڭە يۈرەك ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى تەڭشەش، قۇرۇق يۆتەلنى توختىتىش، ئىچ سۈرۈشنى ۋە قۇسۇشنى توختىتىش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش.

---

① تەپسىلاتى 29 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 29 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 29 ـ بابقا قاراڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ھېقىق[1]

(玛瑙 ma nao)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەك، جىگەر، تالنى قۇۋۋەتلەش؛ قان توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، تاشلارنى پارچىلاش، كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرۇش، چىش مىلىكىنى چىڭىتىش، باھنى قوزغاش.

## پەرەنجەمىشكى[2]

(丁香罗勒 ding xiang luo le)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

مېڭە، يۈرەك، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش؛ بۇرۇننىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، يۇمشىتىش، سىلىقلاشتۇرۇش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، يەل تارقىتىش، كېكىرتىش، ئىشتىھانى ئېچىش.

## ئامىلە[3]

(余甘子 yu gan zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان، ئۈچەي ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ياللۇغ قايتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا، سەۋدا، بەلغەم خىلتىنى پىشۇرۇش؛ ئاشقازاننىڭ تۇتۇش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ، ئاغرىق پەسەيتىش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، قان تازىلاش، قان توختىتىش، چاچ يىلتىزىنى چىڭىتىش، چاچنى قارايتىش.

① تەپسىلاتى 29 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 29 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 32 ـ بابقا قاراڭ

## مەستىكى رۇمى①
(洋乳香 yang ru xiang)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان، ئۈچەي، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش؛ يۇمشىتىش، يەل تارقىتىش، پارقىرىتىش، ئىششىق تارقىتىش، تۇتۇش، قان كۆپەيتىش، ئىچى سۇرۇشنى توختىتىش، بەدەننى ۋە رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىش، چىش مىلىكىنى چىڭىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش.

## جۇڭگو ماڭدارى②
(威灵仙 wei ling xian )

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆت ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، يەل تارقىتىش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، يالغۇغ قايتۇرۇش، ئارتۇق ھۆللۈكنى يوقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق توختىتىش.

## ياۋا ئامۇت③
(山梨 shan li)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان - ئۈچەينى كۈچەيتىپ، ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاش؛ ئىچنى قاتۇرۇش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، گۆش ئۈندۈرۈش، زەھەر قايتۇرۇش.

---

① تەپسىلاتى 32 - بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 33 - بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 32 - بابقا قاراڭ

## گۈل ياسمەن[1]

(千日红 qian ri hong)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆتنى قۇۋۋەتلەش، جىگەرنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىش، يۆتەل پەسەيتىش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، سۈيدۈك ھەيدەش.

## بۆرجۈن

(女贞子 nü zhen zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆت، جىگەر ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، مەنىي تۇتۇش، ئۇسسۇزلۇقنى ۋە قىزىتمىنى پەسەيتىش.

## كاسىنە[3]

(菊苣 ju ju)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆتنى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈك ھەيدەش، قان تازىلاش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى پىشۇرۇش، قۇرۇق ئىسسىق ۋە ھۆل ئىسسىق كېپىياتنى تەڭشەش، ئۇسسۇلۇقنى پەسەيتىش، ئىششىق تارقىتىش، قان تازىلاش، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش.

---

① تەپسىلاتى 33 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 33 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 33 ـ بابقا قاراڭ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## زىرىق①
(小檗实 xiao bo shi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
ئۆت، جىگەر ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئۆت سۇيۇقلۇقىنى راۋان قىلىش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا ۋە قان خىلتىنى تەڭشەش، قۇرۇق ئىسسىق ۋە ھۆل ئىسسىق كەيپىياتنى تەڭشەش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، ئاشقازان ۋە جىگەرنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، قۇرۇق ھۆل يوقىتىش.

## ئاق ماش②
(白扁豆 bai bian dou)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
تال، جىگەر ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، قان تازىلاش، ھەيز ۋە سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، تېرىنى پارقىرىتىش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، جىگەر ۋە تالدىكى توسالغۇلارنى ئېچىش، ھامىلە چۈشۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش.

## بۆكەن مۈڭگۈزى③
(羚羊角 ling yang jiao)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
خۇسۇسىيىتى]
باھنى ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ھارارەت پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش، تارتىششنى

① تەپسىلاتى 33 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 34 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 36 ـ بابقا قاراڭ

www.uyghurkitap.com

بوشىتىش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش، جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلاش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، سۆڭەكلەرنى چىڭىتىش، قان توختىتىش.

## ھەسەل[1]

(蜂蜜 feng mi)

[تەبىئىتى] يېڭىسى بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئازراق تۇرۇپ قالغىنى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھ ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، قان كۆپەيتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، پەي ۋە نېرۋىلارنى، قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، تىنچلاندۇرۇش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، يۆتەل توختىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىچنى يۇمشىتىش، ھەزىمگە ياردەم بېرىش، قىزىتما قايتۇرۇش، قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىش، تېرىگە جۇلا بېرىش، بەلغەم بوشىتىش.

① تەپسىلاتى 36 ـ بابقا قاراڭ

# ئوتتۇز بىرىنچى باب ئۆپكە ـ كانايىنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار

ئۆپكە ۋە كانايىنى قۇۋۋەتلەش، يۆتەل پەسەيتىش؛ بەلغەم بوشىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئۆپكە ۋە كانايىنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەرخىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر تەسىرىدىن، ئۆپكە ۋە كانايدا ئاجىزلاش يۈز بەرسە، ئورگانىزمدا ماددا ئالمىشىش قالايمىقانلىشىشىش، فىزىئولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇش بىلەن بىرگە ئۆپكە ۋە كاناي ئاجىزلىقىغا ئالاقىدار تۈرلۈك كېسەللىكلەر ۋە ئالامەتلەر (ئۆپكە ياللۇغلىنىش، ئۆپكە ھاۋالىق ئىششىقى، ئۆپكە سۇلۇق ئىششىقى، كانايچىلار ياللۇغلىنىش، نەپەس راۋان بولماسلىق، زىققە، قۇرۇق يۆتەل، ئۆپكە سىلى، ئۆپكە راكى، ئومۇمىي بەدەن زەھەرلىنىش، كۆكيۆتەل، بەلغەم چىقىرالماسلىق، قان تۈكۈرۈش …) پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ۋاقتىدا ئالمىغاندا يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. ئۆپكە ۋە كانايىنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلارنىڭ تۈرى ھەرخىل بولغاچقا ئىشلەتكەندە كېسەللىك سەۋەبى ۋە كېسەللىك ماھىيىتىگە قاراپ مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك.

ئۆپكە ۋە كانايىنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق ياكى قۇرۇق ئىسسىق بولىدۇ. بۇ خىل دورىلار بەلغەم بوشىتىپ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش، تەبىئەتنى قۇۋۋەتلەش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار ئۆپكە ۋە كانايىنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: زۇپا، چۆل رەيھىنى، چۇغۇندان، تىنزغا، تەڭگىيوپۇرماق گۈلى، ئاق قېيىن قوۋزىقى، تاتلىق شاپتۇل مېغىزى، تاتلىق ئۆرۈك مېغىزى، قوي ئۆپكىسى، مۇرچۇبە، يىلان ئۆتى، ئىلى سوغىگۈلى، چامغۇر، نىشاستە، لوبان، رۇبىبسۇس، راتيانەج، قۇندۇزئوت، قوڭغۇراقگۈل يىلتىزى، ئەرۇسە ياپرىقى، شۇمشا ئۆرۈقى، شېكەرتىغال، تاغ پىيىزى، زىغىر ئۇرۇقى، زىغىر يېغى، بېھى ئۇرۇقى، ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، ئىشەك سۈتى، ئۈجمە يىلتىزى پوستى، شىقىلداق يىلتىزى، قارلىغاچ چاڭگىسى.

چوڭ سۈتلۈك ئوت، كىچىك سۈتلۈك ئوت، سەرپىستان، پىرسىياۋشان، ئاقلەيلى ئۇرۇقى، غارىقۇن، قەنتېپەر، كىچىك چىلان، نەغىز گۈلى يىلتىزى، ھەمىشباھار ئۇرۇقى، ئىسپىغۇل، لوكات، ماگنىت تېشى، قوغۇن ئۇرۇقى، بانان، سەۋزە، زەيتۇن مېۋىسى، ئۆرۈك مېغىزى يېغى، كېلەر، چاكاندا، كۆكنار پوستى، بالەنگو چۆپى، ئىت ياڭىقى گۈلى، چىلغوزە، ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى، شاپتۇل مېغىزى، قوي سۈتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# زۇپا

(神香草 shen xiang cao)

[ئەرەبچە نامى] رصاص ابيض

[پارسچە نامى] ارزر

[ئوردۇچە نامى] رانگ

[لاتىنچە نامى] Herba Hyssopus officinali

[ئىنگلىزچە نامى] Hyssop

[تونۇش]

بۇ كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك زۇپانىڭ پۈتۈن چۆپىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «زۇپا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى سارغۇچ يېشىل، تەمى ئاچچىق، خۇش پۇراق بولىدۇ، شامدىن چىقىدىغىنى ئەڭ ياخشىسىدۇر (1.31 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] پۈتۈن چۆپىنىڭ تەركىبىدە ئۇچۇچان ماي، فلاۋونلارمۇ بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] تەشەننۇچ (سپازما) بوشىتىشقا ئالكالوئىدلارغا ئوخشاش تەسىرگە ئىگە بولۇپ، بۇ كاناپچىلار تەشەننۇچىنى بوشاشتۇرۇپ، يۆتەل پەسەيتىدۇ ھەمدە ماخاۋ باكتېرىيىسىگە قارشى تۇرۇش ۋە كېسەل قوزغاتقۇچى قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈش تەسىرىمۇ بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكە ـ كانايىنى قۇۋۋەتلەپ، بەلغەم بوشىتىش؛ نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا ۋە بەلغەمدىن بولغان يۆتەلنى توختىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىششىقلارنى تارقىتىش، تەرلىتىش، يەل ھەيدەش، تېرىگە رەڭ بېرىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

نەزلە، زۇكام، زىققە، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، ئۆپكە ياللۇغى، ئۆپكە ئىششىقى، كاناي ياللۇغى، سۈيدۈك ۋە ھەيز راۋان بولماسلىق، قىزىتما قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئەنجۈر مونىكى، زۇپا، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ئۈزۈم، سەرپىستان ھەر بىرىنى 10

گرامدىن. قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدادىن بولغان يۆتەلگە شىپا بولىدۇ.

2. زوپا 10 گرام، گۈل بىنەپشە 10 گرام، قىزىلگۈل 7 گرام، سەرپىستان 10 گرام، چىلان 5 دانە. قائىدە بويىچە دەملەپ ئىچىپ بەرسە، ئۆپكە ئىششىقى ئۈچۈن شىپا بولىدۇ.

3. بىھى ئۇرۇقى، زۇپا 10 گرامدىن، نىلۇپەر، بىنەپشە 5 گرامدىن، چىلان 5 دانە، ئەنجۈر 2 دانىدىن ئېلىپ دەملەپ ئىچىپ بەرسە، ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل، زۇكام، نەزلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ～ 9 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] جىگەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئاچچىق ئانار، سەرپىستان.

[ئورۇنباسارى] پىرسىياۋشان، مەرزەنجۇش، سۆئتەر.

[چىقىش ئورنى] ئىران، پەلەستىن، ئەرەبىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى زۇپا، جەۋھىرى زۇپا، لوئوقى زۇپا.

## چۆل رەيھىنى
(百里香 bai li xiang)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Thymus Serpullum

[ئىنگلىزچە نامى] thyme

[تونۇش]

بۇ كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق يەر بېغىرلاپ ئۆسىدىغان، گۈلى سۆسۈن، پۇرىقى ئۆتكۈر، خۇشبۇي ئۆسۈملۈك چۆل رەيھىنى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «چۆل رەيھىنى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكە - كانايىنى راۋانلاشتۇرۇش، يەل ھەيدەش، يۆتەل توختىتىش، بەلغەم بوشىتىش.

www.uyghurkitap.com

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
زۇكام، كۆكيۆتەل، تامغاق ۋە گالنىڭ ئىششىپ ئاغرىشى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. زۇپا، گۈل بىنەپشە، ئەنجۈر مونىكى، پىرسىياۋشان، سەرپىستان، چۆل رەيھىنى قاتارلىقلاردىن 10 گرامدىن ئېلىپ شەربەت تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، بەلغەم بوشىتىدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ.

2. چۆل رەيھىنى 15 گرام، ئۈزبەر 70 گرام. قائىدە بويىچە تالقان قىلىپ قايناق سۇ بىلەن ئىچسە، ئارتىشىپ قېلىشنى يېشىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 18 ~ 35 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت، ئارپا سۈيى.

[ئورۇنباسارى] رەيھان.

[چىقىش ئورنى] كۆنگەي تاغ باغرىدا ئۆسىدۇ، تەڭرى تېغى ۋە ئالتاي تاغلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] زۇپا شەربىتى.

## چۇغۇندان

(苦葶苈 ku ting li)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Semen Descurainia Sophia

[ئىنگلىزچە نامى] Flixweed Tansymustard

[تونۇش]
بۇ كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك خاكشىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، «خاكشى» ياكى «چۇغۇندان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يۇمىلاق، ياپىلاق شەكىلدە كەلگەن، ساغۇچ قوڭۇر

رەڭلىك، سەل پارقىراق كەلگەن ئۇرۇق بولۇپ، سەل پۇراقلىق تەمسىز، چاپلاشقاق كېلىدۇ (3.31 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] چۈغۈندان ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە ئۇچۇچان ياغ، مايلىق ياغ، ياغ كىسلاتاسى قاتارلىقلار بار. يەنە ئىككى خىل يۇرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى گلۇكوزىدى بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئۇرۇقىنىڭ ئىسپىرتتىكى ئېرىتمىسى ئاساسلىقى يۇرەكنى قۇۋۋەتلەش رولىغا ئىگە.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكىنى تازىلاپ، نەپەسنى راۋان قىلىش؛ يۇرەكنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، دەم سىقىشنى پەسەيتىش، قىزىتما قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۇرەك ئاجىزلىقى، سوزۇلما خاراكتېرلىك كاناي ياللۇغى، كاناينىڭ كېڭىيىشى، سىرغىتمىلىق كۆكرەك پەردە ياللۇغى، جىگەر قېتىشتىن بولغان قورساققا سۇ يىغىلىش، سۈيدۈك ئازلاپ كېتىش، دەم سىقىش، بۆرەك ۋە لىمفا قان تۇگۈنچىلىرىنىڭ ياللۇغى، ھەر خىل قىزىتما، چېچەك، بەلغەملىك يۆتەل، كونا يۆتەل، نەزلە، قىزىتما قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مۇۋاپىق مىقداردىكى چۈغۈنداننى قاينىتىپ ئىچسە، قىزىل سىرتقا تېز تېپىدۇ ھەم ئاسان ساقىيىدۇ، كونا يۆتەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. چۈغۈنداننى گۇلاب بىلەن قاينىتىپ ئىچسە، يۇرەك ئاجىزلىقى، سۈيدۈك ئازلاپ كېتىش، ھەر خىل قىزىتما، يۆتەل، نەزلە قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 7 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] باش ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] تۇدەرى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال، ئىچكى موڭغۇلدىن ھەم ھىندىستان، پەنجاپ قاتارلىق رايونلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] چۈغۈندان شەربىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تىزغا

(半夏 ban xia)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Rhizoma Pinelliae

[ئىنگلىزچە نامى] Temate Pinellia

[تونۇش]

بۇ چايانئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تىزغانىڭ قۇرۇتۇلغان تۈگۈنەك غولى بولۇپ، بۇ زەھەرلىك ئۆسۈملۈك بولغاچقا، ئۇنى زەنجىۋىل بىلەن لايىقلاشتۇرۇپ دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ (4.31 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] يىلتىزى ئۇچۇچان ماي، خولىن، ئېفېدرىن قاتارلىق بىئولوگىيىلىك ئىشقار، β ـ سىتېتېرول ھەر خىل قەنتلەردىن تەركىب تاپقان.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] يۆتەل توختىتىپ، ياللۇغ قايتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، ئۆت سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاجرىلىپ چىقىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكە ـ كانايىنى راۋانلاشتۇرۇش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇپ، بەلغەم بوشىتىش؛ يۆتەلنى پەسەيتىش، يەل تارقىتىش، قۇسۇشنى توختىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىپ، تۈگۈنچىلەرنى تارقىتىش؛ ياللۇغ قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئۇچەي توسۇلۇش، كۆڭلى ئېلىشىپ قۇسۇش، غەلۋىرەك، ئىششىق، بويۇن لىمفا بەز سىلى، ئۆتكۈر سوزۇلما خاراكتېرلىك كاناي شاخچىلىرى ياللۇغى، سوزۇلما ئاشقازان ياللۇغى، نېرۋا خاراكتېرلىك قۇسۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. زۇپا، زىغىر، سەرپىستان، بادام مېغىزى 10 گرامدىن، تىزغا 4 گرام. قائىدە

بويىچە سۈپۈپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، بەلغەم بوشىتىپ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

2. ئاق لەيلى يىلتىزى، يەرلىك شوخلا، كاكىنەچ 10 گرامدىن، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، تىزغا ھەربىرىدىن 4 گرام ئېلىپ قايناتما تەييارلاپ ئىچسە، ھەر خىل ياللۇغلارنى قايتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4~12 گرامغىچە، ئىچكى تەرەپتىن ئىشلەتكەندە لايىقلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ھۆ پەيدا قىلىدۇ.

[تۆزەتكۈچىسى] سۈت، قايماق.

[ئورۇنباسارى] زۇپا.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] تىزغا قايناتمىسى.

## تەڭگىيوپۇرماق گۈلى

(款冬花 kuan dong hua)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Flos Farfarae

[ئىنگلىزچە نامى] Common Coltsfoot Flower

[تونۇش]

بۇ مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تەڭگىيوپۇرماقنىڭ گۈل غۇنچىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، «تەڭگىيوپۇرماق گۈلى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (5.31 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] رۇتىن (Rutin)، ئاق چاچكا ماددىسى (Kaempferol)، بىئولوگىيىلىك ئىشقارلاردىن Senecionine، ئۇچۇچان مايلاردىن 1—Alkene، Carracrol، كىرەش كىسلاتاسى (Angelic acid)، مىكرو ئېلېمېنتلاردىن سىنك، مىس، تۆمۈر، قەلەي قاتارلىقلار بار.

www.uyghurkitap.com

[فارماكولوگىيلىك تەسىرى] نەپەس سىستېمىسىغا نىسبەتەن بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش تەسىرى بار.

ئۇندىن باشقا روھلاندۇرۇش تەسىرى، قان بېسىمىنى نىسپىي يۇقىرىلىتىش تەسىرى بار.

بالىلاردىكى كۆكيۆتەلگە: تەڭگىيوپۇرماق گۈلى 5 گرام، سۈغىگۈل يىلتىزى، مۈۋەبەل سەپىد ئۈچ گرامدىن، بىخسۇس ئىككى گرام، ناۋات 50 گرام سۇدا قايىنىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكە ـ كاناينى راۋانلاشتۇرۇش، تازىلاش، يۆتەل توختىتىش، يەل ھەيدەش، بەلغەم بوشىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئۆپكە سىلى، قۇرۇق يۆتەل، سوزۇلما كاناي ياللۇغى، دەم سىقىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. زۇپا، پىرسىياۋشان، بىخ سۇس، تەڭگىيوپۇرماق گۈلى ھەر بىرى 10 گرامدىن، ئەنجۈر قىقىدىن بەش دانە. قائىدە بويىچە قايىنىتىپ ئىچسە، قۇرۇق يۆتەل، دەم سىقىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. تەڭگىيوپۇرماق گۈلى 10 گرام، چىلغوزا مېغىزى 15 گرام، سەرپىستان سەككىز گرام، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى بەش گرام، ھەسەل ئىككى ھەسسە، قائىدە بويىچە مەجۇن ياكى لوئوق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ئۆپكە سىلى، سوزۇلما كاناي ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە.

[ئورۇنباسارى] پىرسىياۋشان.

[چىقىش ئورنى] تاغلىق جايلاردا، دەريا ۋادىلىرىدا، نەملىك ئورۇنلاردا ئۆسىدۇ، ئالتاي ۋە تەڭرى تاغلىرىدىن تېپىلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] لوئوقى بادام.

# ئاق قېيىن قوۋزىقى
(白桦皮 bai hua pi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Cortex Betulae Pendulae

[ئىنگلىز نامى] bark of European white birch

[تونۇش]

بۇ قېيىن دەرىخى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ ئاق قېيىن دەرىخىنىڭ قوۋزىقى بولۇپ، «ئاق قېيىن قوۋزىقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكە ـ كانايىنى راۋانلاشتۇرۇش، هارارەت پەسەيتىش، زەهەر قايتۇرۇش، يۆتەل توختىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئۆتكۈر باكتېرىيىلىك تولغاق، سوزۇلما خاراكتېرلىك تولغاق، يۆتەل، دەم سىقىش، سۈت بېزى ياللۇغى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تاباشىر، قىيمىقۇ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ئالتە گرامدىن، ئاق قېيىن قوۋزىقى 10 گرام. قائىدە بويىچە سوقۇپ سۈيۈپ تەييارلاپ ئىچسە، ئۆتكۈر باكتېرىيىلىك تولغاق، سوزۇلما خاراكتېرلىك تولغاققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ئاق قېيىن قوۋزىقى قاتارلىقلاردىن 10 گرامدىن ئېلىپ، كاشكاپ تەييارلاپ ئىچسە، يۆتەل توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 18 ~ 35 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] قەۋزىيەت پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] هەسەل سۈيى، بادام يېغى.

[ئورۇنباسارى] كاسىنە ئۇرۇقى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ هەممە تاغلىق يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# تاتلىق شاپتۇل مېغىزى

(甜桃仁 tian tao ren)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Semen Amygdali

[ئىنگلىزچە نامى] Almond

[تونۇش]

بۇ ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك يەرلىك شاپتۇلنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، مېغىزىنىڭ سىرتقى پوستى سېرىق قوڭۇر رەڭلىك، مېغىزىنىڭ تەمى تاتلىق بولىدۇ. مايلىشاڭغۇ كېلىدۇ (7.31 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] يەرلىك شاپتۇلدا ئامىگدالىن ئاساسەن يوق، بولغاندىمۇ مىقدارى ناھايىتى ئاز، تەخمىنەن 0.1% كە يېتىدۇ. ئېمۇلسىن (Emulsin) نىڭ مىقدارى كۆپ بولۇپ، بۇ ئاساسلىقى ئېمولسىن بىرىكمىلىرىدىن ئىبارەت.

بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى ئاچچىق بادام فېرمېنتى ئامىگدالازا (Amygdalase) ۋە ئامىگدالىناز (Amygdalinase) دىن ئىبارەت.

تەركىبىدە تۇتقان ياغ 45 تىن 67 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكە ـ كاناي ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش؛ باھ ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، بەدەننى سەمرىتىش، ئۇيقۇنى ياخشىلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

مېڭە ئاجىزلىقى، باھ ئاجىزلىقى، بۆرەك ئورۇقلاپ كېتىش، نەزلىلىك زۇكام، قۇرۇق يۆتەل، قەۋزىيەت، ئەستە تۇتۇشنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى، ئۇنتۇغاقلىق، ئۇيقۇسىزلىق، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. چىلغوزا مېغىزى ۋە يەرلىك بادام، پىستە مېغىزى ھەر بىرىدىن 10 گرام، ناۋاتتىن 15 گرام ئېلىپ سوپۇپ تەييارلاپ ئىچسە، ئۇيقۇسىزلىق، مېڭە ۋە باھ ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت

قىلىدۇ.

2. يەرلىك بادام 30 گرام، چىلغوزا مېغىزى 30 گرام، پىستە مېغىزى 30 گرام، زىغىردىن 30 گرامدىن ئېلىپ، لوئوق تەييارلاپ ئىچسە، بەلغەم بوشىتىپ، يۆتەل پەسەيتىدۇ، كۆكسىنى بوشىتىدۇ.

3. بادام مېغىزى بىلەن بەدىياندىن 5 گرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، شېكەر بىلەن ئىچسە، مېڭىنى قۇۋۋەتلەپ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 7 ـ15 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ. تەستە سىڭىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] مەستىكى، پىننە، بەدىيان.

[ئورۇنباسارى] چىلغوزا مېغىزى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] لوئوقى بادام، لوئوقى سەرپىستان.

## تاتلىق ئۆرۈك مېغىزى

(甜杏仁 tian xing ren)

[ئەرەبچە نامى] بىرالمشمش

[پارسچە نامى] تخم زردآلو

[ئوردۇچە نامى] خوبانى كا بيج

[لاتىنچە نامى] Semen Armeniacae Dulce

[ئىنگلىزچە نامى] Seed of Aoricot

[تونۇش]

بۇ ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك تاتلىق ئۆرۈكنىڭ مېغىزى بولۇپ، دورىلىق ئۈچۈن كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. سىرتقى پوستى سارغۇچ، يۈرەك شەكلىدە، يۇراقسىز، تەمى تاتلىق كېلىدۇ (31.8 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] تاتلىق ئۆرۈك مېغىزىنىڭ تەركىبىدە 40~60% ياغلىق ماي، 10% قەنت، 20%~25 ئاقسىل، 3~4% يېلىم ماددىسى بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] قۇرت چۈشۈرۈش، باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكە ـ كانايىنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، ئۇچەيىنى سىلىقلاشتۇرۇش، سەمرىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۆتەل، زىققە، ھەر خىل تېرە جاراھەتلىرى، قەۋزىيەت، بەدەن ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئۆرۈك مېغىزىنى پوستىدىن ئاجرىتىپ، سوقۇپ، خېمىر قىلىپ ياكى قورۇپ جاراھەتلەرگە چاپسا، جاراھەتنىڭ ئېغىز ئېلىشىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. تاتلىق ئۆرۈك مېغىزىنى سوقۇپ، كىچىك بالىنىڭ كىندىكىگە تېڭىپ قويسا، كىندىكى شەلۋەرەپ قېلىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. تاتلىق ئۆرۈك مېغىزى، بادام مېغىزى 10 گرامدىن، شۇمشا ئۆرۈكى بەش گرام، قائىدە بويىچە تالقان تەييارلاپ ئىچسە، بەلغەم بوشىتىپ، يۆتەل پەسەيتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1.5 ~ 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] رۇمبەدىيان.

[ئورۇنباسارى] تاتلىق بادام مېغىزى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىن چىقىدۇ.

## قوي ئۆپكىسى

(羊肺 yang fei)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى]

[ئىنگلىزچە نامى] goat lung

[تونۇش]

ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ھايۋان قوينىڭ ئۆپكىسى بولۇپ، «قوي ئۆپكىسى» نامىدا

دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ھەر 100 گرام قوينىڭ ئۆپكىسىنىڭ تەركىبىدە 76 گرام سۇ، 20.2 گرام ئاقسىل، 2.8 گرام ياغ ۋە فوسفور، كالتسىي، ۋىتامىن $B_2$ قاتارلىقلار بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكىنى كۈچەيتىش، يۆتەل پەسەيتىش، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش، سۈيدۈك قېتىم سانىنى ئازايتىش، زەھەر قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئۆپكە ئاجىزلىقى، يۆتەل، ئۇسسۇزلۇق، سۈيدۈك قېتىمى كۆپىيىش، تاماق ئىسسىدىن زەھەرلىنىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئۆپكىنى خېمىر شىرىسى بىلەن قۇيۇپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا زۇپا بىلەن بىرگە قاينىتىپ پىشۇرۇپ ئۆپكىسىنى يەپ، سۈيىنى ئىچسە، ئۆپكىنى كۈچەيتىپ، يۆتەل توختىدۇ.

2. ئۆپكىنى خېمىر شىرىسى بىلەن قۇيۇپ، قاينىتىپ پىشۇرۇپ، توخۇ شورپىسى بىلەن بىرگە ئىچسە، تاماكا ئىسسىدىن بولغان ئۆپكىنىڭ زەھەرلىنىشىگە مەنپەئەتلىك.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا.

[زىيانلىق تەسىرى] زەھەرسىز.

[ئورۇنباسارى] چىلغوزا، زىغىر.

[چىقىش ئورنى] دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

## مۇرچۇبە

(天冬 tian dong)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Radix Asparagi Cochinchinensis

www.uyghurkitap.com

[ئىنگلىزچە نامى] Cochinchinese Asparagus Root Tuber

[تونۇش]

گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق يامىشىپ ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ۋە ئۆسۈملۈك مۈرچۈپىنىڭ تۈگۈنەك يىلتىزىدىن ئىبارەت (31.10 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] licid asparagus amid، β—stosterol قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] قايىنىتىلمىسى كۆيدۈرگە تاياقچە باكتېرىيىسى، قان ئىبرىتكۈچى زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيە، بوغما تاياقچە باكتېرىيىسى، ئۆپكە ياللۇغى زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيىسى، ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە، سىبلىس تاياقچە باكتېرىيىسى قاتارلىقلارغا نىسبەتەن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكە ـ كانايىنى قۇۋۋەتلەش، قىزىتما پەسەيتىش، يۆتەل توختىتىش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ياشانغانلاردىكى سوزۇلما خاراكتېرلىك كاناي ياللۇغى، ئۆپكە سىلى، بولۇپمۇ يۆتىلىپ بەلغەم چىقىرالمايدىغان كېسەللەرگە ئىشلىتىلىدۇ. يەنە سوزۇلما كېسەللەردىكى تۆۋەن قىزىتما، بەدەن ئاجىزلىقى، جىگەر مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى، مەنىي بالدۇر كېتىش، گال ئاغرىقى، سۈت بېزى ئىششىقى ۋە ئۆسمىسى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ھەلىيۇن يىلتىزى، نىلۇپەر، بىنەپشە 10 گرامدىن، ئاق لەيلى گۈلى سەككىز گرام، قائىدە بويىچە قايناتما تەييارلاپ، بىر كۈندە ئۈچ ۋاخ، 10 ملللىلىتىردىن ئىچىپ بەرسە، قىزىتما قايتۇرىدۇ.

2. ھەلىيۇن يىلتىزى، بادام مېغىزى بەش گرامدىن، ئەنجۈر قېقى ئۈچ دانە، چىلغوزا مېغىزى 10 گرام، شېكەر ئىككى ھەسسە، قائىدە بويىچە لوئوق تەييارلاپ ئىچسە، يۆتەل پەسەيتىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 6~15 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازان ۋە تالغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە.
[ئورۇنباسارى] كەرەپشە يىلتىزى.
[چىقىش ئورنى] تاغ باغرى ۋە ئورمانلىقلاردا ئۆستىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] مۇرچۇپ شەربىتى.

## يىلان ئۆتى

(蛇胆 she dan)

[ئەرەبچە نامى]
[پارسچە نامى]
[ئوردۇچە نامى]
[لاتىنچە نامى] Fel Serpentis
[ئىنگلىزچە نامى] Snake Gallbladder
[تونۇش]

سۇ يىلىنى ئائىلىسىدىكى قارا قۇيرۇق يىلان، زەھەرلىك قارا يىلان ئائىلىسىدىكى چار يىلان قاتارلىق كۆپ خىل يىلانلارنىڭ ئۆتىدىن ئىبارەت (31.11 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] تەركىبىدە ئاز دېگەندە 12 خىلدىن ئارتۇق ئۆت كىسلاتاسى بار، ئاساسلىق تەركىبى tauro cholic acid دىن ئىبارەت.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. يۆتەل پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە.

2. بەلغەم بوشتىش تەسىرىگە ئىگە.

3. نەپەس سىقىلىشنى پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە.

4. تەن سىرتىدا ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىلەرگە قارشى تۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

5. ئۆزلۈكىدىن قوزغىلىدىغان يۈرەك رىتىمسىزلىقىنى روشەن تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

كاناي ـ ئۆپكىنى راۋانلاشتۇرۇش، بەلغەم بوشتىش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، ئىششىق ياندۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۆتەل، نەپەس سىقىلىش، كۆكيۆتەل، بالىلارنىڭ تارتىشىپ قېلىشى، كۆز قىزىرىپ ئاغرىش، كۆز تورلىشىش، تىل ئىششىقى، تېرىگە ئەسۋە چىقىش، تېرە قىچىشىش، بوۋاسىر قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. يىلان ئۆتى يېرىم دانە، پىرسىياۋشان 15 گرام، ئەنجۈر قېقى 5 دانە، زوپا 10 گرام، قائىدە بويىچە قايناتما تەييارلاپ بىر كۈندە ئىككى ۋاخ، 10 مىللىلىتىردىن ئىچسە، بەلغەم بوشىتىدۇ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

2. يىلان ئۆتى بىر دانە، شاھتەررە، بابۇنە، ئىكلىلمەلىك 10 گرامدىن، مەرزەنجۇشتىن سەككىز گرام، قائىدە بويىچە قايناتما تەييارلاپ بەدەننى يۇسا، تېرىدىكى ئەسۋەلەرگە، تېرە قىچىشىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1~0.5 دانە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقجان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت.

[ئورۇنباسارى] قوي ئۆتى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] تەرياقى ئەربەئە.

## ئىلى سوغىگۈلى

(伊贝母 yi bei mu)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Bulbus Fritillariae Pallidiflorae

[ئىنگلىزچە نامى] Ilien Fritillary Bulb

[تونۇش]

بۇ گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئىلى سوغىگۈلى

بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ تەڭگىسىمان غولى «سوغىگۈل» ياكى «ھەششەتۇلھەجەل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (31. 12 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكىنى تازىلاش، ھارارەت پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، يۆتەل توختىتىش، بەلغەم بوشىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۆتەل، زىققە، باللاردىكى كاناي ياللۇغى، ئاشقازان يارىسى، ئۆتكۈر كاناي ياللۇغى، سوزۇلما كاناي ياللۇغى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سوغىگۈلدىن تۆت گرام، نەشپۈتتىن بىر دانىنى ئېلىپ ئوتتۇرىسىنى يېرىپ، ئۇرۇقىنى ئېلىۋېتىپ، سوغىگۈلنى نەشپۈتنىڭ ئىچىگە ئېلىپ قايتا جۈپلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئىنچىكە ياغاچنى ئۆتكۈزۈپ مۇۋاپىق مىقداردا ناۋات ياكى ھەسەل قوشۇپ سۇغا سېلىپ قاينىتىپ، سۈيىنى ئىچىپ، نەشپۈتنى بىر قېتىمدىلا يېسە، باللاردىكى كاناي ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. سوغىگۈل 35 گرام، كۆپۈكى دەريا 105 گرام، چۈچۈكبۇيا 35 گرام. ھەممىسىنى قوشۇپ تالقان قىلىپ، ھەر قېتىمدا تۆت گرامدىن كۈنىگە ئۈچ قېتىم قايناق سۇ بىلەن ئىچسە، ئاشقازان يارىسىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. سوغىگۈل تۆت گرام، ئۆرۈك مېغىزى 20 گرام، ھىندى ئوسمىسىدىن 12 گرام ئېلىپ، ھەممىسىنى قوشۇپ تالقان قىلىپ، ھەر قېتىمدا سەككىز گرامدىن ئاق شېكەر سۈيى بىلەن ئىچسە، ئۆتكۈر كاناي ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. سوغىگۈل سەككىز گرام، پوستى ئېلىنمىغان ئاچچىق ئۈزۈم مېغىزىدىن 16 گرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ تالقان قىلىپ، مۇۋاپىق مىقداردا ھەسەل قوشۇپ 12 گرام ئەتراپىدا ئىككى دانە كۆمىلاچ ياساپ ئىچسە، سوزۇلما كاناي ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 6 ~ 12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇقجان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] زىرە.

www.uyghurkitap.com

[ئۇرۇنباسارى] نىلۇپەر.

[چىقىش ئورنى] ئىلى ۋادىسىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سوغىگۈل قايناتمىسى.

[قوشۇمچە] پەرغانە سوغىگۈلى، چۆل سوغىگۈلى، ئايلانما يوپۇرماقلىق سوغىگۈل قاتارلىق تۈرلىرى بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى سوغىگۈل نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

## چامغۇر

**芜菁（蔓菁）wu jing（man jing）**

[ئەرەبچە نامى] شلغم

[پارسچە نامى] شلغم

[ئوردۇچە نامى] شلغم

[لاتىنچە نامى] Padix Brassicae Papae

[ئىنگلىزچە نامى] Turnip

[تونۇش]

بۇ كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك چامغۇر بولۇپ، يىلتىزى گۆشلۈك، شار شەكىللىك، ياپىلاق، تەمى تاتلىق، پۇراقسىز، رەڭگى ئاق بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى، ئۇرۇقى «چامغۇر ئۇرۇقى»، چېچىكى «چامغۇر چېچىكى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (13.31 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] يىلتىزىنىڭ تەركىبىدە گلۇكوزا (Giucosa)، كراخمال، مېۋە شېكىرى، خولىن، مىنېرال ماددىلار، ئاقسىل، ماي، ۋىتامىن A قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] چامغۇر بېشىدىن ئېلىنغان ماددا ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسىنىڭ ئۆسۈشىنى تورمۇزلايدۇ، لېكىن ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىگە نىسبەتەن تەسىرى يوق.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش، يۆتەل توختىتىش، بەلغەم بوشىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىشتىـ

ھانى ئېچىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، مەنىينى كۆپەيتىش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش. بولۇپمۇ بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى سۈيدۈك ھەيدەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ ۋە بەلغەم بوشىتىدۇ.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قەۋزىيەت، يۆتەل، بەدەن ئاجىزلىق، كۆز ئاجىزلىقى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ئىشتىھاسىزلىق، بوغۇم ئاغرىقى، بۆرەك ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

قاينىتىلغان سۈيى بىلەن سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلار سىرتتىن يۇيۇلىدۇ. چامغۇرنىڭ ئۆزىنى ياكى چامغۇرنى گۆش بىلەن پىشۇرۇپ يېسە، قۇۋۋەت بېرىدۇ، چامغۇردىن سەي تەييارلاپ يېيىشكە بولىدۇ، قاينىتىپ سۈيىنى ئىچسە، بوغۇم ئاغرىقلىرىنى، قىچىشقاقنى پەسەيتىدۇ، چامغۇر چېچىكىدىن گۈلقەنت تەييارلاپ بېرىلسە، يۆتەل توختىتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، كۆزنى رەۋشەن قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] تەستە ھەزىم بولىدۇ، قورساقنى كۆپتۈرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قارىمۇچ.

[ئورۇنباسارى] قىزىلچا، سەۋزە.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] چامغۇر مۇراببىاسى.

## نىشاستە

(淀粉 dian fen)

[ئەرەبچە نامى] نشاء لباب البر

[پارسچە نامى] نشاے گندم

[ئوردۇچە نامى] نشاستہ

[لاتىنچە نامى] Starch

[ئىنگلىزچە نامى] Amylum

[تونۇش]

بۇ باشاقلىق ئۆسۈملۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك بۇغداي چىلانمىسىنىڭ تېگىگە

ئۆلتۈرۈپ قاتقان دۆغىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن «نىشاستە» ياكى «كراخمال» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ياپىلاق، ئۆلچەمسىز ۋە ھەر خىل چوڭلۇقتىكى پارچىلار بولۇپ، رەڭگى ئاق، تەمسىز كېلىدۇ، يېڭى ئىشلەنگىنى، ئاق رەڭلىك بولۇپ، بۇزۇلۇپ قالمىغىنى ياخشى ھېسابلىنىدۇ (14.31 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئىششىق قايتۇرۇش، ئۆپكە، كاناي ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، قان كۆپەيتىش، بەلغەم بوشىتىش، قان توختىتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، داغنى يوقىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەر خىل جاراھەتلەردىكى قاناش، ئىچى سۈرۈش، ئۆپكە تۇبېركۇليوزى، قۇرۇق يۆتەل، قان تۈكۈرۈش، قارا داغ قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. نىشاستىنى سۇغا چىلاپ ھالۋىدەك قىلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى بادام مېغىزىنى قوشۇپ ئىچسە، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. نىشاستىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قايىنىتىپ، ناۋات ياكى بادام يېغى قوشۇپ ئىچسە، ئەزالاردىن كېلىدىغان قاننى توختىتىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ، بۇۋاسىر قاناش ۋە ئىچ ئۆتكۈنى توختىتىدۇ.

3. مۇۋاپىق مىقداردىكى نىشاستىنى قورۇپ ماش بىلەن بىرگە قوشۇپ يېسە، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] تەستە ھەزىم بولىدۇ، كۆپ ئىشلەتسە مەنىينى كېمەيتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قەلەمپۇر، كەرەپشە.

[ئورۇنباسارى] تۈگمەن تۈزى، يۇيۇلغان گۈرۈچ.

[چىقىش ئورنى] ئۇيغۇر تېۋىپلىرى تەييارلايدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۈپۈپى سۇئال.



www.uyghurkitap.com

# لوبان

## (安息香 an xi xiang)

[ئەرەبچە نامى] عصى لوبان

[پارسچە نامى] حن لبە

[ئوردۇچە نامى] لوبان

[لاتىنچە نامى] benzoinum

[ئىنگلىزچە نامى] chinese benzoin

[تونۇش]

بۇ، ستىراكس ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك لوبان دەرىخى (Dryand Styrax benzoin) دىن ئېقىپ چىققان خوش پۇراقلىق رېزىنىسى يېلىم بولۇپ، «لوبان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. جۇڭگو لوبانى رەتسىز، ئۆلچەمسىز، بولغان ئۇششاق مۇنەكلەردىن ئىبارەت بولۇپ، سەل ياپىلاق كېلىدۇ، سىرتقى يۈزى ئوچۇق سېرىق بولۇپ، مومدەك پارقىرايدۇ، ئۆزى چۈرۈك، ئاسان ئېزىلىدۇ، ئۇۋۇلىش يۈزى ئاق، تەكشى، بىر مەزگىل قويۇپ قويۇلسا، تەدرىجىي سۇس ساغۇچ خورمارەڭگە، سارغۇچ بېغىررەڭگە ۋە قىزىل بېغىررەڭگە ئۆزگىرىپ قالىدۇ، قىزىتىلسا، تولۇق يۇمشاپ ئېرىيدۇ، تەمى ئاچچىق، خۇش پۇراق، چاينىسا قۇم دانىچىلىرىدەك سېزىم بېرىدۇ (31 . 15 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] سۇماتىرانىڭ لۇبانى تەركىبىدە تەخمىنەن 90% دەرەخ مېيى بار، ئەماسلىق تەركىبى ئاتسىدۇم سۇمارىز سۇلىكوم (Sumaresinolic acid) ، كونىفېرىل سىنىنامات (Conifsrl cinnamate) ، لوبانىل تىنىسىنامات (C innnama telubanyl) ، بىنزو- ئات تىسىنىنامات (Cinnamy benyoate) ، ستىرىن (Styrene) ، ئاتسىدۇم، بىنزوئىكوم، بىنزالدېھىدى، ئاتسىدوم تىنىنامىكۇم (Cinnamic acid) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. دەرەخ مېيىدا تۇتقان ئاستىدوم بىنزوئىكومنىڭ مىقدارى 20%～10 كىچە، ئومۇمىي ئاتسىدوم، تېنىنا مىكرومىك 30%～10 گىچە يېتىدۇ.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] لوبان تىنكورىسى غىدىقلىغۇچى خۇسۇسىيەتلىك، بەلغەم بوشاتقۇچىدۇر. بۇنىڭ پارلاندۇرۇلغان گازى نەپەس يولى شىللىق پەردىنى بىۋاستە غىدىق-

www.uyghurkitap.com

لاپ، ئاجرىتىپ چىقىرىشنى كۆپەيتىدۇ، شۇڭا كانايچىنى بىۋاستە غىدىقلاپ، ئاجرىتىپ چىقىرىشنى كۆپەيتىدۇ، شۇڭا كانايچە ياللۇغى كېسەللىكىگە ئىشلىتىلسە بەلغەمنىڭ چىقىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، يەنە يەرلىك ئورۇنغا چىرىشكە قارشى تۇرغۇچى دورا قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. پارلاندۇرۇلغان گازنىڭ قويۇقلۇقى بەك يۇقىرى بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك، توشقاننىڭ بۇرۇن، قۇلاق، كاناي قاتارلىق ئەزالىرىنى غىدىقلايدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكە، كانايىنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، باھنى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

زۇكام، يۆتەل، كاناي شاخچىلىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى، بۆرەكتە تاش پەيدا بولۇش، بۆرەك جامى ئىششىقى، سۈيدۈكتىن يىرىڭ كېلىش، باھ ئاجىزلىقى، ھەر خىل قاناشلىق كېسەللىكلەر ۋە يامان سۈپەتلىك جاراھەتلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. خۇنسىياۋشان، ئاقاقىيا، ئەنجبار، ئانارگۈلى، ئانار پوستى قاتارلىقلاردىن 10 گرامدىن، لوبان يەتتە گرام، قائىدە بويىچە سوقۇپ تالقان قىلىپ جاراھەتكە سەپسە، قان توختىتىدۇ، جاراھەت پۈتتۈرىدۇ.

2. لوبان يەتتە گرام، زىغىر، بادام، سەرپىستان، ئۇستقۇددۇس قاتارلىقلاردىن 10 گرامدىن ئېلىپ، سۈپۈپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، نەپەس قىيىنلىشىش ھەم يۆتەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. تەرخەمەك ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، بابۇنە، ئىتئۈزۈمى، ئوغرىتىكەندىن 10 گرامدىن ئېلىپ، قايناتما تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، بۆرەك كېسەللىكى ھەم سۈيدۈكتىن يىرىك كېلىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5~7 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقچان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] گۈل بىنەپشە، نىلۇپەر.

[ئورۇنباسارى] ئەنسىل

[چىقىش ئورنى] ئىلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، يۈننەن ئۆلكىلىرىدىن ھەمدە ھىندونوزىيە، تايلاند، ۋيېتنام قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇپۇپى جاراھەت.

## رۇبىي سۇس

(甘草膏 gan cao gao)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Extractum Glycurrhizae

[ئىنگلىزچە نامى] Extract of liquirtae

[تونۇش]

بۇ چۈچۈكبۇينىڭ يىلتىزسىمان غولى ۋە يىلتىزىنى توغراپ، سۇ قۇيۇپ قاينىتىپ، قۇرۇتۇپ تەييارلانغان قوڭۇر رەڭلىك قىيام بولۇپ، «چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قىيامى» ياكى «رۇبىي سۇس» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. قۇرۇتۇلغان قىيامنىڭ پۇرىقى سۇس، رەڭگى قارامتۇل قوڭۇر رەڭدە (31. 16 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] چۈچۈكبۇينىڭ يىلتىزى ۋە غولىنىڭ تەركىبىدە چۈچۈكبۇيا تاتلىق ماددىسى (جەۋھىرى) بار. يەنە چۈچۈكبۇيىدىن كۆپ خىل فلاۋون تەركىبى ئايرىپ ئېلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە چۈچۈكبۇيا جەۋھىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكە، كانايىنى قۇۋۋەتلەش، قىزىتىش، ئىششىق تارقىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، خۇن كەلتۇرۇش، چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى راۋان قىلىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

زۇكام، سوغۇقتىن بولغان يۆتەل، ئۆپكە ياللۇغى، ئۆپكە سىلى، زىققە، سۈيدۈك

كۆيۈشۈپ كېلىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كەترا، ئەرەب يېلىمى، نىشاستە، بادام مېغىزى، قاپاق مېغىزى 15 گرامدىن، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قىيامىدىن 10 گرام قائىدە بويىچە، سۇپۇپ تەييارلاپ ئىچسە، قۇرۇق يۆتەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. كەترا، ئەرەب يېلىمى 15 گرامدىن، نىشاستە، ئەنجىبار، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قىيامى ھەر بىرىنى 10 گرامدىن. قائىدە بويىچە سۇپۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ئۆپكە سىلىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. كاكىنەچ، خۇنسىياۋشان، كەترا، ئەرەب يېلىمى، كۇندۇر، نىشاستە، كەرەپشە ئۇرۇقى، ئەفتىمۇن، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قىيامى، بادام مېغىزى 10 گرامدىن. قائىدە بويىچە سۇپۇپ ياكى ھەب تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، سۆزنەك، سۈيدۈك يولىدىكى ئىششىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ～ 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەترا، قىزىلگۈل.

[ئورۇنباسارى] چۈچۈكبۇيا يىلتىزى.

[چىقىش ئورنى] خېيلۇڭجياڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن چىقىدۇ.

## راتىيانەج

(松香 song xiang)

[ئەرەبچە نامى] راتيانج

[پارسچە نامى] راتيانج

[ئوردۇچە نامى] رال

[لاتىنچە نامى] Colophonium

[ئىنگلىزچە نامى] Colophony

[تونۇش]

بۇ سەنۇبەر (قارىغاي) ئائىلىسىدىكى دەرەخ كۆپ خىل قارىغاينىڭ يېلىمى بولۇپ، قارىغاينىڭ تېنىنى تىلىپ قويغان يەردىن ئېقىپ چىقىدۇ. بۇ ئېقىپ چىققان يېلىمى «راتيا-

نەج» ، «سىقىچ» ، «سېغىز» قاتارلىقناملاردا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكە ـ كانايىنى راۋانلاشتۇرۇش، يۆتەل توختىتىش، مېڭىدىكى ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، جاراھەتلەرنى پۈتتۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۆتەل، ھەر خىل يارا، قىچىشقاق، پۈت يېرىلىش، بوۋاسىر قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. راتىيانەجدىن ئىككى گرامنى ئىلىتىلغان تۇخۇمنىڭ سېرىقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ بەرسە، يۆتەل ۋە ئۆپكە كېسەللىرىگە پايدا قىلىدۇ.

2. راتىيانەجنى ئېزىپ چاپسا، جاراھەتلەرنى پۈتتۈرىدۇ. قىچىشقاق ۋە قوتۇرلارنى يوقىتىپ، تېرىنى يۇمشىتىدۇ.

3. قىزىل زەرنىخ، توشقان مايىتى، ئۆچكىنىڭ يېغى قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن يېرىم ھەسسە ئېلىپ، راتىيانەجنى بىر ھەسسە ھەسەل بىلەن ئوتتا ئېرىتىپ، ئىككى گرام مىقداردا توقىچاق تەييارلاپ، زۆرۈر كەلگەندە بىر دانە توقىچاقنى يۇمشاق ئوتتا كۆيدۈرۈپ، دۇت سېلىپ، تۈتۈننى نەيچە بىلەن تارتسا، يۆتەل ۋە ئۆپكە يارىسى ئۈچۈن ئوبدان پايدا قىلىدۇ.

4. راتىيانەجدىن بىرەر توقىچاقنى ئوتتا ئېرىتىپ، ئۇنىڭغا باراۋەر مىقداردا زىغىر، يېرىم مىقداردا سەدەپ سېلىپ ئوتتىن ئېلىپ يېڭى جاراھەتلەرگە چاپسا، جاراھەتلەرنى پۈتتۈرۈپ، گۆش ئۈندۈرىدۇ، كونا جاراھەتلەرنى تازىلايدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 2 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] يەرلىك ئورۇننى ئېچىشتۇرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت، قايماق، تۇخۇم ئېقى.

[ئورۇنباسارى] ئەنزىرۇت.

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ لياۋنىڭ، جىلىن، خېبېي، شەندۇڭ، سەنشى،

گەنسۇ، ئىچكى موڭغۇل، نىڭشا، چىڭخەي، خېنەن، ئەنخۇي، جياڭسۇ، جېجياڭ، فۇجيەن، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، سىچۇەن، يۈننەن، گۈيجۇ قاتارلىق جايلىرىدىن شۇنداقلا ياپونىيە، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىنمۇ چىقىدۇ.

## قۇندۇزئوت

(花忍 hua ren)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Radix et rhizoma Polemonii coerulei

[ئىنگلىزچە نامى] Common Polemonium Root and Rhizome

[تونۇش]

بۇ قۇندۇزئوت ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 50—120 سانتىمېتىرغىچە ئۆسىدىغان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك قۇندۇزئوت بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى ۋە يىلتىز-سىمان غولى «قۇندۇزئوت» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يىلتىزسىمان غولى قىيپاش ئۆس-كەن، چاچما يىلتىزى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، غولى تىك ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن، گۈل رېتى چەكلىك، كونۇكسىمان، رەڭگى سۇس كۆك، مېۋىسى غوزا مېۋە، شەكلى سوقىچاق، ئۇرۇقى ياپىلاق، تۇخۇمسىمان بولۇپ، رەڭگى قارامتۇل بولىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە هۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكە ـ كانايىنى راۋانلاشتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، قان توختى-تىش، تىنچلاندۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئاشقازان 12 بارماق ئۈچەي يارىسى، بالىياتقۇ بويىنى يارىسى، يۆتەل، تۇتقاقلىق كېسەل، ئۇيقۇسىزلىق، هەيز كۆپ كېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قۇندۇز ئوت، سەرپىستان 6 گرامدىن، بادام مېغىزىنى 10 گرام ئېلىپ، قاينىتىلما

تەييارلاپ ئىچىشكە بېرىلسە، بەلغەم بوشىتىدۇ.

2 ، ئەنجبار بەش گرام، كەھرىۋا، ئاقاقىيا، قۇندۇزئوتلارنى بەش گرامدىن ئېلىپ، قايناتما تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ھەيزنى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازاننى سوۋۇتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە، بەديان.

[ئورۇنباسارى] ئەڭلىكئوت.

[چىقىش ئورنى] ئىچكى موڭغۇل، خېبېي، لوڭجياڭ قاتارلىق ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى ئەنجبار.

## قوڭغۇراقگۈل يىلتىزى

(桔梗 jie geng)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Radix Platycodi

[ئىنگلىزچە نامى] BalloonFlower Root .

[تونۇش]

بۇ قوڭغۇراقگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك قوڭغۇراقگۈلنىڭ يىلتىزىدىن ئىبارەت. كۈز پەسلىدە كولاپ ئېلىپ، پاكىز يۇيۇپ، ساپال پارچىسى بىلەن سىرتقى پوستىنى قىرىپ تاشلاپ، نېپىز يالپاقلاپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ، تەمى قېرىقراق، ئاچچىق، زەھەرسىز (31 . 19 ـ رەسىم) .

[خىمىيىلىك تەركىبى] پلاتىكودىگېنىن (Platycodigenin) ، سترول، پولىگالاسىك كىسلاتاسى (Polygalacic acid) ، قەنتلەر ۋە ھەرخىل ئاقسىللاردىن تەركىب تاپقان.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] يالئۇغ قايتۇرۇش، يۆتەل توختىتىش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكە ـ كانايىنى تازىلاش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل توختىتىش، يالئۇغ قايتۇرۇش،

www.uyghurkitap.com

ئىششىق ياندۇرۇش، يىرىڭ تازىلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئۆتكۈر ۋە سوزۇلما خاراكتېرلىك كاناي ياللۇغى، ئۆپكە ياللۇغى، يۆتەل، زىققە، گال ۋە تامغاقنىڭ سوزۇلما ياللۇغى، بادامسىمان بەز ياللۇغى، ئۆپكە يىرىڭلىق ئىششىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قوڭغۇراقگۈل 8 گرام، مەرزەنجۇش 12 گرام، ئۆرۈك مېغىزى 8 گرام، كەرمان 6 گرامدىن، قائىدە بويىچە قايнىتىپ ئىچىپ بەرسە، ئۆتكۈر سوزۇلما خاراكتېرلىك كاناي ياللۇغىغا شىپا بولىدۇ.

2. قوڭغۇراقگۈل، گۈلسامساق، زىسۇ يوپۇرمىقى، ئەينۇلا قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 20 گرام ئېلىپ ئىككى قېتىم قايнىتىپ، سۈزۈۋېتىپ 10 كىلوگرام قالغاندا ئۇنىڭغا بىر كىلوگرام قارا شېكەر سېلىپ، ھەر قېتىمدا 15 ~ 20 مىللىلىتېرغىچە كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىچسە، سوزۇلما كاناي ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. قوڭغۇراقگۈل سەككىز گرام، چۈچۈكبۇيا سەككىز گرام، قېرىقىز ئۇرۇقى 12 گرام، ئۇسما يىلتىزى 12 گرام، يەر تۇزغىقىدىن 8 گرام ئېلىپ، سۇدا قايнىتىپ ئىچىپ بەرسە، گال ۋە تامغاقنىڭ سوزۇلما ياللۇغى ۋە بادامسىمان بەز ياللۇغىغا شىپا بولىدۇ.

4. قوڭغۇراقگۈل 12 گرام، قوچاقتول تۆت گرام، شاپتۇل مېغىزى 12 گرام، كۆك كاۋا ئۇرۇقى 12 گرام، سوغىگۈل سەككىز گرام، ئۈچقات پىلىكى ياكى گۈلى 20 گرام، تەسۋىقوناق مېغىزى 12 گرام، چۈچۈكبۇيىدىن تۆت گرام ئېلىپ، سۇدا قايнىتىپ ئىچىپ بەرسە، ئۆپكە يىرىڭلىق ئىششىقىغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازاننى سوۋۇتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە، دارچىن.

[ئورۇنباسارى] سوغىگۈل.

[چىقىش ئورنى] كونا توپا ۋە قۇملۇقلاردا ئۆسىدۇ، كۆپەيتىلىدۇ، شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدىن كۆپرەك چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] قوڭغۇراقگۈل شەربىتى.

# ئەرۋسە ياپرىقى
## (大驳骨 da bo gu)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Herba Gebdarussae Ventricosae

[ئىنگلىزچە نامى] Ventricose Gendarussa Herb

[تونۇش]

بۇ ئاكاتسىيە ئائىلىسىدىكى چاتقال ئۆسۈملۈك ئۆردەكتۇمشۇق گۈلىنىڭ يوپۇرمىقىدىن ئىبارەت. يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكىللىك بولۇپ، پۈتۈن گىرۋەكلىك ۋە نېپىز كېلىدۇ. ئىككى يۈزى ئازراق تۈكلۈك ۋە تەمى ئاچچىق كېلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى تەركىبىدە، ۋاستىسىنول (Vasicnol)، يوپۇرمىقى ۋە گۈلى ۋاستىسىن (Vasicine) ۋە ۋاستىسىنول (vasicrnone) لار بار. يوپۇرمىقى تەركىبىدە، يەنە ۋاساكىن (Vasakin)، كاروتىن، ۋىتامىن C قاتارلىقلار بار. ئۆسۈملۈكتە يەنە ۋازىكولىن (Vasicoline) ۋە ئادخاتودىن (Adhatodine)، ۋازىكولىنون (Vasicolinone) ۋە ئانىسوتىن (Anisotine) ناملىق تۆت خىل ئالكالوئىد بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] خېلى بۇرۇنلا مەلۇم بولۇشىچە، ۋاستىسىن ناملىق جەۋھەر يەڭگىل دەرىجىدىكى ۋە ئۇزاققا سوزۇلغان كانايچىلارنى كېڭەيتىش پەيدا قىلىدۇ دەپ قارالغان. زىققىغا ئىشلىتىلگەندىن كېيىن ئىسپاتلىنىشىچە، ۋازىتسىننىڭ كانايچىلارنى قىسقارتىش تەسىرى بارلىقى ئېنىقلاندى. شۇنداقلا يەنە يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ قىسقىرىش ئىقتىدارىنى ئاجىزلىتىپ، تاجىسمان ئارتېرىيىدىن قان ئۆتۈش مىقدارىنى كېمەيتىدۇ. ئوكسىدلانغاندىن كېيىنكى ۋازىتسىنون كانايچىلارنى كېڭەيتىدۇ.

بولۇپمۇ ھىستامىن كەلتۈرۈپ چىقارغان كانايچىلار قىسقىرىشقا نىسبەتەن خېلى روشەن سپازما بوشىتىش تەسىرىگە ئىگە. يوپۇرمىقى، گۈلى، يىلتىزىدىن ئايرىپ ئېلىنغان ماي قىسمىنىڭ سىل تاياقچە باكتېرىيىسىگە قارشى رولى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكە ـ كانايىنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، سپازما بوشىتىش، جاراسىملارنى

www.uyghurkitap.com

يوقىتىش، قان توختىتىش، قىزىتما قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەر خىل ئۆپكە كېسەللىكلىرى، زىققە، سىل، يۆتەل، كاناي شاخچىلىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى، بۇرۇن قاناش، قان تۈكۈرۈش، يۇقىرى قىزىتما قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ھۆل ھالەتتىكى ئەروسە ياپرىقىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، شىرنىسىنى، چىقىرىپ ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ بەرسە، بۇرۇن قاناش ۋە قان تۈكۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ.

2. ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، روببىسۇس، نەمەك ھىندى، ئەروسە ياپرىقى قاتارلىقلاردىن 10 گرامدىن ئېلىپ، ھەسەل بىلەن ھەب ياكى كۆملاچ تەييارلاپ بىر كۈندە بىر ۋاخ بىر داندىن يەپ بەرسە، سىل ۋە زىققە كېسەللىكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئەرۇسە ياپرىقى ياكى ئۇنىڭ گۈلىدىن گۈلقەنت تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا، كونا يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 10 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ھامىلىدار ئاياللارغا بېرىلمەيدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، قارىمۇچ.

[ئورۇنباسارى] چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، ئەرەب يېلىمى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى قاتارلىق يەرلىرىدىن ھەم پاكىستان-نىڭ پەنجاپ، ھەزار قاتارلىق يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى ئەرۇسە.

## شۇمشا ئۇرۇقى

(胡芦巴 hu lu ba)

[ئەرەبچە نامى] بزرالحلبه

[پارسچە نامى] تخم شملیت

[ئوردۇچە نامى] میتھی کی بیج

[لاتىنچە نامى] Semen Trigonellae

[ئىنگلىزچە نامى] Common Fenugreek Seed

[تونۇش]

بۇ پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ھۆلبەنىڭ پىشقان

قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقى بولۇپ، بۇ ئۈسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقى «تۇخۇمى ھۆلبە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. شەكلى سەل ياپىلاق بولۇپ، سىرتقى يۈزى سۇس سېرىق رەڭلىك ياكى سۇس ساغۇچ بىغىررەڭلىك، ئۈزى قاتتىق، ئاسان ئېزىلمەيدۇ، تەمى ئاچچىقراق، خۇش پۇراقلىق كېلىدۇ، دانىسى چوڭ، تولۇق يېتىلگەن، قاتتىق بولغانلىرى ياخشىدۇر (31. 21 ـ رەسىم).

[خىمىيلىك تەركىبى] ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە 0.7 ~ 0.13% تروگونېللىن (Trugonelline)، 0.05% گېنتىيانىن (Gentianine)، كارپائىن (Carpaine) قاتارلىق ئالكالوئىدلار، ئۇرۇقى سۇس قوڭۇر رەڭگە كىرگىچە قاقلاپ قورىتۇلسا، تەخمىنەن ئۈچتىن ئىككى مىقداردىكى شۇمشا ئالكالوئىدى ئاتسىدوم نىكوتىنكوم (Acidnicotinic) گە ئايلىنىدۇ. يەنە گلۇكوزىدلارمۇ بار. ئۇرۇقى ئادەتتە 16.97% ئومۇمىي ئاقسىل، 11.98% يېرىم تالالىق ماددا، ئازراق ماي، 10% سۇ ماددىسى، 6.4% تالا، كۈل ماددىسى ئومۇمىي قەنت قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. مايلىق ياغ تەركىبىدە 92% قاتتىق ماي كىسلاتاسى، 1.5% ئۇچۇچان خۇسۇسىيەتلىك ماي كىسلاتا، 0.9% ئىئونلاشمايدىغان تەركىب بولىدۇ. يەنە 320 مىكروگرام ۋىتامىن $B_1$ بار. يوپۇرمىقىدا تەخمىنەن 43 مىللىگرام ۋىتامىن C بار. پۈتۈن چۆپىدە كالتسىي، تۆمۈر، كاروتىن قاتارلىقلارنى تۇتىدۇ.

[فارماكولوگىيلىك تەسىرى] شۇمشا ئالكالوئىدى نېرۋا مۇسكۇلى ئەۋرىشكىسىدە نېرۋىنىڭ ۋاقىتلىق قىممىتىنى تۆۋەنلىتىدۇ، مۇسكۇللىرىنىڭ مەزگىللىك قىممىتىگە نىسبەتەن ئاۋۋال تۆۋەنلىتىدۇ، كېيىن ئاشۇرىدۇ، لېكىن ئادەتتە ئالاھىدە بىر فارماكولوگىيلىك تەسىرى يوق، ئۇرۇقىنىڭ يېغىدا سۈت ماڭدۇرۇش تەركىبى بولۇپ، بۇ تەركىب ئازوت، سۇلفات، يود قاتارلىقلارنى تۇتمايدۇ ھەم غىدىقلاش تەسىرى يوق. مېيى ئېلىۋېلىنغان ئۇرۇقىدا 50% ئاسان ھەزىم بولمايدىغان يېپىشقاق يېلىم بولۇپ، بۇ بەزىدە ئىچنى سۈرىدۇ، ئۇرۇقى يەنە ئۈچەي يىپچە قۇرتىنى ئۆلتۈرۈشتە ئاجىزراق تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكە ـ كانايىنى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق قايتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىشتىھانى ئېچىش، بۇزۇق ماددىلارنى تارقىتىش، بۆرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

گال ۋە كۆكرەكنىڭ يېرىكلىكى، قۇرۇق يۆتەل، بەلغەم چىقىرالماسلىق، ئىچى سۇ-رۇش، تولغاق، سۈيدۈك تېمىپ كېلىش، ھەيز تۇتۇلۇش، باھ ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، ئاشقازان ئاجىزلىقى، بەل ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. شۇمشا ئۇرۇقى، ئاقىرقەرھا 10 گرامدىن، تۇخۇم سېرىقى 3 دانە، پىلپىل يىلتىزىدىن 10 گرام ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، بۆرەك، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. تەمرى ھىندى ياكى ئۈزۈم 15 گرام، ئەنجۈر، رۇم بەديان، شۇمشا ئۇرۇقى 10 گرامدىن ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، ئاۋازنىڭ بوغۇقلۇقىغا، كۆكرەكنىڭ جاراھەتلىرىگە مەنپە-ئەت قىلىدۇ.

3. زۇپا 10 گرام، زىغىر 7 گرام، سەرپىستان 10 گرام، بادام مېغىزى 15 گرام، بىخ سەۋسەن 10 گرام، شۇمشا ئۇرۇقىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ، سۇيۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، بەلغەم بوشىتىپ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

4. ئۇردان، سويا ئۇرۇقى، شۇمشا ئۇرۇقى، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، ئوبھەل، خىيار-شەنبەر قاتارلىقلاردىن 10 گرامدىن ئېلىپ، قايناتما تەييارلاپ ئىچسە، سۈيدۈك، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پالەك.

[ئورۇنباسارى] چامغۇر ئۇرۇقى، زىغىر.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەلھەمى داخلىيۇن.

## شېكەرتىغال

(大蓟虫瘿 da ji chong ying)

[ئەرەبچە نامى] قندتيغال

[پارسچە نامى] شكرتيغال

[ئوردۇچە نامى] شكرتيغال

[لاتىنچە نامى] Galla Gireii

[ئىنگلىزچە نامى] Cirsum Japanicum

[تونۇش]

بۇ مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك چوڭ خوخا يوپۇرمىقىنىڭ ئۇستىدىكى قۇرت قاپارتقۇسى بولۇپ، بۇ چوڭ تۇمشۇقلۇق قۇرتنىڭ پارازىتلارچە ياشىشى ئارقىسىدا ھاسىل بولىدۇ، مۇشۇ ھاسىلات «شېكەر تىغان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ رەڭگى ئاق، تەمى سەل تاتلىق، پۇراقسىز، چايناپسا سەل چاپلىشىدۇ، يەڭگىل، چۇرۇك، قول بىلەن تۇتۇپ قىسسا ئېزىلىدۇ (31.22 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] يوپۇرمىقىنىڭ تەركىبىدە 21% پېكتولىنارىن (Pectolinarin)، پېكتىنارىگېنىن (Pectinarigenin)، بىئو ئىشقارلىق ماددىلار ۋە ئۇچۇچان مايلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] مېڭە ياللۇغى، شارچە باكتېرىيىسى، خولېرا تاياقچە باكتېرىيىسى قاتارلىق مىكروبلارنى تورمۇزلايدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكە ـ كانايىنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل توختىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، سىلىتلاشتۇرۇش، بۇزۇق ماددىلارنى تازىلاش، يۇمشىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

گال يىرىڭلىكى، ئۆپكە ياللۇغى، قۇرۇق يۆتەل، ئاشقازانغا قۇرۇقلۇق يېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بادام مېغىزى، چىلغوزا مېغىزى، شېكەرتىغالدىن 10 گرامدىن ئېلىپ سۇيۇپ قىلىپ، ئىچسە كۆكرەكنى يۇمشىتىدۇ.

2. شېكەرتىغال 5 گرام، بادام يېغى مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇپ مەقئەت ئەتراپىغا چاپسا، مەقئەت چىڭقىلىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. قۇندۇز ئوت 6 گرام، سەرپىستان 6 گرام، بادام مېغىزى 10 گرام، شېكەرتىغال 5 گرام، قائىدە بويىچە قايىنىتىپ ئىچسە بەلغەم بوشىتىدۇ.

4. پىرسىياۋشان 9 گرام، زۇپا 7 گرام، ئەنسىل 10 گرام، شېكەرتىغال 5 گرام، قايناتما ياكى كاشكاپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، ئۆپكە ياللۇغى ۋە يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5~12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئەزالارنى بوشاشتۇرۇپ قويىدۇ.

[تۇزەتكۈچىسى] لاچىندانە.

[ئورۇنباسارى] ئاق ناۋات، شېكەر، تەرەنجىبىن.

[چىقىش ئورنى] جەنۇبىي شىنجاڭدىن چىقىدۇ.

[يىشىق دورا ياسالمىسى] سۇپۇپى شېكەرتىغال.

## تاغ پىيىزى

(野葱 ye cong)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Herba Allium pratti

[ئىنگلىزچە نامى] Pranttonion Herb

[تونۇش]

بۇ گۇلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ياۋا پىيازنىڭ قىزىرۇتۇلغان پۈتۈن چۆپىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ زەھەرلىك چۆپ قاتارىدا تۇرىدۇ، خېلى كۆپ قەدىمى كىتابلاردا «ئەنسىل»، «بەسىلىلفار» يەنى «چاشقان ئۆلتۈرىدىغان پىياز» ياكى «چۆل پىيىزى» دەپ ئاتالغان (23.31 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكە ـ كانايىنى تازىلاش، بەلغەم بوشىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، قاننى جانلاندۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم، سەۋدا خىلىتلىرىنى تازىلاش، ئىششىق تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

دەم سىقىش (زىققە)، ئەسەب ۋە بوغۇم ئاغرىقلىرى، پالەچ، ئولتۇرغۇچ نېرۋىلار ئاغرىقى (ئىرقۇننىسا)، نەپەس سىقىلىش، تال ئىششىقى، سۈيدۈك ۋە ھەيز توسۇلۇش، بالىياتقۇ ئىششىقى، گال ئاغرىقى، دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، تېرە سويۇلۇپ چۈشۈش، ھەر

خىل سىرتقى يارىلار قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تاغ پىيىزى تۆت گرام، راتىيانەچ يەتتە گرام، قائىدە بويىچە سوقۇپ، زەيتۇن يېغىدا مەلھەم تەييارلاپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، سۆگەل چۈشۈرىدۇ. چاچ چۈشكەن يەرگە چاپسا چاچ ئۈندۈرىدۇ.

2. پىرسىياۋشان توققۇز گرام، زۇپا يەتتە گرام، تاغ پىيىزى بەش گرام، قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچسە، ئۆپكە ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. تاغ پىيىزى ئۈچ گرام، غارىقۇن يەتتە گرام، زۇپا 10 گرام، قاينىتىپ ئىچسە، نەپەس يوللىرىنى تازىلايدۇ.

ياۋا پىيازنى لايىقلاشتۇرۇش ئۇسۇلى: ياۋا پىيازنى يەردىن كولاپ ئالغاندا ئۈنىڭ ئوتتۇ-رىسىدىكى سېپىنى ۋە كۆكىنى تولغاپ ئۈزۈپ، تاشلاپ، ئوتتا قىزدۇرۇپ، خىمىرنىڭ ئىچىگە ئوراپ قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرۇپ، پوستىنى سويۇپ، بىر تال ياغاچ پىچاق بىلەن ئىككىگە بۆلۈپ، بىر - بىرىگە تېگىپ قالمىغۇدەك قىلىپ پاختا يىپقا ئۆتكۈزۈپ، سايىدا قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ～ 6 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كاپۇر، ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] زۇپا، ياۋا سامساق.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە شىزاڭ رايونلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] لوئوقى ئەنسىل، شەربىتى ئەنسىل.

## زىغىر ئۇرۇقى

(亚麻子 ya ma zi)

[ئەرەبچە نامى] بزرالكتان

[پارسچە نامى] بزرك، تخم كتان

[ئوردۇچە نامى] السى

[لاتىنچە نامى] Semen Lini Usitatissimi

[ئىنگلىزچە نامى] Common Flax Seed

[تونۇش]

بۇ زىغىر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك زىغىرنىڭ پىشىپ قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقى بولۇپ، «زىغىر ئۇرۇقى» ياكى «تۇخۇمى كەتان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقى ياپىلاق تۇخۇم شەكىللىك بولۇپ، رەڭگى قىزىلغا مايىل قوڭۇررەڭلىك، پۇراقسىز كېلىدۇ، پارقىراق، پاكىز، دانلىق بولغانلىرى ياخشى ھېسابلىنىدۇ (24.31 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە 30~48% گىچە مايلىق ياغ، 185~39% گىچە ئاقسىل ماددىسى، 5~12% گىچە يېپىشقاق ماددا، 12~26% گىچە قەنت، ئورگانىك كىسلاتا ۋە ۋىتامىن A ھەمدە ئاز مىقداردا لىنامارىن (Linamaran)، خام ئۇرۇقىدا كراخمال بار. پىشقاندا كراخمال تۈگەپ كېتىدۇ.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدىكى چاپلاشقاق يېلىم ۋە ياغ يۇمشىتىش، غىدىقلاشنى پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە. شۇڭا زىغىر ئۇرۇقى كۆپىنچە يەرلىك ئورۇن كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنى ئىستېمال قىلسا ھەزىم قىلىش يولى، نەپەس يولى ۋە سۈيدۈك چىقىرىش يوللىرىدىكى ياللۇغلارنى داۋالايدۇ، لېكىن يەنە ئوخشىمىغان بىرىكمىلەرمۇ بار. لىنامارىن كىچىك ئۈچەينىڭ ئاجرىتىپ چىقىرىشىنى تەڭشەيدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكە ۋە كانايىنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىپ، يۆتەل پەسەيتىش؛ نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، بۇزۇق ماددىلارنى تازىلاش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىچنى بوشىتىش، ئىششىق قايتۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، يىرىڭلىق چاقىنى قۇرۇتۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

زۇققە، سوغۇقتىن بولغان يۆتەل، نەزلە، ئۆپكە ۋە كۆكرەك پەردە ياللۇغى، بوغۇم ياللۇغى، جىگەر ياللۇغى، گالنىڭ قىچىشىشى ۋە قۇرۇشى، سۈيدۈك يولى ياللۇغى، ئۈچەي ۋە بالىياتقۇ ياللۇغى ۋە ھەر خىل يىرىڭلىق جاراھەت قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. زىغىر ئۇرۇقى 10 گرام، چىلغوزا مېغىزى 30 گرام، ئەنسىل، پىرسىياۋشان، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى 10 گرام، قائىدە بويىچە سۈپۈپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇپ، بەلغەم بوشىتىدۇ.

2. 30 گرام زىغىر ئۇرۇقىنى سوقۇپ 100 گرام ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىستې-

ىستېمال قىلسا، سوغۇقتىن بولغان دەم سىقىش ۋە يۆتەلگە شىپا بولىدۇ.

3. تەرخەمەك ئۇرۇقى، كەرەپشە ئۇرۇقى، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، زىغىر ئۇرۇقى، كاكىنەج قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ قايناتما ياكى چايلىق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، سۈيدۈك يولىدىكى ياللۇغنى قايتۇرىدۇ.

4. كاسنە ئۇرۇقى، زىغىر ئۇرۇقى 10 گرامدىن، قىزىلگۈل 5 گرام، تەرخەمەك ئۇرۇقى 5 گرام، قائىدە بويىچە سوقۇپ چايلىق قىلىپ ئىچىپ بەرسە، سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشكە شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3～10 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆپ يېسە كۆزگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بەدىيان، يۇمغاقسۈت.

[ئورۇنباسارى] شۈمشا ئۇرۇقى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] لوئوقى سەرپىستان، لوئوق كەتان، سۈپۈپى كەتان.

## زىغىر يېغى

(亚麻油 ya ma you)

[ئەرەبچە نامى] دهن كتان

[پارسچە نامى] روغن كتان

[ئوردۇچە نامى] السى كى تيل

[لاتىنچە نامى] Oleum Lini Usitatissimi

[ئىنگلىزچە نامى] Oil Flax Seed

[تونۇش]

بۇ زىغىر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك زىغىرنىڭ پىشقان ئۇرۇقىدىن جۇۋاز ئارقىلىق تارتىپ ئېلىنغان ياغدىن ئىبارەت. رەڭگى سېرىق، سۇيۇق بولۇپ، ئالاھىدە پۇراق ۋە تەمگە ئىگە (31.25 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] زىغىر يېغى تەركىبىدە 21～45% گىچە زىغىر كىسلاتاسى، 25～59% گىچە زىغىر يېغى كىسلاتاسى، 15～20% گىچە ماي كىسلاتاسى ۋە ئاز مىقداردىكى ياغ كىسلاتا، گلىتسېرىن قاتارلىقلار بار.

www.uyghurkitap.com

**[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى]** ھەزىم قىلىش يولى، نەپەس يولى ۋە سىيدۈك چىقىرىش يوللىرىدىكى ياللۇغلارنى داۋالايدۇ. يەنە يەڭگىل دەرىجىدە ئىچنى سۈرۈش تەسىرىگە ئىگە. زىغىر يېغى كۆپ مىقداردا تويۇنمىغان ماي كىسلاتاسى تۇتىدۇ، شۇڭا يۇقىرى مايلىق قان كېسەللىكى ياكى قان تومۇر قېتىش كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

**[تەبىئىتى]** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**[خۇسۇسىيىتى]**

ئۆپكە ـ كانايىنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىششىق قايتۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، سىلىقلاشتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، چىرايىنى پارقىرىتىش.

**[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]**

كۆكرەك پەردە ياللۇغى، ئۆپكە ياللۇغى، قۇرۇق يۆتەل، سىيدۈك يولىدىكى ياللۇغلىنىشلىق كېسەللىكلەر، ھەر خىل يارا، داغ، تەمرەتكە، ئىچەي يارىسى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]**

1. مەرۋايىت، سەدەپ، چاققاق ئۇرۇقى، ئاشپىچەكنىڭ ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن، كىبرىت 5 گرام، زىغىر يېغىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، مەلھەم تەييارلاپ يەرلىك ئورۇنغا چېپىپ بەرسە، داغ ھەم تەمرەتكىگە پايدا قىلىدۇ.

2. تەرخەمەك ئۇرۇقى، كەرەپشە ئۇرۇقى، كاكىنەچ، قوغۇن ئۇرۇقى، ئىتئۈزۈمى 10 گرامدىن، زىغىر يېغىدىن 3 مىللىلىتىر، قائىدە بويىچە قايناتما تەييارلاپ ئىچسە، سىيدۈك يولىدىكى ياللۇغنى ياندۇرىدۇ.

3. زىغىر يېغىدا تاماق ئېتىپ يېسە ياكى ئۇزۇن مەزگىل ئىستېمال قىلسا، نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ ھەم قان تومۇرنى سىلىقلاشتۇرىدۇ.

**[ئىشلىتىلىش مىقدارى]** 10～25 مىللىلىتىر.

**[زىيانلىق تەسىرى]** كۆرۈش كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

**[تۈزەتكۈچىسى]** بەدىيان، زىرە.

**[ئورۇنباسارى]** كۈنجۈت يېغى، بادام يېغى.

**[چىقىش ئورنى]** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**[پىششىق دورا باسالمىسى]** لوئوقى كەتان.

## بېھى ئۇرۇقى
(榅桲子 wen bo zi)

[ئەرەبچە نامى] حب السفرجل

[پارسچە نامى] تخم بهی

[ئوردۇچە نامى] بهی دانہ

[لاتىنچە نامى] Semen Cydoniae Oblongae

[ئىنگلىزچە نامى] Common Quinee Seed

[تونۇش]

بۇ ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك بېھىنىڭ ئىچىدىكى ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇرۇقى دانىلىق، ئۈچ بۇرجەكلىك، شىرلىك بولۇپ، رەڭگى قارامتۇل قىزىل، تەمسىز تېتىقسىز كېلىدۇ (31 . 26 ـ رەسىم) .

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە 20% يېپىشقاق ماددا، ئامىگدالىن، 8% مايلىق ياغ قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئۇرۇقىدا شىللىق ماددا كۆپ بولۇپ، باشقا دورىلار بىلەن بىللە سىرتىدىن ئىشلىتىلسە، تېرىنى، غىدىقلاشنى ئازايتىدۇ ھەمدە ئۇزۇندا سۈمۈرۈلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكە ـ كانايىنى راۋانلاشتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا ۋە سەۋدا خىلتىنى، قۇرۇق ئىسسىق، قۇرۇق سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەش؛ ياللۇغ قايتۇرۇش، ھۆللۈك پەيدا قىلىش، قىزىتما پەسەيتىش، يۆتەل توختىتىش، تىلنىڭ قۇرغاقلىقىنى پەسەيتىش، ئۈچەينىڭ ئېچىشىشىنى ياخشىلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەر خىل قىزىتما، سىل، جۇدەتكۈچى تەپ، نەزلە، زۇكام، تىل ئېچىشىش، يۆتەل، ئۆپكە ياللۇغى، قان تولغان، سەپرالىق ئىچ سۈرۈش، گال ئاغرىقى، ئىسسىقتىن بولغان

زۇكام قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. نىشاستىدىن 30 گرام، بېھى ئۇرۇقى لوئابىدىن 10 گرام ئېلىپ بىرلىكتە ئۇلغا سوزۇپ، تىل يېرىلىشقا، ئېچىشىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئىسپىغول 6 گرام، بېھى ئۇرۇقى 6 گرام، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى 3 گرام، قائىدە بويىچە سوقۇپ، 3 مىللىلىتىر بادام يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، قان تولغاقتا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. بېھى ئۇرۇقى، سەرپىستان، شوخلا، گۈل بىنەپشە 6 گرامدىن، بىرلىكتە دەملەپ ئىچىپ بەرسە، گال قۇرۇش، ئاغرىش، ئىششىققا، قۇرۇق يۆتەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 4 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ھەزىمنى بۇزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بەدىيان.

[ئورۇنباسارى] ئىسپىغول.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] لوئوقى سەرپىستان.

## ئەرەب يېلىمى

(阿拉伯胶 a la bo jiao)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Gummi Arabicum

[ئىنگلىزچە نامى] Arabic Cum

[تونۇش]

بۇ پۇرچاق ئائىلىسىدىكى چاتقالسىمان ئۆسۈملۈك ئەرەب ئاكاتسىيىسى دەرىخىنىڭ يېلىمىدىن ئىبارەت. يۇمىلاق دانچە ياكى كۆپ قىرلىق پارچىلار بولۇپ، چوڭ - كىچىكلىكى

تەكشى ئەمەس، رەڭسىز ياكى سۇس سېرىق رەڭلىك يېرىم سۈزۈك مونەكچىلەردىن ئىبارەت. چۆرۈك، تەمى سۇس، بىرئاز پۇراقلىق، چاپلاشقاق كېلىدۇ (31.27 ـ رەسىم).

**[خىمىيىلىك تەركىبى]** ئەرەب يېلىمى، ئەرەب يېلىمى كىسلاتاسى (Arabic acid)، كالىي، ماگنىي، كالتسىي قاتارلىقلار بىلەن بىرىكىپ تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ سۇدا پارچىلىنىپ، ھەر بىر مولېكۇلا كىسلاتا ئىككى مولېكۇلالىق ئەرەب يېلىمى ئارا بىنوزا (Arabinose)، تۆت مولېكۇلىلىق لاكتوزا (actose) ۋە بىر خىل ئىزوگادىك كىسلاتا قاتارلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ سۇدا پارچىلانغاندا كۆك رەڭ ياكى پرامىدونغا ئۇچرىسا، بىنەپشەرەڭ ← قىزىلگۈل رەڭ ← سېرىق رەڭ ھاسىل قىلىدۇ.

**[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى]** ئەرەب يېلىمى ئاشقازان، ئۈچەي، كانايچە ۋە باشقا ئەزالار شىللىق پەردىلىرىنى ياللۇغلىنىشتىن مېخانىك يوسۇندا مۇھاپىزەت قىلىش تەسىرىگە ئىگە. شۇ ئارقىلىق دورىلارنىڭ غىدىقلىشىنى يەڭگىللىتىدۇ. دورىنىڭ سۈمۈرۈلۈشىنى پەسەيتىپ، باشقا تەسىرلەرنىڭ داۋاملىششىنى كۈچەيتىدۇ.

**[تەبىئىتى]** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**[خۇسۇسىيىتى]**

ئۆپكە ـ كانايىنى قۇۋۋەتلەش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، قان توختىتىش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، ئاشقازان ۋە ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش.

**[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]**

قان تۈكۈرۈش، قان قۇسۇش، كۆكرەك ئاغرىقى، يۆتەل، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان ئىچى سۈرۈش، ئاشقازان ۋە ئۈچەي ياللۇغى، تولغاق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]**

1. مۇۋاپىق مىقداردىكى ئەرەب يېلىمىنى قورۇپ، سوقۇپ، گۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بەرسە، جاراھەتلەرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ.

2. ئەرەب يېلىمىدىن تۆت گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، يېڭى كالا يېغىدىن ئۈچ گرام بىلەن قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، 3～7 كۈنگىچە مۇۋاپىق مىقداردا ئىچسە، تۈكۈرۈك بىلەن

www.uyghurkitap.com

كەلگەن قاننى توختىتىدۇ.

3. كەتىرا سەككىز گرام، ئەرەب يېلىمى 10 گرام، تاباشىر سەككىز گرام، قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، سۈپۈپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىدۇ. جاراھەتلەرگە سەپسە، جاراھەتلەرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ.

4. ئەرەب يېلىمىنى ئۆچكە سۈتىدە قايىنىتىپ، تۇخۇم ئېقى بىلەن قوشۇپ كۆيۈككە چاپسا، ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 8 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] قەۋزىيەت پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، سەندەل.

[ئورۇنباسارى] بادام يېلىمى، ھەببۇلئاس.

[چىقىش ئورنى] ئافرىقىدىن چىقىدۇ.

[يېشىشىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىش كۈندۇر.

## كەتىرا

(西黄耆胶 xi huang shi jiao)

[ئەرەبچە نامى] صمغ القتاد

[پارسچە نامى] كتيرا

[ئوردۇچە نامى] كتيراگوند

[لاتىنچە نامى] Gummi Tragacantha

[ئىنگلىزچە نامى]

[تونۇش]

بۇ پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 50 ~ 100 سانتىمېتىر ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك كەتىرانىڭ يېلىمى بولۇپ، بۇ ياپلاق، سىلىق، ئەگرى - بۈگرى، مۈڭگۈزسىمان يېرىم سۈزۈك ياكى سۇس سارغۇچ رەڭلىك، تەمسىز، پۇراقسىز كېلىدۇ (31.28 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] كەتىرانىڭ سۇدا ئېرىيدىغان قىسمى تىراگاكانتىن (Tragacanthin) بولۇپ، بۇ سۇدا پارچىلىنىپ، ئەرەب قەنتى، ئارابىنوزا (Arabinose)،

گالاكتوزا (Galactose) ۋە گىددىك كىسلاتا (Geddic acid) لارنى ھاسىل قىلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكە ـ كانايىنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل توختىتىش، يۇمشىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، قان توختىتىش، قاننى قويۇلدۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قان تۈكۈرۈش، يۆتەل ۋە گال يىرىك بولۇش، ئۆپكە يارىسى، ئاۋاز پۇتۇپ قېلىش، ئۈچەي يارىسى، سۈيدۈك يولى يارىسى، ئۆپكە ياللۇغى، قۇرۇق يۆتەل، بۆرەك جاراھىتى، بالىياتقۇ جاراھىتى، سۈيدۈك كۆيۈشۈپ كېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كەتىرادىن بەش گرامنى بىرئاز بۇغا مۈڭگۈزى بىلەن قوشۇپ چىلاپ، يېرىم گرام زەمچ نى، ئېزىپ مەزكۇر سۇغا قوشۇپ ئىچسە، بۆرەك ئاغرىقى ۋە دوۋساق كۆيۈشۈپ ئاغرىشنى دەرھال توختىتىدۇ.

2. كەتىرادىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، بادام مېغىزى، نىشاستە ۋە شېكەر قوشۇپ ئىچسە، بەدەننى سەمرىتىدۇ، ئارقىدىن نارجىل بىلەن قايىنىتىلغان سۈت ئىچسە، تېخىمۇ ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. خۇنسىياۋشان تۆت گرام، كەتىرا بەش گرام، ئاقاقىيا، ئەنجىباردىن يەتتە گرام-دىن، قائىدە بويىچە سوقۇپ تالقانلاپ ئىچسە ياكى سىرتىدىن چاپسا، ئىچكى ـ تاشقى ئەزالاردىكى قاناشنى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 7~3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] رۇم بەدىيان.

[ئورۇنباسارى] سەمغى ئەرەبى.

[چىقىش ئورنى] ئىران، تۈركىيە، ئىراق، گرېتسىيە، سۈرىيە قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئېشەك سۈتى
(驴乳 lu ru)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Asini milk

[ئىنگلىزچە نامى] ass milk

[تونۇش]

بۇ ئات ئائىلىسىدىكى هايۋان ئېشەكنىڭ سۈتىدىن ئىبارەت. ئېشەك ئادەتتىكى ئېشەك ۋە ياۋا ئېشەك دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. ئېشەكنىڭ تېنى ئاتنىڭكىدىن كىچىك بولۇپ، رەڭگى ھەرخىل، دورىغا ئېشەكنىڭ سۈتى ۋە تېرىسىدىن ئىشلەنگەن يېلىمى ئىشلىتىلىدۇ. ئېشەك سۈتىنى چىشى ئېشەك تەخەيلىگەندىن كېيىن سېغىپ چىقىرىلىدۇ. ئادەتتە قارا ئېشەكنىڭ سۈتى ياخشىراق ھېسابلىنىدۇ (31.29 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ھەر 100 مىللىلىتىر سۈتتە سۇ 90.12%، كاسىن ئاقسىلى (Casen) 0.79%، ئالبۇمىن (albumin) 1.06%، ماي 1.37%، لاكتوزا (lactose) 6.19% نى ئىگىلەيدۇ.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] قىزىتما پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش، سىلغا قارشى تۇرۇش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش.

[تەبىئىتى] ئۆچىنچى دەرىجىدە ھۆل، ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يالللۇغ قايتۇرۇش، ھۆللۈك يەتكۈزۈش، ھارارەت پەسەيتىش، يالللۇغ قايتۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، ئۆپكىنى تازىلاپ، يۆتەل پەسەيتىش، ئۆپكە جاراھەتلىرىنى پۈتتۈرۈش، قان توختىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قۇرۇق ئىسسىق ئېشىپ كېتىشتىن بولغان، نورمالسىز سەپرا خىلتىدىن كېلىپ چىققان كېسەللەر، قىزىتما، خوراتقۇچى كېزىك، بىرىكتۈرگۈچى پەردە يالللۇغى، چىش مىلىك يالللۇغى، ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل، ئۆپكە سىلى ۋە باشقا سىل كېسەللىكلىرى،

ئۆپكە جاراھەتلىرى، قان تۈكۈرۈش، ئۈچەي يوللىرى يارىسى، سۈيدۈك يوللىرى جاراھەتلىرى، سىيگەندە ئاغرىش قاتارلىق كېسەللەرگە.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئۆپكە سىل كېسىلى ۋە باشقا سىللارغا، قان تۈكۈرۈش، جۇدەش كېسەللىرىگە ئىشەك سۈتىگە مۇۋاپىق مىقداردا كەھرىۋا، كەتىرا، ئەنجىبار، ئەرەب يېلىمىنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. قەدىمى ئەسەرلەردە يېزىلىشىچە ئىشەك سۈتىنى قىزىتىشتا بىر نەچچە دانە تاشنى ئوتتا قىزىتىپ قاچىغا سېلىپ، ئۈستىدىن سۈتنى قويۇپ، ئىستېمال قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان.

2. مېڭگە قۇرۇقلۇق يېتىشتىن بولغان ئۇيقۇسىزلىقلارغا ئىشەك سۈتىگە ئازراق شېكەر قوشۇپ قاينىتىپ بېرىلىدۇ.

3. ئۆسمە كېسەللىكلىرىگە قوشۇپ بېرىلىدۇ.

4. دورىلاردىن زەھەرلەنگەندە چۈچۈكبۇيا يىلتىزىنى قوشۇپ قاينىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

5. ئىسسىقتىن بولغان كۆز كېسەللىكلىرىگە تۇخۇم ئېقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كۆزگە تېمىتىلىدۇ.

6. سىرتقى ئىششىقلارغا زەپەر بىلەن مەلھەم تەييارلاپ تېڭىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 200~500 مىللىلىتىر، سىرتتىن ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆپ ئىشلەتسە، ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] ئادەم سۈتى، ئۆچكە سۈتى.

[چىقىش ئورنى] رايونىمىزدا كۆپ چىقىدۇ. دېھقانلار بېقىپ دېھقانچىلىقتا ۋە مىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. سۈتىنى يېڭى ھالەتتە ئىشلەتسە ياخشى.

## ئۈجمە يىلتىزى پوستى

(桑白皮 sang bai pi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Cortex Mori Albae Radicis

[ئىنگلىزچە نامى] White Mulberry Root—brak

[تونۇش]

بۇ ئۈجمە ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئۈجمىنىڭ يىلتىزىنىڭ پوستىدىن ئىبارەت (31، 30 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۈجمە ماددىسى (mulbermin)، ئۈجمە يىلتىز ماددىسى (morusin).

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] سۈيدۈك ھەيدەش تەسىرى، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، ئۈچەينىڭ ھەرىكىتىنى تېزلىتىش، سۈرۈش، بالىياتقۇ مۇسكۇلىنى قىسقارتىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكە ۋە كانايىنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، جىگەر ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، قان تازىلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

نەپەس سىقىلىش، سۇلۇق ئىششىق، پۇت ـ قول ئىسسىماسلىق، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئۈجمە يىلتىز پوستى، كاسىنە ئۇرۇقى، بەدىيان، ئىزخىر، كاسىنە يىلتىزى، بەدىيان يىلتىز پوستى 10 گرام، دورىلارنى قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، ئۆپكە ـ كانايىنى راۋانلاشتۇرىدۇ. ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىدۇ.

2. ئاق ئۈجمە 10 گرام، ئۈجمە يىلتىز پوستى 10 گرامدىن، تەرەنجبىن 30 گرام، ئالما سۈيىدىن 100 گرام، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئىششىق ياندۇرىدۇ؛ بەدەننى قۇۋۋەتلەپ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 9～15 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] باش قېيىش پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] ئاق ئۈجمە يوپۇرمىقى.

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممە يېرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئۈجمە يىلتىزى پوستى قايناتمىسى.

# شىقىلداق يىلتىزى
(沙参 sha shen)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Radix Adenophorae Strictae

[ئىنگلىزچە نامى] Upright Ladybell Root

[تونۇش]

قوڭغۇراقگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك شىقىلداقنىڭ يىلتىزىدىن ئىبارەت (31.31 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] β − sitosterol، β − sitosterol − β − D − glucopyranose، taraxerone، octucosa cerbonic acid، ئۇنىڭدىن باشقا، كراخمال، پولىساخارىد، مىكرو ئېلېمېنتلاردىن كالتسىي، ئاليومىن قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. قايناتمىسى ھۆجەيرە ئىممۇنىتېتى ۋە ئالاھىدە بولمىغان ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، ئىممۇنىتېتلىق تەڭشەش تەسىرىگە ئىگە. لىمفا ھۆجەيرىسىنىڭ ئالمىشىشىنى ئېلگىرى سۈرىدۇ.

2. %1 لىك چىلانمىسى تەندىن ئايرىلغان پاقا يۈرىكىنى روشەن كۈچەيتىش رولىغا ئىگە.

3. قايناتمىسى ئۆي توشقىنىغا نىسبەتەن بەلگىلىك بەلغەم بوشىتىش تەسىرىگە ئىگە. بەلغەم بوشىتىش تەسىرى تۆت سائەتكىچە داۋاملىشىدۇ.

4. سۇدىكى چىلانمىسىنىڭ تېرە زەمبۇرۇغلىرىغا قارشى تۇرۇش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكە ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، قىزىتمىنى پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش، قان تازىلاش، ياللۇغ قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئۆپكە سىلى، ياشانغانلاردىكى زىققە، كونا يۆتەل، قۇرۇق يۆتەل، ئېغىز ۋە بۇرۇن

www.uyghurkitap.com

قۇرۇش، كۆپ ئۇسساش، تېرە قىچىشىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

شىقىلداق يىلتىزى، زۇپا، پىرسىياۋشان 10 گرامدىن، چىلان 30 گرام؛ قائىدە بويىچە دەملەپ ئىچىپ بەرسە، قىزىتما قايتۇرۇپ، يۆتەل پەسەيتىدۇ؛ بەلغەم بوشىتىدۇ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10~15 گرامغىچە قايىنتىپ ئىچىشكە بولىدۇ. ھۆل يىلتىزىدىن 15~30 گرامغىچە ئىچىشكە بولىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] تالغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كاسنى.

[ئورۇنباسارى] زۇپا.

[چىقىش ئورنى] ئوتلاق ۋە ئورمانلارنىڭ ئارىسىدا ئۆسىدۇ، گۇاڭدۇڭ، شىئەن ۋە شىنجاڭنىڭ ئالتاي، تارباغاتاي قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] شىقىلداق يىلتىزى دەملىمىسى.

# قارلىغاچ چاڭگىسى

(燕窝 yan wo)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Nidus Collocaliae Esculentae

[ئىنگلىزچە نامى] Edible Bird Nest

[تونۇش]

بۇ يامغۇر قارلىغىچى ئائىلىسىدىكى قۇش، قارلىغاچنىڭ چاڭگىسىدىن ئىبارەت، رەڭگى سارغۇچراق بولىدۇ (31.32 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] گلۇكوزا، كالتسىي (Ca)، فوسفور (P)، كالىي (K)، گۈڭگۈرت (S) قاتارلىق مىكرو ئېلېمېنتلارنى تۇتىدۇ.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ۋىرۇسنى تورمۇزلاش، ياللۇغلىنىشقا قارشى تۇرۇش، قۇۋۋەتلەش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكە، ئاشقازان ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئۆپكىنى تازىلاش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش، يۆتەل پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، ئۆپكە تۇبېركۇلىيوزى، قان تۈكۈرۈش، ئاشقازان ئاجىزلىق، جىنسىي ئاجىزلىق، كۆڭلى ئېلىشىش، قۇسۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

زۇپا، قارلىغاچ چاڭگىسى، خەشخاش پوستى 10 گرامدىن، چىلان 30 گرام، مېھرىگىياھ، سەرپىستان، سىيادان، كونجۇت 10 گرامدىن، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ، ئىستېمال قىلىپ بەرسە، بەدەن ئاجىزلىقى، سىل، جىنسىي ئاجىزلىق، نېرۋا ئاجىزلىق قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەپ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3~10 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] پەي ۋە مۇسكۇللارنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بوزۇغا، ئېگىر.

[ئورۇنباسارى] زۇپا ھىندى، مېھرىگىياھ.

[چىقىش ئورنى] ئىچكى ئۆلكىلەردىكى دېڭىز بويى رايونلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] قارلىغاچ چاڭگىسى دەملىمىسى.

## چوڭ سۇتلۇكئوت[1]

## (飞扬草 fei yang cao)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىنى، ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەش، ماددىلارنى يۇمشىتىش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش.

① تەپسىلاتى 2 - باب 2 § غا قاراڭ

www.uyghurkitap.com

## كىچىك سۈتلۈكئوت①

(千根草 qian gen cao)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تەڭشەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، مەنىي، سۈيدۈكنى تىزگىنلەش، قاننى توختىتىش، قاننى تازىلاش، يىلان زەھرىنى قايتۇرۇش.

## سەرپىستان②

(破布木实 po bu mu shi)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا ۋە سەپرا خىلتلىرىنى پىشۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش، كاناي ۋە كۆكرەكنى سىلىقلاشتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، سەپرا ۋە قاننىڭ ئۆتكۈرلىكىنى پەسەيتىش.

## پىرسىياۋشان③

(铁线蕨 tie xian jue)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا، سەپرا، بەلغەم خىلتىنى پىشۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش، ئىششىق تارقىتىش، يۇمشىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، پارقىرىتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، ھەيز ۋە سۈيدۈك ھەيدەش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش.

---

① تەپسىلاتى 2 ـ باب 2 § غا قاراڭ

② تەپسىلاتى 3 ـ باب 3 § غا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 3 ـ باب 3 § غا قاراڭ

## ئاق لەيلى ئۇرۇقى[①]

(蜀葵子 shu kui zi)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ياللۇغ قايتۇرۇش، ئىششىق تارقىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، يەل تارقىتىش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، تەرەتنى يۇمشىتىش، تۇغۇتنى تېزلىتىش، بالا ھەمرىيىنى چۈشۈرۈش، سولۇق ئىششىقنى تارقىتىش، جاراھەتلەرنى ئېغىز ئالدۇرۇش، يۈزدىكى دانىخورەكلەرنى يوقىتىش.

## غارىقۇن[②]

(阿里红 a li hong)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي سەپرا، سەۋدا ۋە بەلغەم خىلىتلىرىنى سۈرۈش، ئۆپكە ـ كانايىنى قۇۋۋەتلەپ، ئۇنىڭدىكى بۇزۇق ماددىلارنى تازىلاش، قاتتىق ئىششىقلارنى يۇمشىتىش، يەل تارقىتىش، ھەر تۈرلۈك قولۇنجىنى يوقىتىش، جىگەر ۋە بۆرەكنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، سۈرگۈچى دورىلارنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىش، زەھەر قايتۇرۇش، يۈرەك، مېڭە، نېرۋا ۋە پەيلەرنى كۈچلەندۈرۈش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان تەپلەرنى يوقىتىش.

## قانتېپەر[③]

(党参 dang shen)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

---

① تەپسىلاتى 12 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 4 ـ باب 2 § غا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 6 ـ بابقا قاراڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

[خۇسۇسىيىتى]
قان تولۇقلاش، ئۆپكە، كانايىنى قۇۋۋەتلەش، تال ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش.

## كىچىك چىلان①
(酸枣 suan zao)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى] قان تازىلاش، سەپرا خىلتىنى پىشۇرۇش، نىرۋىنى كۈچلەندۇرۇش، قاننى سۇيۇلدۇرۇش، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش، يۆتەل پەسەيتىپ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، تىنچلاندۇرۇش.

## نەغەز گۈلى يىلتىزى②
(萱草根 xuan cao gen)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق
[خۇسۇسىيىتى]
ھارارەت پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش ۋە قان توختىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىششىق قايتۇرۇش، ئۆپكە، كانايىنى قۇۋۋەتلەش.

## ھەمىشباھار ئۇرۇقى③
(金盐化 jin yan hua)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
ئىششىق تارقىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، يۇمشىتىش، قىزىتما پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، جىگەر ۋە تالنىڭ تۇسالغۇسىنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىچى سۈرۈشنى ۋە قاننى توختىتىش، ئۆپكىنى تازىلاش، ئۈچەينى تازىلاش، ئۈچەي قۇرتلىرىنى ئۆلتۈرۈش.

---

① تەپسىلاتى 7 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 10 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 10 ـ بابقا قاراڭ

## ئىسپىغۇل[1]

(卵叶车前子 luan ye che qian zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي سەپرا، قان خىلتىدىن بولغان ياللۇغلارنى قايتۇرۇش، قىزىتما پەسەيتىش، يۆتەل پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش، ئىچنى توختىتىش، باش ئاغرىقىنى پەسەيتىش، ئىششىقلارنى ياندۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، قاننىڭ ھارارىتىنى ياخشىلاش.

## لوكات[2]

(枇杷果 pi pa guo)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قىزىتما قايتۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، ھارارەت پەسەيتىش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، ئاشقازاننى ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش.

## ماگنىت تېشى[3]

(磁石 ci shi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تاش پارچىلاش، مېڭە، جىگەر، ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى تازىلاش، قان توختىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، جاراھەت ئېغىزلىرىنى پۈتتۈرۈش، ئاق خۇن ۋە ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، جىگەر ۋە تالنى قۇۋۋەتلەش، تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرۇش.

---

① تەپسىلاتى 10 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 12 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 14 ـ بابقا قاراڭ

## قوغۇن ئۇرۇقى[1]
(甜瓜子 tian gua zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، سۈيدۈك ھەيدەش، تاش پارچىلاش، بۆرەك، دوۋساق ۋە ئۈچەيىنى تازىلاش، تەبىئەتنى يۇمشىتىش، بەلغەم بوشىتىش، مەنىي كۆپەيتىش، باھنى ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەش، تېرىنى پاقىرتىش، يۆتەل پەسەيتىش.

## بانان[2]
(香蕉 xiang jiao)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

سەمرىتىش، ئۆپكە، كانايىنى قۇۋۋەتلەش، بەدەن ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، ئۈچەيىنى سىلىقلاپ، تەرەتنى يۇمشىتىش؛ بەلغەم بوشىتىش.

## سەۋزە[3]
(胡萝卜 hu luo bo)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى، يۈرەك ۋە ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش؛ چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، رەئىس ئەزالارنى ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، مەنىي كۆپەيتىش، ئىچىنى يۇمشىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، ئىششىق تارقىتىش.

---

① تەپسىلاتى 14 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 15 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 15 ـ بابقا قاراڭ

## زەيتۇن مېۋىسى①
(橄榄 gan lan)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تەرەتنى يۇمشىتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، تەرلىتىش، ئۇمۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئۆپكە، كانايدىكى زەھەرلىك ماددىلارنى تارقىتىش، يۇمشىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، ياللۇغ قايتۇرۇش، قان تازىلاش، ئۇسسۇلۇقنى پەسەيتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش.

## ئۆرۈك مېغىزى يېغى②
(杏仁油 xing ren you)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئىچنى يۇمشىتىش، بەدەننى سەمرىتىش، بەلغەم بوشىتىش، چاچ ئۆستۈرۈش.

## كېلەر③
(蛤蚧 ge jie)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يەل ھەيدەش، ئۆپكە- كانايىنى قۇۋۋەتلەش، باھنى قۇۋۋەتلەش، تىنچلاندۇرۇش، زىققىنى پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش.

---

① تەپسىلاتى 15 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 15 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 16 ـ بابقا قاراڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## چاكاندا[1]

(麻黄 ma huang)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تۇسالغۇلارنى ئېچىش، تەرلىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ئىچكى ئەزالارنى كۈچلەندۈرۈش، ئاغرىق توختىتىش، نەزلە سۆيۈقلۇقىنى توختىتىش.

## كۆكنار پوستى[2]

(罂粟壳 ying su ke)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

مەست قىلىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش، قان توختىتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش.

## بالەنگۇ چۆپى[3]

(紫苏 zi su)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاساسلىقى تىنچلاندۇرۇش، ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەمنى چىقىرىپ يۆتەلنى توختىتىش، بەدەندىكى سوغۇقلۇقنى تارقىتىش، بەدەننى تازىلاش، كۆڭۈلنى ئېچىش، ئاشقازان خىزمىتىنى ياخشىلاپ، ھۆنى پەسەيتىش، يەللەرنى تارقىتىپ، ئاشقازاننى بوشىتىش، ھامىلىنى ئاسراش، زەھەرنى تارقىتىپ، يارىلارنى پۈتتۈرۈش.

---

① تەپسىلاتى 20 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 21 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 22 ـ بابقا قاراڭ

## ئېتياڭقى گۈلى①

(洋金花 yang jin hua)

[تەبىئىتى] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، يەل ھەيدەش، مەست قىلىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئۆپكە، كانايىنى راۋانلاشتۇرۇش، سپازما بوشىتىش.

## چىلغوزا②

(松子仁 song zi ren)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھنى قۇۋۋەتلەش، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش، بەدەننى ۋە ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش، توسالغۇلارنى ئېچىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش، بەلغەمنى سۇرۇپ چىقىرىش، بەدەننى قىزىتىش.

## ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى③

(苦杏仁 ku xing ren)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

چاچنى قۇۋۋەتلەش، چاچ قارايتىش، چاچ ئۆستۈرۈش، ئۆپكە كانايىنى قۇۋۋەتلەش، يۆتەل توختىتىش، بەلغەم بوشىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، ئۈچەيىنى سىلىقلاش، ئاغرىق توختىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش.

---

① تەپسىلاتى 23 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 38 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 45 ـ بابقا قاراڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## شاپتۇل مېغىزى[1]
(桃仁 tao ren)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

چاچنى قۇۋۋەتلەش، يۆتەل پەسەيتىش، تەرەت راۋانلاشتۇرۇش، ئۈچەينى سىلىقلاشتۇرۇش، قاننى سۇيۇلدۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، چاچ ئۈندۈرۈش.

## قوي سۈتى[2]
(羊乳 yang ru)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى ۋە ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش، قان كۆپەيتىش، سەمرىتىش، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش.

① تەپسىلاتى 45 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 27 ـ بابقا قاراڭ

## ئوتتۇز ئىككىنچى باب ئاشقازان، ئۈچەينى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار

ئاشقازان ۋە ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش تەسىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئاشقازان ۋە ئۈچەينى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەرخىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر تەسىرىدىن ئاشقازان ۋە ئۈچەيدە ئاجىزلاش يۈز بەرسە، ئورگانىزمدا ماددا ئالمىشىش قالايمىقانلىشىش، فىزىئولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇش بىلەن بىرگە، ئاشقازان ۋە ئۈچەي ئاجىزلىقىغا ئالاقىدار تۈرلۈك كېسەللىكلەر (ھەزىم بۇزۇلۇش، ئىشتىھاسىزلىق ياكى كۆپ يېيىش، كۆپ ئىچىش، ئورۇقلاش، ئاشقازان ياللۇغى، ئۈچەي ياللۇغى، قورساق كۆپۈش، ئاشقازان تۆۋەنلەش، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، كۆڭلى ئېلىشىش، قۇسۇش، ئىچى سۈرۈش، قەۋزىيەت، قانلىق تەرەت قىلىش، ئاشقازان ـ ئۈچەيدىكى تۈرلۈك ئۆسمە ۋە يارا، قان ئازلىق …) پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرگە ۋاقتىدا چارە قىلمىغاندا يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. ئاشقازان ـ ئۈچەينى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلارنىڭ تۈرى ھەرخىل بولغاچقا ئىشلەتكەندە مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. بۇ خىل دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق بولىدۇ. بۇ دورىلار ئاشقازان ۋە ئۈچەينى، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، بەدەننى قىزىتىش، ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاش، تەبىئەتنى قۇۋۋەتلەش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار ئاشقازان ۋە ئۈچەينى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ئامىلە، گۈلدارچىن، خولىنجان، قېتىق سۆزمىسى، سىسالىيۇس، چۈژگۈن ئۈندۈرمىسى، ماگنولىيە، تاغ دېنى، يۇمىلاق قاقىلە، ياۋا ئامۇت، پىچەكگۈل، قۇلماق، قوي قېرىنى، ئاق مۈچ، ئارپىبەدىيان يىلتىزى پوستى، ئارپا ئۈندۈرمىسى، پىستىگۈل يىلتىزى، جىغان مېۋىسى، قاقىلە، قىزىلچا، توخۇ تاشلىقى پوستى، پىننە، جۇۋنە، شاخار، مەستىكى رۇمى، كۈلى بېھىسى، پىياز، لاچىندانە چىنى.

زەنجىۋىل، رۇمبەدىيان، قەلەمپۇر، قارىمۇچ، چۆل يىلپىزى، ئىسپىغۇل، يانتاق، تۇرۇپ، يەرلىك توغرىغا، تاش تۇز، ئارپىبەدىيان، كەرۋىيا، تۇرۇپ ئۇرۇقى، يالپۇز، ئوچاق چالمىسى، توخۇ گۆشى، سۇمبۇلچىنى، نارمىشكى، سەئىدى، زەرنەپ، ئۈدھىندى، قان تېپەر، ئاق ماش، ئاق قىچا ئۇرۇقى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئاملە

(余甘子 yu gan zi)

[ئەرەبچە نامى] آمج

[پارسچە نامى] آمله

[ئوردۇچە نامى] آمله

[لاتىنچە نامى] Fructus Phyllanthi Emblicae

[ئىنگلىزچە نامى] Emblic Leaf flower Fruit

[تونۇش]

بۇ سۇتلۇكئوتلار ئائىلىسىدىكى غازاڭ تاشلايدىغان چاتقال ئاملىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ پىشقان مېۋىسى «ئاملە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسى گۆشلۈك بولۇپ، يۇمىلاق ھەم ئالتە قىرلىق كېلىدۇ. پىشقاندا خۇرمارەڭگە كىرىدۇ. ئازراق قاتتىق، تەمى ئاچچىق، قېرىق بولۇپ، كېيىن تاتلىق بىلىنىدۇ، يۇراقلىق كېلىدۇ (1.32 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] مېۋىسى كۆپ مىقداردا VC تۇتىدۇ. بۇنىڭ مىقدارى تەخمىنەن 2% كە يېتىدۇ، يەنە خام مېۋىسىنىڭ تەركىبىدە 30~35% كىچە، قۇرۇق مېۋىسىدە 14% كىچە تاننىن بار. يەنە ئاملە كىسلاتاسى (Phyllemblic acid)، ئىمبىلىكول (Embilicol)، كاروتىن (Carotine) قاتارلىقلار بار.

مېۋە پوستىنىڭ تەركىبىدە موزا كىسلاتاسى ۋە ئاملە كىسلاتاسى (Phyllemblic acid) بار. ئۇرۇق تەركىبىدە 26% ماي بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] قۇرۇتۇلغان مېۋىسىگە ئاۋۋال 80% لىك ئىسپىرت ئىشلىتىپ ئايرىپ ئېلىنغان قىسمىغا يەنە ئىسپىرتتىن قوشۇپ قايتا ئىشلەپ تۇز كىسلاتاسى بىلەن كىسلاتالاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھايىتى ياخشى باكتېرىيىگە قارشى تۇرغۇچى بىر خىل ماددىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئۇ دۈمچەك شارچە باكتېرىيىسى، كېزىك تاياقچە باكتېرىيىسى، چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسى ۋە تولغاق تاياقچە باكتېرىيىسى قاتارلىقلارنى تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە. زەمبۇرۇغلارغا ئۈنۈمى يوق. مېۋىسىنىڭ تەركىبىدىكى ماددىلارنى ئىچكەندە، قان تەركىبىدىكى ئومۇمىي ئاقسىلنىڭ مىقدارىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
ئاشقازان، ئۈچەي ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ياللۇغ قايتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا، سەۋدا، بەلغەم خىلتىنى پىشۇرۇش؛ ئاشقازاننىڭ تۇتۇش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ، ئاغرىق پەسەيتىش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، قان تازىلاش، قان توختىتىش، چاچ يىلتىزىنى چىڭىتىش، چاچنى قارايتىش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، ئىچى سۈرۈش، كۆپ ئۇسساش، يۈرەك چالاڭغۇراش، يۈرەك ئاجىزلىقى، كۆز ئاجىزلىقى، ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، بالىياتقۇ ئاجىزلىقى، چاچ چۈشۈپ كېتىش، باھ ئاجىزلىقى، غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرا خىلتىدىن بولغان ئىچى سۈرۈش، بۇۋاسىر قاناش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. ئامىلىنىڭ يېغىنى چىقىرىپ باشقا چاپسا، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.
2. ئامىلە، قاقىلە، لاچىندانە، زىرە، بەدىيان ھەر بىرىدىن 5 گرامدىن ئېلىپ قائىدە بويىچە قايناتما ياكى چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ.
3. ئامىلە 10 گرام، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى 10 گرام، تاباشىر يەتتە گرام، تۆمۈر داغمال سۈيى 15 گرام، تۆمۈر داغمال سۈيىدىن باشقا دورىلارنى سوقۇپ، تۆمۈر داغمال سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە، قان ۋە سەپراۋدىن بولغان ئىچى سۈرۈشكە شىپا بولىدۇ.
4. 10 گرام ئامىلە بىلەن 15 گرام قارا ھېلىلىنى قايىنتىپ چاچنى يۇسا، چاچنى قارايتىدۇ.
5. ئامىلىدىن 10 گرامنى سوقۇپ بىر دانە تۇخۇم ئېقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كۈندە بىر قېتىم بۇۋاسىرغا چاپسا، بۇۋاسىر قېنىنى توختىتىدۇ.
6. ئامىلە مۇرابباسى تەييارلاپ يەپ بەرسە، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، چاچ قارايتىدۇ ۋە ئۆستۈرىدۇ؛ قان تولغاققا شىپا بولىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 11 گرام.
[زىيانلىق تەسىرى] تال ۋە ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] تال ئۈچۈن سۈمبۈل، ھەسەل؛ ئۈچەي ئۈچۈن تاتلىق بادام يېغى.
[ئورۇنباسارى] ئىككى ھەسسە كابىلە ھېلىلىسى.

www.uygurkitap.com

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى قاتارلىق جايلىرىدىن، ھىندىستان، ئىران، مالايسىيا قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىش ئامىلە، ئامىلە نۇشدارى، ئىترىفىل كەبىر، ئىترىفىل سەغىر، ئامىلە مۇرابباسى، مەتبۇخى ھىلىلە.

## گۇلدارچىن

(肉桂子 rou gui zi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Flos cinnamomi

[ئىنگلىزچە نامى] Cassiabarktree flower

[تونۇش]

بۇ كاپۇر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك دارچىننىڭ گۇلىدۇر، گۇلى گۇمبەز شەكىللىك، ئىچى كاۋاك رەڭگى قارا، يۇمىلاق، تەمى ئاچچىق، پۇراقلىق كېلىدۇ (2.32 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇچۇچان ماي (گۇلدارچىن مېيى) %2~1، سىننامىك ئالدېھىد (cinnamic aldehyde)، سىننامىل ئاتسىتات (cinnamyl acetat) قاتارلىقلار بار1

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئۈچەينىڭ لۆمۈلدەش ھەرىكىتىنى كۈچەيتىش، يارىسىنى پۈتتۈرۈش، ئاغرىق توختىتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، يۈرەككە قان يېتىشمەسلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ناترىي، كالىينىڭ بەدەنگە سۈمۈرۈلۈشىنى تېزلىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ھەزىمنى ياخشىلاش، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىھانى ئېچىش، بەلغەم بوشىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئاشقازان ئاجىزلىقى، يۈرەك ئاجىزلىقى، يۈرەك چالاڭغۇراش، ئىشتىھاسىزلىق، ھەزىم ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. گۈلدارچىن 5 گرام، قەلەمپۇر 5 گرام، كەرەپشە ئۇرۇقى 5 گرام، زەنجىۋىل 5 گرام، لاچىندانە 5 گرام، قائىدە بويىچە چايلىق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. گۈلدارچىن 5 گرام، لاچىندانە 10 گرام، پىننە 15 گرام، قائىدە بويىچە قاينىتىپ ياكى دەملەپ ئىچىپ بەرسە، ئاشقازاننىڭ زىيادە ھۆللۈكىنى قورۇتۇپ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ.

3. گۈلدارچىن، پوستى تۇرۇنجى، لاچىندانە 10 گرامدىن، گاۋزىبان، بادرەنجى بۇيا، قىزىل گۈل 6 گرامدىن، سۇمبۇل ھىندى 3 گرام، چالا سوقۇپ، چايلىق قىلىپ ئىچىپ بەرسە، مېڭە، يۈرەك، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1～5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] گۈلبىنەپشە، نىلۇپەر.

[ئورۇنباسارى] دارچىن، قەلەمپۇر.

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىش دارچىن، سۇپۇپى دارچىن.

## خولىنجان

(高良姜 gao liang jiang)

[ئەرەبچە نامى] خولنجان

[پارسچە نامى] خولنجان

[ئوردۇچە نامى] كلىجن

[لاتىنچە نامى] Rhizoma Alpiniae Officinari

[ئىنگلىزچە نامى] Lesser Galangal Rhizome

[تونۇش]

بۇ زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك خولىنجاننىڭ يىلتىزسىمان غولىدىن ئىبارەت بولۇپ، «خولىنجان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يىلتىز-سىمان غولى سىلىندىر شەكىللىك بولۇپ، سىرتقى يۈزى قوڭۇر رەڭلىك، رەڭگى قېنىقراق،

تەمى ئاچچىق، خۇش پۇراق كېلىدۇ (3.32 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] بۇنىڭ ئىچىدە ئۇچۇچان ماي بار، مايىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى 20—30% سىنېئول (Cineole)، 48% گىچە مېتىل سىنىنامات (Methylcinnamate) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، يەنە گالانگىن (galangin) لارمۇ بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] خولىنجاننىڭ ساپ بېنزىندىكى ئېرىتمىسى بەلغەم بوشىتىش رولىغا ئىگە. بۇ كانايچە بەز ئاجرالمىلىرىنى كۆچەيتىدۇ. ئۇچۇچان قىسمى كانايچە بەزلىرىنى بىۋاسىتە غىدىقلايدۇ، خولىنجاننىڭ ئۇچۇچان مېيى تېرە ۋە شىللىق پەردىلەرنى غىدىقلايدۇ، ئىستېمال قىلىنسا، يەل ماڭدۇرىدۇ. كىچىك ئۈچەيىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق لۆمۈلدىشىنى تورمۇزلايدۇ ھەمدە باكتېرىيىگە ۋە ئاددىي جانلىقلار قوزغىغان كېسەللىكلەرگە قارشى تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان، باھ، پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش؛ يەل تارقىتىش، بەدەننى قىزىتىش، ئىششىق تارقىتىش، يۇمشىتىش، ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىش، بەدەندىكى زىيادە ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئاشقازان سوۇۇپ كېتىش، ئاشقازان تۈۋەنلەش، قورساق ئېسىلىش، ئىشتىھاسىزلىق، بۆرەك ۋە دوۋساق سوۇۇپ كېتىش، باھ ئاجىزلىق، پالەچ، لەقۋا، رەئشە، ئېغىزدىن شال ئېقىش، تۈرلۈك سۇلۇق ئىششىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كاۋاۋچىن، ئوغرىتىكەن، قەلەمپۇر، بەديان، پىلپىل، خولىنجان قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 5 گرامدىن ئېلىپ، چايلىق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ئاشقازان ـ ئۈچەيدىكى سوغۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ.

2. ئېگىر 10 گرام، خولىنجان 10 گرام، ئىللىتىلغان تۇخۇم سېرىقى ئىككى دانە. قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ ئىچسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بۆرەكنى قىزىتىدۇ.

3. پىلپىل، خولىنجان، قارىمۇچ، بەديان، لاچىندانە، قاقىلە، قارىمۇچ قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ، چايلىق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3~10 گرام.
[زىيانلىق تەسىرى] دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] مەستىكى، رۇم بەديان، كاسنە ئۇرۇقى1
[ئورۇنباسارى] دارچىن، كاۋاۋچىن.
[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، يۈننەن، تەيۋەن قاتارلىق ئۆلكىلە-
رىدىن، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىش جالىنۇس، جاۋارىش ئود مىشكى، لوبوبى كەبىر.

## قېتىق سۇزمىسى

(酸凝乳 suan ning ru)

[ئەرەبچە نامى]
[پارسچە نامى]
[ئوردۇچە نامى]
[لاتىنچە نامى] Sour Milk
[ئىنگلىزچە نامى] yoghourt
[تونۇش]

بۇ كالا، قوتاز، قوي، ئۆچكە قاتارلىق چارۋىلارنىڭ قېتىقىنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن سۇيىدىن ئاجرىتىپ تەييارلىنىدىغان نەرسە بولۇپ، بۇ نەرسە «قېتىق سۇزمىسى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى يېڭى ۋە ياغلىق بولغىنىدۇر.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازاننى، ئۈچەينى، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش؛ ياللۇغ قايتۇرۇش، تەرەتنى يۇمشىتىش، ساپ قان پەيدا قىلىش، بەدەننى سەمرىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

بەدەن ئاجىزلىقى، ئورۇقلاش، تېرە يىرىكلىشىش، كۆز ئاغرىقى، ئىچى سۇرۇش، ئۈچەي جاراھىتى، سۈت ئازىيىش، بۆرەك ئاجىزلىقى، قەۋزىيەت، قان ئازلىق، ئاشقازان ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سۈزمىنى ياڭاقنىڭ مېغىزى بىلەن يېسە، سەمرىتىدۇ، تېرىنى يۇمشىتىدۇ. مەدەسىتاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇپ، قان پەيدا قىلىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ.

2. سۈزمىنى كۆزگە تاڭسا، كۆز ئاغرىقى ۋە كۆزگە پەيدا بولغان قان ئۇيۇتۇشلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. سۈزمىنى سۇدا قاينىتىپ، سۈيىنى بالا ئېمىتىدىغان ئايالغا ئىچكۈزسە، سۈتىنى كۆپەيتىدۇ.

4. ئۆچىيىدە جاراھىتى بار كىشىلەر سۈزمىنى ھۇمماز بىلەن قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، جاراھەتلەر ئەتراپىدا ئىششىق پەيدا بولۇپ قېلىشتىن ساقلايدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، يالپۇز.

[ئورۇنباسارى] قېتىق، سېرىقماي، قايماق.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

## سىسالىيۇس

(臭阿魏子 chou a wei zi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى]

[ئىنگلىزچە نامى] Ferulae seed

[تونۇش]

بۇ ئۆسۈملۈك تۆت خىل بولىدۇ. 1 ـ خىلى رازىيانىگە ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن بىرئاز كۈچلۈكرەك، بۇنىڭ گۈلىنىڭ گۈمبىزى سېرىقچېچەكنىڭ گۈمبىزىگە ئوخشايدۇ، مېۋىسى ھىڭنىڭ مېۋىسىدىن ئۇزۇنراق، تەمى ئۆتكۈر، يىلتىزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، خۇشبۇي، يىلتىزىنىڭ تەسىرى قالغان ئەزالىرىنىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەك. 2 ـ خىلىنىڭ يوپۇرمىقى ھەشقىپىچەكنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن بىرئاز ئۇزۇن، بۇنىڭ گۈلىنىڭ گۈمبىزىمۇ ھەشقىپىچەكنىڭ گۈمبىزىگە ئوخشايدۇ، بۇنىڭ ئۇرۇقى

بۇغدايغا ئوخشايدۇ. لېكىن ئۇنىڭدىن بىرئاز يىرىك، مېۋىسى يوغان، خۇشبۇي، قۇۋۋىتى 1 ـ خىلىدىن ئارتۇق، 2 ـ خىلىدىن ئاجىز، 4 ـ خىلى ھىندىنىڭ ئۈسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ، مېۋىسى ئۇنىڭكىدىن ئاقراق، يۇمىلاق، ئۇزۇن، تەمى پورتىخالنىڭ تەمىگە ئوخشايدۇ، بىرئاز خۇشبۇي، ئىشلىتىلىدىغىنى كۆپىنچە مۇشۇ 4 ـ خىلىدۇر.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، باھنى قۇۋۋەتلەش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، ھامىلە چۈشۈرۈش، بەلغەم بوشىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەر خىل ئىششىق، ئاشقازان ئاجىزلىقى، سۈيدۈك ۋە ھەيز راۋان بولماسلىق، باھ ئاجىزلىقى، نەپەس راۋان بولماسلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سىسالىيۇس 4 گىرام، چىلغوزا مېغىزى 10 گىرام، كۇنجۇت 10 گىرام، سۆئلەپ مىسرى 10 گىرام، ناۋات 30 گىرامدىن. قائىدە بويىچە سۈپۈپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە باھ ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. قاقىلە 10 گىرام، بەدىيان 5 گىرام، جۇۋىنە 6 گىرام، سىسالىيۇس 4 گىرام، پىنىنە 10 گىرام، قەنت 30 گىرام، قائىدە بويىچە سوقۇپ، سۈپۈپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە ياكى چايلىق قىلىپ ئىچىپ بەرسە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. سانا 15 گىرام، ئاپتاپپەرەس 10 گىرام، زاراۋەندى گۇلى 10 گىرام، ئۇبھەل يەتتە گىرام، خىيارشەنبەر 15 گىرام، سىسالىيۇس تۆت گىرام، سويا ئۇرۇقى 10 گىرام، بادام مېغىزىدىن 15 گىرام. قائىدە بويىچە قايناتما تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇپ، ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 گىرام.

[زىيانلىق تەسىرى] جىگەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] زىرىشك، كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] ھىل.

[چىقىش ئورنى] چەت ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبۇبى ئەكبەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# چۈژگۈن ئۈندۈرمىسى

(谷芽 gu ya)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Fructus Setariae Germinatus

[ئىنگلىزچە نامى] Foxtail millet Sprout

[تونۇش]

شال ياكى چۈژگۈن ئۇرۇقىنى پاكىز يۇغاندىن كېيىن سۇزۇۋېلىپ، سېۋەت ياكى ياغاچ ساندۇققا سېلىپ، ئاغزىنى ياخشى يېپىپ، پات - پات سۇ چېچىپ تۇرۇلىدۇ، ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن ئېلىپ ئاپتاپتا سارغايغىچە ياكى قارايغىچە قورۇپ ئىشلىتىلىدۇ، ئادەتتە مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن تەييارلانغان مەھسۇلات «چۈژگۈن ئۈندۈرمىسى» ياكى «گۈز قوناق ئۈندۈرمىسى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (32.6 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] تەركىبىدە كراخمال، ئاقسىل، ياغ، كراخمال ئېنزىمى، ۋىتامىن B قاتارلىقلار بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان ۋە تالنى قۇۋۋەتلەش، تاماق سىڭدۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قورساق كۆپۈش، ھەزىم قىلىشنىڭ ناچارلىقى، تال ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. چۈژگۈن ئۈندۈرمىسىنى، پىننە، بەدىيان قاتارلىقلار بىلەن بىرگە قايناتىپ ئىچسە، تاماق سىڭمەسلىك، قورساق كۆپۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئىزخىر، كاسنە يىلتىزى، كاسنە ئۇرۇقى، چۈژگۈن ئۈندۈرمىسى 10 گرامدىن، سېمىزئوت ئۇرۇقىدىن بەش گرام. قائىدە بويىچە قايناتىپ ئىچسە، تالنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 8 ~ 20 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] قىزىلگۈل.
[ئورۇنباسارى] ئارپىبەديان.
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن چىقىدۇ.

## ماگنولىيە

厚朴 hou pu

[ئەرەبچە نامى]
[پارسچە نامى]
[ئوردۇچە نامى]
[لاتىنچە نامى] Cortex Magnoliae Officinalis
[ئىنگلىزچە نامى] Officinal Magnolia Bark
[تونۇش]

بۇ ماگنولىيە ئائىلىسىدىكى بىر خىل دەرەخ ماگنولىيە ۋە ئويمان يوپۇرماقلىق ماگنولىيە دەرىخى بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ قۇرۇتۇلغان قوۋزىقى «ماگنولنىيە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (32.7 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان ھەم تال قىزىتىش، يەل تارقىتىش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، تىنچلاندۇرۇش، كەڭ دائىرىدە باكتېرىيىگە قارشى تۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئاشقازان سوۇۇپ كېتىش، قورساق كۆپۈش، ھەزىم ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، كاناي ياللۇغى، زىققە قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. پوستى تۇرۇنجى، لاچىندانە ھىندى، دارچىن، قاقىلە، بەديان، پىننە، ماگنولىيە 10 گرامدىن، چالا سوقۇپ چايلىق قىلىپ ئىچسە، ئاشقازان سوۇۇپ كېتىش، ھەزىم ناچارلىق، قورساق كۆپۈشلەرگە شىپا بولىدۇ.

2. كەتىرا، روببى سۇس، ئەرەب يېلىمى، ماگنولىيىدىن 10 گرامدىن. سوقۇپ،

ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، كۆمىلاچ تەييارلاپ كۈندە 5~3 تال ئىچسە، زىققىغە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ماگنولىيە 10 گرام، رەۋەندىن يەتتە گرام، قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچسە، قەۋزىيەتكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 12 گرام.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] تالغا زىيان قىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] سۈيدۈكنى تۇتۇپ قويىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كاسىنە ئۇرۇقى.

[ئورۇنباسارى] قوۋزاقدارچىن.

[چىقىش ئورنى] يۈننەن، گۈيجۇ، ئەنخۇي قاتارلىق ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى بىخ سۇس.

## تاغ دىنى

(延胡索 yan hu suo)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Rhizoma corydalis Yanhusuo

[ئىنگلىزچە نامى] yanhusuo tuber

[تونۇش]

بۇ ئەپيۇن گۈلى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تاغ دىنىنىڭ شار شەكىللىك تۈگۈنەك غولىدىن ئىبارەت بولۇپ، «تاغ دىنى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (8.32 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان ـ ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، يەل تارقىتىش، ئاغرىق توختىتىش، قاننى جانلاندۇرۇش، توختاپ ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئاشقازان ئاغرىش، ھەيز ئاغرىتىپ كېلىش، زەخىملىنىش سەۋەبىدىن قان ئۇيۇپ

كۆكىرىپ، ئىششىپ قېلىش؛ چىقىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. جۇۋىنە، سۇزاپ ئۇرۇقى، بەديان، تاغ دېنىدىن 10 گرامدىن، قائىدە بويىچە سوقۇپ سۇيۇپ قىلىپ ئىچسە، ئاشقازاندىكى سوغۇق يەللەرنى تارقىتىپ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ.

2. گۈلسەۋسەن يەتتە گرام، تاغ دېنى 10 گرام، زەپەر 1.5 گرام، مىشكى تارىمۇش بەش گرام، قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچسە، قاننى جانلاندۇرۇپ، ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ.

3. تاغ دېنى يەتتە گرام، ئاغىچە بەش گرام، ئارچا مېۋىسى 10 گرام، قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچسە، ھەيزنى راۋان قىلىپ، ھەيز ئاغرىتىپ كېلىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ～ 12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] جۇۋىنە.

[چىقىش ئورنى] پەس تاغ، دەريا ۋادىلىرىدا، چاتقاللىق، ئورمانلىقلاردا بولىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن تېپىلىدۇ.

## يۇمىلاق قاقىلە

(草豆蔻 cao dou kou)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Semen Alpiniae katsumadai

[ئىنگلىزچە نامى] katsumada Galanga seed

[تونۇش]

بۇ زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك يۇمىلاق قاقىلە بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يۇمىلاق ئۇرۇقى «يۇمىلاق قاقىلە» ياكى «كىچىك قاقىلە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يۇمىلاق شار شەكىللىك ياكى ئېللىپس شەكىللىك بولۇپ، سىرتقى

يۈزى كۆل رەڭگە مايىل، تەمى ئاچچىق، خۇش پۇراق بولغانلىرى ياخشى ھېسابلىنىدۇ (32. 9 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقى ئالپىنىتىن (Alpinetin)، كاردامونىن (Cardamonin) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئاشقازان سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاجرىلىپ چىقىشىنى تېزلىتىپ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، تۇبېركۇلىيوزنى داۋالايدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازاننى قىزىتىش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، سوغۇق يەلنى تارقىتىش، بەلغەم بوشىتىش، تالنى قۇۋۋەتلەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

سوغۇقتىن بولغان ھەر خىل ئاشقازان ئاجىزلىقى، ھۆللۈكتىن پەيدا بولغان پۇت ـ قولنىڭ تېلىپ ئاغرىشى، بەلغەمنىڭ كۆپلۈكىدىن بولغان يۆتەل، ھۆللۈكتىن بولغان قۇسۇش، ئىچ سۈرۈش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. زەنجىۋىل، پىلپىل، پىننە، بەديان، يۇملاق قاقىلە قاتارلىقلاردىن 10 گرامدىن ئېلىپ چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، ئاشقازان تۈۋەنلەشكە شىپا بولىدۇ.

2. ئانار شەربىتى 250 گرام، بېھى شەربىتى 250 گرام، پىننە 60 گرام، قاقىلە 30 گرام، لاچىندانە 30 گرام، قەنت 500 گرامدىن، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ ئىچسە، ھەزىمنى ياخشىلاپ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1~3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] زەھەرسىز.

[ئورۇنباسارى] قاقىلە، لاچىندانە ھىندى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىش كۇمۇنى.

# ياۋا ئامۇت
(山梨 shan li)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Fructus Rosae Sericiae

[ئىنگلىزچە نامى] fruit of fourpetalrose

[تونۇش]

بۇ ھەقىقىي ئامۇتتىن كىچىكرەك ۋە قىسقىراق كەلگەن بىر خىل ئامۇت بولۇپ، بۇنىڭ مېۋىسى ناھايىتى كىچىك، سۈيى يوق ھەم قېرىق (10.32 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] مېۋىسى تەركىبىدە 10% قەنت، لىمون كىسلاتاسى، تاننىن كىسلاتاسى، ۋىتامىن C بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئاشقازاننى كۈچەيتىپ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشنى قايتۇرىدۇ، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان ـ ئۈچەينى كۈچەيتىپ، ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاش؛ ئىچنى قاتۇرۇش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، گۆش ئۈندۈرۈش، زەھەر قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئىچى سۈرۈش، ھەر خىل جاراھەت، كېكىردەك بوغۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ياۋا ئامۇتنىڭ قۇرۇقىنى سوقۇپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچسە، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

2. ياۋا ئامۇتنىڭ قۇرۇتۇلغىنىنى يۇمشاق ئېزىپ، ھۆل جاراھەتكە سەپسە، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇپ، گۆش ئۈندۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] پەيىنى بوشىتىدۇ، قولۇنجى ۋە توسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] ئاچچىق ئامۇت.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى پەۋاكىھ.

## پىچەكگۈل
(山药 shan yao)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Rhizoma Dioscoreae Opposirae

[ئىنگلىزچە نامى] Common Yam Rhizome

[تونۇش]

بۇ پىچەكگۈل ئائىلىسىدىكى يۆگەشمە ئۆسىدىغان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك پىچەكگۈلنىڭ يىلتىزسىمان غولىدىن ئىبارەت بولۇپ، «پىچەكگۈل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (32.11 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۆت ئىشقارى، پىچەكگۈل ئىشقارى (Batasine)، دوپامىن (Dopamine)، كراخمال 16%، كراخمال فېرمېنتى، قەنت ئاقسىلى، ۋىتامىن C قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] قان قەنتىنى تۆۋەنلىتىش، ئىممۇنىتېتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، يارىنىڭ پۈتۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، قېرىشقا قارشى تۇرۇش، ئاشقازان سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاجرىلىپ چىقىشىنى كۈچەيتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، يۈرەك، مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان، ئۈچەي، ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش؛ بۆرەك خىزمىتىنى ياخشىلاش، ساپ خىلت

هاسىل قىلىش، ئۆسسۈزلۈقنى پەسەيتىش، تالنى ساغلاملاشتۇرۇش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

دىئابېت، بەدەن ئاجىزلىقى، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، تال ئاجىزلىقى، ئۈزۈنغىچە ئىچى سۈرۈپ كېتىش، جىنسىي ئاجىزلىقتىن بولغان ئېھتىلام بولۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئالقات، نوقۇت، زاراڭزا چېچىكى، كاۋا مېغىزى، پىچەكگۈل قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سۈيۈپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، دىئابېتقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. جويۇز، بەسباسە، كۇندۇر، ئاقىرقەرھا، پىچەكگۈل ھەر بىرىنى ئىككى گرامدىن ئېلىپ، تالقانلاپ ئىچىپ بەرسە، ئاق خۇن كۆپ كېلىشكە شىپا بولىدۇ.

3. ئۈزۈم ئۈرۈقى 10 تال، نىشاستە، تاباشىر 5 گرامدىن، پىچەكگۈل 10 گرام، قائىدە بويىچە سۈيۈپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، ئىچ سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 12∼35 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئەزالارغا قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، بادام يېغى.

[ئورۇنباسارى]

[چىقىش ئورنى] گۈچۈڭ، كۇچا قاتارلىق جايلاردا ئۆستۈرۈلىدۇ.

## قۇلماق

(啤酒花 pi jiu hua)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Spica Humuli lupuli

[ئىنگلىزچە نامى] European Hopspike

[تونۇش]

بۇ كەندىر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق پېلەك تارتىپ ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك قۇلماق (ئۇيغۇرچە باشقىچە نامى «خىمبگۈل» ياكى «پىۋاگۈل»، خەنزۇچە《无忽布》

www.uyghurkitap.com

دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئانىلىق گۈل رېتى «قۇلماق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] قۇلماق تەركىبىدە گۇمۇلون (Humulone)، لۇپۇلون (Lupu－lone)، α ـ گومۇلېن قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] مىكروب ئۆلتۈرۈش، تىنچلاندۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش رولى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، تاماق سىڭدۈرۈش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىششىق قايتۇرۇش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەزىم بۇزۇلۇش، قورساق كۆپۈش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەر خىل ئىششىق، دوۋساق ياللۇغى، ئۆپكە سىلى، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قۇلماقتىن بەش گرام، بەدىياندىن 10 گرام ئېلىپ قايىنتىپ ئىچسە، ھەزىم بۇزۇلۇش ھەم قورساق كۆپۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. تەرخەمەك ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، ئوغرىتىكەن، قۇلماق قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ قايىنتىپ ئىچسە، سۈيدۈكنى ھەيدەيدۇ.

3. قۇلماق، ئەينۇلا، زىخ قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ قايىنتىپ، سۈيىنى ئىچسە، ئۇيقۇسىزلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ～ 4 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇقجان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل سۈيى، زىرە.

[ئورۇنباسارى] چۆجە، كاسنە ئۇرۇقى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۈزلەڭلىك رايونلىرىدا كۆپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] قۇلماق قايىنتىلمىسى.

# قوي قېرىنى
(羊胃 yang wei)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى]

[ئىنگلىزچە نامى] sheep's fripe

[تونۇش]

ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ھايۋان قوينىڭ قېرىنى بولۇپ، «قوي قېرىنى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ھەر 100 گرامىنىڭ تەركىبىدە 84 گرام سۇ، 7.1 گرام ئاقسىل، 7.2 گرام ياغ ۋە باشقا مىكرو ئورگانىزملار بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان ۋە ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈل ئېلىشىشنى توختىتىش، ماغدۇرسىزلىقتىن بولغان سوغۇق تەرلەشنى توختىتىش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

كۆڭۈل ئېلىشىش، سوغۇق تەرلەش، بەدەن ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قوينىڭ قېرىنىنى سۇدا پىشۇرۇپ، ئاچچىقسۇغا چىلاپ يېسە، كۆڭۈل ئېلىشىشنى توختىتىدۇ.

2. قوي قېرىنىنى قوي گۆشى بىلەن بىرگە كاۋاپ قىلىپ، ئۈستىگە يۇمشاق سوقۇلغان قارىمۇچ، ئاقمۇچ، پىلپىل قاتارلىقلارنى سېپىپ يېسە، بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆپ يېسە ئاشقازاننى سۇسلاشتۇرۇپ، كۆپ كېكىرتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بەدىيان، پىننە، دارچىن.

[ئورۇنباسارى] ئۆچكىنىڭ قېرىنى.

[چىقىش ئورنى] دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئاقمۇچ

(白胡椒 bai hu jiao)

[ئەرەبچە نامى] فلفل ابيض

[پارسچە نامى] پلپل سفيد

[ئوردۇچە نامى] مورچ سفيد

[لاتىنچە نامى] Fructus piperis albi

[ئىنگلىزچە نامى] White pepper

[تونۇش]

بۇ قارىمۇچ ئائىلىسىدىكى ياغاچ غوللۇق پېلەكلىك ئۆسۈملۈك قارىمۇچ مېۋىسىنىڭ پىشقاندىن كېيىن قىزارغان ۋاقتىدا پوستى ئېلىۋېتىلگەن، رەڭگى ئاق بولۇپ قالغان مېۋىسى بولۇپ، «ئاقمۇچ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (14 . 32 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى]

[فارموكولوگىيىلىك تەسىرى]

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ھەزىمنى ياخشىلاش، تارقىتىش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى ۋە ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەش، تەرلىتىش، بەدەننى قىزىتىش، ئىششىق تارقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، يۈرەكنى قوزغىتىش، پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، زەھەر قايتۇرۇش، باھنى قۇۋۋەتلەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەزىم ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، ئاشقازان تۆۋەنلەش، نېرۋا ئاجىزلىقى، چىش ئاغرىقى، سىيىق كېكىرىش، سوغۇقتىن بولغان دەم سىقىش، كۆكرەك ئاغرىقى، سۈيدۈك تۇتالماسلىق، باھ ئاجىزلىقى، بۆرەك ۋە بەدەن سوۋۇپ كېتىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئاقمۇچ، پىلپىل، زەنجىۋىلنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، سۈيۈپ قىلىپ

ئىچسە، تاماق سىڭدۈرىدۇ. يەل تارقىتىدۇ، سىيىق كېكىرىشنى يوقىتىدۇ.

2. ئاقمۇچنى، تۇخۇم سېرىقى بىلەن سۇيۇپ تەييارلاپ ئىچسە، بەدەننى قىزىتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. ئۇستىقۇددۇس 10 گرام، سازەج 15 گرام، سۇمبۇل 10 گرام، ئاقمۇچ 10 گرام، سۇيۇپ تەييارلاپ، كۈندە ئىككى ۋاخ 10~5 گرامغىچە ئىچسە، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 6~4 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بىنەپشە، نىلۇپەر.

[ئورۇنباسارى] زەنجىۋىل، پىلپىل.

[چىقىش ئورنى] ھىندىستاندىن ھەم ئېلىمىزنىڭ خەينەنداۋ ۋە يۈننەن ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىش كۈمۈنى.

# ئارپىبەدىيان يىلتىزى پوستى

(小茴香根皮 xiao hui xiang gen pi)

[ئەرەبچە نامى] قشراصل الرازيانج

[پارسچە نامى] پوست بيخ باديان

[ئوردۇچە نامى] سونف کے جڑ کے چھلکا

[لاتىنچە نامى] Cortex radicis Foeniculi

[ئىنگلىزچە نامى] Root—bork of Fennel

[تونۇش]

بۇ كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئارپىبەدىياننىڭ قۇرۇتۇلغان يىلتىز پوستى بولۇپ، رەڭگى ئاق رەڭدە، شەكلى سىلىندىرسىمان، تەمى بىر ئاز قېرىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ. «پوستى بىخ بەديان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (32.15 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] يىلتىزىدا ئۇچۇچان ياغ تۇتىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان ۋە ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتلىرىنى پىشۇرۇش، ئىششىق ۋە يەل تارقىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، توسالغۇلارنى ئېچىش، تاش پارچىلاش، سۈيدۈك ھەيدەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئۈچەي توسۇلۇش، بۆرەك - دوۋساق تېشى، سىزلۇق ئىششىق، ئاشقازان سوۋۇش، ئىستىرخا، پالەچ قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. پوستى بىخ بەدىيان 10 گرام، كەرەپشە يىلتىزى 10 گرام، تەرخەمەك ئۇرۇقى 7 گرام، بەدىيان 10 گرام، قائىدە بويىچە قايناتما تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، سۈيدۈك ھەيدەپ، بۆرەك، دوۋساقتىكى تاشنى چۈشۈرىدۇ.

2. قاقىلە 10 گرام، پوستى بىخ بەدىيان 10 گرام، بەدىيان 10 گرام، پىنىنە 7 گرام، قائىدە بويىچە سۈيۈپ قىلىپ ئىچسە، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ.

3. پوستى بىخ بەدىيان 10 گرام، بابۇنە 10 گرام، ئىكلىلملىك 7 گرام، بىخ سەۋسەن 7 گرام، قائىدە بويىچە قايىنىتىپ پىسسىپىنى ئىششىغان ئورۇنغا چاپسا، ئىششىق قايتۇرىدۇ.

4. ئارپىبەدىيان، سىرىقچېچەك ئۇرۇقى، ئارپىبەدىيان يىلتىز پوستى، قەردمانە قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قايىنىتىپ، سۈيگە ھەسەل قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، ئىستىرخا ۋە پالەچ كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 7 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بىنەپشە، نىلۇپەر.

[ئورۇنباسارى] كەرەپشە يىلتىزى پوستى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئىترىفىل بەدىيان، جاۋارىش كۇمۇنى.

# ئارپا ئۈندۈرمىسى
(麦芽 mai ya)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Fructus Hordei Germinatus

[ئىنگلىز نامى] Barley sprout

[تونۇش]

بۇ باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئارپىنىڭ دېنىنى سۇدا پاكىز يۇغاندىن كېيىن سۇزۇۋېلىپ، سېۋەت ياكى ياغاچ ساندۇقنىڭ ئىچىگە سېلىپ، ئاغزىنى بېسىپ پات ـ پات سۇ چېچىپ تۇرۇپ، دان 2~3 سانتىمېتىر ئۈنۈپ چىققاندا ئېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلۇپ، سارغايغۇچە ياكى قارايغۇچە قورۇپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل ئارپا ئۈندۈرمىسىدۇر (32.16 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئارپا ئۈندۈرمىسى تەركىبىدە كراخمال فېرمېنتى، ۋىتامىن B، ماي، فوسفورلۇق ماي، ئارپا ئۈندۈرمىسى قەنتى، گلۇكوزا قاتارلىقلار بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان ۋە ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، ھەزىمنى ياخشىلاش، سۈتنى كېسىش، ھەيزنى راۋان قىلىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

سېسىق كېكىرىش، قورساق كۆپۈش، ئىشتىھاسىزلىق، ھەيز نورمال بولماسلىق، سۈت كۆپىيىپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئارپا ئۈندۈرمىسى 4 گرام، زىرە 5 گرام، بەدىيان 5 گرام، قائىدە بويىچە سوقۇپ سۈيۈپ قىلىپ ئىچسە، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ.

2. ئارپا ئۈندۈرمىسى 3 گرام، بەدىيان 5 گرام، تەمرى ھىندى 3 گرام، ئەينۇلا

3 تال، مۇۋاپىق سۇدا دەملەپ ئىچسە، سىسىق كېكىرىش، قورساق كۆپۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ～ 4 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] قاننىڭ هارارىتىنى پەسلىتىدۇ، شۇڭا بالا ئېمىتىۋاتقان ياكى هامىلدار ئاياللارنىڭ ئىشلىتىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] خام زەنجىۋىل.

[ئورۇنباسارى] كۆكماش.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ هەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

## پىستىگۈل يىلتىزى

(太子参 tai zi shen)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Radix Pseudostellariae

[ئىنگلىزچە نامى] Differet Leaves Pseudostellaria Root Tuber

[تونۇش]

بۇ، چىنىگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك پىستە گۈلىنىڭ تۈگۈنەك يىلتىزىدىن ئىبارەت (32.17 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] Palmitaldehyde، linolic acid، 1—linolic aicd glyceridi، 2— β—sitosterol، minaline، ئۇنىڭدىن باشقا مېۋە قەنتى، كۆپ خىل ئامىنو كىسلاتاسى، مىكرو ئېلېمېت مانگان قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] لىمفا هۈجەيرىسىنىڭ كۆپىيىشىدە روشەن غىدىقلاش تەسىرىگە ئىگە.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان ۋە ئۈچەينى ياخشىلاش، ئىشتىھانى ئېچىش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئىشتىھاسىزلىق، ماغدۇرسىزلىق، كۆپ ئۇسساش، نەپەس سىقىلىش، قۇرۇق يۆتەل، نېرۋا ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. پىستىگۈل يىلتىزى، بەديان، لاچىندانە، قەلەمپۇر 10 گرامدىن، قاقىلە بەش گرام، قاينىتىپ ئىچسە، ئاشقازاننى ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. زۇپا، پەرسىياۋشان 10 گرامدىن، ئەنجۇر مونىكى ئۈچ دانە، پىستىگۈل يىلتىزى سەككىز گرام، قائىدە بويىچە كاشكاپ تەييارلاپ، كۈندە ئىككى ۋاخ 20 مىللىلىتىردىن ئىچسە، نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10~20 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئەزالارغا قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل سۈيى.

[ئورۇنباسارى] ئادەمگىياھ.

[چىقىش ئورنى] تاغ باغرى ۋە تاش يېرىقلىرىدا ئۆسىدۇ، خېنەن، خۇبېي، خۇنەن قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] پىستىگۈل قاينىتىلمىسى.

## جىغان مېۋىسى

(沙棘 sha ji)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Fructus Hippophae

[ئىنگلىزچە نامى] Seabuckthorn Fruit

[تونۇش]

بۇ جىگدە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ جىغان ئۆسۈملۈكىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، «جىغان مېۋىسى» ، نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېۋە ئېتى مايلىق، سىلىق، يۇمشاق كېلىدۇ، رەڭگى توق قىزىل رەڭدە، شار شەكىللىك، ئىچىدىن ئۇرۇق چىقىدۇ، مېغىزى ئاق مايلىق، ئازراق پۇراقلىق.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئىشتىھانى ئېچىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ھۆلنى پەسەيتىش، جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلاش، كۆڭۈلنى ئېچىش، يۆتەل توختىتىش، بەلغەم بوشىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىششىقلارنى تارقىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەزىم ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، يۆتەل، جىگەر قېتىشىشتىن بولغان سۇلۇق ئىششىق، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. جىغان سۈيىگە بىر گرام زەپەر قوشۇپ كۈندە ئىككى ۋاخ ئىچىپ بەرسە، سۈيدۈك ھەيدەپ، ئىششىق قايتۇرىدۇ. جىگەرنى يۇمشىتىدۇ.

2. ھۆل جىغان سۈيىنى كۈندە 10 مىللىلىتىردىن ئىچسە، جىگەر ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، كۆڭۈل ئاينىشقا شىپا بولىدۇ.

3. جىغان مېۋىسى، بىھى، ئالما قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سۈيىنى چىقىرىپ ئىچسە، كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە قۇسۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 9 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] يۆتەلگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بادام مېغىزى، سەرپىستان.

[ئورۇنباسارى] زىرىخ.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىن كۆپرەك چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] جىغان شەربىتى.

# قاقىلە

(草果 cao guo)

[ئەرەبچە نامى] قاقلەكبار

[پارسچە نامى] هيل كلان

[ئوردۇچە نامى] الائچى كلان

[لاتىنچە نامى] Fructus Tsaoko

[ئىنگلىزچە نامى] Tsao—ko Amonum Fruit

[تونۇش]

بۇ زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 2 ~ 3 مېتىرغىچە ئۆسىدىغان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك (بۇ ئۆسۈملۈك ئىككى خىل بولىدۇ، ئۇنىڭ بىر خىلى چوڭراق كېلىدۇ. بۇ ئادەتتە «چوڭ قاقىلە» دېيىلىدۇ، يەنە بىرى كىچىكرەك كېلىدۇ. بۇ «كىچىك قاقىلە» دېيىلىدۇ)، چوڭ قاقىلىنىڭ قۇرۇتۇلغان پىشىق مېۋىسى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى «قاقىلە»، «قاقىلە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (32.19 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] قاقىلە تەركىبىدە %3 ئەتراپىدا ئۇچۇچان ماي بار، ئۇندىن باشقا كراخمال، ماي قاتارلىقلار بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان، ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، تاماق سىڭدۈرۈش، كېكىرتىش، قورساقتىكى يەلنى تارقىتىش، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئاشقازان، يۈرەك، مېڭە ئاجىزلىقى، ھەزىم ناچارلىقى، كۆڭۈل ئېلىشىش، ئىچى سۈرۈش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قاقىلەنى قورۇپ ئىستېمال قىلسا، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

2. قاقىلەنى خولىنجان يوپۇرمىقى بىلەن قوشۇپ سوقۇپ، سۈپۈپىنى چىش مىلىكىگە سەپسە، چىش مىلىكى بوشاش، ئېغىز ئىچى مۇدۇر چاقىلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. قاقىلە 10 گرام، لاچىندانە ھىندى، گۈل دارچىن، پىننە يەتتە گرامدىن، بەدىيان

10 گرام، قائىدە بويىچە چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، ھەزىمنى ياخشىلاپ، يەل ھەيدەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5~10 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۈچەيگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەترا.

[ئورۇنباسارى] كىچىك لاچىندانە، كاۋاۋچىن.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ يۈننەن، گۇيجۇ، گۇاڭشى قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن ھەمدە ھىندىستان، نېپال قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[قوشۇمچە] كىچىك لاچىندانە: بۇنى خەنزۇچە bai dou kou 白豆蔻، لاتىنچە Amomumcardamomum دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق، بۇ يەل تارقىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، قىزىتىش، مىزاجنى تەڭشەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى ئاساسلىقى قۇسۇشنى توختىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، ئاشقازان ئاغرىقىنى توختىتىش، قورساق كۆپۈپ، مەيدە چىڭقىلىشلارنى بوشىتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ، ھاراق بىلەن زەھەرلەنگەندە زەھەر قايتۇرىدۇ، ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك ئىشلىتىش مىقدارى 1 ~ 3 گرام بولۇپ، كۆپىنچە سۇيۇپ قىلىپ ئىچىلىدۇ.

## قىزىلچا

(甜菜根 tian cai gen)

[ئەرەبچە نامى] سلق

[پارسچە نامى] سلق

[ئوردۇچە نامى] چقندر

[لاتىنچە نامى] Radix Betae

[ئىنگلىزچە نامى] Common Beet Root

[تونۇش]

بۇ لويلا ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 60 ~ 120 سانتىمېتىرغىچە ئۆسىدىغان ئىككى يىللىق ياكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك قىزىلچا (ئەسلى ئۆسۈملۈكى 糖萝卜罗 Beta Vulgaris بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «قىزىلچا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يىلتىزى ئەتلىك، توم بولۇپ، سەۋزىگە ئوخشايدۇ، سىرتقى يۈزى سۆسۈنگە



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

مايىل قىزىل ياكى ساغۇچ ئاق رەڭلىك، تەمى تاتلىق، پۇراقلىق (32 .20 ـ رەسىم) .

[خىمىيىلىك تەركىبى] قىزىلچىنىڭ تەركىبىدە قىزىلچا ئالكالوئىدى (Betaine) ، 18~20% قەنت تۇتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى قومۇش شېكىرى ئاز مىقداردا گلۇكوزا، مېۋە قەنتى ۋە چېگىت قەنتى، پېنتوزان (Pentasan) ، مېۋە يېلىمى، تالالىق ماددا، كراخمال، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆپ خىل ئامىنو كىسلاتا، ئورگانىك كىسلاتا، سۇدا ئېرىيدىغان ۋىتامىن قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] يىلتىزىدا ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش تەسىرى بار. بۇنىڭ ئۈنۈملۈك تەركىبى قىزىلچا ماددىسى (Betiń) بولۇپ، بۇ ئېھتىمال قىزىلچا ئىشقارىدىن ئىبارەت بولسا كېرەك، زەھەرسىز، پۈتۈن چۆپنىڭ مۈشۈككە نىسبەتەن مەددە قۇرتىنى ئۆلتۈرۈش تەسىرى بار. ئۇنىڭ باكتېرىيىگە قارشى تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان، ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، ئىچنى يۇمشىتىش، تېرىگە جۇلا بېرىش، ئىششىق ياندۇرۇش، قان كۆپەيتىش، بەلغەم بوشىتىش، پەينى چىگىتىش، بەدەننى ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئاشقازان، بۆرەك ۋە بەدەن ئاجىزلىقى، قان ئازلىق، بۆرەك ۋە مەقئەت كېسەللىكلىرى، مۇپاسىل، ئۇششاق بوغۇملار ئاغرىقى، لەقۋا، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، چىش ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قىزىلچىنى گۆش بىلەن ياكى ئۆزىنى يالغۇز پىشۇرۇپ يېسە، ئوزۇق بولىدۇ، ئىچنى يۇمشىتىدۇ، قاينىتىپ سۈيى بىلەن باشنى يۇسا، باشنىڭ كېپەكلىشىشىنى يوقىتىدۇ ۋە پىتلەرنى ئۆلتۈرىدۇ، يوپۇرمىقىنى قايتا ـ قايتا قاينىتىپ پۇت ـ قوللارنى يۇسا، پۇت ـ قول يېرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ.

2. خېنە يوپۇرمىقىنى قىزىلچا بىلەن قوشۇپ ئېزىپ چاچقا سۈركىسە، چاچ ئۇندۇرىدۇ، تېرىنى چىرايلىق، يۇمران قىلىدۇ.

3. قىزىلچىنى سىركە ۋە قىچا بىلەن قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىپ ئىششىق ياندۇرىدۇ.

4. 15 گرام قىزىلچا يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى ھەسەل بىلەن قوشۇپ تەمرەتكە، سۆگەل، بەھەق، داغ ۋە سەپكۈنلەرگە چاپسا پايدا قىلىدۇ.

5. قىزىلچىدىن 10 گرام، قىچا يەتتە گرام، ئاچچىقسۇدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئىچىپ بەرسە، يەلدىن بولغان ئۇچەي توسۇلۇشقا پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 40 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆپ ئىستېمال قىلسا ئىشتىھانى كېمەيتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئەينۇلا، تەمرى ھىندى.

[ئورۇنباسارى] چامغۇر، سەۋزە.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىش زەرئۇنى.

## توخۇ تاشلىقى پوستى

(鸡内金 ji nei jin)

[ئەرەبچە نامى] قانصه

[پارسچە نامى] سنگ دان مرغ، چینه دان

[ئوردۇچە نامى] سنگدان

[لاتىنچە نامى] Endothelium Coreneum Gigeriae Galii

[ئىنگلىزچە نامى] Chicken's Gizzard—membrane

[تونۇش]

بۇ قىرغاۋۇل ئائىلىسىدىكى ھايۋانات ئۆي توخۇسىنىڭ تاشلىق خالتىسىنىڭ يۇيۇپ تازىلاپ قۇرۇتۇلغان ئىچكى پەردىسى بولۇپ، بۇ ئۆلچەمسىز سوقىچاق شەكىللىك پۈرمە سىزىقچىلىرى بار، سىرتقى يۈزى سارغۇچ قوڭۇررەڭدە، تەمى ئاچچىق، ئازراق پۇراقلىق، بۇ ئادەتتە «توخۇ تاشلىقى پوستى» ياكى «قانسە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (21.32 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ۋىنتىسۇلىن بىلەن ئاقسىلدىن تەركىب تاپقان.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] توخۇ تاشلىقىنى ئىنسانلار ئىستېمال قىلسا، ئاشقازان سۈيۈقلۇقى مىقدارى، كىسلاتالىق دەرىجىسى ۋە ھەزىم قىلىش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.



www.uyghurkitap.com

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان، ئۈچەي ۋە تالنى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىھانى ئېچىش، سۈيدۈك قېتىم سانىنى ئازايتىش، يەل تارقىتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئاشقازان ئاجىزلىقى، تاماق سىڭمەسلىك، قورساق كۆپۈش، بالىلاردىكى سوزۇلما خاراكتېرلىك ھەزىم بۇزۇلۇش، بالىلاردىكى سىيگەكلىك كېسىلى، ئىچى سۈرۈش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئاقمۇچ، قانىسە، زىرە، بەدىيان، پىننە 10 گرامدىن، قائىدە بويىچە سۈپۈپ قىلىپ ئىچسە، ئاشقازان مەنبەلىك ئىچى سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. قانىسەنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سوقۇپ كىچىك بالىلارغا ئىچۈرسە، ھەزىم بۇزۇلۇش ۋە سىيگەكلىككە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. بەدىيان، قانىسە، بەسباسە، پىننە 10 گرامدىن، مەستىكى رۇمى يەتتە گرام، قائىدە بويىچە چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، ئىشتىھانى ئاچىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۈچەيگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، بادام يېغى.

[ئورۇنباسارى] ئۆردەك تاشلىقى پوستى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە ئورۇنلىرىدىن تېپىلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى قانىسە، سۈپۈپى قانىسە.

## پىننە

(藿香 huo xiang)

[ئەرەبچە نامى] نعناع، فودنج

[پارسچە نامى] هزارپایه

[ئوردۇچە نامى] پودینه

[لاتىنچە نامى] Herba Agastaches Rugosae

www.uyghurkitap.com

[ئىنگلىزچە نامى] Wrinkled Gianthyssop Herb

[تونۇش]

بۇ كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك باغ پىنىسىنىڭ پۈتۈن چۆپىدىن ئىبارەت. رەڭگى قېنىق يېشىل رەڭدە، تەمى ئاچچىق بولۇپ، خۇش پۇراق كېلىدۇ (22.32 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاساسلىقى ئۇچۇچان ماي بار، ئۇنىڭدىن باشقا مېتىل خاۋىكول (Metyl chvicol)، بۇ 80% تىن يۇقىرى، ئانېتول (Anethole)، ئانىس ئالدېھىد (Anis aldehyde) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] باكتېرىيىگە، زەمبۇرۇغقا قارشى تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان ۋە ئۈتنى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىھانى ئېچىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش، بەدەننى قىزىتىش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، قاننى سۇيۇلدۇرۇش، سوغۇق ماددىلارنى تارقىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، باھنى قۇۋۋەتلەش ۋە ئاغرىق پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى، قۇلاق ئاغرىقى، يۈرەك ئاغرىقى، ھېق تۇتۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، سۈيدۈك ھەيز ۋە راۋان بولماسلىق، يۇقۇملۇق ئىچ سۈرۈش، باھ ئاجىزلىقى، بوۋاسىر، ئۇرۇقدان ئىششىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قاقىلە، بەدىيان، ئوغرىتكەن، پىنىنە 10 گرامدىن ئېلىپ سوقۇپ چايلىق قىلىپ ئىچىپ بەرسە، تولا ھېق تۇتۇشقا شىپا بولىدۇ.

2. ئانار شەربىتى 250 گرام، بېھى شەربىتى 250 گرام، پىنىنە 60 گرام، قاقىلە 30 گرام، لاچىندانىدىن 30 گرام ئېلىپ، شەربەت تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ.

3. سانا 10 گرام، خىيارشەنبەر 15 گرام، بادام مېغىزى بىلەن پىنىنىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ، مەتبۇخ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3∼6 گرام.
[زىيانلىق تەسىرى] يەل پەيدا قىلىدۇ، گالنى قىچىشتۇرىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] كەرەپشە، نېلۇپەر، بىنەپشە.
[ئورۇنباسارى] يالپۇز (پۇدىنە)، پىلپىل، زىرە.
[چىقىش ئورنى] ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] پىننە گۈلقەنتى، پىننە شەربىتى.

## جۇۋىنە

(阿育魏实 a yu wei shi)

[ئەرەبچە نامى] كمون ملوكى
[پارسچە نامى] نانخوا
[ئوردۇچە نامى] اجوائن ديسى
[لاتىنچە نامى] Fructus Trachyspermi ammi
[ئىنگلىزچە نامى] Sinking Trachyspermum Fruit
[تونۇش]

بۇ كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك جۇۋىنەنىڭ پىشقان ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، «نانخا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ شەكلى ئۇششاق، ياپىلاق، رەڭگى كۈل رەڭگە مايىل قوڭۇر، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ (23.32 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقى تەركىبىدە 3∼4% كىچە ئۇچۇچان ماي بار، ئۇچۇچان مېيىدا ئاساسلىقى تېمول (Thymol) بولۇپ، بۇ 30∼40% نى ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 30% كىچە ماي، 16% ئەتراپىدا ئاقسىل بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] تېمول ئېغىز بوشلۇقى، كاناي شىللىق پەردىلىرىگە نىسبەتەن باكتېرىيە، زەمبۇرۇغ ئۆلتۈرۈش تەسىرىگە ئىگە، قۇرت يېگەن چىشلاردا چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ناركوز قىلىش تەسىرى بار. يەنە تېرىدىكى يىرىڭلىق يۇقۇملىنىش، زەمبۇرۇغ بىلەن يۇقۇملىنىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. يەنە ئىلمەك باشلىق قۇرتنى چۇشۇرۇش رولى بار. مىقدارى كۆپ بولسا قورساق ئاغرىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش،

سۇمۇرۇلگەندىن كېيىن يەنە مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى قوزغىلىش قاتارلىق ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. لېكىن تارتىشىش ناھايىتى ئاز يۈز بېرىدۇ، جۇۋىنە ئۇرۇقىنىڭ مىيىدا %30 ئېمول بار بولۇپ، سازاڭ قۇرتىنى زەھەرلەيدۇ. ئىسپىرتلىق ئېرىتمىسى (1 . 10 نىسبەتتىكى) ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە، چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىلىرىنى تورمۇزلايدۇ. سۇيۇق-لاندۇرۇلمىسى بەلغەم بوشاتقۇچى قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان، ئۈچەي، باھ ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، سېزىمگە ياردەم بېرىش، يەل تارقى-تىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، پارقىرىتىش، ئىشتىھانى ئېچىش، قورساقتىكى قۇرتنى ئۆلتۈرۈش، تارتىشىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋان قىلىش، سۈت كۆپەيتىش، ئىششىق قايتۇرۇش، تەرلىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، ئاشقازان تۈۋەنلەش، قورساق كۆ-پۈش، پالەچ، رەئشە، پەي ۋە باھ ئاجىزلىقى، كۆكرەك ئاغرىقى، ھېق تۇتۇش، قۇسۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش، بەھەق، بەرەس، سۈيدۈكنىڭ تەستە كېلىشى، بۆرەك ۋە سۈيدۈك يوللىرىدا تاش پەيدا بولۇپ قېلىش، ئىشتىھاسىزلىق، تولا كېكىرىش، يەلدىن بولغان قورساق ئاغرىقى، ئۈچەي ئاغرىقى، ئىچى سۈرۈش، ھەيز توسۇلۇش، سۈت كەملىك، قورساقتا سۇ چۇشۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. 10 گرام جۇۋىنەنى قورۇپ، بەدىيان، پىنىدىن بەش گرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، كۈندە ئىككى ۋاخ ئىچسە، ھەزىم ئاجىزلىقىدىن بولغان ئىسھالغا شىپا بولىدۇ.

2. ئارپىبەدىيان، روم بەدىيان، جۇۋىنىلەردىن 10 گرامدىن ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ سوقۇپ، چايلىق قىلىپ ئىچسە، يەل تارقىتىدۇ.

3. خولىنجان، جۇۋىنە بەش گرامدىن سوقۇپ تاماقتا سېلىپ ياكى كاۋاپقا سېپىپ يېسە، تولا كېكىرىشكە شىپا بولىدۇ.

4. 10 گرام جۇۋىنەنى يۇمشاق سوقۇپ 30 گرام ئەينۇلا مۇراببىسىغا ئارىلاشتۇرۇپ، كۈندە بىر قېتىم يەپ بەرسە ئىشتىھانى ئاچىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئۈچ گرامغىچە.
[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، بىنەپشە.
[ئورۇنباسارى] سىيادان، كەرەپشە ئۇرۇقى.
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ ھەم ئەرەبىس-
تان، ئىران، ئافغانىستان قاتارلىق ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى نانخا.

## شاخار

(碳酸钠 tan suan na)

[ئەرەبچە نامى]
[پارسچە نامى]
[ئوردۇچە نامى]
[لاتىنچە نامى] Natrium Carbonate Crudum
[ئىنگلىزچە نامى] Sodium
[تونۇش]

بۇ ئۆشنان دېگەن ئۆسۈملۈكنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق ئېلىنىدىغان نەرسە بولۇپ، ئالدى بىلەن يەرنى بىرئاز كولاپ ھۆل ئۆشنان ئۆسۈملۈكىنى كولانغان ئورەككە توپلاپ، ئۈستىگە قۇرۇق يانتاق چاۋالارنى قويۇپ ئوت يېقىلسا، ئۆشناندىن ئاققان ھۆللۈك ئورەككە يىغىلىپ توڭلايدۇ، ئۆشناندا ھۆللۈك قانچە كۆپ بولسا، شاخارمۇ شۇنچە كۆپ چىقىدۇ. بۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى رەڭگى قارا تەرەپكە مايىل، ساپ، پارقىراق، تۆگمەن تېشىغا ئوخشاش بولغىنىدۇر. ئادەتتە مۇشۇ ئۆسۈملۈكتىن يۇقىرىقى ئۇسۇل بىلەن تەييارلانغان قېتىشما «شاخار» ياكى «قەلا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.
[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاساسلىقى ناترىي كاربونات بولۇپ، تازىلانمىغىنى زەھەرلىك.
[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئاساسلىقى ھەزىمنى ياخشىلايدۇ.
[تەبىئىتى] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان ۋە ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، جاراھەتلەردىكى ئارتۇق، بۇزۇق گۆشلەرنى يوقى-

www.uyghurkitap.com

تىش؛ بەدەننى قىزىتىش، كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىش، ئىششىق تارقىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، كۆپ قۇسۇش، سۆگەل، ناسۇر، ئاقكېسەل، قوتۇر، تاز، ھەر خىل چاقا، تال ئىششىقى، كۆزگە ئاق چۈشۈش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. شاخارنى يەتتە قېتىم سۇدا ئېرىتىپ يۇيۇپ تېگىگە چۆككەن چۆكمىسىدىن 0.1 گرام يەپ بەرسە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، تاماق سىڭدۈرىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، قۇسۇشنى توختىتىدۇ.

2. شاخارنى يەتتە قېتىم سۇدا ئېرىتىپ، يۇيۇپ تېگىگە چۆككەن چۆكمىسىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ھايۋاناتلارنىڭ كۆزىگە سەپسە، ھايۋانلارنىڭ كۆزىدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ.

3. شاخارنى يەتتە قېتىم سۇدا ئېرىتىپ، يۇيۇپ تېگىگە چۆككەن چۆكمىسىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، جاراھەتلەرگە چاپسا، ئۆلۈك گۆشلىرىنى يەيدۇ. سۆگەل، ناسۇر، بەرەس، قوتۇر، تاز، چاقىلار ئۈچۈن مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.1 گرام ئەھۋالغا قاراپ بېرىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سېرىقماي، سۈت.

[ئورۇنباسارى] ناترىي كاربونات.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جاڭگاللىرىدىن چىقىدۇ. ئادەتتە ئۆتۈن ئورنىدىمۇ ئىشلىتىدۇ.

[قوشۇمچە] شاخارنىڭ ئىككى گرامى ئادەم ئۆلتۈرىدۇ، ئارتۇق ئىشلەتمەسلىك لازىم.

## مەستىكى رۇمى

(洋乳香 yang ru xiang)

[ئەرەبچە نامى] مصطكى، علك رومى

[پارسچە نامى] كندررومى

[ئوردۇچە نامى] مصطكى رومى

[لاتىنچە نامى] Mastiche

[ئىنگلىزچە نامى] Mastico resene

[تونۇش]

بۇ سىر دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ ياۋا پىستە دەرىخى (pistacia lentisus) دىۋرقاي يېلىمى بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ يېلىمى «مەستىكى» ياكى «مەستىكى رۇمى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۇششاق، قاتتىق مونەكچىلەر بولۇپ، سىرتقى كۆرۈنۈشى رەڭسىز، يېرىم سۈزۈك، پارقىراق، بىر ئاز كونىرىغىنى، سۇس سارغۇچ رەڭلىك، پارقىرمايدۇ، ئۆزى چۈرۈك، تەمى ئاچچىق، دانـ ـلىق، خۇش پۇراق كېلىدۇ (32.25 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] مەستىكى رۇمىنىڭ تەركىبىدە ئاساسلىقى رېزىنا كىسلاتاسى، رېزىنا ھىدروكاربون بىرىكمىلىرى ۋە ئۇچۇچان ماي بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان، ئۈچەي، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش؛ يۇمشىتىش، يەل تارقىتىش، پارقىرىتىش، ئىششىق تارقىتىش، تۇتۇش، قان كۆپەيتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، بەدەننى ۋە رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىش، چىش مىلىكىنى چىڭىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئاشقازان بوشىشىپ كېتىش، قۇسۇش، ئىچى سۈرۈش، قورساق ئېسىلىش، ھەزىم بۇزۇلۇش، گال ئىششىقى، ئېغىز سېسىق پۇراش، چىش مىلىكى ياللۇ-غى، بالدۇر مەنىي يۈرۈپ كېتىش، سىيىپ يېتىش قاتارلىقلارنى ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مەستىكى، ئىكلىلمىلىك، جاۋاشىرلاردىن ھەر بىرىدىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ سوقۇپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، گال ئىششىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. پىلپىل، جۇۋنە بەش گرامدىن، مەستىكى رۇمىدىن 10 گرامدىن، قائىدە بويىچە سۇپۇپ تەييارلاپ ئىچسە، ئاشقازان بوشىشىپ كېتىش، ھەزىم ناچارلىشىش، تاماق يېگەندە قۇسۇش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. كۇندۇر، مەستىكى، بەسباسە يەتتە گرامدىن، سۇمبۇل ئالتە گرام، ئاقىرقەرھا يەتتە گرام، سۇپۇپ تەييارلاپ ئىچسە، بالدۇر مەنىي يۈرۈپ كېتىش، سىيىپ يېتىشلارغا

مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. مۇۋاپىق مىقداردىكى مەستىكى رۇمىنى كەھرىۋا بىلەن بىرگە سوقۇپ، سۈيۈپ قىلىپ ئىچسە، ئىچكى ئەزالاردىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] تۆت گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] دوۋساقىقا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، سىركە.

[ئورۇنباسارى] كۇندۇر.

[چىقىش ئورنى] تۈركىيە، قىبرىس ئارىلى، مىسىر، سۇرىيە، تۇنىس ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىش مەستىكى، جاۋارىش جالىنۇس.

## كۇلى بىھىسى

(木瓜 mu gua)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Fructus chaenomelis Speciosae

[ئىنگلىزچە نامى] Common Flowering Quine Fruit

[تونۇش]

بۇ ئەترگۈل ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ياكى كۇلى بىھىسىنىڭ قۇرۇتۇلغان پىششىق مېۋىسى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى «كۇلى بىھىسى» ياكى «سۇقا بىھى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (26.32 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] كۇلى بىھىسىنىڭ تەركىبىدە ئالما كىسلاتاسى (Malic acid)، (Citric acid)، تارتارىك كىسلاتاسى (Tartaric acid)، مېۋە كىسلاتاسى، ۋىتامىن C، Loni Cerin، Epicatichin قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. جىگەرنى قوغداش تەسىرى.

2. باكتېرىيىگە قارشى تۇرۇش تەسىرى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

3. ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاش تەسىرى.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان ۋە ئۈچەي خىزمىتىنى ياخشىلاش، پەيىنى بوشىتىش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئاشقازان ياللۇغى، قۇسۇش، ئىچى سۈرۈش، پاچاق مۇسكۇللىرى تارتىشىپ قىلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۆلى بېھى 15 گىرام، ئارپىبەديان 10 گىرام، خام زەنجىۋىل سەككىز گىرام، قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچسە، ئۆتكۈر ئاشقازان ياللۇغى، قۇسۇش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. كۆلى بېھىسى 10 گىرام، ئانار گۈلى، ئانار پوستىنى سەككىز گىرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، ئىچى سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 6 ~ 12 گىرام.

[زىيانلىق تەسىرى] باھنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئاقىرقەرھا، تۇخۇم سېرىقى.

[ئورۇنباسارى] يەرلىك بېھى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ئەنخۇي، جېجياڭ، خۇبېي، سىچۇەن، قەشقەر قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇپۇپى گۈلنار.

## پىياز

(葱白 cong bai)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Bulbus Allii Fistulosi

[ئىنگلىزچە نامى] Fistular Onion Bulb

[تونۇش]

بۇ گۈلساماق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك پىيازنىڭ بېشىدىن ئىبارەت بىر خىل ئوتياش بولۇپ، بۇ ئوتياشنىڭ يىلتىزسىمان غولى «باشپىياز» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. پىيازنىڭ بېشى سەل ياپىلاق شار شەكىللىك ياكى يۇمىلاق شەكىللىك كېلىدۇ. سىرتقى كۆرۈنۈشى ئاقۇش ياكى سۇس قوڭۇر رەڭلىك، قەۋەتلىك، ئۆتكۈر پۇراقلىق كېلىدۇ (27.32 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان، ئۈچەي، بۆرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش؛ ئىشتىھا تارقىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، بەلغەم بوشىتىش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باھ ئاجىزلىقى، ھوشسىزلىق، يۈرەك كېسىلى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەيز كەلمەسلىك، كالتە يۆتەل، يۇقۇملۇق ئىچى سۈرۈش، كۆرۈش كۈچى ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. پىيازنى ئورنىدا قاينىتىپ ئىچسە، سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشكە پايدا قىلىدۇ، خام يېسە ھەيز ۋە سۈيدۈكنى ھەيدەپ، تەرەتنى يۇمشىتىدۇ.

2. پىيازنىڭ سۈيىگە ھەسەل قوشۇپ ئىچسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئوتقا كۆمۈپ پىشۇرۇپ سۈيىنى چىقىرىپ، ھەر خىل ئىششىق، بەھەق ۋە بەرەسكە سۈركىسە پايدا قىلىدۇ.

3. پىياز سۈيىدىن كۆزگە ئىككى قوشۇق ئىچىپ بەرسە، يۈرەك كېسەللىرىگە پايدا قىلىدۇ.

4. پىيازنى ئوتقا كۆمۈپ ئىلمان قىلىپ يەرلىك ئورۇنغا تېڭىلسا ئىششىق قايتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] سۈيىدىن 20～30 مىللىلىتىر.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ، مېڭە ۋە بەدەندە يەل پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سىركە، تۇز، ھەسەل، ئانار سۈيى.

[ئورۇنباسارى] كۈدە.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

# لاچىندانە چىنى
(豆蔻 dou )

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Fructus Amomi Rotundus

[ئىنگلىزچە نامى] Java amomum Fruit

[تونۇش]

بۇ زەنجۇىل ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك لاچىندانىنىڭ قۇرۇتۇلغان پىششىق مېۋىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، رەڭگى ئاق سېرىققا مايىل، دادۈر چوڭلۇقىدا، تەمى ئاچچىق، كۆز ۋە قىش پەسلىدە مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىپ قۇرۇتۇلىدۇ (32.28 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇچۇچان ماي، قارىغاي ماي ئىسپىرتى (terpineol).

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئۆتنى ھەيدەش تەسىرى، زىققىنى بېسىش تەسىرى، تاشنى ئېرىتىش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ئېغىزنىڭ بەتبۇيلۇقىنى يوقىتىش، ئىشتىھانى ئېچىش، يەل تارقىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئاشقازان ۋە جىگەر ئاجىزلىقى، ئېغىز پۇراش، ئىشتىھاسىزلىق، يەل ماگماسلىق، ھىق تۇتۇش، قورساق ئېسىلىش، كۆڭۈل ئايىنىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سۇمبۇل ھىندى، گاۋزىبان ھىندى، لاچىندانە چىنى، رەيھان ئۇرۇقى، ئۇستقۇدۇس قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، چاي دەملەپ ئىچىپ بەرسە، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. قارىمۇچ، پىلپىل، زەنجۇىل 15 گرامدىن، ئارپىبەدىيان، رۇم بەدىيان، لاچىندانەچىنى 10 گرامدىن؛ قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ ھەسەل بىلەن مەجۇن تەييارلاپ،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىستېمال قىلسا ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5~10 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] لاچىندانە ھىندى.

[چىقىش ئورنى] جۇڭگودىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىش كۇندۇر.

## زەنجىۋىل[①]

(干姜 gan jiang)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىنى تەڭشەش، ئاشقازان، باھ، پەيىنى قۇۋۋەتلەش، تەرلىتىش، ئۈندىن باشقا نېرۋىلارنى قوزغىتىش، ئىشتىھانى ئېچىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش، سۈت، مەنىي پەيدا قىلىش، جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى يوقىتىش، قان توختىتىش، چاچ ئۈندۈرۈش.

## رۇم بەدىيان[②]

(洋茴香 yang hui xiang)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەش، ئاشقازان ـ ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىنى پىشۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ماددىلارنى يۇمشىتىش، يەل تارقىتىش، ئۈندىن باشقا تېرىنى پارقىرىتىش، ئاغرىق توختىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، سۈت كۆپەيتىش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش.

---

① تەپسىلاتى 1 ـ باب 3 § غا قاراڭ

② تەپسىلاتى 1 ـ باب 3 § غا قاراڭ

## قەلەمپۇر①

(丁香 ding xiang)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان ۋە ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، تىنچلاندۇرۇش، تېرىنى قىزارتىش، قاننى قېزدىتىش، خۇشبۇي قىلىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، ئىشتىھانى ئېچىش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، يەل تارقىتىش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، باھنى قۇۋۋەتلەش.

## قارىمۇچ②

(黑胡椒 hei hu jiao)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تەرلىتىش، ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىنى تەڭشەش، ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش، ئۈندىن باشقا بەلغەم بوشىتىش، پەي ۋە مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، چىرايىنى پارقىرىتىش، بەدەننى قىزىتىش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، يۈرەكنى قوزغىتىش، تېرىنى قىزارتىش، چاچ ئۆستۈرۈش.

## چۆل يالپۇزى③

(丹参 dan shen)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ياللۇغ قايتۇرۇش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، ئۇيۇپ قالغان

---

① تەپسىلاتى 1 ـ باب 3 § غا قاراڭ

② تەپسىلاتى 1 ـ باب 3 § غا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 10 ـ بابقا قاراڭ

قاننى تارقىتىپ، ئاغرىق توختىتىش، كۆكرەكنى تىنچلاندۇرۇش، جىگەر ۋە تالنى كۈچلەندۈرۈش، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش.

## ئىسپىغۇل①

(卵叶车前子 luan ye che qian zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي سەپرا، قان خىلىتىدىن بولغان ياللۇغلارنى قايتۇرۇش، قىزىتما پەسەيتىش، يۆتەل پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش، ئىچنى توختىتىش، باش ئاغرىقىنى پەسەيتىش، ئىششىقلارنى ياندۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، قاننىڭ ھارارىتىنى ياخشىلاش.

## ياntاق②

(骆驼刺 luo tuo ci)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئىششىق تارقىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا قان خىلىتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى كۈچلەندۈرۈش، قىزىتما قايتۇرۇش، كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

## تۇرۇپ③

(罗卜 luo bo)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، قاننى سۇيۇلدۇرۇش، ئاشقازان - ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش.

---

① تەپسىلاتى 10 - بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 11 - بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 13 - بابقا قاراڭ

## يەرلىك توغرىغا[①]
(胡桐泪 hu tong lei)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل تارقىتىش، ئىرىنى پارقىرىتىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، يۈتەل پەسەيتىش، قان تازىلاش.

## تاشتۇز[②]
(石盐 shi yan)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
ئاساسلىقى يەل ھەيدەش، «تەبىئەت» نى، ئاشقازان ۋە ئۈچەيىنى قۇۋۋەتلەش، زەھەر قايتۇرۇش، ئۈندىن باشقا زېھىننى قۇۋۋەتلەش، شىلىمشىق بەلغەملەرنى تازىلاش، يەل تارقىتىش، قورساق ئېسىلىشنى پەسەيتىش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش.

## ئارپىبەدىيان[③]
(小茴香 xiao hui xiang)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
يەل تارقىتىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم سەۋدا خىلتىنى پىشۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى، ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق توختىتىش، كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، سۈت پەيدا قىلىش، زەھەر قايتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، ھەيزنى راۋان قىلىش، ئىششىق قايتۇرۇش، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش.

---

① تەپسىلاتى 16 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 16 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 2 ـ باب 2 § غا قاراڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## كەرۋىيا[1]

(藏茴香 zang hui xiang)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۇمشىتىش، يەل تارقىتىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئۈچەي قۇرتلىرىنى ئۆلتۈرۈش، تېرىنى قىزارتىش، نەپەسنى راۋان قىلىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىشتىھانى ئېچىش.

## تۇرۇپ ئۇرۇقى[2]

(莱菔子 lai fu zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

قەي قىلدۇرۇش، يەل تارقىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىشتىھانى ئېچىش، ھەزىمگە ياردەم بېرىش، تاش پارچىلاش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، چىرايغا جۇلا بېرىش.

## يالپۇز[3]

(薄荷 bo he)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئاغرىق توختىتىش، چىرىش-نىڭ ئالدىنى ئېلىش، زەھەر قايتۇرۇش.

---

① تەپسىلاتى 16 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 19 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 21 ـ بابقا قاراڭ

## ئوچاق چالمىسى[1]
(伏龙肝 fu long gan)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
تال ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش ، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، قۇسۇشنى ۋە ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، قان توختىتىش.

## توخۇ گۆشى[2]
(鸡肉 ji rou)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
«تەبىئەت» نى، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، يېڭى قان پەيدا قىلىش، يىلىكنى تولدۇرۇش، ئەقىل - پاراسەتنى ئاشۇرۇش، باھنى قۇۋۋەتلەش، مەنىي ۋە سۈت پەيدا قىلىش، ئىشتىھانى ئېچىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، چىرايىنى ۋە ئاۋازنى ياخشىلاش.

## سۇنبۇل چىنى[3]
(甘松 gan song)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
يۈرەك، مېڭە، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، چىرايىنى چىرايلىق قىلىش، قو-رۇش، تۇتۇش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، ئاشقازان بىلەن ئۈچەيگە بۇزۇق ماددىلارنىڭ قۇيۇلۇشىنى توسۇش، تاش پارچە-لاش، ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىش.

---

① تەپسىلاتى 24 - بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 27 - بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 29 - بابقا قاراڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## نارمىشكى①

(铁力木 tie li mu)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئىچنى توختىتىش، كۆڭۈلنى خۇشال قىلىش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، ئېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، مادىلارنى تارقىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش.

## سەئدى②

(香附 xiang fu)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

جىگەر، مېڭە، يۈرەك، پەي، ئېرۋا، ئاشقازان ۋە ئۈچەي قاتارلىق ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش؛ يەل ھەيدەش ۋە ھەيز، چوك تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، تاشلارنى ئېرىتىش، تومۇرلارنى ئېچىش، زىيادە ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، بەدەندىكى سېسىقلىقنى يوقىتىش، سۈت كۆپەيتىش، ئەقىلنى زىيادە قىلىش، باھنى قوزغاش.

## زەرنەپ③

(紫杉 zi shan)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

جىگەر، تال، ئاشقازان، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش؛ كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، پەي ـ

① تەپسىلاتى 29 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 30 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 30 ـ بابقا قاراڭ

مۇسكۇللارنى كۈچلەندۈرۈش، يەل تارقىتىش، قورۇش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيـ-
تىش، زىيادە ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، ئاغرىق توختىتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش،
قىزىتما قايتۇرۇش، چىش مىلىكىنى چىڭىتىش، قان توختىتىش.

## ئۇد ھىندى[①]

(沉香 chen xiang)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
جىگەر، يۈرەك ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش؛ ماددىلارنى يۇمشىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش،
توسالغۇلارنى ئېچىش، ئېغىزنىڭ بەتبۇيلۇقىنى يوقىتىش، ئىشتىھانى ئېچىش، بەلغەم بوشىـ-
تىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، يەل تارقىتىش.

## قانتېپەر[②]

(党参 dang shen)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
قان تولۇقلاش، ئۆپكە، كانايىنى قۇۋۋەتلەش، تال ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، بەدەننى
قۇۋۋەتلەش، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش.

## ئاق ماش[③]

(白扁豆 bai bian dou)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
تال، جىگەر ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، قان تازىلاش، ھەيز ۋە

① تەپسىلاتى 30 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 6 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 34 ـ بابقا قاراڭ

سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، تېرىنى پارقىرىتىش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، جىگەر ۋە تالدىكى توسالغۇلارنى ئېچىش، هامىلە چۈشۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش.

## ئاق قىچا ئۇرۇقى[①]

(白芥子 bai jie zi)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تېرىنى قىزارتىش، تېرىنى پارقىرىتىش، تېرىنى، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، مېڭە، ئاشقازان ۋە باشقا ئەزالاردىكى ئارتۇق هۆللۈكلەرنى يوقىتىش، هەزىمنى ياخشىلاش، توسالغۇلارنى ئېچىش، تەرەتنى يۇمشىتىش.

① تەپسىلاتى 43 ـ بابقا قاراڭ

# ئوتتۇز ئۈچىنچى باب  ئۆتنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار

ئۆتنى قۇۋۋەتلەش، ئۆت يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش، ئۆت مىزاجىنى تەڭشەش تەسىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئۆتنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەرخىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر تەسىرىدىن، ئۆتتە ئاجىزلاش يۈز بەرسە، ئورگانىزمدا ماددا ئالمىشىش قالايمىقانلىشىش، فىزىئولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇش بىلەن بىرگە ئۆت ئاجىزلىقىغا ئالاقىدار تۈرلۈك كېسەللىك ئالامەتلىرى (ئۆت خالتا ياللۇغى، ئۆت خالتىسى چاپلىشىش، ماغدۇرسىزلىنىش، يۈرەك سىيلىش، كۆپ تەرلەش، باش ئاغرىش، باش قېيىش، كۆڭلى ئېلىشىش، قۇسۇش، نەپەس سىقىلىش، تولغاق، ئىشتىھاسىزلىق، سېرىقلىق چۇشۇش …) پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنىڭ ۋاقتىدا ئالدىنى ئالمىغاندا يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. ئۆتنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلارنىڭ تۈرى ھەر خىل بولغاچقا، ئىشلەتكەندە مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. بۇ خىل دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى ھۆل سوغۇق ياكى قۇرۇق سوغۇق بولىدۇ. بۇ دورىلار ئۆتنى ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئۆتنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ماددا ئالمىشىشنى ياخشىلاش، بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار ئۆتنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: قومۇش يىلتىزى، سەپرائوت يىلتىز پوستى، ئېلۇپەر ئۇرۇقى، ئالقات يىلتىزى پوستى، پىچانگۈل يىلتىزى، غۇنچىئۈزۈم، سۇ بۆلجۈرگىنى، جۇڭگو ماڭدارى، پىيزەك ئامۇت، گۈل ياسمەن، بۇرجۇن، كاسنە، زىرىق، يۆگىمەچئوت، كۆك ماش.

تىللائوت، پىننە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# قومۇش يىلتىزى

(芦根 lu gen)

[ئەرەبچە نامى] اصل القصب

[پارسچە نامى] بیخ نی

[ئوردۇچە نامى] بانس کے جڑ

[لاتىنچە نامى] Rhizoma phragmitis

[ئىنگلىزچە نامى] Rhizome of common Reed

[تونۇش]

بۇ باشاقلىق ئۆسۈملۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك قومۇش (Communic Trin Phrabmites) بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ھۆل ياكى قۇرۇتۇلغان يىلتىزسىمان غولى «قومۇش يىلتىزى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ياپىلاق، سىلىندىر شەكىللىك، سىرتقى يۈزى سارغۇچ ئاق رەڭلىك، پارقىراق، سىرتقى پوستى بوش بولۇپ، ئاسان چۈشۈپ كېتىدۇ، بوغۇملىرى ھالقىسىمان، كەسمە يۈزى سارغۇچ ئاق رەڭلىك، ئوتتۇرىسى كاۋاك، تەمى تاتلىق، پۇراقسىز كېلىدۇ (1.33 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] قومۇش يىلتىزىنىڭ تەركىبىدە تەسۋىقوناق ماددىسى (Coixol) ، 5% ئاقسىل ماددىسى، 1% مايلىق ياغ، 51% كاربون سۇ بىرىكمىلىرى بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، لىمفا ھۈجەيرىسىنى جانلاندۇرۇش رولى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆتنى قۇۋۋەتلەش، قىزىتما قايتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى ۋە قۇرۇق ئىسسىق كەيپىياتنى تەڭشەش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، قۇسۇشنى توختىتىش، جۇلا بېرىش، ھەزىمگە ياردەم بېرىش، قان تازىلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەر خىل قىزىتمىلار، ئىچىز قۇرۇش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ئىشتىھاسىزلىق، ھەيز راۋان بولماسلىق، كۆڭلى ئېلىشىش، قۇسۇش، تاز، تەمرەتكە، چىش تۈۋى قاناش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۆيدۈرۈلگەن قومۇش 10 گرام، قۇرۇتۇلغان خېنە يوپۇرمىقى 15 گرام، بۇ ئارىلاشتۇرۇپ سوقۇپ، باشقا چاپقاندا، چاچنى ئۆستۈرىدۇ.

2. قومۇش يىلتىزى 31 گرام، تەسۋىقوناق 16 گرام، شاپتۇل مېغىزى 10 گرام، كۆك كاۋا ئۇرۇقى 31 گرام، قايناتىپ ئىچسە، ئۆپكە يىرىڭلىق ئىششىقى ۋە كاناي كېڭىيىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. قومۇش يىلتىزى 31 گرام، يۇمغاقسۇت يىلتىزى 7 تال، جامكا 7 گرام، سۇدا قايناتىپ ئىچىشكە بېرىلسە، قىزىل سىرتقا تېپىلگەنگە شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 7 ～ 12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە زىيانلىق.

[تۈزەتكۈچىسى] كەترا، پىندۇق مېغىزى.

[ئورۇنباسارى] قىزىلگۈل.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى بېنەپشە.

## سەپرائوت يىلتىز پوستى

(白鲜皮 bai xian pi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Cortex Dictamni Radicis

[ئىنگلىزچە نامى] Densefruit pittany Root—Bark

[تونۇش]

بۇ سەپرائوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تار يوپۇرماقلىق سەپرائوتنىڭ يىلتىز پوستى بولۇپ، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى سۇس، «گۇڭگۇرتلۇك گىياھ»، «توپپىس» ياكى «سەپرائوت يىلتىزى پوستى» قاتارلىق نامدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (33. 2 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] سەپرائوت ئىشقارى، لىمونىن (Limo—nin)، β - ستوستېرول، ترىگونىللىن (Trigonelline)، خولىن قاتارلىق تەركىبلەر بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئىششىق ياندۇرۇش، راك ھۈجەيرىلىرىنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش، كېسەللىك مىكروبلىرى ۋە پارازىت قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈش، قان ئايلىنىشىنى تېزلىتىش، بالىياتقۇنىڭ قىسقىراش كۈچىنى ئاشۇرۇش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆتنى قۇۋۋەتلەش، ياللۇغ قايتۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، سەپرا ۋە قان خىلتىنى تەڭشەش، يەل تارقىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، قان توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

سەپرادىن بولغان قىزىتما، تەپ، قان ۋە سەپرادىن بولغان ئىسھال، قوتۇر ۋە تېرە قىچىشىش، زەخىملىنىشتىن بولغان سىرتقى قاناش، رېماتىزملىق بوغۇم ياللۇغى، جىگەر ياللۇغى، يەلتاشما قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سەپرائوت يىلتىزى بىلەن لوپنۇر كەندىرى 4 گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ، ئىستېمال قىلسا قىزىتما قايتۇرىدۇ.

2. سەپرائوت يىلتىزى، لوپنۇر كەندىرى، قەلەمپۇر 8 گرامدىن، قۇستە شىرىن 10 گرام، قائىدە بويىچە سوقۇپ سۈپۈپ تەييارلاپ ئىچسە، جىگەر ياللۇغى ۋە قورساق كۆپۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 6 ~ 12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازاننى سوۋۇتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە، بەدىيان.

[ئورۇنباسارى] بىنەپشە.

[چىقىش ئورنى] چاتقاللىقلاردا، تاغ باغىرلىرىدا، ئورمانلىقلاردا ئۆسىدۇ، شىنجاڭنىڭ ھەممە تاغلىق رايونلىرىدىن چىقىدۇ.

# نىلۇپەر ئۇرۇقى
(莲子 lian zi)

[ئەرەبچە نامى] بزر كرنب الماء
[پارسچە نامى] تخم نيلوفر
[ئوردۇچە نامى] کنول کٹ کی بج
[لاتىنچە نامى] Semen Nelumbinis
[ئىنگلىزچە نامى] Lotus Seed
[تونۇش]

بۇ نىلۇپەر ئائىلىسىدىكى سۇدا ئۆسىدىغان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك نىلۇپەرنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى، نىلۇپەر ئۇرۇقى نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقى ئېللىپس ياكى شار شەكىللىك، سىرتقى يۈزى قىزىلغا مايىل خورما رەڭ ياكى خۇرما رەڭدە، سىرتىدا ئۇزۇنىسىغا كەتكەن سىزىقچە ۋە رەتسىز قورۇقلار بار. ئۇرۇق پوستى نېپىز، تەمى تاتلىق، سەل قېرىق تەمى بار (3.33 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇق تەركىبىدە كۆپ مىقداردا كراخمال رافىنوز (Rafinose)، ئاقسىل، ماي، كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، تۆمۈر (Fe)، فوسفور (P)، كالتسىي (Ca) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] قېرىشنى كېچىكتۈرۈش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] خىمى بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق، پىشقى بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆت ۋە تالنى قۇۋۋەتلەش، قىزىتما قايتۇرۇش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، تۇتۇش، مەنىينى قويالتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

كۆپ ئۇسساش، بولۇپمۇ بوۋاقلاردىكى ئۇسسۇزلۇق ۋە بوۋاقلاردىكى ئىچ سۈرۈش؛ مەنىي سويۇپ كېتىش، بالدۇر مەنىي يۈرۈپ كېتىش، سوزۇلما خاراكتېرلىك قان تولغاق، سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىش، ئۆچەي ياللۇغى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئېلۇپەرنىڭ مېغىزىنى سۇدا ئېزىپ، سۈزۈپ ئىچكۈزسە، بالىلاردىكى ئىچى سۈرۈش ۋە ئۇسسۇزلۇقنى توختىتىدۇ.

2. ئېلۇپەر ئۇرۇقى مېغىزىدىن ئالتە گرام يەپ بەرسە، بالدۇر مەنىي يورۇپ كېتىش، مەنىي سۇيۇلۇپ كېتىشكە پايدا قىلىدۇ.

3. پوستىدىن ئاجرىتىلغان ئېلۇپەر ئۇرۇقىدىن 30 گرام، ھۆل چۈچۈكبۈيىدىن 20 گرام ئېلىپ، 500 مىللىلىتىر سۇدا 200 مىللىلىتىر قالغۇچە قاينىتىپ، سۈزۈپ، سۈيىنى كۈندە ئۈچ قېتىم ئىچىپ بەرسە، سوزۇلما خاراكتېرلىك ئۈچەي ياللۇغى ۋە ئۈچەي تۇبېركۇل-يوزىدىكى ئىچى سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، تۇخۇم.

[ئورۇنباسارى] سېرىق ئوت ئۇرۇقى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ كۆپلىگەن يەرلىرىدىن چىقىدۇ. يەنە ياپونىيە ۋە ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىمۇ چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئېلۇپەر ئۇرۇقى قاينىتىلمىسى.

## ئالقات يىلتىزى پوستى

(地骨皮 di gu pi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Cortex Lycii Radicis

[ئىنگلىز نامى] Chinese wolfberry root — bark

[تونۇش]

بۇ پېدىگەن ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئالقات يىلتىزىنىڭ پوستى بولۇپ، يىلتىزىنىڭ

پوستىنى سويۇپ قورۇتۇلغان قىسمى «ئالقات يىلتىزى پوستى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (4.33 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئالقات يىلتىزى پوستىنىڭ تەركىبىدە فىزالىن (Physalin)، بېتائىن (betaine)، β ـ ستوستېرول (sitosterol)، لىنولېنىك كىسلاتا (linolenic acid)، لىنولئىك كىسلاتا (linoleic acid) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. قاندىكى قەنت مىقدارىنى تۆۋەنلىتىش رولى بار. 2. ق 3. ياللۇغ قايتۇرۇپ، قىزىتما پەسەيتىش رولى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆتنى قۇۋۋەتلەش، قان تازىلاش، قىزىتما قايتۇرۇش، ئۆپكىنى تازىلاش، ياللۇغ قايتۇرۇش، يۆتەل توختىتىش، غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرا خىلتىنى تەڭشەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئۆپكە ياللۇغى، ئۆتكۈر كاناي ياللۇغى، تۇك خالتىسى ياللۇغى، چىقان، يۆتەل، قىزىتما قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. زۇپا، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، سەرپىستان، ئالقات يىلتىزى پوستى قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچسە، ئۆپكە ۋە كاناي ياللۇغىغا شىپا بولىدۇ.

2. ئالقات يىلتىزى پوستى، نىلۇپەر، بىنەپشە قاتارلىقلاردىن ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچسە قىزىتما قايتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 8 ~ 16 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە، زەنجىۋىل.

[ئورۇنباسارى] كەتىرا، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئالقات يىلتىز، پوستى قاينىتىلمىسى.

# پىچانگۈل يىلتىزى
(射干 she gan)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Rizoma Belamcandae

[ئىنگلىزچە نامى] Bluckberrhlily Rhizome

[تونۇش]

چىغىرتماق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك پىچانگۈلنىڭ يىلتىز-سىمان غولىدىن ئىبارەت (5.33 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] isoflavone، sheganone، belamcandal قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. ياللۇغنىڭ دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە روشەن تورمۇزلاش رولىنى ئوينايدۇ.

2. ئاجرالمىسى تەجرىبە چوڭ چاشقىنىنىڭ قىزىتمىسىنى تۆۋەنلىتىش تەسىرىگە ئىگە.

3. ئاجرالمىسىنى ئاشقازانغا كىلىزما قىلغاندا كىچىك تەجرىبە چاشقاننىڭ نەپەس يولىدىكى بەلغەمنىڭ چىقىرىلىشىنى كۆپەيتىدۇ.

4. قايىنىتىلمىسى ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە، زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيە، كۆيدۈرگە تاياقچە باكتېرىيىسى، بوغما تاياقچە باكتېيىسى، كېزىك تاياقچە باكتېرىيىسى، سىل تاياقچە باكتېرىيىسى قاتارلىقلارغا نىسبەتەن كۈچلۈك تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە. كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەل قوزغىغۇچى تېرە تەمرەتكە باكتېرىيىسى، سۇلۇق قاپارتما ۋىرۇسى، بەز ۋىرۇسى قاتارلىقلارغا قارىتا بەلگىلىك تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆتنى قوزغىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، قىزىتما پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، ئۇيۇپ قالغان ماددىلارنى تارقىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئۆت ياللۇغى، گال ئاغرىقى، گال ئىششىقى، يۆتەل، نەپەس سىقىلىش، ئۆپكە سىلى،



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

گۆرەن بەز يالللۇغى، سۈت بېزى يالللۇغى، تېرە يالللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سەرتان، كەترادىن 10 گرام، پىچانگۈلدىن يەتتە گرامدىن ئېلىپ، سوقۇپ تالقانلاپ، ئېشەك سۈتى بىلەن بىللە ئىچسە، ئۆپكە سىلىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. زۇپا، پىچانگۈل، نېلۇپەر، بىنەپشە، چىلان، ئەينۇلا قاتارلىقلاردىن بەش گرامدىن ئېلىپ قاينىتىلما تەييارلاپ ئىچسە، قىزىتما پەسەيتىدۇ، يۆتەل، گال ئىششىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. پىچانگۈلدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قاينىتىپ سۈيىدە يۇيۇنسا ياكى ھۆلىنى ئېزىپ يەرلىك ئورۇنغا چېپىپ بەرسە، ھەر خىل تېرە كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5～10 گرامغىچە ئىچىشكە بولىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] تال ۋە ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ، ھامىلىدارلارغا بېرىشكە بولمايدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەترا، گۈلنار، خۇنسىياۋشان.

[ئورۇنباسارى] بىنەپشە.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] پىچانگۈل قايناتمىسى.

## غۇنچىئۈزۈم

(索索葡萄 suo suo pu tao)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Fructus Vitis suo suo

[ئىنگلىزچە نامى]

[تونۇش]

بۇ ئۈزۈم ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق ياغاچ غوللۇق پېلەك تارتىپ ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان مېۋىسى «غۇنچىئۈزۈم» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

مېۋىسى كىچىك، شىرنىلىك، دۈگىلەك بولۇپ، دىئامېتىرى 2~7 مىللىمېتىر كېلىدۇ. سىرتقى يۈزى قارامتۇل قىزىل ياكى سارغۇچراق، يېشىل جىگەررەڭ بولىدۇ. قۇرۇقى پۈرلەشكەن بولۇپ، ئۇچىدا بىر دانە توچكىسىمان ساپىقى بولىدۇ. ئاسان ئېزىلىپ كېتىدۇ. تەمى تاتلىق، سەل چۈچۈمەلرەك كېلىدۇ (6.33 ـ رەسىم).

〔خىمىيىلىك تەركىبى〕 گلوكوزا، مېۋە قەنتى، ساخاراروزا، ئالما كىسلاتاسى، يوپۇرماق كىسلاتاسى، ئۈزۈم كىسلاتاسى، گلوكوزىد، ئاقسىل، Ca، P، Fe، كاروتىن، ۋىتامىنلاردىن ۋىتامىن C، ۋىتامىن $B_2$، ۋىتامىن PP، ئۇندىن باشقا Cyanidin، Delphinidin، Oenin Malridin، Procyanidol.

ئۇرۇقىدا ماي، Catechol، موزا كىسلاتاسى Phosphatidic acid قاتارلىقلار بار.

〔فارماكولوگىيىلىك تەسىرى〕 ئىششىق ياندۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، زەھەر قايتۇرۇش، ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرۇپ، ئەركىن رادىكاللارنى تازىلاش، مادda ئالمىشىشنى ياخشىلاش.

〔تەبىئىتى〕 بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

〔خۇسۇسىيىتى〕

ئۆتنى قۇۋۋەتلەش، ياللۇغ قايتۇرۇش، قان تازىلاش، بەدەننى تازىلاپ، قىزىلنى سىرتقا تەپكۈزۈش؛ سۈيدۈك ھەيدەش، زەھەر قايتۇرۇش، جىگەرنى ئاسراش.

〔ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر〕

قىزىل، ئۆتكۈر قىزىتما، سىزلام، جىگەر كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

〔ئىشلىتىش ئۇسۇلى〕

1. غۇنچىئۈزۈمدىن 20 گرام، يۇمغاقسۈت يىلتىزىدىن 10 گرام ئېلىپ، سودا قايناتىپ ئىچىپ بەرسە، بالىلاردىكى قىزىل چىقىپ، سىرتقا تەپمىگەنگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. غۇنچىئۈزۈم 15 گرام، كاكىنەچ 10 گرام، سېمىزئوت 10 گرام، ئىتئۈزۈمدىن 5 گرام ئېلىپ، قايناتىپ ئىچىپ بەرسە، سىزلامغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. غۇنچىئۈزۈم، چىلان، ئارپىبەدىيان، كاسنە، زىرىق 20 گرامدىن ئېلىپ شېكەر قوشۇپ شەربەت تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، جىگەر كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

〔ئىشلىتىش مىقدارى〕 18 ~ 25 گرام.

〔زىيانلىق تەسىرى〕 كۆپ ئىشلەتسە ئىچىنى سۈرىدۇ. گىموروينى قوزغايدۇ.

〔تۈزەتكۈچىسى〕 تاباشىر.

[ئورۇنباسارى] كۆك ئۆزۈم.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇرپان، پىچان، خوتەن قاتارلىق جايلىرىدىن كۆپرەك چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى غۇنچىئۆزۈم.

## سۇ بۆلجۈرگىنى

(水杨梅 shui yang mei)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Spica Adinae Rubellae

[ئىنگلىزچە نامى] Thinleaf Adina Fruit—Spike

[تونۇش]

بۇ ئەتىرگۇل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك سۇ بۆلجۈرگىنى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى ياكى ئۆسۈملۈكى «سۇ بۆلجۈرگىنى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] سۇ بۆلجۈرگىنى تەركىبىدە سۇ بۆلدۈرگىنى گىلۇكوزىدى، ئۇچۇچان ماي، سىمولا قاتارلىقلار بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆتنى قۇۋۋەتلەش، قىزىتما پەسەيتىش، زەھەرنى قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قىزىتما، رېماتىزم خاراكتېرلىك بەل، پۇت ئاغرىش، بويۇنغا غەلۋىرەك چىقىش، چاقا ئىششىقلىرى، ئۇرۇلۇپ، يىقىلىشتىن بولغان زەخىملىنىش، تېنى ئاجىزلاپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاپ تورى

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سۇ بۆلجۈرگىنى، ئالقات، يۇمغاقسۇت ھەر بىرىنى 10 گرامدىن ئېلىپ مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، قىزىتما قايتۇرىدۇ.

2. سۆرۈنجان بىلەن سۇ بۆلجۈرگىنىنى سوقۇپ، تۇخۇم ئېقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، رېماتىزم خاراكتېرلىك بەل - پۇت ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 8 ~ 12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇقجان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، زىرە.

[ئورۇنباسارى] لىمون.

[چىقىش ئورنى] ئالتاي ۋە تەڭرى تاغلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇ بۆلجۈرگىنى قاينىتىلمىسى.

## جۇڭگو ماڭدارى

(威灵仙 wei ling shan )

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Radix et Rhizoma clematidis chinensis

[ئىنگلىزچە نامى] Chinese clematis Rootand Rhizome

[تونۇش]

بۇ ئېيىقتاپانلىقلار ئائىلىسىدىكى ماڭدارنىڭ قۇرۇتۇلغان يىلتىزى بولۇپ، تەمى ئاچچىق كېلىدۇ، «ماندار» ياكى «ماڭدار» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (8.33 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاساسلىق خىمىيىلىك تەركىبى، پىروتوئانېمونىن (Protoanemonin) دىن ئىبارەت.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئاغرىق توختىتىش، باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش، ياللۇغنى قايتۇرۇش، ئۆت سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاجرىلىپ چىقىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، سۈيدۈك ھەيدەش

رولى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆت ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، يەل تارقىتىش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئارتۇق ھۆللۈكنى يوقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

سۈيدۈك تۇتۇلۇش، سوغۇق يەلدىن بولغان رېماتىزم، بوغۇملارنىڭ ئاغرىقى، پەي ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئاغرىقى، قۇلاق ئاستى بېزى ياللۇغى، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، ھەيز راۋان بولماسلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قوغۇن ئۇرۇقى، ئوغرىتىكەن، جىگگوماگدارىنىڭ ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

2. دارچىن، لاچىندانە، جۇگگو ماگدارىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇپ، قاننى جانلاندۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 16 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] بەدىنى ئاجىز ھەم يارا كېسەللى بارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىش لازىم.

[تۈزەتكۈچىسى] سۇت، ھەسەل، تاباسىر.

[ئورۇنباسارى] بىخ كەبىر.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ جېجياڭ، جياڭسۇ، ئەنخۇي ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

## پىيزەك ئامۇت

(沙梨 sha li)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Fructus Pyri

[ئىنگلىزچە نامى] Ussurian pear fruif

[تونۇش]

بۇ ئازغان ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك، پېيزەك ئامۇتنىڭ مېۋىسى بولۇپ، شەكلى تۇخۇم شەكىللىك، ئېللىپسىمان بولۇپ، رەڭگى كۆك، تەمى چۈچۈمەل كېلىدۇ. بۇنىڭ ياخشىسى سۇلۇق، چۈرۈك، ئوبدان پىشقىنىدۇر.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئامۇت دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى تەركىبىدە سۈيدۈك ھەيدەيدىغان (ئېپىقئۈزۈمى گلۇكوكوزىدى)، ئاربۇتىن ۋە تاننىن ماددىسى بار، مېۋىسىدە ئاتسىدوم مالىكوم، ئاتسىدۇم تىتدىكۇم، فروكتوزا، گلۇكوزا، باشقا قەنت ماددىلىرى بار، كۆك ئامۇتنىڭ پوستىنىڭ تاننىن ماددىسى بار. يەنە ۋىتامىن B، C لار بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆت، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرا خىلتىنى تەڭشەش، كېرەكسىز گازلارنىڭ مېڭىگە ئۆرلىشىنى توسۇش، ساپ قان پەيدا قىلىش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، تەرنى ۋە ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئۆت، ئاشقازان ۋە جىگەر ئاجىزلىقى؛ ئىچى سۈرۈش، قۇسۇش، ھەر خىل جاراھەت، كۆيۈك، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، قان ئازلىق، كۆپ ئۇسساش، تەپ قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئەرقى گۈل 50 مىللىلىتىر، ئەرقى سەندەل 50 مىللىلىتىر، تەمرى ھىندى 20 گرام، سۇماق 10 گرام، ئاچچىق ئامۇتنى مۇۋاپىق مىقداردا قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچسە، ھارارەت ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ.

2. ئىسپىغۇل 5 گرام، نىشاستە 10 گرام، سۇماق 10 گرام، ئاچچىق ئامۇت مۇۋاپىق مىقداردا، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، سەپرادىن بولغان ئىچى سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ، بادام يېغى قوشۇپ بېرىلسە، قان تولغاققا شىپا بولىدۇ.

3. ئاچچىق ئامۇتنى سىقىپ سۈيىنى ئىچسە، جىگەر ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا يېيىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ياشانغان، پالەچ، سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ، پەينى بوشىتىدۇ، قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] ياۋا ئامۇت، بېهى.
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى پەۋكىھە.

## گۈل ياسمەن

(千日红 qian ri hong)

[ئەرەبچە نامى] زهرياسمين
[پارسچە نامى] گل یاسمین
[ئوردۇچە نامى] چنبیلی کی پھول
[لاتىنچە نامى] Flos Gomphrenae
[ئىنگلىزچە نامى] Globeamaranth Flower
[تونۇش]

بۇ تاجىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك گۈل ياسمەن بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى «گۈل ياسمەن» ياكى «گۈلسمەن» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (10.33 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۆسۈملۈكى گومپىرونىن (Gomphrenin)، نىترات كىسلاتا رىدۇكتازى (Reductase)، گۇۋتامات دېھىدروئىنزىمى (Glutamate dehydro) قاتارلىقلار ئۇرۇقىدا كۆپ مىقداردا ياغ ماددىسى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆتنى قۇۋۋەتلەش، جىگەرنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىش، يۆتەل پەسەيتىش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، سۈيدۈك ھەيدەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئۆت ياللۇغى، جىگەر ياللۇغى، كۆكيۆتەل، زىققە، كۆز خىرەلىشىش، سۈيدۈك راۋان بولماسلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. زىخ بىلەن گۈل ياسمەندىن 10 گرامدىن ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، ئۆت ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە جىگەرنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

2. گۈل ياسمەن بەش گرام، زۇپا، بىخ سۇس 10 گرامدىن، ئەنجۈر قېقى بەش گرام، قاينىتىپ ئىچسە، كۆكيۆتەل، زىققىغە شىپا بولىدۇ.

3. ئوغرىتىكەن، تەرخەمەك ئۇرۇقى گۈل ياسمەن ھەر بىرىنى 10 گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ بەرسە، ئۆت ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بەدىيان.

[ئورۇنباسارى] زىخ، ئالقات.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] گۈل ياسمەن قاينىتىلمىسى.

## بۆرجۆن

(女贞了 nû zhen zi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Fructus ligustri Lucidi

[ئىنگلىزچە نامى] Glossy Ligustri Lucidi

[تونۇش]

ئەرمۇدۇن ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان چاتقال بۆرجۆننىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت (11.33 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] oleanolic acid، acetyloleanolic acid، malol، manicol، expressed oil، linoleic acid، oleic acid، stearie acid، pulmitic acid، glucose قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ، قان زەردابىدىكى ھېمولىزىن ئانتىگېنىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى كۈچەيتىدۇ، ئەتراپ قان ئايلىنىشتىكى ئاق

قان ھۈجەيرىلىرى ئاشۇرىدۇ، ئىچكى تورسىمان تېرە سىستېمىسىنىڭ يۇتۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ، ھۈجەيرە ئىممۇنىتېتى بىلەن تەن سۇيۇقلۇق ئىممونىتېتىنى كۈچەيتىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆت، جىگەر ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، مەنىي تۇتۇش، ئۇسسۇزلۇقنى ۋە قىزىتمىنى پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باش قېيىش، كۆز قاراڭغۇلىشىش، قۇلاق غۇڭۇلداش، بەل ۋە پۇت ئاغرىقى، بالدۇر مەنىي كېتىش، ماغدۇرسىزلىق، چاچ - ساقالنىڭ بالدۇر ئاقىرىشى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

مەتبۇخ تەييارلاپ ئىچىشكىمۇ، قاينىتىپ سۈيىنى كۆزگە تېمىتىشقىمۇ بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 6~15 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] تال ۋە ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] تال غازىڭى.

[ئورۇنباسارى] قىزىلگۈل.

[چىقىش ئورنى] ئورمانلىقلار ۋە تاغ جىلغىلىرىدا ئۆسىدۇ. گەنسۇنىڭ جەنۇبىي ۋە شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا تىكىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

## كاسىنە

## (菊苣 ju ju)

[ئەرەبچە نامى] ھندبا

[پارسچە نامى] كاسنى

[ئوردۇچە نامى] كاسنى

[لاتىنچە نامى] Herba Cichorii Intybi

[ئىنگلىزچە نامى] Common Chicory Herb

[تونۇش]

بۇ مۆرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 50 ~ 100 سانتىمېتىرغىچە ئۆسىدىغان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كاسىنە (Cichorium intybus) بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

سىرتقى يۈزى سارغۇچ يېشىل رەڭدە، تەمى بىمەززە، پۇرىقى سۇس، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «كاسىنە»، ئۇرۇقى بولسا «تۇخۇمى كاسىنە» ياكى «كاسىنە ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (12.33 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] پۈتۈن چۆپىنىڭ تەركىبىدە ئىسكۇلېتىن (Esculetin)، ئىسكۇلىن (Esculin)، سىخورئىن (Cichoriin)، لاكتوتسىن (Lactucin)، لاكتو كوپىكرىن (Lactucopicrin) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] كاسىنە گۈلى هايۋانلارغا ئوكۇل قىلىنسا، مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى قوزغىتىپ، يۈرەك هەرىكىتىنى كۈچەيتىدۇ. قايناتمىسى باكتېرىيىگە قارشى تۇرۇش، قورۇش تەسىرىگە ئىگە.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە هۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆتنى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈك هەيدەش، قان تازىلاش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى پىشۇرۇش، قۇرۇق ئىسسىق ۋە هۆل ئىسسىق كەيپىياتنى تەڭشەش، ئۇسسۇلۇقنى پەسەيتىش، ئىششىق تارقىتىش، قان تازىلاش، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

تال ۋە جىگەر ياللۇغى، ئاشقازان ياللۇغى، تال ياللۇغى، سېرىقلىق چۈشۈش، ئىستىسقا، باش ئاغرىقى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كاسىنە يوپۇرمىقىنىڭ سىقىپ چىقىرىلغان سۈيىدە سەندەلنى سۈرۈپ پېشانىگە چاپسا، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

2. كۆك كاسىنىنى قائىدە بويىچە سىقىپ، بىرقانچە كۈن 39 مىللىلىتىردىن ئىچىپ بەرسە، تال، جىگەر ۋە ئاشقازان ياللۇغىنى قايتۇرىدۇ.

3. كاسىنىنى سىركەنجۇبىل بىلەن قوشۇپ ئىچسە، ئاشقازانغا پايدا قىلىدۇ، سۈيدۈك هەيدەپ، سۈيدۈك يولىنى تازىلايدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] كاسىنە سۈيىدىن 50 مىللىلىتىرغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] يۆتەل پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئاق شېكەر، بىنەپشە شەربىتى.

[ئورۇنباسارى] ئاقلەيلى، هەمىشباهار.

[چىقىش ئورنى] ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ هەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى دىنار، ئەرقى كاسىنە.

# زىرىق
(小檗实 xiao bo shi)

[ئەرەبچە نامى] انبرباريس
[پارسچە نامى] زرشك
[ئوردۇچە نامى] زرك-زرشك
[لاتىنچە نامى] Fructus Berberis
[ئىنگلىزچە نامى] Fruit of Turkestan Barberry
[تونۇش]

بۇ زىرىق ئائىلىسىدىكى چاتقال ئۆسۈملۈك قارا مېۋىلىك زىرىقنىڭ قۇرۇق مېۋىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، «زىرىق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسى يۇمىلاق، قىزىل رەڭدە بولۇپ، ئىچىدىن قارا ئۇرۇق چىقىدۇ، تەمى چۈچۈمەل، پۇرىقى سۇس بولىدۇ (13.33 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] تەركىبىدە گلۇكوزا، مېۋە قەنتى، ئالما كىسلاتاسى، كاروتىن ۋە پىگمېنت خىلىدىكى ماددىلار بار، ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە باشقا مايلىق ياغ بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. ئىشتىھانى ئاچىدۇ، قىزىتما ياندۇرىدۇ.
2. باكتېرىيىگە قارشى تۇرىدۇ ۋە تورمۇزلايدۇ.
3. قاننىڭ تېزلىكىنى پەسەيتىش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش تەسىرى بار.
4. ئۆت سۇيۇقلۇقىنى راۋان قىلىش تەسىرى بار.
5. ئاق قان ھۈجەيرىسىنىڭ سانىنى ئۆرلىتىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]

ئۆت، جىگەر ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئۆت سۇيۇقلۇقىنى راۋان قىلىش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا ۋە قان خىلىتىنى تەڭشەش، قۇرۇق ئىسسىق ۋە ھۆل ئىسسىق كەيپىياتنى تەڭشەش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، ئاشقازان ۋە جىگەرنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، قۇرۇق ھۆنى يوقىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

جىگەر، ئاشقازان ۋە ئۈچەي ياللۇغى، ئىچى سۈرۈش، ھەزىمنىڭ ناچارلىشىشى، ئۇس-سۇزلۇق، ۋىتامىن C نىڭ يېتىشمەسلىكى، يۇتقۇنچاق ياللۇغى، كالپۇك يېرىلىش، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، قۇرۇق ھۆ بولۇش، يۇقىرى قان بېسىم قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئەفسەنتىن رومى 3 گرام، كاسىنە ئۇرۇقى، كاسىنە ئۇرۇقى، زىرىق ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ سوقۇپ سۇيۇپ قىلىپ، كۈندە ئىككى ۋاخ ئىچىپ بەرسە، جىگەر قىتىش ئۈچۈن شىپا بولىدۇ.

2. زىرىق 15 گرام، سېمىزئوت ئۇرۇقى 10 گرام، ئىسپىغۇلدىن 5 گرام، قائىدە بويىچە دەملەپ تاتلىقىنى چىقىرىپ، كۈندە ئۈچ ۋاخ ئىچىپ بەرسە، سەپرادىن بولغان ئىسھالغا شىپا بولىدۇ.

3. زىرىخ 15 گرام، ئەينۇلا 20 گرام، تەمرى ھىندى، كاسىنە ئۇرۇقى، ئاق سەندەل ھەر بىرى 10 گرامدىن قايىنىتىپ، كۈندە ئۈچ ۋاخ 50 مىللىلىتىردىن ئىچىپ بەرسە، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ، قۇرۇق ھۆنى توختىتىدۇ، يۇقىرى قان بېسىمنى چۈشۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 6 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قەلەمپۇر، دارچىن.

[ئورۇنباسارى] قىزىلگۈل، ئاق سەندەل.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] داۋائى مىشكى مۆتەدىل، جاۋارىش ئۇدتۇرۇش.

## يوگىمەچئوت

(田旋花 tian xuan hua)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Herba Convolvulus arvensis

[ئىنگلىزچە نامى] European Glorybind Herb

[تونۇش]

بۇ يۆگىمەچ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق يۆگەشىپ ئۆسىدىغان، ئېتىزلىق يۆگىيى (يەنى بىر نامى «لەپلەپ») بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى «يۆگىمەچ» ياكى «لەپلەپ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] كىۋېرتسېتىن (Cuercetin)، كوفلىك كىسلاتا، كۇرامىن (Curamin)، رېسىن (Resin)، فلاۋونلار، بىئولوگىيىلىك ئىشقارلار ۋە ناترىي، كالتسىي قاتارلىق ئاز ئورگانىك ماددىلاردىن تەركىب تاپقان.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، ياللۇغ قايتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش قاتارلىقلار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆت ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، قان توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئىچكى ۋە تاشقى بوۋاسىرنىڭ قانىشى، بوغۇملار ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. يۆگىمەچئوتتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئېزىپ سىرتىدىن تاڭسا، ئىچكى ۋە سىرتقى بوۋاسىرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ.

2. يۆگىمەچئوت، سۆرۈنجان 10 گرامدىن، زەپەردىن ئۈچ گرام ئېلىپ، گۈل يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەم قىلىپ تاڭسا، بوغۇم ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇقجان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بادام يېغى.

[ئورۇنباسارى] سېمىز ئوت.

[چىقىش ئورنى] ئېتىز ۋە داللاردا، يول بويلىرىدا ئۆسىدۇ، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى دىنار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كۆك ماش
(绿豆 lu dou)

[ئەرەبچە نامى] ماش
[پارسچە نامى] ماش
[ئوردۇچە نامى] مونگ
[لاتىنچە نامى] Semen Vignae Radiatae
[ئىنگلىزچە نامى] Mung Bean (Green Gram)
[تونۇش]

بۇ پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق تىك ياكى ئۆچ قىسمى سەل يۆگىمەچ ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك كۆك ماش بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقى «كۆك ماش» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يېشىل رەڭلىك ياكى توق يېشىل رەڭلىك، پارقىراق بولىدۇ، تەمى تاتلىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ (15.33 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ھەر 100 گرام كۆك ماش تەركىبىدە 22 گرام ئاقسىل، 0.8 گرام ياغ، 59 گرام كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، 49 مىللىگرام كالتسىي، 268 مىللىگرام فوسفور، 3.2 مىللىگرام تۆمۈر، ئاز مىقداردا كاروتىن، تىئامىن، ۋىتامىن $B_2$، نىكوتىن قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. زەھەر قايتۇرۇش، قۇۋۋەت بولۇش رولى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆتنى قۇۋۋەتلەش، قان تازىلاش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى تەڭشەش، زەھەر قايتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، قىزىتما پەسەيتىش، ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، سەمرىتىش، ئۇزۇقلۇق تولۇقلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىش، ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل، يېزا ئىگىلىك دورىلىرىدىن زەھەرلىنىش، قوغۇشۇندىن زەھەرلىنىش، ئېغىز ۋە كېچىك تىل ياللۇغى، كۆرۈش قۇۋۋىتى-

نىڭ ئاجىزلىقى، ئىسسىقتىن بولغان قەۋزىيەت، تىلما، قىزىل قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۆك ماشنى پوستىدىن ئاجرىتىپ بادام مېغىزى بىلەن قوشۇپ يېسە، قەۋزىيەتكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. كۆك ماشتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يەككە ھالەتتە يەپ بەرسە، سەمرىتىپ، ئوزۇقلۇق تولۇقلايدۇ.

3. كۆك ماشتىن 500 گرام، ئاشتۇزىدىن 30 گرام ئارىلاشتۇرۇپ، يۇمشاق سوقۇپ، ئۇنىڭغا 500 مىللىلىتىر سوۋۇتۇلغان قايناق سۇ قوشۇپ، بىر نەچچە مىنۇت چىلاپ قويۇپ، ھەر كۈنى بۇ سۇدىن 300~500 مىللىلىتىرغىچە ئىچىپ بەرسە، يېزا ئىگىلىك دورىلىرىدىن زەھەرلىنىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. كۆك ماش 120 گرام، چۈچۈكبۇيا يىلتىزىدىن 15 گرام ئېلىپ، قاينىتىپ ئىككىگە بۆلۈپ، ھەر كۈنى ئاخشىمى 10~20 كۈنگىچە ئىچىشنى داۋاملاشتۇرسا، قوغۇشۇننىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 50 ~ 70 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] زىرە، قەلەمپۇر، دارچىن، قارىمۇچ، زەنجىۋىل.

[ئورۇنباسارى] باقىلە، ماش، نوقۇت.

[چىقىش ئورنى] ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ماش ئېشى.

## تىللا ئوت[①]

(金钱草 jin qian cao)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

---

① تەپسىلاتى 14 ـ بابقا قاراڭ

www.uyghurkitap.com

[خۇسۇسىيىتى]

سۇيدۇك ھەيدەش، سۇيدۇك يولىدىكى تاشلارنى ئېرىتىپ چۈشۈرۈش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا ۋە قان خىلتىنىڭ ئۆتكۈرلىكىنى پەسەيتىش، سېرىقلىقنى قايتۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش.

## پىننە[①]

(藿香 huo xiang)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشتازان ۋە ئۆتنى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىھانى ئېچىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش، بەدەننى قىزىتىش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، قاننى سۇيۇلدۇرۇش، سوغۇق ماددىلارنى تارقىتىش، سۇيدۇك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، باھنى قۇۋۋەتلەش ۋە ئاغرىق پەسەيتىش.

---

① تەپسىلاتى 32 ـ بابقا قاراڭ

# ئوتتۇز تۆتىنچى باب  تالنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار

تالنى قۇۋۋەتلەش، تالدىكى ماددا ئالمىشىشنى ياخشىلاش، تال مىزاجىنى تەڭشەش تەسىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، تالنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەرخىل ئىچكى - تاشقى، سەۋەبلەر تەسىرىدىن، تالنىڭ خىزمىتىدە ئاجىزلاش يۈز بەرسە، ئورگانىزمدا ماددا ئالمىشىش قالايمىقانلىشىش، فىزىئولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇش بىلەن بىرگە تال ئاجىزلىقىغا ئالاقىدار تۈرلۈك كېسەللىك ئالامەتلەر (تال چوڭىيىش، تال قېتىش، ماغدۇرسىزلىق، قان ئازلىق، يۈرەك سېلىش، كۆپ تەرلەش، باش ئاغرىش، ھەيز قالايمىقانلىشىش، نەپەس سىقىلىش، تولغاق، قان بۇزۇلۇش، ئىشتىھاسىزلىق ...) پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنىڭ ۋاقتىدا ئالدىنى ئالمىغاندا يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. تالنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلارنىڭ تۈرى ھەرخىل بولغاچقا، ئىشلەتكەندە مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. بۇ خىل دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى ھۆل سوغۇق ياكى قۇرۇق سوغۇق بولىدۇ. بۇ دورىلار تالنى ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، تەبىئەتنى قۇۋۋەتلەش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ماددا ئالمىشىشنى ياخشىلاش، بەدەنگە ھۆللۈكلۈك يەتكۈزۈش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار تالنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: تەسۋىقوناق، ھايۋاناتلارنىڭ تېلى، شىنجاڭ قانتېپەرى، بەرخوت دەرىخى قوۋزىقى، بايناق، ئاق ماش، تارانتاس.

بايناق، ماگنىت تېشى، ئوچاق چالمىسى، يۇلغۇن، ھېقىق، ئىزخىر مەككى، چوڭ چىلان، جىنتىيانا، زەرنەپ، چۈژگۈن ئۈندۈرمىسى، توخۇ تاشلىقى پوستى، نىلۇپەر ئۇرۇقى، ئىتئۈزۈمى.

www.uyghurkitap.com

# تەسۋىقوناق

(薏苡仁 yi yi ren)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Semen Cocis

[ئىنگلىزچە نامى] Ma—yuen Jobstearis Seed

[تونۇش]

بۇ بىر يىللىق ياكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق باشاقلىق ئۆسۈملۈك تەسۋىقوناقنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، ئادەتتە «تەسۋىقوناق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (1.34 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] تەسۋىقوناق ئېستېرى (Ester)، 12~14% يىرىك ئاقسىل، 2~8% ياغدىن ئىبارەت.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] راك كېسىلىگە قارشى تۇرۇشتا ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، دەسلەپكى باسقۇچتا ئىشلەتكەندە كېسەلنى پۈتۈنلەي تىزگىنلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. پەي ـ مۇسكۇللارنى بوشىتىدۇ. يۈرەك، نەپەس ئەزالىرىنى غىدىقلاپ، نەپەس سىقىلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قاندىكى قەنتنى چۈشۈرىدۇ، ئاياللارنىڭ ھامىلىدار بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ، ياللۇغ قايتۇرۇپ، قىزىتمىنى پەسەيتىپ، ئاغرىق توختىتىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

تالنى قۇۋۋەتلەش، بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش، تالنى ساغلاملاشتۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، يىرىڭ تازىلاش، ئىششىق تارقىتىش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، رېماتىزمنى يوقىتىش، راك ھۈجەيرىسىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى تىزگىنلەش، ھامىلىدار بولۇشقا ياردەم بېرىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

تال زەئىپلىكىدىن بولغان ئىچى سۈرۈش، ئۆپكە يىرىڭلىق ئىششىقى، ئۈچەي يارىسى، رېماتىزم، سۇلۇق ئىششىق، سۈيدۈك تۇتۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تەسۇقوناق 22 گرام، قورۇلغان پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى، بېھى كۆلىدىن 12 گرام، سۇدا قايىنتىپ ئىچسە، ئىچى سۇرۇشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. بابۇنە، يەرلىك شوخلا 10 گرامدىن، تەسۇقوناقتىن سەككىز گرام ئېلىپ، قايىنىتىپ ئىچسە، ياللۇغ قايتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 8 ~ 35 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قەلەمپۇر.

[ئورۇنباسارى] ئاق لەيلى ئۇرۇقى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

## ھايۋاناتلارنىڭ تېلى

(动物脾脏 dong wu pi zang)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Lien (Splen)

[ئىنگلىزچە نامى] pluck of spleen

[تونۇش]

بۇ كالا، قوي، ئۆچكە، تۆگە قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ مەشھۇر ئەزاسى تېلىنىڭ تازىلاپ قۇرۇتۇلغان قىسمى بولۇپ، باشقا ھايۋانلارغا قارىغاندا كالىنىڭ بۇ ئەزاسى «تال» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (34.2 ـ رەسىم).

بۇ يۇمشاق، يېنىك، بۇلۇتسىمان، رەڭگى كۆكۈش قارامتۇل بولىدۇ. تالنىڭ ئوبدانراقى ئۆيدە بېقىلغان سېمىز، ياش ھايۋانلارنىڭ تېلىدۇر.

[خىمىيىلىك تەركىبى] تال تەركىبىدە ئاساسلىقى ئاقسىل ماددىلىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئورگانىك تۇزلار، فوسفات كىسلاتاسى، كۆپ مىقداردا تۆمۈر ماددىلىرى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

www.uyghurkitap.com

[خۇسۇسىيىتى]

تالنى قۇۋۋەتلەش، جاراھەتلەرنى پۈتتۈرۈش، جاراھەتلەرنىڭ قېنىنى توختىتىش، تال ۋە ئۇچەينىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش، قان كۆپەيتىش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرگە قارشى تۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

تال، ئۇچەي ئاجىزلىقى، ھەر خىل جاراھەتلەر، قان ئازلىق ۋە ھەرخىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قۇرۇتۇلغان تال تالقىنىنى يەرلىك ئورۇنغا سەپسە، جاراھەتلەرنى پۈتتۈرىدۇ، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ.

2. تال تالقىنىنى يۇمغاقسۇت سۈيى بىلەن ئىچسە، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

3. ئۇچەي كاۋىپىغا قۇرۇتۇلغان تالنىڭ تالقىنىنى سېپىپ ئىچسە، تال ۋە ئۇچەي خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] تالنىڭ قۇرۇتۇلغان تالقىنىدىن 0.5~1 گرامغىچە، ھۆل تالدىن 50~80 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] تەستە ھەزىم بولىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قوي يېغى بىلەن ئوبدان پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىش.

[ئورۇنباسارى] قوي تېلى.

[چىقىش ئورنى] بۇ كالىنى ئۆلتۈرگەندە ئىچىدىن چىقىدۇ.

## شىنجاڭ قانتېپەرى

(新疆党参 xin jiang dang shen)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Radix Codonopsis Clematideeae

[ئىنگلىزچە نامى] Codonopsis pilosula

[تونۇش]

بۇ قوڭغۇراقگۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك شىنجاڭ قانتېپەرنىڭ يىلتىزى بولۇپ، يىلتىزى ئۇزۇن سىلىندىر شەكىللىك، سىرتقى يۈزى سارغۇچ ئاق رەڭلىك، يىلتىزىنىڭ باش قىسمى ئىنچىكە، تەمسىزرەك، پۇرىقى سۇس بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «بەھمەن سەفىد چىنى» ياكى «شىنجاڭ قانتېپەرى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] يىلتىزىنىڭ تەركىبىدە ئالكالوئىدلار، قانتېپەر ئىشقارى (codonopsine) ، كودونوپسىنىن (codonopsinine) قاتارلىقلار بار. يەنە گلۇكوزىدلار ۋە قەنت تۈركىدىلەر بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] شىنجاڭ قانتېپەرنىڭ يەر ئۈستىدىكى قىسمى يىلتىزىنىڭ ياسالمىسىنىڭ مىقدارى ھەر بىر كىلوگرام بەدەن ئېغىرلىقى ئۈچۈن 0.005~0.006~0.007 گرام بولغاندا، كىچىك چاشقاننىڭ جىسمانىي كۈچىنى كۈچەيتىدۇ. يىلتىزىنىڭ 10% ئېكستراكتىنىڭ ئالاھىدە ئۈنۈمى بار. يىلتىزىنىڭ 10% ئېكستراتىنىڭ مىقدارى ھەر كىلوگرامغا 0.06~0.07 گرام بولغاندا، كىچىك چاشقاننىڭ مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا نىسبەتەن تەڭشىگۈچلۈك رول ئوينايدۇ، ھايۋاناتلارنىڭ ئۇخلاش ۋاقتىنى قىسقارتىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

تال ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، يۈرەكنى كۈچەيتىش، تەر توختىتىش، بوۋاسىر تۈگۈنچىسىنى يوقىتىش، روھنى كۆتۈرۈش، تەبىئىي خىلىت ھاسىل قىلىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

تال ۋە ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئىچى سۈرۈش، يۈرەك سېلىش، نەپەس سىقىلىش، ئېغىز قۇرۇش، كۆپ تەرلەش، باش قېيىش، بوۋاسىر، بالىياتقۇ چىقۇقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. شىنجاڭ قانتېپەرى، بىخسۇس، پىچەكگۈل، ھېلىلە، جويۇزنىڭ ھەر بىرىدىن توققۇز گرامدىن، گىلى مەختۇمدىن 15 گرام ئېلىپ، قاينىتىپ سۈيىنى ئىچىپ بەرسە،

www.uyghurkitap.com

تال ئاجىزلىقىدىن بولغان ئىچى سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. تاباشىر 5 گرام، ئانار گۈلى 3 گرام، شىنجاڭ قانتېپەرى 5 گرام، يۇمشاق سوقۇپ سۈپۈپ قىلىپ ئىچسە، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

3. قانتېپەر، پىننە، جۇۋىنە، زىرە 10 گرامدىن، سوقۇپ چايلىق تەييارلاپ دەملەپ ئىچسە، ئاشقازاننى قىزىتىپ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3～6 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۈچەيدە توسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، ئەرەب يېلىمى.

[ئورۇنباسارى] تاباشىر.

[چىقىش ئورنى] ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپلىگەن يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۈپۈپى تاباشىر.

## بەرخۇت دەرىخى قوۋزىقى

(黄柏 huang bai)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Cortex Phellodendri Amurensis

[ئىنگلىزچە نامى] Amur Corktee Bark

[تونۇش]

بۇ سۆزاپ ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك بەرخۇت دەرىخىنىڭ قۇرۇتۇلغان قوۋزىقى بولۇپ، «بەرخۇت دەرىخى قوۋزىقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (4.34 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] كۆپ خىل بىئولوگىيىلىك ئىشقارلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئاساسلىقى بېربېرىن (berberine) دىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا پالماتىن (Palmatine)، ماگنوفلاۋىن (magnoflovine)، ئوباكۇنون (obacunone) قاتارلىقلار ماددىلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] مىكرو ئورگانىزملارنى (باكتېرىيىلەرنى) ئۆلتۈرۈش، ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، يارىنى پۈتتۈرۈش، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىپ، يۈرەك

رىتىمىنى نورماللاشتۇرۇش، راكقا قارشى تۇرۇش قاتارلىقلار.
[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
تالنى قۇۋۋەتلەش، بەدەندىكى ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىنى تازىلاش، زەھەر قايتۇرۇش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
قاندىن بولغان ئىچى سۈرۈش، تولغاق، سېرىقلىق چۈشۈش، پۇت ئىششىپ ئاغرىش، ھۆل تەمرەتكە، يىرىڭلىق قاپارتقۇ، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياللۇغى، ئېغىز ياللۇغى، تال ئاجىزلىقتىن بولغان ئىچ سۈرۈش، ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. بەرخۇت دەرىخى قوۋزىقىدىن 10 گرام، تاباشىردىن بەش گرام ئېلىپ، سوقۇپ، تۇرۇنجى سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ بەرسە، ئىچى سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.
2. بەرخۇت دەرىخى قوۋزىقى، قوۋزاقدارچىن، قەلەمپۇر، قاقىلە، لاچىندانە، جۇزە پوستىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ، چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ.
3. بەرخۇت دەرىخى قوۋزىقى، قىزىل سەندەل، قارا ھېلىلە ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ، قاينىتىپ ئىچسە، ھۆل تەمرەتكە، يىرىڭلىق قاپارتقۇ قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.
4. بەرخۇت دەرىخى قوۋزىقى 10 گرام، سانجىقئوت، يالپۇز، قىرىقىز ئۇرۇقى، زىرىق، چۈچۈكبۇيا قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 6 گرامدىن ئېلىپ، چالا سوقۇپ قاينىتىپ، سۈيىنى ئىچىپ بەرسە ئېغىز ۋە تىلدىكى يارىلار، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياللۇغىغا شىپا بولىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 8 ~ 16 گرام.
[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل.
[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ گۇاڭشى، گۇاڭدۇڭ، يۈننەن قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] سەندەل شەربىتى.

# باياناق
(苍术 cang zhu)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Rhizoma atractylodis Lanceae

[ئىنگلىزچە نامى] Swordlike Atractylodes Rhizome

[تونۇش]

بۇ جۇخار گۈلى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق (矛苍术 atractylodis) ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان يىلتىزسىمان غولى بولۇپ، «جۇڭگو بايىنىقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (34.5 ـ رەسىم).

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئاشقازان يارىسىنى پۈتتۈرۈش، ئاشقازان ـ ئۈچەي خىزمىتىنى تەڭشەش، قاندىكى شېكەرنى يۇقىرىلىتىش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، يۇتقۇنچاق راكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ياللۇغ قايتۇرۇش قاتارلىق رولى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تال ساغلاملاشتۇرۇش، تالنى ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، يەل تارقىتىش، ئىششىق تارقىتىش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، قان تازىلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

تال ۋە ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئىچى سۈرۈش، سۇلۇق ئىششىق، بوغۇم ئاغرىقى، سۇلىشىدىغان جاراھەتلەر، قىچىشقاق، ھۆل تەمرەتكە، شاپاق يارىسى، يەلتاشما، نامازشام قارىغۇسى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. لانچىندانە، بەديان، زەرچۆۋە 10 گرامدىن، قاقىلە، باياناق 7 گرامدىن ئېلىپ، قاتناتما تەييارلاپ ئىچسە، ئاشقازان ۋە تالنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. شاھتەررە، چۆپچىن، سەرسىبىل، جۇڭگو بايىنىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، قان تازىلايدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 12 گرام.
[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] زىخ، سۇماق، بىدىمىشكى.
[ئورۇنباسارى] غاپەس، شاھتەررە.
[چىقىش ئورنى] ئىلمىمىزنىڭ جياڭسۇ ئۆلكىسىدىن چىقىدۇ.

## ئاق ماش

(白扁豆 bai bian dou)

[ئەرەبچە نامى]
[پارسچە نامى]
[ئوردۇچە نامى]
[لاتىنچە نامى] Semen Mablab Album
[ئىنگلىزچە نامى] White Hyacinth Bean
[تونۇش]
بۇ پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئاق ماش بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «ئاق ماش» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقى ئاق سېرىق رەڭدە، يۇمىلاق، ئوتتۇرىسى چوڭقۇرراق، تەمى ئاچچىق، بۇ ئۆلكىنىڭ ۋە تاغنىڭ دەپ ئىككى خىل بولۇپ، دورا ئۈچۈن تاغنىڭكى ئىشلىتىلىدۇ (34 . 6 ـ رەسىم) .
[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاق ماشنىڭ تەركىبىدە ئاقسىل 23%، ياغ 18%، فىبرىن 5.9% ، كاربون سۇ بىرىكمىلىرى 6.5% قاتارلىقلار بار.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
تال، جىگەر ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، قان تازىلاش، ھەيز ۋە سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، تېرىنى پارقىرىتىش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، جىگەر ۋە تالدىكى توسالغۇلارنى ئېچىش، ھامىلە چۈشۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەيز كەلمەسلىك، قىيىن تۇغۇت، داغ، سەپكۈن، ئۈچەي مەددە قۇرتى، تال ئىششىقى، جىگەر ياللۇغى، يانپاش ئاغرىقى، بوۋاسىر، ھەر خىل جاراھەت،

چوڭ بوغۇملار ئاغرىقى، باش ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مۇۋاپىق مىقداردىكى ئاق ماشنى سوقۇپ، ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا ھەمەل قىلسا ھامىلە چۈشۈرىدۇ.

2. ئاق ماشنىڭ قاينىتىلمىسىنى ياكى لوئابىنى سىركە ۋە ھەسەل بىلەن قوشۇپ ئىچسە، قورساقتىكى مەددىنى چۈشۈرىدۇ.

3. سۇزاپ، پىلپىل 10 گرامدىن، ئاق ماشتىن 15 گرام سوقۇپ، سۈپۈپ قىلىپ ئىچسە، ھەيز ماڭدۇرىدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ، تالنىڭ ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ، جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ.

4. ئاق ماشنىڭ ئۇننى ئارپا ئۇنى، مۇۋاپىق مىقداردىكى سىركە ۋە سۇ بىلەن قوشۇپ، خېمىر قىلىپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، ئىسسىقتىن بولغان ئاغرىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

5. ئاق ماشنىڭ ئۇننى مۇۋاپىق مىقداردىكى ھەسەل ۋە مۇرمەككى بىلەن قوشۇپ، پەرجىگە ھەمەل قىلسا، ھەيزنى راۋان قىلىدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ، بالىياتقۇدىكى يەللەرنى تارقىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ 20 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] رەڭگىنى سارغايتىدۇ، ھەزىمنى بۇزىدۇ.

[ئورۇنباسارى] قىزىل دادۇر، پۇرچاق.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئىترىفىل دىيدان، ھەببى دىيدان قاتارلىقلار.

## تارانتاس

(白术 bai zhu)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Rhizoma Atractylodis Macroce phalae

[ئىنگلىزچە نامى] Largehead Atractylodes Rhizome

[تونۇش]

بۇ مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تارانتاس



www.uyghurkitap.com

بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزسىمان غولى «تارانتاس» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (34 . 7 - رەسىم) .

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاتراكتىلول (atractylol)، ئاتراكتىلون (atractylon)، β - ئاتراكتىلولىد (β—atractylolide)، β - ئېدىسمول (β—eudesmol) قاتارلىقلار.

[فارموكولوگىيىلىك تەسىرى] سۈيدۈك ھەيدەش، قورساقتىكى سۇنى تارقىتىش، ئاشقازان يارىسى ۋە ئاشقازان ياللۇغىنى داۋالاش، راكقا قارشى تۇرۇش، ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، مىكروب ئۆلتۈرۈش، جىگەر، ئۆتنى قۇۋۋەتلەش، قان قېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قاندىكى قەنتنى چۈشۈرۈش قاتارلىقلار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تال ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، بەدەندىكى ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، تەر توختىتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، يارىنى پۈتتۈرۈش، ھامىلىنى ئاسراش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەزىم ئاجىزلىقى، قورساق كۆپۈش، ئىچى سۈرۈش، ئاشقازان ۋە 12 بارماق ئۈچەي يارىسى، بەدەن ئاجىزلىشىشتىن ھامىلە قوزغىلىپ، قان كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تارانتاس 6 گرام، لاچىندانە ھىندى 10 گرام، پىننە 15 گرام، قائىدە بويىچە قايىنىتىپ ياكى دەملەپ ئىچىپ بەرسە، ئاشقازاننىڭ زىيادە ھۆللۈكىنى قۇرۇتۇپ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ.

2. تارانتاس 6 گرام، تاباشىر 10 گرام، نىشاستە 10 گرام، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، ئانارگۈلىنى 10 گرامدىن، قائىدە بويىچە سۈپۈپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 6 ~ 12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقجان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] نېلۇپەر، بىنەپشە.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۈپۈپى كەشنىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## باينا ق[1]

(苍术 cang zhu)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تال ساغلاملاشتۇرۇش، تالنى ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، يەل تارقىتىش، ئىششىق تارقىتىش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، قان تازىلاش.

## ماگنىت تېشى[2]

(磁石 ci shi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تاش پارچىلاش، مېڭە، يۈرەك، جىگەر، ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى تازىلاش، قان توختىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، جاراھەت ئېغىزلىرىنى پۈتتۈرۈش، ئاق خۇن ۋە ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، جىگەر ۋە تالنى قۇۋۋەتلەش، تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرۇش.

## ئوچاق چالمىسى[3]

(伏龙肝 fu long gan)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تال ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش ، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، قۇسۇشنى ۋە ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، قان توختىتىش.

---

① تەپسىلاتى 34 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 14 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 24 ـ بابقا قاراڭ

## يۇلغۇن①
(柽柳 cheng liu)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
ئىچنى قاتۇرۇش، تالنى قۇۋۋەتلەش، ماددىلارنى تارقىتىش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇ-
تۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، سۇيدۇك ھەيزنى راۋان قىلىش.

## ھېقىق②
(玛瑙 ma nao)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
يۈرەك، جىگەر، تالنى قۇۋۋەتلەش؛ قان توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، ئىچى
سۈرۈشنى توختىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، تاشلارنى پارچىلاش، كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇ-
رۇش، چىش مىلىكىنى چىڭىتىش، باھنى قوزغاش.

## ئىزخىر مەككى③
(青香茅 qing xiang mao)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
جىگەر، ئۆت ۋە تالنى قۇۋۋەتلەش؛ غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى سۈرۈش، توسالغۇلارنى
ئېچىش، ئىششىق تارقىتىش، يەل ھەيدەش، سۇيدۇك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ئاشقازاننى
قۇۋۋەتلەش، ئۇخلىتىش، ئىشتىھانى ئېچىش.

---

① تەپسىلاتى 24 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 29 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 30 ـ بابقا قاراڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## چوڭ چىلان[1]

(大枣 da zao)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

جىگەر، تال ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى پىشۇرۇش ھەم سۈرۈش، كۆكرەكنى تازىلاش، تازىلاش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش.

## جىنتىيانا[2]

(龙胆 long dan)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

جىگەر، تال، پەي، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، بۆرەك، باھنى كۈچلەندۈرۈش، ئىششىق ۋە يەللەرنى تارقىتىش، نېرۋىنى قوزغىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، سوغۇقتىن بولغان ئىچكى ئاغرىقلارنى پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش.

## زەرنەپ[3]

(紫杉 zi shan)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

جىگەر، تال، ئاشقازان، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش؛ كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، پەي - مۇسكۇللارنى كۈچلەندۈرۈش، يەل تارقىتىش، قورۇش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەي-

---

① تەپسىلاتى 30 - بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 30 - بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 30 - بابقا قاراڭ

تىش، زىيادە ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، ئاغرىق توختىتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، چىش مىلىكىنى چىڭىتىش، قان توختىتىش.

## چۈژگۈن ئۈندۈرمىسى[①]

(谷芽 gu ya)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان ۋە تالنى قۇۋۋەتلەش، تاماق سىڭدۈرۈش.

## توخۇ تاشلىقى پوستى[②]

(鸡内金 ji nei jin)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان، ئۈچەي ۋە تالنى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىھانى ئېچىش، سۈيدۈك قېتىم سانىنى ئازايتىش، يەل تارقىتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش.

## نىلۇپەر ئۇرۇقى[③]

(莲子 lian zi)

[تەبىئىتى] خېمى بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق، پىشقى بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆت ۋە تالنى قۇۋۋەتلەش، قىزىتما قايتۇرۇش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، تۇتۇش، مەنىينى قويالتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش.

---

① 32 ـ بابقا قاراڭ تەپسىلاتى

② 32 ـ بابقا قاراڭ تەپسىلاتى

③ 33 ـ بابقا قاراڭ تەپسىلاتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئىتئۈزۈمى①

(龙葵果 long kui guo)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ياللۇغ قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرا خىلىتىنى قۇرۇق ئىسسىق ۋە ھۆل ئىسسىق كېيىپىياتىنى تەڭشەش؛ ئۇسسۇزلۇق، ھارارەت پەسەيتىش؛ قان تازىلاش، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش.

① تەپسىلاتى 10 ـ بابقا قاراڭ

# ئوتتۇز بەشىنچى باب بۆرەك، دوۋساقنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار

بۆرەك ۋە دوۋساقنى قۇۋۋەتلەش، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى ماددا ئالمىشىشنى ياخشىلاش، بۆرەك ۋە دوۋساقنىڭ مىزاجىنى تەڭشەش تەسىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ بۆرەك ۋە دوۋساقنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەر خىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر تەسىرىدىن، بۆرەك ۋە دوۋساق قاتارلىق ئەزالارنىڭ خىزمىتىدە ئاجىزلاش يۈز بەرسە، ئورگانىزمدا ماددا ئالمىشىش قالايمىقانلىشىش، فىزىئولو- گىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇش بىلەن بىرگە بۆرەك ۋە دوۋساق ئاجىزلىقىغا ئالاقىدار تۈرلۈك كېسەللىك ئالامەتلىرى (بەل ئاغرىش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش ياكى سۈيدۈك تۇتالماسلىق، بۆرەك ياللۇغى، بۆرەككە سۇ چۈشۈش، بۆرەك ئۆسمىسى، دوۋساق ياللۇغى، سۈيدۈك يولى ياللۇ- غى، مەزى بېزى چوڭىيىش، دوۋساق يارىسى، دوۋساق راكى، چوڭ ـ كىچىك بوغۇملار ئاغرىقى، ئىرقۇئىنسا، بۆرەككە تاش چۈشۈش، دوۋساققا تاش چۈشۈش، سۈيدۈك توشۇش نەيچىسى ياللۇغى، بەدەن ئورۇقلاش، مېڭە ۋە ئەسەبلەر ئاجىزلىقى ...) پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنىڭ ۋاقتىدا ئالدىنى ئالمىغاندا يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. بۆرەك ۋە دوۋساقنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلارنىڭ تۈرى ھەرخىل بولغاچقا، ئىشلەتكەندە مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. بۇ خىل دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق ياكى قۇرۇق ئىسسىق بولىدۇ. بۇ دورىلار بۆرەك، دوۋساق ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەپ، تەبىئەتنى كۈچەيتىپ، سەمىرتىش، ئۇزۇقلۇق تولۇقلاش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار بۆرەك ۋە دوۋساقنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: سۆئلەب مىسرى، جەرەن، تۈلكە، توشقانزەدىكى، بېدە ئۇرۇقى، بۇغا قېنى، پىياز ئۇرۇقى، ھەلىيۇن ئۇرۇقى، تۇخۇم سېرىقى، ئاقىرقەرھا، نوقۇت، نارجىل، بەسباسە، ئاق بەھمەن، زاغۇن ئۇرۇقى، سەۋزە ئۇرۇقى.

تۆگە گۆشى، ياڭاق، قۇندۇز قەھرى، قۇشقاچ مېڭىسى، پىياز، زەپەر، يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى تۇل خوزىرا، ھەببى زەلەم، ھەببى رىشات، ياۋا كۈنجۈت، كۆكنار ئۇرۇقى، جۇيۇز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# سۆئلەب مىسرى

(欧白及 ou bai ji)

[ئەرەبچە نامى] خصية الثعلب

[پارسچە نامى] خانة روباه

[ئوردۇچە نامى] ثعلب مصرى

[لاتىنچە نامى] Tuber Salep

[ئىنگلىزچە نامى] Tuber Orchidis

[تونۇش]

بۇ تۈلكە مايىقى ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك سۆئلەپ بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يەر ئاستىدىكى يىلتىزسىمان تۈگۈنەك غولى «سۆئلەپ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يىلتىز-نىڭ رەڭگى ئاق، سۈزۈك، سۆرۈنجاندىن كىچىكرەك، تەمى تاتلىق ھەم چاپلاشقاق، ئازراق ئۆتكۈر پۇراقلىق بولۇپ، پۇرىقى مەنىينىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. بۇ بىر نەچچە خىل بولىدۇ. بىر قىسمىنىڭ دانىسى كەپتەر تۇخۇمىدەك بىر - بىرىگە يېقىن، ھەر بىرىدە ئۇزۇن، ئۇششاق يىپى بار، شۇ يىپتىن ئۆسىدۇ ھەمدە يىپنىڭ ئاخىرىدا كىچىك دانىسى بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلىتىلىدىغىنى بولسا ئۇزۇنچاق تۇخۇمسىمان كەلگىنىدۇر. يوپۇرمىقى پىيازنىڭ يوپۇرمى-قىغا ئوخشايدۇ، يەنە بىر خىلى ئالدىنقىسىغا قارىغاندا چوڭراق، يەرگە يېپىلغان، يۇمشاق بولۇپ، بۇنىڭدا ئۈچ دانە مونەكچە بار، ئۇرۇقى قارا، پارقىراق، قاتتىق، ئۈچىنچى خىلىنىڭ تېنى ئوتتۇرىسىدىن ئۈنۈپ چىقىدۇ، گۈلى سېرىق، ئوتتۇرىسىدا قارا ئۇرۇقى بار، تېنى قىزىل، يوپۇرمىقى، مېۋىسى ئازاراق دەرىخنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، يەنە بىر خىلى، يىلتىزى ياڭاق مىقدارىچە، تېشى قىزىل، ئىچى ئاق، چاپلىشاڭغۇ، تاتلىق، بۇنىڭ ئۈنىدىغان جايى تاغلاردا، ھۆل يەرلەردە، تولىراق رۇمدا، مىسىردا بولىدۇ، ئەمما رۇمنىڭكى ياخشىراق ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «خۇسيەتۇسسۇئلەپ»، «سۆئلەب مىس-رى» ياكى «تۈلكە مايىقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (35.1 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] %27 كراخمال، تەخمىنەن %50 يېپىشقاق ماددا بار، يېپىشقاق ماددا ئاساسلىقى يېرىم تالالىق ماددا (Henicellulose) دىن تۈزۈلگەن.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئاشقازان، ئۈچەي، كاناي ۋە باشقا ئەزالارنىڭ شىللىق پەردە ياللۇغىنى يېنىكلىتىدۇ، سىرتتىن كەلگەن ھەرخىل غىدىقلىنىشلارغا نىسبەتەن فىزىكىلىق ئاسراش رولىغا ئىگە، ئۇلارنىڭ سۈمۈرۈلۈشىنى پەسەيتىدۇ. تەركىبىدىكى يېلىمسىمان ماددا قانىغان يەرلىك ئورۇنغا سۈركەلسە، چىقىۋاتقان قان دەرھال توختايدۇ. سۈيۈقلۇقىنى ئوكۇل قىلسا قان تومۇر ئۈچلىرىدىكى قان ھۈجەيرىلىرى ئۇيۇپ قالىدۇ. بۇنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندە قان تومۇرلادا توسۇلۇش شەكىللەندۇرگەنلىكى بايقىلىدۇ. بۇ تۆت - بەش كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، قان تومۇر تەرەپتىن سۈمۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بۆرەك، دوۋساق، باھ، پەي، يۇرەك، مېڭە ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، سۈت ۋە مەنىي پەيدا قىلىش، بەدەننى سەمرىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ساپ قان پەيدا قىلىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باھ ئاجىزلىقى، قان ئازلىق، بۆرەك ئورۇقلاپ0 سۈت، مەنىي كەملىك، بۆرەك زەئىپلىكى، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، مەنىي تېز يۇرۇپ كېتىش، چاچ چۈشۈپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. 30 گرام خۇسيە توسسۇئلەپ بىلەن 60 گرام سۈت بىرلەشتۈرۈپ ئىچسە، قان تولۇقلايدۇ.

2. خوسيەتوسسۇئلەپ 10 گرام، شاقاقۇل 10 گرام، تۇخۇم سېرىقىنى 3 دانە قائىدە بويىچە سۇيۇپ قىلىپ ئىچسە، بۆرەكنى سەمرىتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. چىلغوزا مېغىزى 10 گرام، پىلپىل 7 گرام، پىندۇق مېغىزى 10 گرام، خۇسيە توسسۇئلەپ 15 گرام، ناۋاتتىن 20 گرام، قائىدە بويىچە سۇيۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىدۇ، بۆرەك يىگلەشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. پىلپىل 10 گرام، قارىمۇچ 7 گرام، تۇخۇم سېرىقى 3 دانە، خۇسيە توسۆئىلەپ 10 گرام، كاۋاۋچىن 16 گرام، بۇ دورىلارنى قائىدە بويىچە سۇيۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، بۆرەك سوۋۇپ كېتىش، باھ ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بەدىيان، پىننە، نەمەك ھىندى.

[ئورۇنباسارى] بوزىدان، شاقاقۇل.

[چىقىش ئورنى] ياۋروپا، ياپونىيە، ھىندىستان، نېپال، رۇسىيە، مىسىر، ئىتالىيە قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى سۆئلەپ، ھالۋائى بىيزە، داۋائى تەرەنجىبىن.

## جەرەن

(黄羊 huang yang)

[ئەرەبچە نامى] يحمور

[پارسچە نامى] گورخ

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Caro Procaprae guttrosae

[ئىنگلىزچە نامى] Meat of Mongolian gazelle

[تونۇش]

بۇ بۇغا ئائىلىسىدىكى ھايۋانات جەرەندىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ مۈڭگۈزى، گۆشى، يېغى دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ (2.35 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بۆرەك، دوۋساق، باھ، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش؛ ھەيز توختىتىش، چاچ چىقىرىش، زەھەر[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

بۆرەك، باھ، نېرۋا ۋە يۈرەك ئاجىزلىقى؛ پالەچ، ئىستىرخا، چاچ چۈشۈش، يۈرەك سىيلىش، كۆزگە پەردە چۈشۈش، يەرقان كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. جەرەننىڭ ھەر خىل ئۇسۇلدا پىشۇرۇلغان گۆشىدىن مۇۋاپىق مىقداردا يەپ بەرسە، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقىغا پايدا قىلىدۇ.

2. جەرەن يېغىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ بېشىنى ياغلاپ بەرسە، چاچ ئۆستۈرىدۇ.

3. جەرەننىڭ ئۇرۇقدىنىغا سۆئىتەر ۋە تۇز سېپىپ قورۇتۇپ، تالقان قىلىپ، لاتىغا ئوراپ، ئايال كىشىنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا قويۇپ قويسا، ھەيز قېنىنى توختىتىدۇ.

4. جەرەننىڭ تېزىكىنى سىركىدە پىشۇرۇپ سۈرمە قىلىپ تارتسا ياكى سىرتىدىن چاپسا، كۆزدىكى نېپىز پەردىنى يوقىتىدۇ، ئىششىق تارقىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۈچەيدە توسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كۈنجۈت، بادام، ياڭاق يېغى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ئىچكى موڭغۇل، گەنسۇ، جىلىن، شىنجاڭ قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مائۇللەھمى.

## تۈلكە

(狐狸 hu li)

[ئەرەبچە نامى] ثعلب

[پارسچە نامى] روباه

[ئوردۇچە نامى] لومڑی

[لاتىنچە نامى] Vulpes Vulpes Linnaeus

[ئىنگلىزچە نامى] Fox

[تونۇش]

بۇ ئىتلار ئائىلىسىدىكى ھايۋانات تۈلكىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، ھەر بىر ئەزاسىنى ئايرىپ ئېلىپ، قائىدە بويىچە قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ (35.3 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بۆرەك ۋە دوۋساقنى قۇۋۋەتلەش، باھنى قوزغاش، ئاغرىق توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، قۇلاق ئېغىرلىقىنى يوقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] باھ ئاجىزلىقى، بوغۇم ئاغرىقى، پالەچ، تارتىشىپ قېلىش، زىققە، ئىستىسقا، يۆتەل، ئۆپكە سىلى، پۇت ـ قول ئاغرىقى، كۆيۈك، ناسۇر، يىرىڭلىق چاقا قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى] تۈلكە گۆشىنى قائىدە بويىچە ئاقىرقەرھا بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، باھنى قوزغايدۇ، ئىستىسقا كېسىلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

1. تۈلكىنى تىرىك تۇتۇپ، پۇتلىرىنى بوغۇپ قايناۋاتقان سۇغا تاشلاپ پىشۇرۇپ، چىققان سۈيى بىلەن قىزىق ھالدا سىرتتىن يۇيۇپ بەرسە، چوڭ ـ كىچىك بوغۇم ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. تۈلكە گۆشى ۋە ياغلىرىنى زەيتۇن يېغى بىلەن قايىنىتىپ، چىققان ياغ بىلەن بوغۇملارنى ياغلاپ بەرسە، بوغۇملارنىڭ قاتتىقلىقىنى يۇمشىتىدۇ. ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

3. پالەچ ۋە ئەزالارنىڭ يىغىلىپ قالغانلىقىغا قارىتا تۈلكىنىڭ گۆشىنى سۇدا قايىنىتىپ چىققان ھورغا بەدەننى تۇتۇپ، ئەدىيال بىلەن يۆگىلىپ، تەرلىگۈدەك ھالدا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ.

4. تۈلكىنىڭ قۇرۇتۇلغان ئۆپكىسىدىن تۆت گرامنى سوقۇپ ھەسەل بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلسا، يۆتەل توختىتىدۇ. كۆكرەك ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.

5. تۈلكىنىڭ قۇرۇتۇلغان ئۆپكىسىنى تالقان قىلىپ، پىلپىل ھەم سىيادان بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلسا، ئۆپكە سىلىغا ۋە زىققە كېسىلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

6. تۈلكىنىڭ قۇيرۇقىنى كۆيدۇرۇپ، مۇۋاپىق دورىلار بىلەن يەرلىك ئورۇنغا سىرتتىن سېپىپ بەرسە، ھەر خىل جاراھەت ۋە ھۆل تەمرەتكىلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بىنەپشە، ئەينۇلا.

[ئورۇنباسارى] بۆرە گۆشى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ بەزى ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىن ھەم رايونىمىز شىنجاڭنىڭ جاڭگاللىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەر خىل زىماتلار.

# توشقانزەدىكى
(肉苁蓉 rou cong rong )

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئۇردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Herba Cistanches Deserticolae

[ئىنگلىزچە نامى] Desertliving Cistanche Herb

[تونۇش]

بۇ شۇمبۇيا ئائىلىسىدىكى يۇلغۇن ۋە بۆرىتىكىنىنىڭ يىلتىزلىرىدا تەييارتاپ ئۆسىدىغان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك توشقانزەدىكىنىڭ تەڭگىسمان گۆشلۈك غولىدىن ئىبارەت، ئۇنى دورىغا ئىشلىتىشتە ئۇنى يىغىۋالغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئاپتاپتا قۇرۇ- تۇپ، يالپاقلاپ، توغراپ تەييارلاپ، «توشقانزەدىكى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. غولى ئەتلىك، سېمىز، شەكلى تۇۋرۇكسىمان، رەڭگى قارامتۇل سېرىق رەڭدە كېلىدۇ (35. 4 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] قۇرۇتۇلغان غولىدا گلۇكوزا، ماننىتول (Mannitol)، سىـ- نوكستىك كىسلاتاسى (Snoccitic aeid)، β ـ ستوستېرول، بېتائىن (Betaine)، ئوتتا پكانونىك كىسلاتاسى قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرۇش، قېرىشنى كېچىكتۈرۈش، يۈرەككە قان يەتكۈزۈپ بېرىش، سۈيدۈك ھەيـ- دەش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش قاتارلىق تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بۆرەكنى قىزىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، بۆرەك ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، قان ئايلىنىشنى ياخشىلاش، ئۇچەيگە ھۆللۈك يەتكۈزۈپ، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

بۆرەك ئاجىزلىق، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىق، باھ زەئىپلىكى، ئادەتلەنگەن قەۋزىيەت قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. توشقانزەدىكى بىلەن كۆدە ئۈرۈقىنى بىرلەشتۈرۈپ قايناتىپ ئىچسە، بۆرەك ئاجىز-لىقى ۋە ئەرلىك جىنسىي ئاجىزلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. توشقانزەدىكى بىلەن داڭگۈينى مۇۋاپىق مىقداردا قايناتىپ ئىچسە، ئادەتلەنگەن قەۋزىيەتكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 8 ~ 12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] تەستە ھەزىم بولىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە، زىرە.

[ئورۇنباسارى] بەھمەن.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبۇبى كەبىر.

## بېدە ئۇرۇقى

(苜蓿子 mu xu zi)

[ئەرەبچە نامى] بزرالرطب، بزرالحدقوق

[پارسچە نامى] تخم دیاسپس

[ئوردۇچە نامى] بکہیراکی بیج

[لاتىنچە نامى] Semen Medicaginis

[ئىنگلىزچە نامى] Alfalfa seed

[تونۇش]

بۇ پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك بېدىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت، ئۇرۇقى بۆرەك شەكىللىك، رەڭگى سارغۇچ بېغىررەك، ناھايىتى ئۇششاق بولىدۇ (5.35 - رەسىم).

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بۆرەك، دوۋساق ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش؛ ئىچنى توختىتىش، مەنىي ۋە سۈت پەيدا قىلىش، بەدەننى سەمرىتىش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باھ ئاجىزلىقى، كۆكرەكنىڭ يىرىڭلىكى، يۆتەل، ئىچى سۈرۈش، سۈت ۋە مەنىي كەملىك، ھەيز توسۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بىدە ئۇرۇقىنى كۆيدۈرۈپ، تۇتۇندە داۋاملىق ئىس سىلىپ بەرسە، پالەچكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. بادام مېغىزى 5 گرام، كۆكنار ئۇرۇقى، بىدە ئۇرۇقى، چىگىت مېغىزى قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن، چىلغوزا مېغىزى 10 گرام، پىنىە 50 گرام، قائىدە بويىچە سوقۇپ، ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ كۈندە ئىككى ۋاخ، 5 گرامدىن ئىچسە سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىدۇ.

3. بىدە ئۇرۇقى 10 گرامنى سۆئلەپ، شاقاقۇل بەش گرامدىن ئېلىپ، سوقۇپ، سۈپۈپ تەييارلاپ ئىچسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىلىش مىقدارى] 3 ـ 10 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] قورساقنى ئېسىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىنىە.

[ئورۇنباسارى] پالەك ئۇرۇقى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبۇبى كەبىر، لوبۇبى سەغىر.

## بۇغا قېنى

(鹿血 lu xue)

[ئەرەبچە نامى] دم الايل

[پارسچە نامى] خون گوزن

[ئوردۇچە نامى] خون گوزن

[لاتىنچە نامى] Sanguis Cervi

[ئىنگلىزچە نامى] Deer Blood

[تونۇش]

بۇ چىپار بۇغا ۋە قارا تايغان بۇغا قاتارلىقلارنى تۇز سۈيى سىلىنغان قاچىغا بوغۇزلاپ، قېنىنى تۇز سۈيى بىلەن بىرگە سايىدا قويۇپ قۇرۇتۇپ تەييارلانغان قان بولۇپ، تېبابەتتە «بۇغا قېنى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (6.35 ـ رەسىم).

[خىمىيلىك تەركىبى] كالتسىي، ماگنىي قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. يۈرەككە بولغان تەسىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئالدىنقى تورى

2. بەدەننى قۇۋۋەتلەش تەسىرى.

3. جىنسىي ھورمونغا بولغان تەسىرى.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بۆرەك، دوۋساق ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، قان تولۇقلاش، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قان ئازلىق، نېرۋا ئاجىزلىق، مەنىي تۇتالماسلىق، ياشانغان كىشىلەردىكى يۈرەك قوزغىلىش، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سۆئلەپ مىسرى، شاقاقۇل، بادام مېغىزى، بۇغا قېنى ھەر بىرىنى 10 گرامدىن ئېلىپ، سۇپۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، قان ئازلىق، نېرۋا ئاجىزلىق، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

2. پىستە مېغىزى، چىلغوزا مېغىزى 30 گرامدىن، ئاقىرقەرھا، بۇغا قېنى 10 گرامدىن، مۇۋاپىق مىقداردىكى ھەسەل بىلەن قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ ئىچسە، مەنىي تۇتالماسلىقتا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئاق سەندەل، مەرۋايىت، قىزىلگۈل، بۇغا قېنىنى بەش گرامدىن ئېلىپ، سۇپۇپ تەييارلاپ ئىچسە، يۈرەك قوزغىلىشتا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 4 گرام.

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالى، ئىچكى موڭغۇل، غەربىي شىمال، غەربىي جەنۇب قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

## پىياز ئۇرۇقى

(葱子 cong zi)

[ئەرەبچە نامى] بزرالبصل

[پارسچە نامى] تخم پیاز

[ئوردۇچە نامى] پیاز کی بیج

[لاتىنچە نامى] Semen Allii Fistulosi

[ئىنگلىزچە نامى] Fistular Onion Seed
[تونۇش]
بۇ گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك پىيازنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت. رەڭگى قارا رەڭدە، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ (35.7 ـ رەسىم).
[خىمىيىلىك تەركىبى] پىياز ئۇرۇقىدا پىياز ئالما كىسلاتاسى، ئاتسىدوم مالىكوم (Malic acid) ، فوسفات قەنتى (فىنىن) ۋە مىكروب ئۆلتۈرگۈچى ئالىلسولفىد (Allyl sulfide) ، كالتسىي، كالىي، ناترىي، گۈڭگۈرت، تۆمۈر قاتارلىقلار بار.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
بۆرەك، دوۋساق، باھ ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش، سوغۇق يەللەرنى تارقىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ھەزىمگە ياردەم بېرىش، تېرىگە جۇلا بېرىش، قاننى جانلاندۇرىدۇ.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
باھ ۋە بۆرەك ئاجىزلىقى، بۆرەك ۋە بەدەن سوۋۇپ كېتىش، نېرۋا، پەي ئاغرىقلىرى، تەڭگىسىمان چاچ چۈشۈش، پالەچ، لەقۋا، رەئشە، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، ھەزىم ناچارلىق، سۈيدۈك، ھەيز راۋان بولماسلىق، داغ، بەھەق، بەرەس، تەمرەتكە، بوۋاسىر قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. 10 گرام پىياز ئۇرۇقىنى سوقۇپ، 30 گرام ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا بۆرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.
2. پىياز ئۇرۇقى، بەدىيان، قەلەمپۇر، پىننە، زەنجىۋىل قاتارلىقلاردىن 5 گرام ئېلىپ چايلىق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ھەزىمنى ياخشىلاپ يەل تارقىتىدۇ.
3. تۇخۇم سېرىقى 5 دانە، ئاقىرقەرھا، سۆئلەپ، شاقاقۇل، پىياز ئۇرۇقى، تۇدەرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ، سۇپۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، بۆرەك ۋە باھ ئاجىزلىقى، سەيلانى مەنى، سەيلانى رەھىم قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 4 گرام.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] لىمون سۈيى، سىركە.

[ئورۇنباسارى] كۆدە ئۇرۇقى، سىيادان.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىدىن چىقىدۇ، ھەمدە ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق جايلاردىمۇ چىقىدۇ.

[ئىشلىتىش دورا ياسالمىسى] مۇقەۋۋى باھ، لوبۇبى كەبىر، ھالۋايى بىزە.

## ھەلىيۇن ئۇرۇقى

(石刁伯子 shi diao bo zi)

[ئەرەبچە نامى] بزرالهليون

[پارسچە نامى] تخم هليون، تخم مارچوبه

[ئوردۇچە نامى] هليون كى بيج

[لاتىنچە نامى] Semen Asparagi Officinalis

[ئىنگلىزچە نامى] Common Asparagus seed

[تونۇش]

بۇ گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك مەرچۇبە بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «تۇخۇمى ھەلىيۇن» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسى شار شەكىللىك گۆشلۈك، مېۋىسىنىڭ رەڭگى قىزغۇچ سېرىق كېلىدۇ، ئىچىدىن كۆپ ئۇرۇق چىقىدۇ، ئۇرۇقى كىچىك، قاتتىق، قىزىلغا مايىل قارا رەڭلىك، تەمى ئاچچىق تېتىيدۇ (8.35 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى، غولى، يوپۇرمىقى، مېۋە پوستى، ئۇرۇقى قاتارلىق ھەممە قىسمىنىڭ تەركىبىدە سېرىق كىتون تۈرىدىكى بىرىكمىلەر بار. پىشقان مېۋىسىنىڭ تەركىبىدە قەنت، ياغلىق ماي، كاسپانتىن (Capsanthin) لار بار، ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە ناترىي ھىدروكسىد ئېرىتمىسىدە ئېرىيدىغان كۆپ مىقداردا مۇرەككەپ قەنت يەنى گلۇكومانان (Glucomannan)، ئاسپاراگىن (Asparagine) مۇ بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ھەلىيۇننىڭ ئادەتتە سۈيدۈك ماڭدۇرۇش رولى بار دەپ

قاربلىدۇ. بۇنىڭ جەۋھىرى ۋېنا تومۇرىدىن ئوكۇل قىلىنسا، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىدۇ، نېرۋا ئۇچلىرى قان تومۇرىنى كېڭەيتىدۇ، يۈرەك رىتىمى ئاستىلايدۇ، سۈيدۈك مىقدارى كۆپىيىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بۆرەك، دوۋساق، باھ، يۈرەك ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باھ ئاجىزلىقى، جىگەر توسۇلۇش، سېرىقلىق چۈشۈش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، بۆرەك ۋە دوۋساقتا تاش پەيدا بولۇپ قېلىش، سۈت ۋە مەنىي ئازلىق، ھەيز توسۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. چىلغوزا 30 گرام، بادام مېغىزى 20 گرام، پىستە مېغىزى 10 گرام، ھەلىيۇن ئۇرۇقىدىن 5 گرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، 100 گرام ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ بەرسە، باھ ۋە بۆرەك ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدۇ.

2. چىلغوزا، پىستە مېغىزى 15 گرامدىن، كونجۇت، تۇدەرى 10 گرامدىن، ھەلىيۇن ئۇرۇقىدىن 5 گرامدىن ئېلىپ، سوقۇپ سۈيۈپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىدۇ.

3. كاسىنە ئۇرۇقى 15 گرام، ھەلىيۇن ئۇرۇقى 5 گرام، بەدىيان 10 گرام، تاۋۇز ئۇرۇقى 15 گرامدىن ئېلىپ، چالا سوقۇپ، چايلىق قىلىپ ئىچسە، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] تالغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] گۈل ئەرمىنى، سىركەنجىۋىل.

[ئورۇنباسارى] تۇدەرى، شاقاقۇل.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدىن ھەمدە ھىندىستان ۋە ئىران قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبۇبى كەبىر، لوبۇبى سەغىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# توخۇم سېرىقى

鸡子黄 ji zi huang

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى] زردی بیضه مرغ

[ئوردۇچە نامى] مرغی کا انڈا کے زردی

[لاتىنچە نامى] Vitellus Galli

[ئىنگلىزچە نامى] Yolk Of hen's egg

[تونۇش]

بۇ قىرغاۋۇل ئائىلىسىدىكى ھايۋانات ئۆي توخۇسىنىڭ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى بولۇپ، ئۇ يېمەكلىك ۋە شىپالىق دورا ھېسابلىنىدۇ (9.35 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ھەر 100 گرام تۇخۇم سېرىقىدا 13.6 گرام ئاقسىل، 30 گرام ياغلار، بىر گرام كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، كۈل ماددىسى، 134 مىللىگرام كالتسىي، 532 مىللىگرام فوسفور، 7 مىللىگرام تۆمۈر، 3500 خەلقئارا بىرلىك ۋىتامىن A ۋە ھەر خىل مىقداردا ۋىتامىن $B_1$، ۋىتامىن $B_2$، نىكوتىن كىسلاتاسى بار، ياغلىق ماددىلار ئىچىدە ئاساسلىقى ياغ كىسلاتاسىدىن ئىبارەت. يەنە تۇخۇم سېرىقىدا تەخمىنەن بىر يېرىم پىرسەنت خولېستېرىن، گلۇكوزىلارمۇ بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بۆرەك، دۇۋساق، باھ ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش؛ ئوزۇقلۇق ھەم قان تولۇقلاش، يەل تارقىتىش، ئاغرىق توختىتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ھەزىمنى ياخشىلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

بۆرەك، باھ ۋە بەدەن ئاجىزلىقى؛ سىل، ئۇيقۇسىزلىق، كۆكۈل ئاينىش، ئىچى سۈرۈش، جىگەر ياللۇغى، بالىلاردىكى ھەزىم ئاجىزلىق، بەل ۋە پۇت ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تۇخۇم سېرىقىنى كۈندە 1~2 دانىغىچە يەپ بەرسە، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. خام تۇخۇم سېرىقى، سۈت، شېكەر قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، سۈت چاي قىلىپ ئەتىگەنلىكى ئىستېمال قىلىپ بەرسە، بەدەن ئاجىزلىقى، ماغدۇرسىزلىق قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

3. تۇخۇم ھالۋىسى تەييارلاپ يەپ بەرسە، بەدەن ئورۇقلاش، قان ئازلىق، بۆرەك ئورۇقلاش، بەل ۋە پۇت ئاغرىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا.

[زىيانلىق تەسىرى] تەستە ھەزىم بولىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كۈدە، تۇز.

[ئورۇنباسارى] كەپتەر تۇخۇمى سېرىقى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدا بېقىلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھالۋايى بىيزە، لوبۇبى كەبىر.

## ئاقىرقەرھا

(除虫菊根 chu chong ju gen)

[ئەرەبچە نامى] عاقرقرحا ہندی
[پارسچە نامى] بیخ طرخون ہندی
[ئوردۇچە نامى] عاقرقرحا ہندی
[لاتىنچە نامى] RADIX Anacyclus Pyrethri
[ئىنگلىزچە نامى] Pyrethrum root
[تونۇش]

بۇ مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، شاخلىرى، يوپۇرمىقى، گۈلى چېرىك، شاخلىرى تۈكلۈك، زېمىن ئۈستىگە يېيىلاڭغۇ ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك ئاقىرقەرھا بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان يىلتىزى «ئاقىرقەرھا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يىلتىزىنىڭ شەكلى سىلىندىرسىمان، ئەگرى - بۈگرى، رەڭگى قوڭۇرغا مايىل، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى خۇش پۇراق كېلىدۇ. خەلق ئارىسىدا «ئېقىل قارا» دەپ ئاتىلىدۇ (10.35 - رەسىم).

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

www.uyghurkitap.com

[خۇسۇسىيىتى]

باھ، دوۋساق، تېرە، بۆرەك، ئومۇمىي بەدەن ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش؛ توسالغۇلارنى ئېچىش، مېڭىنى تازىلاش، بەلغەم بوشىتىش، قىزىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ئەسەبلەرنى قۇۋۋەتلەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باھ ۋە بەدەن ئاجىزلىقى، لەقۋا، پالەچ، ئەزالارنىڭ بوشاپ كېتىشى، بۆرەك سوۋۇپ كېتىش، مەنىي تېز يۇرۇپ كېتىش، سۈيدۈك تۇتالماسلىق، تارتىشىپ قېلىش، قېتىپ قېلىش، باش ئاغرىقى، تىترىمە كېسەل، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، ھەيز راۋان بولماسلىق، تىل ئېغىرلىقى، چىش ئاغرىقى، بەلغەملىك يۆتەل، ئاقكېسەل قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئاقىرقەرھا 10 گرام، كاۋاۋىچىن يەتتە گرام، تۇخۇم سېرىقى ئىككى دانە سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ سۈپۈپ قىلىپ ئىچسە، باھ ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، بۆرەكنى قىزىتىدۇ.

2. ئاقىرقەرھا بىلەن كۈندۈر 10 گرامدىن ئېلىپ بىرلەشتۇرۇپ، سوقۇپ سۈپۈپ قىلىپ ئىچسە، مەنىي تېز يۇرۇپ كېتىش ۋە سۈيدۈك تۇتالماسلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. يەككە ھالەتتە شۈمۈپ بەرسە، تىلدىكى ھەم چىشتىكى كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ.

4. ئاقىرقەرھادىن 10 گرام، پەرپىيۇندىن 1.5 گرام ئېلىپ، سوقۇپ، كۈچۈلا يېغى، زەيتۇن يېغى، قۇستە يېغى ياكى ئاقىرقەرھا يېغى قاتارلىق ياغلاردىن بىرىنى تاللاپ ئارىلاشتۇرۇپ، پالەچ ئورۇنغا ياكى ئاقكېسەل بار ئورۇنغا چاپسا شىپا بولىدۇ.

5. ئاقىرقەرھانى سوقۇپ بىر كۈندە ئىككى ۋاخ 10 گرامدىن ھەسەل سۈيى بىلەن بېرىلسە، ئىسترخا، پالەچ، تىترىمە كېسەل ئۈچۈن مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1~10 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] پىلپىل، ئاتلىق قۇستە.

[چىقىش ئورنى] ئالجىرىيە، شام، ياۋروپا قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى بەرشىشا، مەجۇنى كالىي زىرە قاتارلىقلار.

# نوقۇت
(鹰嘴豆 ying zui dou)

[ئەرەبچە نامى] حمص
[پارسچە نامى] نخود
[ئوردۇچە نامى] چا
[لاتىنچە نامى] Semen Ciceric Arietini
[ئىنگلىزچە نامى] Gram Chickpea seed
[تونۇش]

بۇ پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك نوقۇت (arietinum) بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «نوقۇت» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يۇمىلاق شەكىللىك، رەڭگى ئاق، پۇراقسىز، پۇرچاق تەمى بولىدۇ (35.11 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقىدا تەخمىنەن 20% ئاقسىل، مەلۇم مىقداردا مايلىق ياغ، 44.89~52.8% كراخمال، بەش پىرسەنتكىچە كان ماددىلىرى، 10% يېرىك تالالارنى تۇتىدۇ، يېڭى يىغىۋېلىنغان ئۇرۇقىدا ۋىتامىن C، E، $B_1$ پانتوتېنىك كىسلاتا (Pantothenic acid)، فىتىك كىسلاتا (Phytic acid) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] نوقۇتتىن ئايرىۋېلىنغان بىر خىل تەركىب ۋىتامىن C كەمچىلىكىنى تۈزەيدۇ، بۇ تەسىرى ئاچچىق لىمون پوستىنىڭ گلۇكوزىدى بىلەن ئوخشايدۇ.
[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]

بۆرەك، دوۋساق، باھنى قۇۋۋەتلەش، قان كۆپەيتىش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، تېرىگە جۇلا بېرىش، قان تازىلاش، چاچنى قۇۋۋەتلەش، ئاۋازنى ياخشىلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش، سۆزنەك، باھ ئاجىزلىقى، كەم قۇۋۋەتلىك، چاچ چۈشۈش، چاچ ئاقىرىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئاقىرقەرھانى سۈئلەپ بىلەن ھالۋا قىلىپ يەپ بەرسە، جىنسىي ئاجىزلىققا مەنپەئەت

www.uyghurkitap.com

قىلىدۇ.

2. نوقۇت ئۇننى سۇغا چىلىپ، سوزۇلگەن سۇيىنى كۆندە بىر قانچە قېتىم ئىستېمال قىلىپ بەرسە، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

3. نوقۇتنى ئاخشىمى سۇغا چىلاپ قويۇپ، يۇمشىغاندا ئەتىگىنى پىشۇرۇپ يېسە ۋە ئۇنىڭ سۇيىگە ھەسەل قوشۇپ ئىچسە، ئاۋازنى ياخشىلايدۇ.

4. قايىنىتىپ سۈيىنى ئىچىشكە بېرىلسە، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋان قىلىدۇ، سۈيدۈك يولىنى تازىلايدۇ.

5. نوقۇت ئۇنى بىلەن يۈز ۋە چاچنى يۇسا، يۈزنى پارقىرىتىدۇ، چاچ چۈشۈشنى توختىتىدۇ، چاچقا ۋاقىتسىز ئاق كىرمەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا.

[زىيانلىق تەسىرى] يەل پەيدا قىلىدۇ، تەستە ھەزىم بولىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] زىرە، گۈلقەنت.

[ئورۇنباسارى] پۇرچاق، ماش.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، گەنسۇ، شەنشى، چىڭخەي قاتارلىق ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ.

## نارجىل

## (椰子 ye zi)

[ئەرەبچە نامى] نارجىل

[پارسچە نامى] جوزهندى

[ئوردۇچە نامى] نارجيل

[لاتىنچە نامى] Fructus Coci Nucifarae

[ئىنگلىزچە نامى] Coconut

[تونۇش]

بۇ پالما ئائىلىسىدىكى دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان بىر خىل دەرەخ بولۇپ، مېۋىسى شارسىمان، پىشقىنىدىن مېغىزى چىقىدۇ، سىرتى قىزىل، ئىچى ئاق، پۇرىقى سۇس، تەمى بىر ئاز ئاچچىق، بۇ دەرەخنىڭ مېۋە ئىچكى پوستى، ئىچكى سۈتى ۋە تۆرەلمە سۈتى

قاتارلىقلار «نارجىل» نامىدا، يېغى «رەۋغىنى نارجىل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (35. 12 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] نارجىل تەركىبىدە 35~46% كىچە ماي بار. يەنە ستىگماستاترىئول (Stigmastatrienol)، 15% كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، ۋىتامىن $B_1$، $B_2$، $B_5$، C، E قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] مېۋە ئېتىنىڭ تاسما قۇرتنى ئۆلتۈرۈش تەسىرى ۋە زەنجىۋىلسىمان شورىغۇچى قۇرتقا نىسبەتەن ئۈنۈمى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بۆرەك ۋە دوۋساقنى قۇۋۋەتلەش؛ بەدەننىڭ تەبىئىي ھارارىتىنى كۆچەيتىش ۋە سەمرىتىش، بەلغەم بوشىتىش، قان توختىتىش، ساپ قان پەيدا قىلىش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىش، سۈت ۋە مەنىي پەيدا قىلىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتىدىن بولغان كېسەللىكلەر، ئىستىرخا، پالەچ، جۇنۇن، مالىخولىيا، جىگەر ئاجىزلىقى، ئىچكى ئەزالاردىكى جاراھەت، بوۋاسىر، بۆرەك سوۋۇپ كېتىش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، دوۋساق ئاغرىقى، مېڭە ۋە كۆز ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. نارجىل بىلەن ياڭاق مېغىزىگە ناۋات قوشۇپ ئىستېمال قىلسا، مەنىي كۆپەيتىدۇ، بۆرەك ۋە دوۋساق ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. نارجىل يېغىنى باشقا سۈركىسە، چاچنى كۆپەيتىدۇ، پارقىرىتىدۇ.

3. نارجىلنىڭ يېڭى يېغىنى بىر ياشلىق بالىغا كۈندە ئۈچ قېتىم، ئۈچ گرام 10 ~ 11 كۈنگىچە بېرىلسە، كۆكيۆتەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. نارجىلنىڭ 12 گرام گۈلىگە ئازراق شېكەر قوشۇپ، ئۈچ كۈن ئىستېمال قىلىپ بەرسە، بوۋاسىردىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ (20~10 گرامغىچە).

[زىيانلىق تەسىرى] توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، تەستە سىڭىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

[تۈزەتكۈچىسى] شېكەر، ناۋات، ناۋۋاز.

[ئورۇنباسارى] ياڭاق مېغىزى، پىستە مېغىزى، چىلغوزا.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ خەينەنداۋ، يۈننەن، تەيۋەن ئۆلكىلىرىدىن ھەم ھىندىستان، ۋيېتنام ۋە باشقا ئىسسىق بەلۋاغ دېڭىز بويلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ماددەتۇلھايات.

## بەسباسە

(肉豆蔻衣 rou dou kou yi)

[ئەرەبچە نامى] بسباسه

[پارسچە نامى] بزبار

[ئوردۇچە نامى] جاوتری - جلوتری

[لاتىنچە نامى] Arillus Myristicae

[ئىنگلىزچە نامى] Nutmeg aril

[تونۇش]

بۇ مۇسكات ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخنىڭ مېۋىسى جۇزبۇۋىنىڭ سىرتقى پوستى بولۇپ، «بەسباسە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. تاشقى پوستى ۋەرىقى يەڭگىل، نېپىز، چۈرۈك بولۇپ، رەڭگى توق سېرىق، تەمى ئاچچىق، پۇراقلىق كېلىدۇ (35 . 13 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] بەسباسە 15% ئۇچۇچان ياغ تۇتىدۇ. بۇ تەركىبى ئۇرۇقى تۇتقان تەركىب بىلەن ئوخشايدۇ. پالمىتىك كىسلاتا، بەسباسە يېغى، ئىچىدىكى مايلىق كىسلاتانىڭ 37.6% نى ئىگىلەيدۇ. قالغانلىرى تويۇنمىغان مايلىق كىسلاتا، زىغىر كىسلاتاسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئاز مىقداردا ئىچىلسە، ئاشقازاننىڭ سۇيۇقلۇق ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچەيتىدۇ ۋە ئۈچەي دۇۋارلىرىغا تەسىر بېرىپ، پېرىستالتىكىسىنى تېزلىتىدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ ھەمدە يەڭگىل دەرىجىدە چىرىشكە قارشى تۇرۇش تەسىرى بولۇپ، ئاشقازان ـ ئۈچەيدىكى نەرسىلەرنىڭ چىرىشىنى چەكلەيدۇ. ئۈچەيدىكى يەلنى

ھەيدەيدۇ. كۆپ مىقداردا ئىچىلسە، يۈرەك ھەرىكىتىنى تېزلىتىدۇ. ئۇيقۇسىزلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەست قىلىدۇ ھەمدە دورىلارنىڭ ئىشىشىنى تېزلىتىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بۆرەك، دوۋساق، مېڭە، ئاشقازان، جىگەر ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، قىزىتىش، يەڭگىل دەرىجىدە يەل ھەيدەش، تۇتۇش قۇۋۋىتىنى كۈچەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۈرەك ئاجىزلىقى، ئۇنتۇغاقلىق، سەرئى، مالىخولىيا، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، ھەزىم ئاجىزلىقى، كونا ئىچى سۈرۈش، ئاشقازان ۋە ئۈچەي ئاجىزلىقى، ئۈچەي جاراھەتلىرى، ۋە تال كېسەللىكلىرى، سۈيدۈك تېمىپ كېلىش، مەنىي كەملىك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. گاۋزىبان، سۇمبۇل، ئۇستقۇددۇس، بەسباسەنى 10 گرامدىن ئېلىپ، قايناتما تەييارلاپ ئىچسە، ئۇنتۇغاقلىق، سەرئى، مالىخولىياغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. بەسباسە، قارىمۇچ، پىلپىل، ئاقمۇچ، لاچىندانە ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ، چايلىق تەييارلاپ ئىچىشكە بېرىلسە، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، تۈۋەنلەشكە شىپا قىلىدۇ.

3. پىستە مېغىزى، ئاقىرقەرھە، نارجىل، بەسباسە، فىندوق مېغىزى ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ، سۇپۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، باھ ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 6 ~ 9 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] گۈل بىنەپشە، بىدمىشكى.

[ئورۇنباسارى] جويۇز.

[چىقىش ئورنى] ھىندىنوزىيە، مالايسىيا، ھىندىستان، برازىلىيە، سىرلانكا قاتارلىق دۆلەتلەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مۇپەررىھى ئەۋرىشىم، ماددەتۇلھايات، مۇقەۋۋى باھ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئاق بەھمەن
(失车菊 shi che ju)

[ئەرەبچە نامى] بهمن ابيض

[پارسچە نامى] بهمن سفيد

[ئوردۇچە نامى] بهمن سفيد

[لاتىنچە نامى] Centaurea cyanus

[ئىنگلىزچە نامى] Centaury root

[تونۇش]

قوڭغۇراقگۈللۈكلەر ئائىلىسىگە تەۋە بولغان بەھمەن ئۆسۈملۈكىنىڭ قۇرۇتۇلغان يىلتىزى. يىلتىز ئاق، قىزىل ئىككى خىل بولىدۇ، ئۇنىڭ [illegible] تومراق كېلىدۇ، قىزىلى بولسا سۇزۇك، ئېغىر، پۇرىقى خۇش پۇراق كېلىدۇ، چايندا ئازراق شىلىمشىق ۋە ئېغىزنى قورۇش تەسىرى بار، بۇ ئۆسۈملۈك يىلتىزىنىڭ قىزىلى «قىزىل بەھمەن» ياكى «بەھمەن سۇرۇخ»، ئېقى «ئاق بەھمەن» ياكى «بەھمەن سەفىد» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (35. 14 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] بۇ يىلتىزنىڭ تەركىبىدە تانىنىك كىسلاتا ۋەبەھمەنىن ناملىق بىر خىل جەۋھەر بار.

[تەبىئىتى] ئېقى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، قىزىلى 3 ـ دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھ، دوۋساق ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش؛ سەمرىتىش، سېرىقلىقنى يوقىتىش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، مەنىي كۆپەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

مەنىي يۇرۇپ كېتىش، مەنىي تۇتالماسلىق، مەنىي كەملىك، يەرقان، يۈرەك ئاجىزلىق، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، باھ ۋە بۆرەك زەئىپلىكى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بەھمەننى تۇز ۋە ھەسەل بىلەن قوشۇپ، ئاياللارنىڭ يۈزىنى چاپسا، يۈزىنى چىرايلىق

قىلىدۇ.

2. بەھمەننىڭ قاينىتىلغان سۈيى بىلەن چاچنى يۇسا، چاچنى پارقىراق، چىرايلىق، خۇش پۇراق، ئۇزۇن قىلىدۇ.

3. بەھمەننىڭ ئېقىنى زەپەر بىلەن قوشۇپ سوقۇپ ئاياللارنىڭ پەرجىسىگە سالسا، بالىياتقۇنى تازىلايدۇ.

4. ئاقىرقەرھا بىلەن بەھمەننى سۇپۇپ قىلىپ 10 گرامدىن، قائىدە بويىچە سوقۇپ سۇپۇپ قىلىپ، سۈت بىلەن ئىچسە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

5. بەھمەننى سۇدا قاينىتىپ پىشۇرۇپ، شېكەر قوشۇپ ئەتىگەندە ئىچىپ بەرسە سەمرىتىدۇ، بولۇپمۇ بادام، نوقۇت بىلەن قوشۇپ يېسە تېخىمۇ پايدىلىق.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] قان بېسىمنى ئۆرلىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] چىلان، بىنەپشە، بىدىمىشكى.

[ئورۇنباسارى] ئېقى ئۇچۇن زورۇمبات، قىزىلى ئۇچۇن دۇرنەج، سەفىد.

[چىقىش تورنى] ئىران ۋە ئەرمەنىستاننىڭ تاغلىرىدىن، ئېقى، كۆپرەك خۇراسان قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھالۋائى بىيزە، مەجۇنى ماددەتۇلھايات.

## زاغۇن ئۇرۇقى

(艺麻菜子 yi ma cai zi)

[ئەرەبچە نامى] جرجير

[پارسچە نامى] تره تيزك

[ئوردۇچە نامى] تارامیرا

[لاتىنچە نامى] Brassicae Junceae

[ئىنگلىزچە نامى] Indian mustard Seed

[تونۇش]

بۇ كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك زاغۇننىڭ

پىشقان ئۇرۇقى بولۇپ، ئۇرۇقى شار شەكىللىك، سۇس قوڭۇر رەڭلىك، پارقىراق، ئۇيۇل بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «زاغۇن ئۇرۇقى» ، يېغى «زاغۇن يېغى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (15.35 ـ رەسىم) .

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقى تەركىبىدە پروتىن (Prothn) ، ياغ قاتارلىقلار بار.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بۆرەك، دوۋساق ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش؛ سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، يەرلىك ئورۇننى قىزارتىش، تېرىگە جۇلا بېرىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باھ ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، قورساق ئېسىلىش، سۈيدۈك ۋە ھەيز توسۇلۇپ قېلىش، سەپكۈن، بەھەق، ئاقكېسەل (بەرەس) قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. زاغۇن ئۇرۇقى 5 گرام، سۆئلەپ 10 گرام، ناۋات 15 گرام، سۇيۇپ قىلىپ يېسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. زاغۇن ئۇرۇقى 5 گرام، ئاقاقىيا 7 گرام؛ قائىدە بويىچە سوقۇپ سىيادان يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ چاپسا، بەرەس ۋە بەھەققە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. مۇۋاپىق مىقداردىكى زاغۇننى تالقان قىلىپ، ئۇنىڭغا ئازراق تۇز ۋە تۇخۇم قوشۇپ ئىچىپ بەرسە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 7 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كاسىنە، سېمىز ئوت.

[ئورۇنباسارى] ھەببى رشات.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە يەرلىرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبۇبى كەبىر.

# سەۋزە ئۇرۇقى
## (胡萝卜子 hu luo bu zi)

[ئەرەبچە نامى] بزرالجزر

[پارسچە نامى] تخم گزر

[ئوردۇچە نامى] گاجرکی بیج

[لاتىنچە نامى] Semen Dauci Sativae

[ئىنگلىزچە نامى] Carrot Seed

[تونۇش]

بۇ كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك سەۋزىنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «سەۋزە ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ شەكلى تۇخۇمسىمان يۈزىدە ئۇزۇنىسىغا كەتكەن 5～6 دانىغىچە قىرى بولىدۇ. بىر ئاز تۈكلەشىرەك كېلىدۇ، رەڭگى سارغۇچ، تەمى تاتلىق، بىر ئاز پۇراقلىق كېلىدۇ (رەسىم - 16.35).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە 1.6% ئۇچۇچان ماي بار. ئۇندىن باشقا يەنە 11～13% گىچە مايلىق ياغلارمۇ بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئۇرۇقىدىن ئېلىنغان ئومۇمىي فلاۋون (Daucarin)، سپازما بوشاشتۇرۇش رولىغا ئىگە. بۇ خىل تەسىرى پاپوۋېرىن (Papoverin) بىلەن ئوخشايدۇ. ئۇ تاجىسمان قىزىل قان تومۇرنى كېڭەيتىدۇ. شۇڭا قىزىل قان تومۇر خىزمىتى ناچارلىشىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھ، بۆرەك ۋە دوۋساقنى قۇۋۋەتلەش؛ سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، تاش پارچىلاش ۋە چۈشۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باھ، بۆرەك ۋە بەدەن ئاجىزلىقى؛ سۈيدۈك تۇتۇلۇش، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش،

بۆرەك ۋە دوۋساقتا تاش پەيدا بولۇش، ھەيز توسۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سەۋزە ئۇرۇقى يەتتە گرام، زاغۇن ئۇرۇقى، ئاقىرقەرھا 10 گرامدىن، تۇخۇم سېرىقى 10 دانە، قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، سۇپۇپ تەييارلاپ ئىچسە، بۆرەك ۋە بادام ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. سەۋزە ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، ئوغرىتىكەن، تاۋۇز ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن 10 گرامدىن ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا قاينىتىپ ئىچسە، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشنى چۈشۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە.

[ئورۇنباسارى] رۇم بەديان، تاغ سەۋزىسىنىڭ ئۇرۇقى.

[چىقىش ئورنى] جۇملىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە يەرلىرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبۇبى كەبىر.

## تۆگە گۆشى①

(骆驼肉 luo tuo rou)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، قان كۆپەيتىش، يەللەرنى تارقىتىش، رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، قىزىتمىنى پەسەيتىش، كونا ـ يېڭى باش ئاغرىقىنى قالدۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئاغرىق پەسەيتىش، قان توختىتىش.

① تەپسىلاتى 27 ـ بابقا قاراڭ

# ياڭاق[1]

(核桃 he tao)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھ ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ھېسسىي قۇۋۋەتنى ئاشۇرۇش، ئىچىنى يۇمشىتىش، ئىششىق تارقىتىش، پارقىرىتىش.

# قۇندۇز قەھرى[2]

(海狸象 hai li xiang)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

مېڭە، يۈرەك، باھ ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، سپازم بوشىتىش، قۇرۇتۇش، قىزىتىش، پەيلەرنى چىڭىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ھەيز ۋە سۈيدۈكنى راۋان قىلىش.

# قۇشقاچ مېڭىسى[3]

(麻雀脑 ma que nao)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بەدەننى قىزىتىش، سەمرىتىش، باھنى قوزغاش، مەنىينى كۆپەيتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش.

---

① تەپسىلاتى 28 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 28 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 28 ـ بابقا قاراڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

## پىياز[1]

(葱白 cong bai)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان، ئۈچەي، بۆرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش؛ ئىششىق تارقىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، بەلغەم بوشىتىش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش.

## زەپەر[2]

(西红花 xi hong hua)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى، يۈرەكنى، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، ھېس-تۇيغۇنى كۈچەيتىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان قويۇق ئۇفۇنەتنى يوقىتىش، خىلىتلارنى بۇزۇلۇشتىن ساقلاش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، سۈيدۈكنىڭ كۆپ كېلىشىنى تىزگىنلەش، تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇش، باھ، جىگەر ۋە باشقا ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، نەپەسلىنىشنى ياخشىلاش، بۆرەك ۋە دوۋساقنى تازىلاش، مۇرەككەپ دورىلارنىڭ قۇۋۋىتىنى يۈرەككە ۋە باشقا ئەزالارغا يەتكۈزۈش.

## يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى[3]

(鹿茸 lu rong)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

---

① تەپسىلاتى 32 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 27 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 27 ـ بابقا قاراڭ

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى، باھنى، بۆرەك ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش، باھ قۇۋۋەتلەش، مەنىي تۇتۇش، جاراھەتنى پۈتتۈرۈش، ئۈيقۇ كەلتۈرۈش، ئىشتىھانى ياخشىلاش، سۈيدۈك ھەيدەش، پەي ۋە سۆڭەكلەرنى چىڭىتىش، ئىششىقنى ياندۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

## سەقەنقۇر[①]

## (海马 hai ma)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھ، بۆرەك، مۇسكۇل ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش؛ ئاغرىق پەسەيتىش، جىنسىي ئالاقىنى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈك ھەيدەش، جىنسىي ئىنتىلىشنى كۈچەيتىش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش.

## شاقاقۇل مىسرى[②]

## (欧玉竹 ou yu zhu)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بەدەننى، باھنى ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش؛ مەنىي كۆپەيتىش ۋە قويۇلتىش، سۈت كۆپەيتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىنى تازىلاش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش، ئاشقازان ۋە بۆرەكنى قىزىتىش.

## پىندۇق[③]

## (欧榛 ou zhen)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ھۆل ئىسسىق.

---

① تەپسىلاتى 36 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 36 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 38 ـ بابقا قاراڭ

[خۇسۇسىيىتى]

سۇت ۋە مەنىينى كۆپەيتىش، مېگە ۋە نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش، باھنى قۇۋۋەتلەش، مەنىي كۆپەيتىش، بەدەننى سەمرىتىش، پەي، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، بەلغەم بوشىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش.

## ھەببەتۇلخۇزرا[1]

（笃耨香子 du nou xiang zi）

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۇت ۋە مەنىينى كۆپەيتىش، بۆرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلنى ئېچىش، بەدەننى ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، تاش پارچىلاش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، يەل تارقىتىش، تېرىنى پارقىرىتىش، ئاۋازنى ساپلاشتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش.

## ھەببى زەلەم[2]

（铁荸界 tie bi jie）

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق. ئارتۇق ھۆللۈكى بار.

[خۇسۇسىيىتى]

سۇت ۋە مەنىينى كۆپەيتىش، باھنى قوزغاش، مەنىي پەيدا قىلىش، بەدەننى سەمرىتىش، بۆرەك ۋە جىگەرنى كۈچلەندۈرۈش.

## ھەببى رىشاد[3]

（家独行菜 jia du xing cai）

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

---

① تەپسىلاتى 38 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 38 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 38 ـ بابقا قاراڭ

[خۇسۇسىيىتى]

سۇت ۋە مەنىي كۆپەيتىش، بۆرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، قان پەيدا قىلىش، ئىشتىھانى ئېچىش، بەلغەم بوشىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، ماددىلارنى تارقىتىش، تېرىنى قىزارتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، تېرىنى پارقىرىتىش.

## ياۋا كۈنجۈت①

(野芝麻 ye zhi ma)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۇت ۋە مەنىينى كۆپەيتىش، بۆرەك ۋە ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش، يۆتەل پەسەيتىش، قان توختىتىش، ئۆپكىنى تازىلاش، قىزىتما ياندۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش.

## كۆكنار ئۇرۇقى②

(罂粟子 ying su zi)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۇت ۋە مەنىينى كۆپەيتىش، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، مەست قىلىش، ئۇخلىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، مېڭە، جىگەر، بۆرەك ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەش؛ ساپ قان پەيدا قىلىش، سەمرىتىش، كۆكرەكنى يۇمشىتىش، مەنىينى تۇتۇش.

---

① تەپسىلاتى 38 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 38 ـ بابقا قاراڭ

# جويۇز[1]

（肉豆蔻 rou dou kou ）

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، بۆرەك، ئاشقازان، جىگەر ۋە باھنى، بالىياتقۇ، تۇخۇمدانىنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، يەڭگىل دەرىجىدە تۇتۇش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، تەبىئىي ھارارەتنى ساقلاش، تاماق سىڭدۈرۈش، جىگەر، تالنىڭ قاتتىقلىقىنى ۋە سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىش، مەست قىلىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، يەل تارقىتىش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش.

① تەپسىلاتى 41 ـ بابقا قاراڭ

# ئوتتۇز ئالتىنچى باب  باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار

باھنى قۇۋۋەتلەش ۋە جىنسىي قۇۋۋەتنى ئاشۇرۇش خۇسۇسىيىتى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەرخىل ئىچكى - تاشقى سەۋەبلەر تەسىرىدىن بەدەندە باھ ئاجىزلىق يۈز بەرسە، ئورگانىزىمدا ماددا ئالمىشىش قالايمىقانلىشىش، فىزىئولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇش بىلەن بىرگە، باھ ئاجىزلىقىغا ئالاقىدار تۈرلۈك كېسەللىك ئالامەتلەر (روھىي چۈشكۈنلۈك، باھ ئاجىزلىق، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىق، پەي - نېرۋىلار ئاجىزلاش، مەنى يۇرۇپ كېتىش، مەنى ئازلىق، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، جىنسىي ئەزا قايىم بولماسلىق، پالەچ، لەقۋا، رەئشە، بەدەن ئىسسىماسلىق، ئەزالار تاتىشىپ قېلىش ...) پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنى ۋاقتىدا داۋالىمىغاندا يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. باھ ئاجىزلىقىغا ئىشلىتىدىغان دورىلارنىڭ تۈرى ھەرخىل بولغاچقا ئىشلەتكەندە مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. باھ ئاجىزلىقىغا ئىشلىتىدىغان دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ. بۇ خىل دورىلار باھنى قۇۋۋەتلەش، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، مەنى تۇتۇش، مەنى كۆپەيتىش، ئاق خۇن توختىتىش، ئۇزۇقلۇق تولۇقلاش، قاننى قىزىتىش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: رىگ ماھى، يەر ياڭىقى يېغى، سەقەنقۇر، بۆكەن مۈڭگۈزى، ھەسەل، پەنەرمايە، توشقانقۇلاق، مالىنا، سەمەكتۇس سەيدا، غاز تۇخۇمى، غاز گۆشى، جىگدە چېچىكى، بۇقا چۇيىسى، قارا چېكەتكە، ھەببى قەلقەل، چەشمى خۇرۇس، شاقاقۇل مىسرى، يىڭنە بېلىق.

سازاڭ، تۆمۈر دېتى، سوڭ پىياز، ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، كۇدە، كېلەر، كەندىر ئۇرۇقى، لوبان، كۇندۇر، ئادەمگىياھ، كەپتەر گۆشى، ئەنبەر، قۇندۇز قەھرى، ئىپار، قۇشقاچ مېڭىسى، نارمىشكى، خولىنجان، سىسالىيۇس، پىياز، سۆئلەب مىسرى، جەرەن، تۈلكە گۆشى، توشقان زەدىكى، بۇغا قېنى، ھەلىيۇن ئۇرۇقى، تۇخۇم سېرىقى، ئاقىرقەرھا، بەسباسە، ئاق بەھمەن، زەپەر، يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى، سەۋزە ئۇرۇقى، پىندۇق، چىلغوزە، تۇدەرى، پىستە مېغىزى، ھەببۇتۇل خوزىرا، ھەببى زەلەم، ھەببى رىشات، چىگىت مېغىزى، يىلپىز سۆڭىكى، ھىڭ، چۈمۈلە، كۇچۇلا، نەرگىس گۈلى ئۇرۇقى، ئەفتىمۇن ئۇرۇقى، زۇلۇك.

# ريگ ماھى

(沙龙子 sha long zi)

[ئەرەبچە نامى] سمكة الرمل

[پارسچە نامى] ريگ ماهى

[ئوردۇچە نامى] ريگ ماهى

[لاتىنچە نامى] Euneces sand

[ئىنگلىزچە نامى] Shink sand

[تونۇش]

بۇ يۇگرەك كەسلەنچۈك ئائىلىسىدىكى ھايۋانات رېگىماھىنىڭ قۇرۇتۇلغان پۈتۈن تېنى بولۇپ ئالماچ، تەمى بىر ئاز تۇزلۇق (1.36 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھنى ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، پەيىنى ۋە «تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلەش، روھلاندۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

جىنسىي ئاجىزلىق، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، پەي ۋە نېرۋا ئاجىزلىقى، روھسىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. 3 گرام ريگ ماھىنى سوقۇپ سۇفۇپ قىلىپ، ئىمال قىلسا، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، روھلاندۇرىدۇ.

2. ريگ ماھى، سۆئلەب، شاقاقۇل 7 گرامدىن، پ تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا، جىنسىي قۇۋۋەتنى ئاشۇرىدۇ. مەنىينى تۇتىدۇ، ئاق خۇن كۆپ كېلىشنى توختىتىدۇ ھەمدە بەدەننى قۇۋۋەتلەپ، پۇت ـ قول ماغدۇرسىزلىنىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] 15 ياشتىن تۆۋەن بالىلارغا بېرىلمەيدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

[ئورۇنباسارى]  سەقەنقۇر.
[چىقىش ئورنى]  ئەرەبىستان، تۈركىيە، ئىران قاتارلىق دۆلەتلەردىن چىقىدۇ.
[ىشىشىق دورا ياسالمىسى]  مەجۇنى رىگ ماھى، ھەببى رىگ ماھى.

## يەر ياڭىقى يېغى

(花生油 hua sheng you)

[ئەرەبچە نامى]
[پارسچە نامى]
[ئوردۇچە نامى]  روغن مونگ پھلی
[لاتىنچە نامى]  Oleum Arachidis
[ئىنگلىزچە نامى]  oil Peanut
[تونۇش]
يوپۇرماق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك خاسىڭدىن تارتىپ ئېلىنغان ياغ بولۇپ، «يەر ياڭىقى يېغى» ياكى «خاسىڭ يېغى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى سېرىق سۇزۇك بولۇپ، پۇراقلىق، تەمى تاتلىق كېلىدۇ (2.36 ـ رەسىم).
[خىمىيىلىك تەركىبى]  يەر ياڭىقى يېغىنىڭ تەركىبىدە يۇمشاق ماي كىسلاتاسى، قاتتىق ماي كىسلاتاسى، يەر ياڭىقى كىسلاتاسى، ياغ كىسلاتاسى قاتارلىقلار بار. ئۇندىن باشقا ۋىتامىن E، خاسىڭ شارچە ئاقسىلى (Arachine)، شارچە ئاقسىل (Qlobolin) لار بار.
[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى]  جىنسىي ھورمونلارنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىش، قالقانسىمان بەز خىزمىتىنى ياخشىلاش، مىكروبلارنى تورمۇزلاش تەسىرى، ئۇندىن باشقا ئۈچەينىڭ لۆمۈلدەش خىزمىتىنى ياخشىلاش تەسىرىمۇ بار.
[تەبىئىتى]  ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
باھنى ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، مەنىي تۇتۇش، سەمرىتىش، چوڭ تەرەتنى راۋان قىلىش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، مەنىي

تېز يۇرۇپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

يەر ياڭىقى يېغى بىلەن تاماق ئېتىپ يېسە، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، سەمرىشكە بالدۇر مەنىي يۇرۇپ كېتىپكە مەنپەئەت قىلىدۇ. چوڭ تەرەتنى راۋان قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10 ~ 15 مىللىلىتىر.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازاننى بۇزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] زەنجىۋىل، زىرە.

[ئورۇنباسارى] زەيتۇن يېغى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. بولۇپمۇ تۇرپاندىن كۆپرەك چىقىدۇ، ئۇندىن باشقا ياۋروپا، شىمالىي ئافرىقا قاتارلىق جايلاردىنمۇ چىقىدۇ.

## سەقەنقۇر

(海马 hai ma)

[ئەرەبچە نامى] سقنقور

[پارسچە نامى] سقنقور

[ئوردۇچە نامى] سقنقور

[لاتىنچە نامى] Hippo Campus Kelloggi

[ئىنگلىزچە نامى] Kellogg's Seahorse

[تونۇش]

سەقەنقۇر ئائىلىسىدىكى ھايۋانات سەقەنقۇرنىڭ پۈتۈن تېنى بولۇپ، يېرىم ئايسىمان بولىدۇ. پۈتۈن تېنىدە توغرىسىغا كەتكەن 11 دانە بوغۇم بولىدۇ. بېشى ئاتنىڭ بېشىغا ئوخشايدۇ، رەڭگى كۈل رەڭ، تىرىك ۋاقتىدا سارغۇچ، تەمى تۇزلۇق، غەيرىي پۇراقلىق كېلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] سەقەنقۇر تېنى تەركىبىدە ناترىي (Na)، كالىي (K)، ماگنىي (Mg)، كالتسىي (Cu)، تۆمۈر (Fe)، مانگان (Mn) قاتارلىق 12 خىل ئېلېمېنت بار. ئۇندىن باشقا ئاز مىقداردا فوسفورلۇق ماي تەركىبىمۇ بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. قان نۆكچىسى شەكىللەندۈرۈشكە قارشى تۇرۇش رولى بار.

2. ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ.
3. قېرىشقا قارشى تۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.
4. هورمونلۇق رولىغا ئىگە.
[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]

باھ، بۆرەك، مۇسكۇل ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش؛ ئاغرىق پەسەيتىش، جىنسىي ئالاقىنى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈك ھەيدەش، جىنسىي ئىنتىلىشنى كۈچەيتىش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

پالەچ، لەقۋا، رەئىشە، باھ ئاجىزلىقى، چوڭ - كىچىك بوغۇم ئاغرىقى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سەقەنقۇرنى ھەسەل ۋە ئەدەس بىلەن قاينىتىپ ياكى ئۈزۈم شەربىتى بىلەن ئىلىتىلغان تۇخۇم سېرىقى ۋە گۈلاب بىلەن بىرگە يەپ بەرسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. سەقەنقۇرنىڭ بېشىنى، يېغىنى، تۇزىنى دارچىن بىلەن يۇمشاق سوۋۇپ، ئىللىتىلغان تۇخۇم سېرىقى بىلەن قوشۇپ ئىچسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. سەقەنقۇر قېنىنى ھېلىلە، ئامىلە بىلەن قوشۇپ يېسە، ئاقكېسەلگە پايدا قىلىدۇ.

4. سەقەنقۇردىن بىر جۈپ تۇتۇپ، ئوتتا قۇرۇتۇپ، تالقانلاپ، ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا بىر گرامدىن، ئىسسىتىلغان ھاراق بىلەن ئىچىپ بەرسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، تۇغماس ئاياللارنىڭ قورساق كۆتۈرۈپ تۇغۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

5. سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، ئارپىبەدىيان، لاچىندانە، سەقەنقۇرلارنى 15 گرامدىن ئېلىپ، چالا سوقۇپ، بىر لىتىر سۇدا قاينىتىپ، كۈندە ئىككى ۋاخ يەپ بەرسە، پالەچ، لەقۋا، ئىستىرخا قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3~5 گرام.
[زىيانلىق تەسىرى] كۆرۈش قۇۋۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل.
[ئورۇنباسارى] بۇقا چۈيىسى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويلىرىكى رايونلاردىن، شۇنىڭدەك مىسىر، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى سەقەنقۇر، ھەببى سەقەنقۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بۆكەن مۈڭگۈزى

(羚羊角 ling yang jiao)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Cornu Saigae Tataricae

[ئىنگلىزچە نامى] Antelope Horn

[تونۇش]

بۇ Bovidae ئائىلىسىدىكى (Saiga tatarica L) ھايۋانات بۆكەننىڭ مۈڭگۈزى بولۇپ، «بۆكەن مۈڭگۈزى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (36 . 4 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] تەركىبىدە مۈڭگۈزسىمان ماددا، ئاقسىل، كالتسىي فوسفات ۋە سۇدا ئېرىمەيدىغان ئانئورگانىك تۇزلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] قىزىتما پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش، يۈرەك مۇسكۇللىرىنى كۈچەيتىش رولى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھنى ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ھارارەت پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش، تارتىششنى بوشىتىش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش، جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلاش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، سۆڭەكلەرنى چىڭىتىش، قان توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەر خىل يۇقىرى قىزىتما، جۆيلۈش، تىل كالۋالىشىش، غالجىر كېسەللىكى، تۇتقاقلىق، نېرۋا ئاجىزلىق، تارتىشىپ قېلىش، يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى، كۆز چىڭقىلىپ ئاغرىش، ئىچكى ـ تاشقى ئەزالاردىكى جاراھەتلەرنىڭ قانىشى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. شېكەر بىلەن سۈيۈپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، يۇقىرى قىزىتمىلىق كېسەللىكلەردە ھوشسىدىن كېتىش، جۆيلۈش، تىل كالۋالىشىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. بۆكەن مۈڭگۈزى سۈيۈپىنى شىۋاق، رەۋەن سۇلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ

بەرسە، يۇقۇملۇق جىگەر ياللۇغى، باش قېيىش، باش ئاغرىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ھەسەل بىلەن بۆكەن مۇڭگۈزى تالقىنىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىستېمال قىلسا، كۆز قىزىرىش ۋە قاپاقلارنىڭ ئىششىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. بۆكەن مۇڭگۈزىنى سوقۇپ تالقانلاپ، جاراھەتلەرگە سەپسە، مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1.5 ~ 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] تەرەنجىبىن، شېكەر.

[ئورۇنباسارى] ئۆچكە مۇڭگۈزى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۈپۈپى بۆكەن مۇڭگۈزى.

## ھەسەل

(蜂蜜 feng mi)

[ئەرەبچە نامى] شهد عسل

[پارسچە نامى] انگبين

[ئوردۇچە نامى] شهد

[لاتىنچە نامى] Mel

[ئىنگلىزچە نامى] Honei

[تونۇش]

بۇ ھەسەل ھەرىسى ئائىلىسىدىكى ھايۋانات ھەسەل ھەرىسى ئىشلەپچىقارغان ھەسەل قەنتىدىن ئىبارەت بولۇپ، «بال» ياكى «ھەسەل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. قويۇق، شىرنىلىك سۇيۇقلۇق، ئاق رەڭلىك ۋە سۇس سېرىق رەڭلىك ياكى جۇزە رەڭلىك ۋە كەھرىۋا رەڭلىك بولىدۇ، يېرىم سۈزۈك، پارقىراق كېلىدۇ، تەمى تاتلىق، خۇشبۇي پۇرايدۇ (36.5 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۈزۈم شېكىرى، مېۋە شېكىرى، قومۇش شېكىرى ۋە كۆپ خىلدىكى پانوز (Panose)، مېۋە يېلىمى قاتارلىقلار، ۋىتامىن $B_1$، $B_2$، نىكوتىن كىسلاتاسى قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] باكتېرىيىگە قارشى تۇرۇش، راكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قاندىكى ماينى تۆۋەنلىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] يېڭىسى بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئازراق تۇرۇپ قالغىنى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھ ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، قان كۆپەيتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، پەي ۋە نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، تىنچلاندۇرۇش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، يۆتەل توختىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىچنى يۇمشىتىش، ھەزىمگە ياردەم بېرىش، قىزىتما قايتۇرۇش، قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىش، تېرىگە جۇلا بېرىش، بەلغەم بوشىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باھ ۋە بەدەن ئاجىزلىقى، يۈرەك، ئۆپكە، جىگەر، ئاشقازان كېسەللىكلىرى، پالەچ، لەقۋا، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، ئۈچەي توسۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بۇقا چۈيىسى 10 گرام، شاقاقۇل سەككىز گرام، ئاقىرقەرھا 15 گرام، سۆئلەپ 10 گرام، تۇخۇم سېرىقى 5 دانە، ھەسەل ئىككى ھەسسە، قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ ئىچسە، باھ ۋە بەدەن ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ھەسەلنى گۈل يېغى بىلەن قوشۇپ ئىچسە، سوغۇقتىن بولغان يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ.

3. مۇۋاپىق مىقداردىكى ھەسەلنى ئەرقى بارتەڭ بىلەن ئىچسە، ئۈچەي توسۇلۇشقا پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 40 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى ۋە ئۇسسۇزلۇق پەيدا قىلىدۇ، كونىراپ رەڭگى قارىيىپ ياكى ئېچىپ قالغىنى خىلتلارنى كۆيدۈرۈپ، مېڭىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ھەر خىل كېسەللىكلەرگە دۇچار قىلىپ، يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئانار سۈيى، لىمون سۈيى، سىركە.

[ئورۇنباسارى] ئۈزۈم قىيامى، قايىنىتىلغان خورما.

[چىقىش ئورنى] ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يېشىشىق دورا ياسالمىسى] مائۇل ئەسەل.

## پەنەرمايە

(初乳 chu ru)

[ئەرەبچە نامى] انفز

[پارسچە نامى] انفحز، پنيرمايە

[ئوردۇچە نامى] پنيرمايە، چستە

[لاتىنچە نامى] first Colostrum

[ئىنگلىزچە نامى] first milk

[تونۇش]

بۇ تۆگە ئائىلىسىدىكى هايۋانات قوش لوكىلىق تۆگە (Camelus bactrianus) ، كالا ئائىلىسىدىكى هايۋاناتلار ۋە توشقان ئائىلىسىدىكى بىرقانچە خىل توشقاننىڭ يېڭى تۇغۇلغان بالىسىنىڭ قېرىنىدىن ئېلىنىدىغان ئوغۇز سۈتتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ «ئوغۇز سۈتى» ياكى «پەنەرمايە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنى ئېلىشتا يۇقىرىقى هايۋاناتلارنىڭ تۇغۇلغان بالىسىنى شۇ كۈنى ئۆلتۈرۈپ ياكى تۇغۇلۇشىغا يېقىن ئانىسىنىڭ قورسىقىنى يېرىپ، بالىسىنى ئۆلتۈرۈپ، قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ پىشلاق توگۇر ـ توگۇر كېلىدۇ، رەڭگى هايۋانغا قاراپ هەرخىل بولىدۇ، بەزىلىرى سېرىق رەڭلىك، بەزىلىرى ئاق رەڭلىك، بەزىلىرى قايماق رەڭلىك، بەزىلىرى تۇخۇم سېرىقىنىڭ رەڭگىدە كېلىدۇ، تەمى بىر ئاز شورلۇق بولىدۇ (36 . 6 ـ رەسىم) .

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاقسىل ۋە ياغلاردىن ئىبارەت.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

مېڭە، بۆرەك، باھ، پەي، ئاشقازان ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش؛ سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، بۇرۇندىن كەلگەن قاننى توختىتىش، ئۇزۇقلۇق تولۇقلاش، قاننى قىزىتىش، ئارتۇق هۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، زەهەر قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

كىچىك بالىلاردىكى تۇتقاقلىق كېسەل، بۆرەك، بەدەن سوۋۇپ كېتىش. باھ ئاجىزلىقى، بالدۇر مەنىي يۈرۈپ كېتىش، پالەچ، لەقۋا، تىترىمە كېسەل، يۈرەك ئاجىزلىقى،

www.uyghurkitap.com

قورساق ئاغرىقى، ئىچى سۈرۈش، ئۈچەي جاراھىتى، بۆرۈن قاناش، ئاق خۇن كۆپىيىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. پەنەرمايىدىن بىر گرامنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سىركە، ھەسەل بىلەن قوشۇپ ئىچسە، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان تۇتقاقلىق كېسەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. پەنەرمايىدىن 0.2 گرامنى مۇۋاپىق مىقداردىكى رەيھان شەربىتى بىلەن ھەيزدىن كېيىن ئىچسە، ئاياللارنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. پەنەرمايىنى ئېزىپ سۈيۈلدۈرۈپ بۇرۇن تۆشۈكىگە تېمىتسا، بۇرۇن قاناشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] بىر گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازان ۋە ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە، كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] زىرىخ، ھەسەل.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ كۆپلىگەن ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبۇبى كەبىر.

## توشقانقۇلاق

(兔耳草 tu er cao)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Radix Pecteilidis Susannae

[ئىنگلىزچە نامى] Common Pecteilis Root

[تونۇش]

بۇ كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ياتما توشقانقۇلاق ئۆسۈملۈكىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ گۈل كاسىسى تۆتكە ياكى بەشكە

يېرىلىدۇ، يوپۇرمىقى پۇتۇنلەي غولىدا بولىدۇ، مېۋىسى غۇژمەك، گۈل تاجىسىنىڭ قىسقا نەيچىسى بولۇپ، ئۇرۇقى سىلىق. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «توشقانقۇلاق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھنى ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈك ھەيدەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باھ ۋە بەدەن ئاجىزلىقى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. توشقانقۇلاق 10 گرام، ئاقىرقەرھا سەككىز گرام، سۆئلەپ 10 گرام، شاقاقۇلدىن بەش گرام، قائىدە بويىچە سۈپۈپ قىلىپ ئىچسە، باھنى ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. توشقانقۇلاق 10 گرام، تاۋۇز ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، ئوغرىتىكەن ھەر بىرىدىن 15 گرامدىن ئېلىپ، سۈپۈپ قىلىپ ئىچسە، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە، زىرە.

[ئورۇنباسارى] شاقاقۇل.

[چىقىش ئورنى] رايونىمىزنىڭ ئېگىز تاغلىرىدىن ۋە ئوتلاقلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھالۋائىي بادام.

## مالىنا

(覆盆子 fu pen zi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Puctus Rubichingii

[ئىنگلىزچە نامى] Palmleaf RasPberry Fruit

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

[تونۇش]

بۇ، ئەترگۇل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ئۆسۈملۈك مالىنا بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى «مالىنا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (36.8 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] يوپۇرمىقى ئورگانىك كىسلاتالار، قەنتلەر ۋە ۋىتامىن C دىن تەركىب تالقان.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ھايۋاناتلارنى كۆيلىتىش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھنى ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، مەنىينى تۇتۇش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، سۈيدۈكنىڭ قېتىم سانىنى ئازايتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باھ ئاجىزلىقى، ياشانغانلاردىكى بەدەن ئاجىزلىقى، سۈيدۈك تامچىلاش، بالىلاردىكى سىيىپ يېتىش، كۆرۈش كۈچى ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مالىنا 20 گرام، كەترا 20 گرام، قانتېپەر 12 گرام، ياچىۋەك تۇخۇمى 12 گرام، بۇغا مۈڭگۈزى قالدۇقى، شاقاقۇل 20 گرامدىن ئېلىپ، قوشۇپ قاينىتىپ ئىچسە، باھ ئاجىزلىقى، ياشانغانلاردىكى بەدەن ئاجىزلىقى، سۈيدۈك تۇتالماسلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. مالىنا، ياچىۋەك تۇخۇمى، نىلۇپەر ئاتىلىقى قاتارلىقلاردىن 10 گرامدىن ئېلىپ، قوشۇپ قاينىتىپ ئىچكۈزسە، بالىلاردىكى سىيىپ يېتىش كېسىلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. سۆئەلپ 10 گرام، بۇغا مۈڭگۈزى 10 گرام، مالىنا 10 گرام، قائىدە بويىچە سوقۇپ، تۇخۇم سېرىقىغا ئارىلاشتۇرۇپ يېسە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 6 ~ 12 گرام، يىلتىزىدىن 35 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] تالغا قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئىسكەنجەبىن.

[ئورۇنباسارى] مۆۋەببەل سەفىد.

[چىقىش ئورنى] تاغلىق رايونلاردىكى ئوتلاقلاردا، چاتقاللىقلاردا ئۆسىدۇ. ئالتاي ۋە تەڭرىتاغلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مالىنا قاينىتىلمىسى.

# سەمەكتۇس سەيدا
(蛇蚧 she jia)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Gecko

[ئىنگلىزچە نامى] Giant Gecko

[تونۇش]

بۇ بىر تۈرلۈك بېلىق بولۇپ، ئەرەبىستاننىڭ «تۈبزك» دېگەن سەھراسىدىكى بۇلاقلار-دىن چىقىدۇ، شەكلى كىچىك كېلەر ۋە پاتمىچۇققا ئوخشايدۇ. بۇنىڭ قول - پۇت ۋە تىرناقلىرى بار، ئەركىكىنىڭ بېشى كىچىك، ئورۇق، ئۇزۇن، تۆۋەن ئېغىكىنىڭ تېگىدە سىزىق ۋە مەڭلىرى بولىدۇ، ئەركەك ۋە چىشىسىنىڭ ئايرىمىسى تىرىك چاغدا مەلۇم بولىدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھنى قوزغاش ۋە قۇۋۋەتلەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باھ ئاجىزلىقى ئۈچۈن كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سەمەكتۇس سەيدادىن بىر گرام ئېلىپ، تۇخۇمنىڭ سېرىقى ياكى چۈجە تۇخۇمىنىڭ شورپىسى بىلەن ئىچسە، باھنى كۈچەيتىدۇ.

2. سەمەكتۇس سەيدادىن ئىككى گرامنى ئېزىپ، بىرئاز زەبىب شەربىتى بىلەن قوشۇپ تاماقتىن كېيىن ئىچىپ ئۇخلىسا، باھنى قوزغايدۇ، ئاياللارغا چىشىسى، ئەرلەرگە ئەركىكى تەسىر قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] كىچىك باللارغا بېرىلمەيدۇ، چوڭلارغا 1~2 گرام بېرىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆرۈش قۇۋۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل.
[ئورۇنباسارى] بوقا چۆپىسى.
[چىقىش ئورنى] ئەرەبىستاننىڭ تۈبۈك دېگەن يېرىدىن چىقىدۇ.

## غاز تۇخۇمى

(鹅蛋 e dan)

[ئەرەبچە نامى] بيض الاوزة
[پارسچە نامى]
[ئوردۇچە نامى] مرغابی کی انڈی
[لاتىنچە نامى] Ova Ansi Domesticae
[ئىنگلىزچە نامى] goose of egg
[تونۇش]
ئۆردەكنىڭ بىر خىلى بولغان غازنىڭ تۇخۇمى بولۇپ، شەكلى ئۆردەك تۇخۇمىدىن چوڭراق كېلىدۇ.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
بەدەننى، باھنى، «تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلەش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
ئومۇمىي بەدەن ھەم باھ ئاجىزلىقىغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. غاز تۇخۇمىنى ئىللىتىپ، ئاقىرقەرھا بىلەن قوشۇپ يەپ بەرسە، باھ ئاجىزلىقىغا شىپا قىلىدۇ.
2. غاز تۇخۇمىنى ئىللىتىپ سۈئىلەپ مىسرى بىلەن قوشۇپ ئىچسە، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] يېرىم دانىدىن بىر دانىغىچە.
[زىيانلىق تەسىرى] ئۆتكە زىيان قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] كاسىنە ئۇرۇقى.

[ئورۇنباسارى] كەپتەر تۇخۇمى.
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھالۋائىي سۆئلەب.

## غاز گۆشى

(鹅肉 e rou)

[ئەرەبچە نامى] لحم الاوزة
[پارسچە نامى]
[ئوردۇچە نامى] مرغابي كا گوشت
[لاتىنچە نامى] Anser Domestica Geese
[ئىنگلىزچە نامى] goose of meat
[تونۇش]
بۇ ئۆردەكنىڭ بىر خىلى بولۇپ، چوڭلۇقى ئادەتتىكى ئۆردەكتىن چوڭراق بولىدۇ، ئۇ تولىراق سۇدا ياشايدۇ، بۇ ئىككى خىل بولۇپ، بىرى كۆندۈرۈپ ئۆيدە بېقىلىدىغىنى بولۇپ، بۇنىڭ رەڭگى ئاق، تۇمشۇقى سېرىق بولىدۇ، يەنە بىرى ياۋا ھالدا ياشايدىغىنى بولۇپ، ئۇنىڭ رەڭگى بوز، ئاق، كۆل رەڭلەردە كېلىدۇ (36.11 ـ رەسىم).
[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
باھنى ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەش، يەل ۋە ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، توسال-غۇلارنى ئېچىش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
باھ ئاجىزلىقى، يەلدىن بولغان كېسەللىكلەر، ئىچى سۈرۈش، قورساققا سۇ چۈشۈش، چوڭ بوغۇم ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. غاز گۆشىنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا، 15 گرام بەديان بىلەن قاينىتىپ گۆشىنى يەپ، سۇيىنى ئىچسە، يەلدىن بولغان كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.
2. غاز گۆشىنى ئوتقا قاقلاپ، ياخشى پىشۇرۇپ، كۈندە مۇۋاپىق مىقداردا يەپ بەرسە، قورساققا سۇ چۈشۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.
3. غاز گۆشى، كەپتەر گۆشى، كەكلىك گۆشى، قىرغاۋۇل گۆشى قاتارلىقلارنىڭ ھەر

بىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە مائۇل لەھمى تەييارلاپ بەرسە، چوڭ بوغۇملار ئاغرىقى، ئۇششاق بوغۇملار ئاغرىقى قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق ئىستېمال قىلىنىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ھەزىمنى بۇزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قارىمۇچ، زىرە.

[ئورۇنباسارى] ئۆردەك گۆشى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئەرقى مائۇل لەھمى.

جۇڭيى تېبابىتىدە ئىشلىتىلىشى: جۇڭيى تېبابىتى غازنىڭ تەبىئىتىنى قۇرۇق، مۆتىدىل، زەھەرسىز دەپ قارايدۇ. جۇڭيى تېبابىتىنىڭ قەدىمكى كىتابلىرىدا يېزىلىشىچە، «غاز قۇرت يەيدىغان قۇشلاردىن بولغانلىقى ئۈچۈن، گۆشىنى كۆپ ئىستېمال قىلسا، ئادەمنى كېسەل قىلىپ قويىدۇ، ئىستېمال قىلىشقا توغرا كەلسە، ئاق غاز گۆشى ياخشىراق، غاز گۆشى ئىچكى ئەزالاردىكى ئىسسىقلىقنى ھەيدەيدۇ، گۆشىنىڭ شورپىسى ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ. غازنىڭ قان تومۇرلۇق قانتى دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. باللارنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلىنى داۋالاشقا زەھەرلىك ئوقيا ئوقىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش، يامان جاراھەتلەرنىڭ بەدەنگە بەرگەن زەھىرىنى قايتۇرۇش، ھامىلىدار بولۇشنى چەكلەشكە، ھەر خىل ئىششىق، مىس پۇل ۋە ئىلمەكلەرنى يۇتۇۋېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ جەھەتتە كۆپىنچە باشقا دورىلار بىلەن غاز قانتىنىڭ كۆلى قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

[قوشۇمچە] غاز قانتىدىن بىر چاڭگالنى ساپال قاچىغا سېلىپ ئوتتا كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭ كۈلىنى ئۇششاق چاي بىلەن قايىنتىپ، ھەيزدىن كېيىن ئىچسە، بىر ئۆمۈر بالا تۇغمايدىكەن.

## جىگدە چېچىكى

(沙枣花 sha zao hua)

[ئەرەبچە نامى] زهرة الغبيرا

[پارسچە نامى] گل خوبادانه

[ئوردۇچە نامى] سنجدکی پهول

[لاتىنچە نامى] Flos Elaeagni Angustifoliae

[ئىنگلىزچە نامى] Russian olive Fruit

[تونۇش]

بۇ جىگدە ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك جىگدىنىڭ گۈلىدىن ئىبارەت. گۈلى ۋارۇنكا شەكىلدە بولۇپ، سىرتقى يۈزى كۈمۈش رەڭلىك، ئىچى سېرىق رەڭلىك، تەمى تاتلىق، گۈلى خۇش پۇراق كېلىدۇ (12.36 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، نېرۋا ۋە پەيلەرنى چىڭىتىش، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، باھنى قوزغاش، مەنىي تۇتۇش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن مۇداپىئەلىنىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باھ، يۈرەك ۋە مېڭە ئاجىزلىقى؛ پالەچ، قاتما، كۆز قاراڭغۇلىشىش، چىراينى پارقىرىتىش، ئۆپكە سىلى، ئاشقازان ۋە جىگەر ئاجىزلىقى، ئىستىسقا، يەرقان، قىزىتمىدىن بولغان تىترەش قاتارلىقلارغا ھەم بەزگەك، تال توسالغۇلىرى، باھ ئاجىزلىقى، مۇپاسىل ۋە پەي بوششىپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. جىگدە گۈلىدىن ئەرەق تارتىپ بېرىلسە، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ.

2. جىگدە گۈلىدىن گۈلقەنت تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا، باھ، يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. قېرىقىز ئۇرۇقى، يالپۇز، يولغۇن 13 گرامدىن؛ جىگدە گۈلى 4 گرام، قايىنتىپ ئىچسە، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 4 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] بالاغەتكە يەتكەن قىزلارغا پۇراتماسلىق كېرەك. ئىسسىقجان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بىنەپشە، نىلۇپەر.

[ئورۇنباسارى] جىگدە.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] جىگدە گۈلقەنتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

# بۇقا چۈيسى

(牛鞭 niu bian)

[ئەرەبچە نامى] قضيب البقر

[پارسچە نامى] قضيب گاو

[ئوردۇچە نامى] قضيب گاو

[لاتىنچە نامى] Penis et Testis Bovis

[ئىنگلىزچە نامى] Ox Penis and Testes

[تونۇش]

بۇ كالا ئائىلىسىدىكى هايۋانات كالا ياكى سۇ كالىسى بۇقىلىرىنىڭ قۇرۇتۇلغان زەكىرىدىن ئىبارەت. «بۇقا چۈيسى» ، «قەزىبى گاۋ» ، «بۇقا چىۋىقى» قاتارلىقناملاردا ئاتىلىدۇ. رەڭگى سېرىققا مايىل قوڭۇر ياكى قىزغۇچ قوڭۇر رەڭدە، تېنى بەزلەش، بىر ئاز بەتبۇي پۇراقتا كېلىدۇ (13.36 ـ رەسىم) .

[تەبىئىتى] ئۆچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باهنى ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، زىيادە هۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باھ ئاجىزلىقى، بۆرەك زەئىپلىكى، چىقۇق (گىرىژا) كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئاقىرقەرھا، سۆئلەپ، شاقاقۇل، پەنەرمايە، قەزىب گاۋ قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 10 گرام ئېلىپ 300 گرام ھەسەل بىلەن بىرگە، قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ بەرسە، باھ ئاجىزلىقى، بۆرەك زەئىپلىكى، چىقۇق قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. قەزىب گاۋ، نارجىل، پىستە مېغىزى ھەر بىرى 20 گرامدىن، سۆئلەپ 10 گرام. قائىدە بويىچە سۇپۇپ تەييارلاپ ئىچسە، بۆرەك ئاجىزلىقىغا، باھ ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 30～60 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] تەستە ھەزىم بولىدۇ.

[تۆزەتكۈچىسى] پىننە.

[ئورۇنباسارى] سەقەنقۇر، رىگىملھى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ھەممە جايرلىدا بېقىلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبۇبى كەبىر، مەجۇنى سۆئلەپ، جەۋھىرى مۇقەۋۋى باھ.

## قارا چېكەتكە

(蟋蟀 xi shuai)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Gryllus Chinesis

[ئىنگلىزچە نامى] Cricket

[تونۇش]

بۇ ھەممىگە تونۇش بولغان مەشھۇر ھاشارات قارا چېكەتكە بولۇپ، تۇتۇپ قايناق سۇغا بېسىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، خام ياكى قورۇپ تەييارلانغان تېنى «قارا چېكەتكە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (36. 14 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى بىلەن فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] قارا چېكەتكىنىڭ قىزىتما قايتۇرۇش تەركىبى بولۇپ، گىرپىرىن (Grypyrin) دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ تەركىبنىڭ قان تومۇرلارنى كېڭەيتىش، قان بېسىمنى چۈشۈرۈش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھنى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى ۋە ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، نەپەس يوللىرىنى تازىلاش، سۈيدۈك ھەيدەش، قان تازىلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باھ ئاجىزلىقى، قورساقتا سۇ چۈشۈش، جۈزام، بوۋاسىر، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، سۆ- گەل، قاراداغ، قوتۇر قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قارا چېكەتكىدىن بەش دانە ئېلىپ سۇدا قايناتماي ئىچسە، قورساقتا سۇ چۈشۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. قارا چېكەتكىدىن 12 دانە ئېلىپ باش، پۇت، قوللىرىنى كېسىپ تاشلاپ، ئۈچ گرام، قۇرۇق قېرىن قۇلاق بىلەن ئېزىپ ئىچسە، قورساق سۇيىنى تارقىتىدۇ.

3. قارا چېكەتكىنى كۆيدۈرۈپ، تۇتۇننى بەدەنگە ئالسا، بوۋاسىرغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. قارا چېكەتكىنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى ئېزىپ بەدەنگە چاپسا، سۆگەل، قارا داغ قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ~ 6 دانە.

[زىيانلىق تەسىرى] تېنى ئاجىزلارغا ۋە ھامىلىدار ئاياللارغا بېرىشكە بولمايدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سىركەنجۇبىل، تەلۋە ئانار.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن تېپىلىدۇ.

[قوشۇمچە] چېكەتكىنىڭ جۈگىيى تېبابىتىدە ئىشلىتىلىشى:

تەبىئىتى قۇرۇق، مۆتىدىل، ئازراق زەھەرلىك. يۆتەل، باللاردىكى كۆكيۆتەل، دۆلەنىپ كېتىش، قاتما، سۇنۇق جاراھەتلىرى، ئۇششۇك، ئەسۋە سىرتقا تەپمەسلىك قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ، ئەڭ مۇھىمى ئۆپكە سىلى، كەم قانلىق ۋە مەددە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ، ئۆپكە سىلىنى داۋالاش ئۈچۈن چېكەتكىنى تۇتۇپ پۇت ـ قوللىرىنى كېسىپ تاشلاپ ياغ بىلەن قورۇپ، مەلۇم مەزگىل يەپ بېرىش كېرەك. بۇ خىل ئۇسۇلدا تەييارلانغان چېكەتكە تۇغۇتتىن كېيىنكى كەم قانلىق، باللارنىڭ مەددە كېسىلىدىن ئورۇقلاپ كېتىش، ئوزۇقلىنىش ناچارلىقتىن ئاجىزلاپ كېتىش ئەھۋاللىرىغا ئوبدان پايدا قىلىدۇ. كونا كىتابلاردا يېزىلىشىچە، قاتما كېسىلىنى چېكەتكە بىلەن داۋالاش مۇمكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن شەبنەم چۈشكەندىن كېيىن شاللىق ۋە باشقا ئېتىزلىقلاردىن سېرىق باشلىق چېكەتكىنى تۇتۇپ، خالتىغا سېلىپ قۇرۇتۇلىدۇ (نەملەشمەسلىككە، قۇرت چۈشمەسلىككە دىققەت قىلىش شەرت). ئاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن 10 نەچچە داننى ساپال قاچىغا سېلىپ چوغ ئۈستىدە قۇرۇتۇپ ھاراق بىلەن ئىچكۈزۈش لازىم. باللارنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى (دۆلىنىش) نى داۋالاش ئۈچۈن ساپال قاچىدا قۇرۇتۇپ، تالقانلاپ شېكەر قوشۇپ ئىچكۈزۈلسە، ياخشى پايدا قىلىدۇ. قۇرۇتۇلغان چېكەتكىنى سوقۇپ كۈنجۈت يېغى بىلەن قوشۇپ بەدەنگە چاپسا، ئۇششۇك يارىسىغا پايدا قىلىدۇ، قىزىلدىكى قورساق كۆپۈش ۋە باشقا ئارامسىزلىقلاردا ئالتە دانە



www.uyghurkitap.com

چېكەتكىنى قاينىتىپ سۈيى ئىچكۈزۈلسە، تېز ئارام بېرىدۇ. ئىشلىتىش مىقدارى: قورۇپ پىشۇرۇلغىنىنى تالقانلاپ تاماققا سېلىپ ئىستېمال قىلسا بولىدۇ، مىقداردا چەكلەنمەيدۇ، لېكىن مۇۋاپىق ئىستېمال قىلىش كېرەك. چېكەتكە ئۆپكە سىلى بىلەن ئاغرىغانلارغا ۋە ئاجىزلاپ كەتكەن ئادەمگە ياخشى ئوبدان ئوزۇقلۇق.

## ھەببى قەلقەل

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى]

[ئىنگلىزچە نامى]

[تونۇش]

بۇ قەلقەل ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ھەببى قەلقەلنىڭ مېۋىسى بولۇپ، كىچىكرەك نوقۇت چوڭلۇقىدا، شەكلى يۇمىلاق، بىر تەرىپى ئاق، بىر تەرىپى قارا رەڭدە، تەمى بىر ئاز تاتلىق، پۇرىقى سۇس (36.15 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھنى قۇۋۋەتلەش، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش، بەدەننى سەمرىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باھ ئاجىزلىق، سۈت ۋە مەنىي كەملىك، بەدەن ئاجىزلىق.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. 10 گرام ھەببى قەلقەلنى سوقۇپ 500 مىللىلىتىر سۈت بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلسا، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ.

2. ھەببى قەلقەل، بادام مېغىزى، چىلغوزا مېغىزى قاتارلىق دورىلاردىن 10 گرامدىن ئېلىپ تالقانلاپ يېسە، سۈت ـ مەنىي كۆپەيتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3~10 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] تەستە ھەزىم بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

[تۇزەتكۈچىسى] پىننە، ئارپىبەدىيان.

[ئورۇنباسارى] ھەببى زەلەم.

[چىقىش ئورنى] ئىران ۋە ھىندىستاندىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبۇبى كەبىر.

## چەشمى خۇرۇس

(相思豆 xiang si dou)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Semen Abri Precatorii

[ئىنگلىزچە نامى] Coralhead plant Seed

[تونۇش]

بۇ پۇرچاق ئائىلىسىدىكى يۆگەشمە پىلەكلىك ئۆسۈملۈك چەچمى خۇرۇسنىڭ مېۋىسى بولۇپ، پىشقاندا يىغىۋېلىنىپ، قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن ئېلىۋېلىنغان ئۇرۇقىدىن ئىبارەت، «ئەينىدىك» ياكى «چەچمى خۇرۇس» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى قىزىل، كۆپ قىسمى ئاق رەڭدە بولۇپ، خورازنىڭ كۆزىگە ئوخشايدۇ، تەمى قىرىق بولۇپ، پۇرىقى پۇرچاققا ئوخشايدۇ، تولۇق يېتىلگەنلىرى ياخشى ھېسابلىنىدۇ (36 .16 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقى ئابرىن تامىلىق ئەينىدىك ئالكولوئىد (abrine)، ئابرالىن (abraline)، ھىپاپورىن (Hypaphorine)، مېتىل ئېستىر، پىرىكاتورىن (Precatorine)، خولىن (choline)، ترىگونېللىن (Trigonellinc) ۋە كۆپ خىل ئامىنو كىسلاتاسى بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئەينىدىك زەھەرلىك ئاقسىلى (abrine) نىڭ تەسىرى، خۇسۇسىيىتى ئابدىملىك زەھەرلىك ئاقسىلى (Ricin) بىلەن ئوخشايدۇ.

بۇ ئۆسۈملۈك مەنبەلىك زەھەرلىك ئاقسىلغا تەۋە ھۇجەيرە زەھىرى بولۇپ، بۇنىڭدىن زەھەرلىنىش ئالامەتلىرى ئابدىملىك زەھەرلىك ئاقسىلى بىلەن ئوخشاش، تېمپېراتۇرا ئاۋۋال ئۆرلەپ، كېيىن تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. سۈيدۈكتە ئاقسىل كۆرۈنۈش، RBC كاللەكلىشىش،

قان ئېرىپ كېتىش، توقۇلما ھۆجەيرىلەر ئۆلۈش، شىرلىك پەردىدە چېكىتسىمان قاناش، لىمفا تۈگۈنلىرى چوڭىيىش، تال چوڭىيىپ كېتىش يۈز بېرىدۇ. بۇ زەھەرلىك ئاقسىلنىڭ ئاتقا نىسبەتەن زەھىرى كۈچلۈك، ئۈرۈقنىڭ كىسلاتالىق ئېرىتمىسى ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىسى، چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسى، بەزى كېسەل پەيدا قىلغۇچى تېرە زەمبۇرۇغلىرىنىڭ ئۆسۈشىنى توسىدۇ. ئۇنىڭ سۇدا ئېرىيدىغان ئاقسىل قىسمى راكقا قارشى تۇرىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھنى قۇۋۋەتلەش، زەھەر قايتۇرۇش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تەڭشەش، ئىششىق تارقىتىش، تېرىنى قىزارتىش، كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باھ ئاجىزلىقى، ھەر خىل ئىششىقلار، ھۆل تەمرەتكە، گۆرەن بەز ياللۇغى، بەرەس، بەھەق، داغ، كۆرۈش كۈچى ئاجىزلاش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. چەچمى خۇرۇس 3 گرام، سۇرمە 10 گرام، ئىپاردىن 0.5 گرام ئېلىپ، ئايرىم - ئايرىم سالايە قىلىپ كۆزگە تارتسا، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

2. بادام مېغىزى، شاقاقۇل، سۆئلەپ بەش گرام، ئەيىنددىكتىن ئۈچ گرام ئېلىپ، سۈپۈپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. قىچا 10 گرام، سامساق 7 گرام، سىيادان 10 گرام، ئەيىنددىك 3 گرام، زەيتۇن يېغىدىن 15 گرامدىن ئېلىپ، مەلھەم تەييارلاپ، يەرلىك ئورۇنغا چاپلىسا، بەرەس، بەھەقلەرگە شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ~ 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] تەرەنجىبىن، كۆك يۇمغاقسۈت.

[ئورۇنباسارى] بۇنىڭ قىزىلى بىلەن ئېقى بىر - بىرىگە ئورۇنباسار بولالايدۇ.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى قاتارلىق يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەلھىمى ئەيىنددىك.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# شاقاقۇل مىسرى
(欧玉竹 ou yu zhu)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Rhizoma Polygonati of ficinali

[ئىنگلىزچە نامى] Drug Solomonseal

[تونۇش]

بۇ گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 30 ~ 60 سانتىمېتىر ئۆسىدىغان، كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك شاقاقۇل بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزسىمان غولى «شاقاقۇل مىسرى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىز غولى توغرىسىغا ئۆسىدۇ، سۇس سارغۇچ ئاق رەڭلىك، گۆشلۈك، غولى تىك، بىر تال، سىلىق، تۈكسىمان، قىرلىق كېلىدۇ، ئاززاق پۇرىقى بار، تەمى سەل تاتلىق، شىلىمشىق، چاپلاشقاق، ئۇزۇنلۇقى 5 ~ 15 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، تومۇقى كىچىك بارماقچىلىك، بوغۇملۇق يىلتىزدىن ئىبارەت (17.36 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] يىلتىزسىمان غولىدا كونۋاللامارىن (Convallamarin)، كونۋاللارىن (Convallarin) قاتارلىق يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى گلۇكوزىد بار. يەنە كامفىرول (Kaepferol) گلۇكوزىدى، ۋىتامىن A قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] كونۋاللارمارىننىڭ روشەن ھالدىكى يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش تەسىرى بار، شىلىمشىق ماددا تۇتقانلىقى ئۈچۈن بۇ كاناي يالىلۇغىغا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بەدەننى، باھنى ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش؛ مەنىي كۆپەيتىش ۋە قويالتىش، سۈت كۆپەيتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تازىلاش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش، ئاشقازان ۋە بۆرەكنى قىزىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باھ ئاجىزلىقى، مەنىي بالدۇر يۇرۇپ كېتىش، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، ئاشقازان ۋە

بۆرەك سوۋۇپ كېتىش، سۈت ئازلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. شاقاقۇل مىسرىنى ھەسەل بىلەن مۇراببا قىلىپ ئىشلەتسە، نېرۋا ۋە بارلىق ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بولۇپمۇ باھنى قۇۋۋەتلەپ، مەنىينى كۆپەيتىدۇ.

2. بەش گرام شاقاقۇل سۇپۇپىنى سۈت بىلەن ئىستېمال قىلسا، سۈت كۆپەيتىدۇ، چىلاپ ئىستېمال قىلسا، دىئابېت كېسىلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىتىپ بەرسە، چىرايىنى گۈزەللەشتۇرىدۇ.

3. شاقاقۇل، پىستە مېغىزى 10 گرامدىن، پىندۇق مېغىزى 30 گرام، نارجىل مېغىزى يەتتە گرام، تۇخۇم سېرىقى ئۈچ دانە، قائىدە بويىچە سوقۇپ تۇخۇم سېرىقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېسە، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىدۇ، بۆرەك ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ～ 5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] بوزىدان، ھەببى سەنۇبەر.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال رايونلىرىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران ۋە مىسىر قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبۇبى كەبىر، جاۋارىش ئەنبەر.

## يىڭنە بېلىق

(海龙 hai long)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Syngnathus

[ئىنگلىزچە نامى] Pipefish

[تونۇش]

بۇ يىڭنە بېلىق ئائىلىسىدىكى ھايۋان يىڭنە بېلىقنىڭ پۈتۈن تېنىدىن ئىبارەت (36.

www.uyghurkitap.com

18 ـ رەسىم) .

[خىمىيىلىك تەركىبى] خولېستېرىن، خولېستېنونلارنى تۇتىدۇ. مايدا ئېرىشچان قىسىمىدا ئەركىن ماي كىسلاتالىرىدىن جوۋۇز كىسلاتاسى، پالمىتىك كىسلاتاسى ۋە ستېئارىك كىسلاتالار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. هايۋاناتلارنىڭ تەندىن ئايرىلغان بالىياتقۇسىنى قوزغىتىش، قىسقىرىش كۈچىنى ئاشۇرۇش، چاشقاننىڭ سپېرمىسىنى كۆپەيتىش ۋە سپېرمىنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىنى ئاشۇرۇش تەسىرى بار.

2. چاشقاننىڭ تۆش بېزىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاق قان ھۈجەيرىسىنى كۆپەيتىدۇ.

3. ئادەمنىڭ بالىياتقۇ بويىنى ھۈجەيرە غولى، ئۆپكە راكى ۋە تۆز ئۈچەي راك ھۈجەيرىلىرىگە قارىتا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھ، بۆرەك ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ئۆسمە ھۈجەيرىسىنى تورمۇزلاش، ئىششىق ياندۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

جىنسىي ئاجىزلىق، بۆرەك ۋە جىگەر ئاجىزلىقى، ھەر خىل ئۆسمە، ھەرخىل ئىششىق، قان سوۋۇپ كېتىش، ماغدۇرسىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

يىگنە بېلىقنى چايان بىلەن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سۈپۈپ تەييارلاپ، قىزىق چاي بىلەن ئىچىپ بەرسە، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۆسمە ھۈجەيرىسىنى تورمۇزلايدۇ، ئەرقى بەدىيان بىلەن ئىستېمال قىلسا، ئىششىق ياندۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5~9 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ھامىلىدار ئاياللار ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت.

[ئورۇنباسارى] سەقەنقۇر.

[چىقىش ئورنى] دېڭىز بويى رايونلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۈپۈپى چايان.

## سازاڭ[1]
(地龙 di long)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە هۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

قان تازىلاش، باهنى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق قايتۇرۇش، قىزىتما چۈشۈرۈش، جاراهەت پۈتتۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش.

## تۆمۈر كېپىكى[2]
(铁落 tie luo)

[تەبىئىتى] ئىككىنچىدە دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قان كۆپەيتىش، باهنى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش، هۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، هەيز تەڭشەش، ئۈچەي ۋە سۈيدۈك يولىدىكى يىرىڭلىق چاقىلارنى يوقىتىش، سۈيدۈك تۇتۇش، بۆرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش.

## سۇڭپىياز[3]
(洋葱 yang cong)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە هۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] قان تازىلاش، قاننى سۇيۇلدۇرۇش، باهنى قۇۋۋەتلەش، باهنى ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، يېمەكلىكلەرگە تەم پەيدا قىلىش، جاراسىملارنى ئۆلتۈرۈش، قان بېسىمنى چۈشۈرۈش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش.

---

① تەپسىلاتى 5 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 6 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 7 ـ بابقا قاراڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقى[1]

(向日葵子 xiàng rì kuí zǐ)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] قاننى سۇيۇلدۇرۇش، باھنى قۇۋۋەتلەش، ئۇچەينى سىلىقلاشتۇرۇش، سۇيدۇك ھەيدەش، سۈت كۆپەيتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، تولغاقنى توختىتىش، ئىشتىھانى ئېچىش تەسىرى بار.

## قوغۇن ئۇرۇقى[2]

(甜瓜子 tian gua zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، سۇيدۇك ھەيدەش، تاش پارچىلاش، بۆرەك، دوۋساق ۋە ئۇچەينى تازىلاش، تەبىئەتنى يۇمشىتىش، بەلغەم بوشىتىش، مەنىي كۆپەيتىش، باھنى ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەش، تېرىنى پاقىرتىش، يۆتەل پەسەيتىش.

## كۇدە[3]

(韭菜 jiu cai)

[تەبىئىتى] ئۇچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

چوك تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىچنى يۇمشىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش.

---

① تەپسىلاتى 7 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 14 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 15 ـ بابقا قاراڭ

## كېلەر[1]

(蛤蚧 ge jie)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يەل ھەيدەش، ئۆپكە- كانايىنى قۇۋۋەتلەش، باھنى قۇۋۋەتلەش، تىنچلاندۇرۇش، زىققىنى پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش.

## كەندىر ئۇرۇقى[2]

(火麻仁 huɔ ma huang)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

مەست قىلىش، تىنچلاندۇرۇش، تۇتۇش (قابىزلىق)، ئاغرىق پەسەيتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، مەنىي تۇتۇش، ئۇيقۇ كەلتۇرۇش، خۇشال قىلىش.

## لوبان[3]

(安息香 an xi xiang)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكە، كانايىنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، باھنى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش.

---

① تەپسىلاتى 16 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 23 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 31 ـ بابقا قاراڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## كۇندۇر①

(乳香 ru xiang)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئىچى سۇرۇشنى توختىتىش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، باھنى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى ۋە ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، پارقىرىتىش، قان توختىتىش.

## ئادەمگىياھ②

(人参 ren shen)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى، مېڭە، باھنى قۇۋۋەتلەش؛ قان كۆپەيتىش، خىلىت ھاسىل قىلىش، تىنچلاندۇرۇش، زېھنى قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، تال ۋە ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش؛ ئارتۇق ھۆللۈك-نى قۇرۇتۇش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش.

## كەپتەر گۆشى③

(鸽子 ge zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى، باھنى، بەدەننى قۇۋۋەتلەش؛ ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىششىق ياندۇرۇش، پەي - مۇسكۇللارنى چىڭىتىش؛ ساپ قان پەيدا قىلىش، زەھەر قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، يارىلارنى ئېغىز ئالدۇرۇش.

---

① تەپسىلاتى 24 - بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 27 - بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 27 - بابقا قاراڭ

## ئەنبەر①

(龙涎杏 long xian xiang)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيتى]

مېڭە، يۈرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، تەبىئىي ھارارەتنى ساقلاش، پەي، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، زېھىننى ئۆتكۈرلەشتۈرۈش.

## قۇندۇز قەھرى②

(海狸象 hai li xiang)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيتى]

مېڭە، يۈرەك، باھ ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، سپازم بوشىتىش، قۇرۇتۇش، قىزىتىش، پەيلەرنى چىڭىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ھەيز ۋە سۈيدۈكنى راۋان قىلىش.

## ئىپار③

(麝香 she xiang)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيتى]

كۆڭۈلنى خۇشال قىلىش، رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، تەبىئىي ھارارەتنى كۆچەيتىش، ئىچكى ۋە تاشقى سەزگۈ قۇۋۋەتلەرنى قوزغىتىش، تەبىئەتنى يۇمشىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، سپازما قايتۇرۇش، باھنى قۇۋۋەتلەش.

---

① 28 ـ بابقا قاراڭ تەپسىلاتى

② 28 ـ بابقا قاراڭ تەپسىلاتى

③ 28 ـ بابقا قاراڭ تەپسىلاتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

## قۇشقاچ مېڭىسى①

(麻雀脑 ma que nao)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بەدەننى قىزىتىش، سەمرىتىش، باھنى قوزغاش، مەنىينى كۆپەيتىش، ئىچى سۇرۇشنى توختىتىش، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش.

## نارمىشكى②

(铁力木 tie li mu)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئىچنى توختىتىش، كۆڭۈلنى خۇشال قىلىش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، مادىلارنى تارقىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش.

## خولىنجان③

(高良姜 gao liang jiang)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان، باھ، پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش؛ يەل تارقىتىش، بەدەننى قىزىتىش، ئىششىق تارقىتىش، يۇمشىتىش، ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىش، بەدەندىكى زىيادە ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش.

---

① تەپسىلاتى 28 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 29 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 32 ـ بابقا قاراڭ

## سىسالىيوس①

(臭阿魏子 chou a wei zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، باھنى قۇۋۋەتلەش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، ھامىلە چۈشۈرۈش، بەلغەم بوشتىش.

## پىياز②

(葱白 cong bai)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان، ئۈچەي، بۆرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش؛ ئىششىق تارقىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، بەلغەم بوشتىش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش.

## سۆئلەب مىسرى③

(欧白及 ou bai ji)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بۆرەك، دوۋساق، باھ، پەي، يۈرەك، مېڭە ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، سۈت ۋە مەنىي پەيدا قىلىش، بەدەننى سەمرىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ساپ قان پەيدا قىلىش.

① تەپسىلاتى 32 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 32 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 35 ـ بابقا قاراڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## جەرەن①

(黄羊 huang yang)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بۆرەك، دۇۋساق، باھ، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش؛ ھەيز توختىتىش، چاچ چىقىرىش، زەھەر قايتۇرۇش.

## تۈلكە②

(狐狸 hu li)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بۆرەك ۋە دۇۋساقنى قۇۋۋەتلەش، باھنى قوزغاش، ئاغرىق توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، قۇلاق ئېغىرلىقىنى يوقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش.

## توشقانزەدىكى③

(肉苁蓉 rou cong rong )

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بۆرەكنى قىزىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، بۆرەك ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، قان ئايلىنىشنى ياخشىلاش، ئۈچەيگە ھۆللۈك يەتكۈزۈپ، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش.

---

① تەپسىلاتى 35 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 35 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 35 ـ بابقا قاراڭ

## بۇغا قېنى[①]
(鹿血 lu xue)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بۆرەك، دوۋساق ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، قان تولۇقلاش، سۈت ۋ، مەنىي كۆپەيتىش.

## ھەلىيۇن ئۇرۇقى[②]
(石刁伯子 shi diao bo zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بۆرەك، دوۋساق، باھ، يۈرەك ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىق تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش.

## تۇخۇم سېرىقى[③]
鸡子黄 ji zi huang

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بۆرەك، دوۋساق، باھ ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش؛ ئوزۇقلۇق ھەم قان تولۇقلاش، يەل تارقىتىش، ئاغرىق توختىتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ھەزىمنى ياخشىلاش.

---

① تەپسىلاتى 35 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 35 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 35 ـ بابقا قاراڭ

www.uyghurkitap.com

## ئاقىرقەرھا①

(除虫菊根 chu chong ju gen)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھ، دوۋساق، تېرە، بۆرەك، ئومۇمىي بەدەن ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش؛ توسالغۇلارنى ئېچىش، مېڭىنى تازىلاش، بەلغەم بوشىتىش، قىزىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ئەسەبلەرنى قۇۋۋەتلەش.

## بەسباسە②

(肉豆蔻衣 rou dou kou yi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بۆرەك، دوۋساق، مېڭە، ئاشقازان، جىگەر ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، قىزىتىش، يەڭگىل دەرىجىدە يەل ھەيدەش، تۇتۇش قۇۋۋىتىنى كۈچەيتىش.

## ئاق بەھمەن③

(失车菊 shi che ju)

[تەبىئىتى] ئېقى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، قىزىلى 3 ـ دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھ، دوۋساق ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش؛ سەمرىتىش، سېرىقلىقنى يوقىتىش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، مەنىي كۆپەيتىش.

① تەپسىلاتى 35 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 35 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 35 ـ بابقا قاراڭ

## زەپەر[①]

(西红花 xi hong hua)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى، يۈرەكنى، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، ھېس-تۇيغۇنى كۈچەيتىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان قويۇق ئۇفۇنەتنى يوقىتىش، خىلتلارنى بۇزۇلۇشتىن ساقلاش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، سۈيدۈكنىڭ كۆپ كېلىشىنى تىزگىنلەش، تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇش، باھ، جىگەر ۋە باشقا ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، نەپەسلىنىشنى ياخشىلاش، بۆرەك ۋە دوۋساقنى تازىلاش، مۇرەككەپ دورىلارنىڭ قۇۋۋىتىنى يۈرەككە ۋە باشقا ئەزالارغا يەتكۈزۈش.

## يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى[②]

(鹿茸 lu rong)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى، باھنى، بۆرەك ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش، باھ قۇۋۋەتلەش، مەنىي تۇتۇش، جاراھەتنى پۈتتۈرۈش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، ئىشتىھانى ياخشىلاش، سۈيدۈك ھەيدەش، پەي ۋە سۆڭەكلەرنى چىڭىتىش، ئىششىقنى ياندۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

## سەۋزە ئۇرۇقى[③]

(胡萝卜子 hu luo bu zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

---

① تەپسىلاتى 27 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 27 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 35 ـ بابقا قاراڭ

[خۇسۇسىيىتى]

باھ، بۆرەك ۋە دوۋساقنى قۇۋۋەتلەش؛ سۇيدۇك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، تاش پارچىلاش ۋە چۈشۈرۈش.

## پىندۇق[1]

(欧榛 ou zhen)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۈت ۋە مەنىينى كۆپەيتىش، مېڭە ۋە نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش، باھنى قۇۋۋەتلەش، مەنىي كۆپەيتىش، بەدەننى سەمرىتىش، پەي، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، بەلغەم بوشىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش.

## چىلغوزا[2]

(松子仁 song zi ren)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھنى قۇۋۋەتلەش، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش، بەدەننى ۋە ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش، توسالغۇلارنى ئېچىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش، بەلغەمنى سۈرۈپ چىقىرىش، بەدەننى قىزىتىش.

## تۇدەرى[3]

(独行菜子 du xing cai zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھنى قۇۋۋەتلەش، مەنىي ۋە سۈت كۆپەيتىش، سەمرىتىش، ئورۇقلۇق تولۇقلاش.

---

① تەپسىلاتى 38 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 38 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 38 ـ بابقا قاراڭ

## پىستە مېغىزى①

(阿月浑子 a yue hui zi)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

مېڭە، يۈرەك، باھ، بۆرەك ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش؛ توسالغۇلارنى ئېچىش، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش، بەدەننى سەمرىتىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، زەھەر قايتۇرۇش.

## ھەببەتۇلخۇزرا②

(笃耨香子 du nou xiang zi)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۈت ۋە مەنىينى كۆپەيتىش، بۆرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلنى ئېچىش، بەدەننى ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، تاش پارچىلاش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، يەل تارقىتىش، تېرىنى پارقىرىتىش، ئاۋازنى ساپلاشتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش.

## ھەببى زەلەم③

(铁荸界 tie bi jie)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق. ئارتۇق ھۆللۈكى بار.

[خۇسۇسىيىتى]

سۈت ۋە مەنىينى كۆپەيتىش، باھنى قوزغاش، مەنىي پەيدا قىلىش، بەدەننى سەمرىتىش، بۆرەك ۋە جىگەرنى كۈچلەندۈرۈش.

---

① تەپسىلاتى 38 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 38 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 38 ـ بابقا قاراڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## ھەببى رىشاد①

(家独行菜 jia du xing cai)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش، بۆرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، قان پەيدا قىلىش، ئىشتىھانى ئېچىش، بەلغەم بوشىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، ماددىلارنى تارقىتىش، تېرىنى قىزارتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، تېرىنى پارقىرىتىش.

## چىگىت مېغىزى②

(棉花子 mian hua zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

مەنىي ۋە سۈت پەيدا قىلىش، بەدەننى سەمرىتىش، باھ ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، پارقىرىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش.

## يىلپىز سۆڭىكى③

(豹骨 bao gu)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

سوغۇق يەللىنى تارقىتىش، پەي، مۇسكۇللارنى كۈچلەندۈرۈش، باھنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش.

---

① تەپسىلاتى 38 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 38 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 41 ـ بابقا قاراڭ

## ھىڭ[①]

(阿魏 A wei)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھ، پەي - نېرۋىنى، بالىياتقۇ، تۇخۇمدانىنى قۇۋۋەتلەش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، تېرىنى پارقىرىتىش، ماددىلارني تارقىتىش، يۇمشىتىش، قاننى جانلاندۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەمنى تەڭشەش، يەل تارقىتىش، سۈيدۈك ھەيزنى راۋان قىلىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

## چۇمۇلە[②]

(蚂蚁 ma yi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، يەل تارقىتىش، ئۈششۈك ياندۇرۇش، باھنى قۇۋۋەتلەش، قاننى قىزىتىش، زەھەر قايتۇرۇش.

## كۈچۈلا[③]

(马钱子 ma qian zi)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

---

① تەپسىلاتى 41 - بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 41 - بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 41 - بابقا قاراڭ

پەينى قۇۋۋەتلەش ۋە پەي بىلەن گۆشلەرنى چىڭىتىش، مەنىي تۇتۇش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، ئاغرىق توختىتىش، ئىشتىھانى ئېچىش، مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى ۋە يۈرەكنى قوزغىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش.

## نەرگىس گۈلى ئۇرۇقى[①]

(水仙子 shui xain zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھنى قوزغاش، تېرىدىكى داغلارنى چۈشۈرۈش، تېرىگە رەڭ پەيدا قىلىش.

## ئەفتىمۇن ئۇرۇقى[②]

(菟丝子 tu si zi)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى پىشۇرۇش ۋە سۈرۈش، باھنى قۇۋۋەتلەش، ئارتۇق ماددىلارنى تارقىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش.

## زۈلۈك[③]

(水蛭 shui zhi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

قان تازىلاش، باھنى قۇۋۋەتلەش، يەل تارقىتىش، ھەيزنى راۋان قىلىش، سۈيدۈك ھەيدەش، يىرىڭ تازىلاش.

---

① تەپسىلاتى 44 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 3 ـ باب 3 § غا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 5 ـ بابقا قاراڭ



www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز يەتتىنچى باب بالىياتقۇ ۋە تۇخۇمدانىنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار

بالىياتقۇ ۋە تۇخۇمدانىنى قۇۋۋەتلەش، بالىياتقۇ ۋە تۇخۇمداننىڭ ماددا ئالمىشىش خىزمىتىنى ياخشىلاپ، مىزاجىنى تەڭشەش تەسىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇپ بالىياتقۇ ۋە تۇخۇمدانىنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەرخىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەردىن بالىياتقۇ ۋە تۇخۇمدان خىزمىتىدە ئاجىزلاش يۈز بەرسە، ئورگانىزمدا ماددا ئالمىشىش قالايمىقانلىشىش، فىزىئولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇش بىلەن بىرگە، بالىياتقۇ ۋە تۇخۇمدان ئاجىزلىقىغا ئالاقىدار تۈرلۈك كېسەللىك ئالامەتلىرى (ئاق خۇن كۆپ كېلىش، ھەيز راۋان بولماسلىق، ھامىلدار بولماسلىق، بالىياتقۇ قاناش، باش ئاغرىش، كۆز قاراڭغۇلىشىش، بالىياتقۇ ۋە تۇخۇمداندىكى تۈرلۈك ئۆسمىلەر، بالىياتقۇ ياللۇغى، تۇخۇمدان ياللۇغى، پۇت ـ قول ئىسسىماسلىق، بەل ئاغرىش، بويىدىن ئاجراش، قان ئازلىق، جىنسىي ئاجىزلىق، نېرۋا ئاجىزلىق، جۇنۇن، مالىخولىيا ...) پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرگە قارىتا ۋاقتىدا داۋالاش ئېلىپ بارمىغاندا يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. بالىياتقۇ ۋە تۇخۇمدان ئاجىزلىقىغا ئىشلىتىدىغان ئورۇنلارنىڭ تۈرى ھەرخىل بولغاچقا ئىشلەتكەندە مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. بۇ دورىلار بالىياتقۇ ۋە تۇخۇمدانىنى، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، تەبىئەتنى كۈچەيتىش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، قان كۆپەيتىش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئۆسمىگە قارشى تۇرۇش، ئاق خۇننى توختىتىش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار ئومۇملاشتۇرۇپ، بالىياتقۇ ۋە تۇخۇمدانىنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: باشاق مۇڭگۇزى، دېپساكۇس، لېپەكگۈل، نارگۈل ئۇرۇقى، تېرېمولىت تېشى، بالا ھەمراھى.

مورزا، مورمەككى، كۆپىكى دەريا، كات ھىندى، ھىلە، جويۇز، قارا پارپا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# باشاق مۇڭگۈزى
(麦角 mai jiao)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Ergota

[ئىنگلىزچە نامى] Ergot

[تونۇش]

بۇ بىر خىل پارازىت زەمبۇرۇغ بولۇپ، ناھايىتى قاتتىق، شەكلى مۈڭگۈزسىمان كېلىدۇ، رەڭگى قارا، بۇ خىل زەمبۇرۇغ ئارپا، بۇغداي، قىياق، قومۇش قاتارلىق باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ باشاقلىرىدا پارازىت بولۇپ ياشايدۇ، مۇشۇ زەمبۇرۇغ تېبابەتتە «باشاق مۈڭگۈز» نامى بىلەن دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (1.37 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] كۆپ خىل بىئولوگىيىلىك ئىشقارلاردىن يەنى D ـ ئىرگومېترىن، (d—ergomeftrinene)، ئوگوسىن (ergosine)، ئىرگوكورنىن (ergocornine)، ئاكتىلكولىن (acteylcholine) قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] بالىياتقۇ مۇسكۇلىنى قورۇش، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش، ھەزىمنى كۈچەيتىش، ئاغرىق توختىتىش قاتارلىق تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بالىياتقۇ ۋە تۇخۇمداننى قۇۋۋەتلەش، بالىياتقۇنى قىسقارتىش، قان توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

تۇغۇتتىن كېيىنكى بالىياتقۇ قاناش، باشنىڭ بىر تەرىپى ئاغرىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئانارگۈلى، ئەنجىبار، خۇنسىياۋشان يەتتە گرامدىن، باشاق مۈڭگۈزى 5 گرام قاتارلىقلارنى سوقۇپ سۈپۈپ ياساپ ئىچىپ بەرسە، بالىياتقۇدىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ، بالىياتقۇنى چىڭىتىدۇ.

2. ئەپيۇن 0.01 گرام، بەزرۇلبەنجى 2 گرام، بالدىرغان 2 گرام، رىگىماھى 3 گرام، باشاق مۇڭگۈزىدىن 6 گرام ئېلىپ سۇيۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، بالىياتقۇ ۋە تۇخۇمدانىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، باش ئاغرىقىنى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.6 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ھامىلدار ئاياللارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] خۇنسىياۋشان.

[ئورۇنباسارى] بۇغا مۈڭگۈزى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىن ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇيۇپى باشاق مۈڭگۈزى.

## دىپساكۇس

(川续断 chuan xu duan)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Radix Dipsaci Asperoidis

[ئىنگلىزچە نامى] Asper—like Teasel Root

[تونۇش]

بۇ كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك دىپساكۇس بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان يىلتىزى «دىپساكۇس» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (2.37 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] تىرپېتىن سوپۇنلۇق گلۇكوزىدى، ئورسولىك كىسلاتاسى (ursolic acid)، β ـ سىترستېرول، ئۇرسول ئالدىھىد (ursol aldehyde)، كاروتىن گلۇكوزىدى، قەنت ۋە ئاز مىقداردا ئۇچۇچان ماي ۋە سىنك، كالتسىي قاتارلىق ئېلېمېنتلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] بالىياتقۇ مۇسكۇلىنى قورۇش، ئىممۇنىتېتنى كۈچەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرۇش قاتارلىق رولى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بالىياتقۇ ۋە تۇخۇمدانىنى، جىگەر ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش؛ پەي ۋە سۆڭەكلەرنى كۈچلەند-

دۇرۇش، قان توختىتىپ، ھامىلىنى تىنچلاندۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باليانتقۇ، جىگەر ۋە بۆرەك ئاجىزلىقى، بەل سىرقىراپ ئاغرىش، ماغدۇرسىزلىنىش، بوغۇملار قايرىلىپ كېتىش، يېپىق سۇنۇق، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، ھامىلە تۇرماسلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. 300 مىللىلىتىر قاينىتىلغان ئانار سۈيىگە 5 گرام رەۋەن بىلەن 10 گرام دىپساكۇسنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ بەرسە، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. شاقاقۇل، دىپساكوس، ئاقىرقەرھاالارنى سوقۇپ سۈپۈپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، باليانتقۇ ۋە تۇخۇمداننى، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. رېگىماھى 5 گرام، سۆئلەپ، شاقاقۇل 7 گرامدىن، كۇندۇر 5 گرام، دىسپاكوس 10 گرام، بۇلارنى سوقۇپ سۈپۈپ قىلىپ بەرسە، ئاق خۇننى ئازايتىدۇ، پۇت - قول ماغدۇرسىزلىنىشقا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 12 ~ 20 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] يۇمغاقسۈت.

[ئورۇنباسارى] ئاق بەھمەن.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو، شەرقىي شىمال ۋە سىچۈەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

## لېپەكگۈل

(牛膝 niu xi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Radix Achyranthis Bidentatae

[ئىنگلىزچە نامى] Comon Achyranthes

[تونۇش]

بۇ تاجىگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك لېپەكگۈلنىڭ يىلتىز-



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرىنىڭ يېڭى ئادرېسى

زى بولۇپ، «لېپەكگۈل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (37.3 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] لېپەكگۈل يىلتىزى، تىرىمتىرپىن، سوپۇنلۇق گلۇكوزىدى، پولىساخاردى، β - ستوستېرول، بىئولوگىيىلىك ئىشقار ۋە 12 خىل ئامىنو كىسلاتاسىدىن تەركىب تالقان.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] تۆخۈمدان ھەرىكىتىنى كۈچەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش، ھۈجەيرىلەرنىڭ بۆلۈنۈشىنى تېزلىتىش، قېرىشنى كېچىكتۈرۈش، ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ۋە چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇش، راكقا قارشى تۇرۇش، قاندىكى قەنت مىقدارىنى، ماي مىقدارىنى تۆۋەنلىتىش، قاننى جانلاندۇرۇش قاتارلىق تەسىرگە ئىگە.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بالىياتقۇ ۋە تۇخۇمدانىنى، جىگەر ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش؛ قاننى جانلاندۇرۇش، ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

بالىياتقۇ، جىگەر ۋە بۆرەك ئاجىزلىقى، بەل - پۇت ئاغرىقى، بەدەن ئاجىزلىقى، بالا ھەمراھى چۈشمەسلىك، ھەر خىل ئىششىق، قان ئۇيۇپ قېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. لېپەكگۈل، بۇۋانە، چۈچۈكبۇيا، قاقىر تۇمشۇق ۋە داڭگۈيلارنىڭ ھەر بىرىدىن 12 گرامدىن ئېلىپ، قارا شېكەر، ئاق شېكەر ۋە ناۋاتلارنىڭ ھەر بىرىدىن 250 گرامدىن قوشۇپ، ھەر قېتىمدا 5 ~ 10 مىللىلىتىر، ھەر كۈنى ئىككى قېتىم ئىچىپ بەرسە، بالىياتقۇ، تۇخۇمدان ۋە قۇۋۋەتلەيدۇ، بەل - پۇت ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.

2. لېپەكگۈل 12 گرام، سېرىق يۇگەيدىن 20 گرام ئېلىپ، قوشۇپ قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، بالىياتقۇ، تۇخۇمدان ۋە جىنسىي ئەزا ئاجىزلىقى؛ بەل - پۇت ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. لېپەكگۈل 12 گرام، داڭگۈي 24 گرام، شاپتۇل مېغىزىدىن 12 گرام ئېلىپ كۈندە ئىككى قېتىم ئىچىپ بەرسە، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

4. بالا ھەمرىيى چۈشمىگەندە لېپەكگۈل 12 گرام، داڭگۈي 10 گرام، چۇەنچۇڭ 12 گرام، خام يېكەن سېرىقى 12 گرام، مودەن يىلتىزى پوستى 12 گرام، قورۇلغان زەنجىۋىل

www.uyghurkitap.com

4 گرام. ھەممىسىنى قوشۇپ قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، بالا ھەمرىيى چۈشمىگەنگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 7~12 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كاسىنە.

[ئورۇنباسارى] سېرىق يوّگەي.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى مۇدەركۈمەس.

## نارگۇل ئۇرۇقى

(蛇床子 she chuang zi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Fructus Cnidii

[ئىنگلىزچە نامى] Common Cnidium Fruit

[تونۇش]

كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، نارگۇلنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت (4.37 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] نارگۇل ئۇرۇقى تەركىبىدە ئۇچۇچان ماي بار، مايىنىڭ تەركىبىدە Laevo pinene، camphorene، isovaleric acid borneo camphorester لار بولىدۇ، يەنە osthole، coumarins قاتارلىق تەركىبلەر بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. جىنسىي يول تامچە قۇرتىنى ئۆلتۈرۈش تەسىرىگە ئىگە.

2. تالاسىمان يۇزەكى تېرە زەمبۇرۇغىنى تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە، تارقىلىشچان زۇكام ۋىرۇسىغا قارىتا روشەن تورمۇزلاش تەسىرى بار.

3. جىنسىي ھورمونلارغا ئوخشاش تەسىرگە ئىگە بولۇپ، چاشقاننىڭ ھېسسىيات

قوزغىلىش ۋاقتىنى ئۇزارتىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بالىياتقۇ، تۇخۇمدان ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش؛ غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى سۈرۈش، يەل ھەيدەش، قىچىشىشنى پەسەيتىش، قۇرت ئۆلتۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

جىنسىي ئاجىزلىق، ئۇرۇقدانىنىڭ تەرلەپ قىچىشىشى، بالىياتقۇنىڭ سوۋۇپ كېتىشىدىن بولغان تۇغماسلىق، قىچىشقاق، ھۆل تەمرەتكە، قوتۇر قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. نارگۇل ئۇرۇقىدىن 50 گرامنى قايىنىتىپ هورلانسا ياكى يۇتۇن بەدەننى يۇيۇپ بەرسە، جىنسىي ئاجىزلىققا، بالىياتقۇنىڭ سوۋۇپ كېتىشىدىن بولغان تۇغماسلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. 10 گرام نارگۇل ئۇرۇقىنى، مۇۋاپىق مىقداردىكى گۈل يېغى بىلەن قوشۇپ، زىمات تەييارلاپ، قىچىشقاق ھەم ھۆل تەمرەتكىلەرگە چاپسا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3~10 گرام، سىرتتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قارىئۆرۈك.

[ئورۇنباسارى] سۆئىلەپ.

[چىقىش ئورنى] نەم جايلاردا ئۆسىدۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممە يېرىدىن چىقىدۇ.

## تىرېمولىت تېشى

(阳起石 yang qishi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Tremolitum

[ئىنگلىزچە نامى] Tremolite Asbestos

[تونۇش]

سىلىكات تۈزلىرى تۈرىدىكى ترېمولىت تېشى ياكى ترېمولىت تاش پاختىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، كۆپىنچە لاۋا جىنسلىق ماددىلار بىلەن ھاك تېشى ئۇچراشقان بەلۋاغلاردا شەكىللىنىدۇ (5.37 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] French chalinoplasty، calcium silicate ۋە ئاز مىقداردا تۆمۈر، ئاليۇمىن، خروم قاتارلىق ئانئورگانىك تۇزلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] قان تەركىبىدىكى مىنېرال ماددىلارنى كۆپەيتىدۇ، جىنسىي قۇۋۋەتنى قوزغىتىدۇ.

[تەبئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

بالىياتقۇ، تۇخۇمدان، جىگەر ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش؛ بالىياتقۇنى قىزىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

جىگەر ۋە بۆرەك ئاجىزلىقى؛ جىنسىي ئاجىزلىق، بالىياتقۇنىڭ سوۋۇپ كېتىشىدىن بولغان تۇغماسلىق، ھەيز كۆپ كېلىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ترېمولىت تېشى ئۈچ گرام، جاراھەت تېشى ئالتە گرام، گۈلنار 10 گرام، كەھرىۋا 10 گرامدىن ئېلىپ، سۈپۈپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، ھەيز كۆپ كېلىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ترېمولىت تېشى تۆت گرام، رەۋەن 10 گرام، ئىزخىر 10 گرام، جوز بەش گرام، ئەفسەنتىندىن 10 گرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. ترېمولىت تېشى تۆت گرام، ئاقىرقەرھا 10 گرام، سۆئلەپ مىسرى 10 گرام، شاقاقۇل 10 گرام؛ سۈپۈپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، بۆرەك ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3~6 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۇزۇن ۋاقىت ئىشلىتىلسە دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بەديان، ئوغرىتىكەن.

[ئورۇنباسارى] جاراھەت تېشى.

[چىقىش ئورنى] شەنشى، خېبېي، شىنجاڭنىڭ ئالتاي تاغلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۈپۈپى سەنگى جاراھەت.

## بالا ھەمراھى
(紫河车 zi he che)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Placenta Hominis ·

[ئىنگلىزچە نامى] Human Placenta

[تونۇش]

بۇ ساغلام بولغان ھامىلىدار ئايال يەڭگىگەندىن كېيىنكى بالا ھەمراھىنى يىغىپ، پەي پەردىلىرىنى تازىلىۋېتىپ، قومۇش چوتكا بىلەن كىندىك بېغىش چۆرىسىدىكى قان تومۇرلارنى ئۈزۈپ تاشلاپ، سۇغا چىلاپ قېنى تۇگەپ، سۇ سۈزۈلگەنگە قەدەر پاكىز يۇيۇپ، ئاندىن قايناپ تۇرغان قازانغا سېلىپ لەيلەپ كۆپۈپ چىققۇچە قاينىتىپ، پىشقاندىن كېيىن ئۇنى سارغايغۇچە ئوتقا قاقلاپ قۇرۇتۇپ، يۇمشاق سوقۇپ ئىشلىتىلىدۇ (37 .6 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] تەركىبى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، ئاساسلىقى كۆپ خىل ئانتىتېلا (Antibody)، ئىنتېرفېرون (Interferon)، گونا دوتروپىن (gonadotrophin)، سۈت كۆپەيتكۈچى ھورمون، فوسفاتلىق ماي، تالاسىمان ئاقسىل ئىنزىمى، ستروئىدلىق ئېنزىملار لىزوزىم (Lysozyme)، كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر قاتارلىق 15 خىل ئېلېمېنت- تىن تۈزۈلگەن.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، جىددىيلىكنى پەسەيـ تىش، ئاستا خاراكتېرلىك كاناي شاخچىلىرى ياللۇغىنى داۋالاش رولى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بالىياتقۇ، تۇخۇمدان ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش؛ قان ۋە مەنىينى كۆپەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

بەدەن ئاجىزلىقى، نېرۋا ئاجىزلىقى، قان ئازلىق، ئۆپكە تۇبېركۇليوزى، سوزۇلما خاراكتېرلىك كاناي ياللۇغى، يۇقۇملۇق زۇكام، جىگەر ياللۇغى، كۆپ ئېھتىلام بولۇش،

ئاق خۇن كۆپ كېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىلىدىغان ئۇسۇلى]

1. يەرمەدىكى 50 گرام، ئاق بەھمەن 30 گرام، بالا ھەمراھى 12 گرام قاتارلىقلارنى سوقۇپ، ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، كۆمىلاچ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ئۇمۇمنى بەدەننى بالىياتقۇ ۋە تۇخۇمدانىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. يەرمەدىكى 30 گرام، توشقانزەدىكى 30 گرام، بۇغا مۇڭگۇزى 30 گرام، بالا ھەمراھى 12 گرام، قائىدە بويىچە سوقۇپ ھەسەل بىلەن كۆمىلاچ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، ئاق خۇن كۆپ كېلىش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4～12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئېرۋىغا زىيان قىلىدۇ.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى بەھمەن.

## موزا[①]

(没食子 mo shi zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئېغىز بوشلۇقىدىكى يارىلارنى پۈتتۈرۈش، بالىياتقۇ ۋە تۇخۇمدانىنى قۇۋۋەتلەش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، چىش مىلىكىنى چىڭىتىش، قورۇش، قۇرۇتۇش، تۇتۇش، قان توختىتىش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، ئېرىنى ئۇزۇقلاندۇرۇش.

## مۇرمەككى[②]

(没药 mo yao)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

① تەپسىلاتى 40 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 40 ـ بابقا قاراڭ



www.uyghurkitap.com

[خوسۇسىيىتى]

ئىچىنى بوشلۇقىدىكى جاراھەت ۋە يارىلارنى پۈتتۈرۈش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش، ئىچنى قاتۇرۇش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، يەل تارقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، مېڭىنى تازىلاش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋان قىلىش.

## كۆپىكى دەريا①

(海螵蛸 hai piao xiao)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خوسۇسىيىتى]

چىش مىلىكىنى چىڭىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، كۆڭۈل ئېلىشىشنى پەسەيتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، قان توختىتىش، جاراھەت قۇرۇتۇش، كۆز ياشاڭغىراشنى ئازايتىش، يىرىڭلىق زەخمىنى پۈتتۈرۈش، تراخوما دانىچىلىرىنى يوقىتىش، ئاق خۇننى توختىتىش.

## كات ھىندى②

(儿茶 er cha)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خوسۇسىيىتى]

تۇتۇش، قان تازىلاش، قان توختىتىش، چىش مىلىكلىرىنى چىڭىتىش، قۇرۇتۇش، مەددە قۇرتنى ئۆلتۈرۈش.

## ھىڭ③

(阿魏 A wei)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

---

① تەپسىلاتى 40 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 40 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 41 ـ بابقا قاراڭ

[خۇسۇسىيىتى]

باھ، پەي ـ نېرۋىنى، بالىياتقۇ، تۇخۇمدانىنى قۇۋۋەتلەش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، تېرىنى پارقىرىتىش، ماددىلارنى تارقىتىش، يۇمشىتىش، قاننى جانلاندۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەمنى تەڭشەش، يەل تارقىتىش، سۈيدۈك ھەيزنى راۋان قىلىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

## جويۇز[1]

(肉豆蔻 rou dou kou )

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، بۆرەك، ئاشقازان، جىگەر ۋە باھنى، بالىياتقۇ، تۇخۇمداننى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، يەڭگىل دەرىجىدە تۇتۇش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، تەبىئىي ھارارەتنى ساقلاش، تاماق سىڭدۈرۈش، جىگەر، تالنىڭ قاتتىقلىقىنى ۋە سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىش، مەست قىلىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، يەل تارقىتىش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش.

## قارا پارپا[2]

(飞燕草 fei yan cao)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي، مۇسكۇللارنى، «تەبىئەت» نى، بالىياتقۇنى، تۇخۇمداننى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق قايتۇرۇش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش ۋە تىنچلاندۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، يۆرەك، جىگەر ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، قىزىتما پەسەيتىش، سۈيدۈك ھەيدەپ، تاشلارنى پارچىلاپ چىقىرىش.

---

① تەپسىلاتى 41 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 41 ـ بابقا قاراڭ

# ئوتتۇز سەككىزىنچى باب سۇت ۋە مەنىي كۆپەيتكۈچى دورىلار

سۇت ۋە مەنى ئىشلەش بەزلىرىنى قۇۋۋەتلەش تەسىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ سۇت ۋە مەنى كۆپەيتكۈچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەرخىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەردىن، سۇت ۋە مەنى ئىشلەپچىقارغۇچى ئەزالاردا ئاجىزلاش يۈز بەرسە، ئورگانىزمدا سۇت كەملىك، مەنى ئازلىق، باھ ئاجىزلىق، ئورۇقلاش، نېرۋا ئاجىزلىق، ئومۇمى بەدەن ئاجىزلىق، ھەيز راۋان بولماسلىق، مەنى قويۇلۇش، ھامىلىدار بولماسلىقتەك تۈرلۈك كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. ۋاقتىدا ئالدىنى ئالمىغاندا، يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. سۇت ۋە مەنى كۆپەيتكۈچى دورىلارنىڭ تۈرى ھەرخىل بولغاچقا، مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. سۇت ۋە مەنى كۆپەيتكۈچى دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق بولىدۇ. بۇ خىل دورىلار سۇت ۋە مەنى ئىشلەپچىقارغۇچى ئەزالارنى ۋە ئومۇمى بەدەننى قۇۋۋەتلەش، سۇت ۋە مەنى ئىشلەپچىقارغۇچى ئەزالارنى ۋە ئومۇمى بەدەننى قۇۋۋەتلەش، سۇت ۋە مەنىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىنى تېزلىتىش، سەمىرىتىش، ھۆللۈك يەتكۈزۈش، ئۇرۇقنىڭ يېتىلىشىنى تېزلىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، سۇتنى راۋانلاشتۇرۇش، ھەيزنى نورماللاشتۇرۇش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار سۇت ۋە مەنى كۆپەيتكۈچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: قارىمۇق، چىگىت مېغىزى، ئېشەككومۇشى، ياۋا كۈنجۈت، قارا كۈنجۈت، ئاق كۈنجۈت، كۆكنار ئۇرۇقى، پىندۇق، چىلغوزا، تۇدەرى، پىستە مېغىزى، ھەببە تۇلخۇزرا، ھەببى زەلەم، ھەببى رىشات، يەر ياڭىقى.

سۆئەلەب مىسرى، بىدە ئۇرۇقى، پىياز ئۇرۇقى، ھەلىيۇن ئۇرۇقى، نارجىل، زاغۇن ئۇرۇقى، پەنەرمايە، سىيادان.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# قارىمۇق

(王不留行 wang bu liu xing)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Semen vaccariae segetalis

[ئىنگلىزچە نامى] Cowherb seed

[تونۇش]

بۇ چىنەگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ساماغۇچ» ياكى «چۆگۈنگۈل» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك) قارىمۇق بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «قارىمۇق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (1.38 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] D، C، B، A دىن ئىبارەت تۆت خىل قارىمۇق گلۇكوزىدى، ئەرەب قەنتى (L−arabinose)، ياغاچ شېكىرى، گلۇكوزا (Glucose)، بىئولوگىيىلىك ئىشقار، پۇرچاق پۇراقلىق ماددىسى قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. ھامىلىدارلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛

2. بالىياتقۇنى قوزغىتىش؛

3. ئۆپكە راكىنى تورمۇزلاش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۈت ۋە مەنىينى كۆپەيتىش، قاننى جانلاندۇرۇش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، سۈت كەلتۈرۈش، ئىششىق ياندۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

سۈت كەملىك، سۈت ئاز ياكى سۈيۇق كېلىش؛ سۈت بېزى ياللۇغى، بەل قايرىلىپ كېتىش، ھەيز كەملىك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. 10 گرام قارىمۇقنى قورۇپ پىشۇرۇپ، سوقۇپ تالقانلاپ، ھەر قېتىمدا ئالتە

گرامدىن، كۆنگە ئىككى قېتىم، قايناق سۇ بىلەن ئىچسە، بەل قايرىلىپ كېتىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. قارىمۇق 20 گرام، زاراڭزا چېچىكى 12 گرام، شاپتۇل مېغىزىنى 10 گرامدىن ئېلىپ قايناتىپ ئىچسە، ھەيز كەلمەسلىككە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 6 ~ 12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ھامىلدار ئاياللارغا ئىشلىتىش مەنئى قىلىنىدۇ.

[چىقىش ئورنى] ئاپتونوم رايونىمىز شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.

# چىگىت مېغىزى

(棉花子 mian hua zi)

[ئەرەبچە نامى] حب القطن

[پارسچە نامى] پنب دانہ

[ئوردۇچە نامى] کپاس کا بیج، بنولہ

[لاتىنچە نامى] Semen Gossypi Hirsuti

[ئىنگلىزچە نامى] Upland Cotton seed

[تونۇش]

بۇ لەيلىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ياكى چاتقال كېۋەزنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، «چىگىت مېغىزى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (2.38 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] بۇنىڭ تەركىبىدە نىشاستە، ئىكەر پىروتىن (Rotin)، مىنېرال ماددىلار ۋە ياغ قاتارلىقلار بار. يەنە 91% تالالىق ماددىلارمۇ بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] تۆرەلمىنىڭ ئۆسۈشىنى توسىدۇ. شۇڭا چىگىت يېغىنى داۋاملىق ئىستېمال قىلغان ياشلارنىڭ 30% دە بالا كۆرەلمەسلىك يۈز بېرىدۇ، ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىلەرنى كۈچلۈك تورمۇزلايدۇ. بۇنىڭ فىنول ماددىسى A تىپتىكى زۇكام ۋابائى ۋىرۇسىنىڭ كۆپىيىشىنى تورمۇزلىيالايدۇ.

كېۋەز يىلتىزىنىڭ ئادەتتە يۆتەل توختىتىدىغان كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمى بار. يەنە چىگىت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئادرېسى

مېغىزىدىكى فوسفورنىڭ مىقدارى كۆپ بولغاچقا، سۆڭەكلەرنى مۇستەھكەم قىلىدۇ ھەمدە پۈتۈن ئەزالارنى قۇۋۋەتلەشتە ئەڭ ئەرزان دورىدۇر.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

مەنىي ۋە سۈت پەيدا قىلىش، بەدەننى سەمرىتىش، باھ ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، پارقىرىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئۆتكۈر ۋە سوزۇلما بۆرەك ياللۇغى، بەدەن ئاجىزلىقى، باھ ئاجىزلىقى، سۈت كەملىك، بالدۇر مەنىي يۈرۈپ كېتىش، بەلغەمدىن بولغان يۆتەل قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. چىگىت مېغىزىنىڭ شىرنىسىنى چىقىرىپ ياكى بۇنىڭدا ئاتالا ئاش ئېتىپ، سۈزۈلەپ، ئاق بەھمەن قاتارلىقلار بىلەن قوشۇپ دورا ياساپ ئىستېمال قىلسا، بەدەننى سەمرىتىدۇ، باھنى كۈچەيتىدۇ، سۈت ۋە مەنىي پەيدا قىلىدۇ.

2. چىگىت مېغىزىنى سۇدا ئېزىپ، شىرنىسىنى چىقىرىپ، ھەر تۆت سائەتتە بىر قېتىم ئىچكۈزۈپ بەرسە، بۆرەك كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ.

3. 25 گرام چىگىت مېغىزىنى سۇدا ئېزىپ ياكى پىشۇرۇلغان سۈتتە ئېزىپ شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلسا، بەدەننى سەمرىتىدۇ، سۈت پەيدا قىلىدۇ.

4. چىگىت مېغىزى، يۇمغاقسۈت ۋە ئاق خەشخاشنى قوشۇپ ئېزىپ، ئۇنىڭ سۈيۈپىغا تەڭ مىقداردا شېكەر قوشۇپ كۈندە ئۈنى سۈت بىلەن ئىستېمال قىلسا، بەدەندىكى ئاجىزلىقلارنى تۈگىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ～ 7 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە، بەدىيان.

[ئورۇنباسارى] زاراڭزا ئۇرۇقى، كۈنجۈت.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبۇبى كەبىر، ھالۋايى بىيزە.

# ئېشەكقومۇشى

(鸦葱 ya cong)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئۇردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Radix Scorzonerae Sinensis

[ئىنگلىزچە نامى] Chinese Serpentroot

[تونۇش]

بۇ مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئېشەكقومۇشى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «ئېشەكقومۇشى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] كاۋچۇك، قەنت، خولىن قاتارلىق تەركىبلەر بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۈت ۋە مەنىينى كۆپەيتىش، هارارەت پەسەيتىش، زەهەرنى تارقىتىش، سۈتنى راۋانلاشتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

سۆزنەك، غەلۋىرەك، چاقا، سۈت يېتىشمەسلىك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سۆزنەك، غەلۋىرەك، چاقىلاردا ئېشەكقومۇشىدىن 12 ~ 20 گرام ئېلىپ قايناتىپ ئىچسە هەم هۆل يىلتىزىنى ئېزىپ سىرتتىن تاڭسا، سۆزنەك، غەلۋىرەككە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئېشەكقومۇشىدىن 35 گرام، قارامۇقتىن 32 گرام، نەغەزگۈلى يىلتىزىدىن 35 گرام ئېلىپ سۇدا قايناتىپ، هەر كۈنى بىر قېتىمدىن ئۈدا ئۈچ كۈن ئىچسە، سۈت كەملىككە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئابنوس كېپىكى 7 گرام، ئېشەكقومۇشى 10 گرام، سەرسىبىل 10 گرام، چۆپچىن 10 گرام، كەتىرا هىندى 3 گرام، قايناتىپ، سەينەك، غەلۋىرەك، چاقىلارنى سىرتتىن يۇيۇپ بەرسە پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 35 ~ 12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] زەنجىۋىل
[ئورۇنباسارى] شېكەر قومۇشى.
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئېشەك قومۇشى قايناتلمىسى.

## ياۋا كۈنجۈت

(野芝麻 ye zhi ma)

[ئەرەبچە نامى] سمسم اصفر
[پارسچە نامى] كنجد اصفر
[ئوردۇچە نامى] تل پيلا
[لاتىنچە نامى] Herba seu Flos Lamii Albi
[ئىنگلىزچە نامى] white Deadnettle Herbor Flower
[تونۇش]

بۇ كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ياۋا كۈنجۈت بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «ياۋا كۈنجۈت» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ غولى، تۆت قىرلىق يىرىك تۈكلۈك، يوپۇرمىقى يۈرەكسىمان تۇخۇم شەكىللىك، ئۇرۇقى ئۇچبۇرجەكلىك، قاتتىق كېلىدۇ (4.38 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] يوپۇرمىقىنىڭ تەركىبىدە شىلىمشىق ماددا، تاننىن، ئۇچۇچان ماي، ۋىتامىن C، كاروتىن، ساپونىن قاتارلىقلار؛ گۈلىنىڭ تەركىبىدە فلاۋون گلۇكوزىدى، خولىن (Choline)، شىلىمشىق ماددا، ئۇچۇچان ماي، ساپونىن، ۋىتامىن C، ھىستامىن (Histamine)، تىرامىن (Tyramine) قاتارلىقلار بار، پۈتۈن تۈپىنىڭ تەركىبىدە يەنە ستاھىدرىن (Stachydrine) بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ياۋا كۈنجۈت ئۆسۈملۈكىدىن ئېلىنغان ماددا قىزىل قان تومۇر ۋە بالىياتقۇنى قىسقارتىدۇ، شۇڭا بالىياتقۇ قاناشنى توختىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، بۇ ئۆسۈملۈكتە كۈچلۈك قان ئېرىتكۈچى تەسىرگە ئىگە ساپونىن بار، لېكىن گۈلىنىڭ تەركىبىدە يوق، ياۋا كۈنجۈتتىن ئاجرىتىپ ئېلىنغان فلاۋون تەركىبى كوكايىن پەيدا قىلغان

قوزغىلىشنى تورمۇزلايدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۈت ۋە مەنىينى كۆپەيتىش، بۆرەك ۋە ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش، يۆتەل پەسەيتىش، قان توختىتىش، ئۆپكىنى تازىلاش، قىزىتما ياندۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قۇرۇق يۆتەلدىن بولغان قان تۈكۈرۈش، بالىياتقۇ بوينى ياللۇغى، ئاق خۇن كېسەللىكى، ھەيز كەلمەسلىك، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەيزنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قورساق ئاغرىش، زەھەرلىنىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ياۋا كۈنجۈتتىن 15 ~ 30 گرام، بۇغا ئوتىدىن 15 گرام ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، يۆتەلنى توختىتىدۇ.

2. ياۋا كۈنجۈتتىن 15 گرام ئېلىپ قايىنىتىپ كۈندە ئىككى قېتىم ئىچسە، بالىياتقۇ بوينى ياللۇغى ۋە سۈيدۈك تۇتۇلۇشلارغا پايدا قىلىدۇ. [ئىشلىتىش مىقدارى] قايناتمىسىدىن 15 مىللىلىتىرغىچە، ئۆزىدىن مۇۋاپىق مىقداردا.

[زىيانلىق تەسىرى] باشنى قايدۇرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] مەستىكى.

[ئورۇنباسارى] كۈنجۈت

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىن كۆپ چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] كۈنجۈت تالقىنى.

## قارا كۈنجۈت

(黑芝麻 hei zhi ma)

[ئەرەبچە نامى] سمسم اسود

[پارسچە نامى] كنجد سياه

[ئوردۇچە نامى] تل سياه

[لاتىنچە نامى] Semen Sesami Nigrum

www.uyghurkitap.com

[ئىنگلىزچە نامى] Oriental Sesami Nigrum

[تونۇش]

بۇ زىغىر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك قارا كۈنجۈتنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، شەكلى ياپىلاق، تۇخۇمسىمان شەكىللىك، بىر ئۇچى يۇمىلاق، يەنە بىر ئۇچى ئۇچلۇق، رەڭگى قارا، پۇرىقى ئاجىز، تەمى سۇس، چاينىسا مەززىلىك تەمنى بېرىدۇ. 9 ـ 8 ـ، ئايلاردا مېۋىسى سارغۇچ قارا رەڭگە كىرگەندە يىغىۋېلىپ قۇرۇتۇپ ئۇرۇقىنى ئېلىۋېلىپ، يەنە قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ (38.5 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] تەركىبىدە 60 پىرسەنت ماي بولۇپ، ئاساسلىق تەركىبى ماي كىسلاتاسى، خاسىڭ كىسلاتاسى، سېسامىن (Sesamin)، سېسامولىن (Sesamolin)، سېسامول (Sesamol)، ۋىتامىن E، ئۇندىن باشقا يەنە ياپراق كىسلاتاسى، نىكوتىن كىسلاتاسى، ئاقسىل ۋە كۆپ مىقداردا كالتسىي بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۈت ۋە مەنىينى كۆپەيتىش، ئىششىقنى تارقىتىش، چاچنى ئوزۇقلاندۇرۇش، بەدەننى سەمرىتىش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باندۇر ئاغرىش، سۈت ۋە مەنىي كەملىك، بالىياتقۇ ياللۇغى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مۇۋاپىق مىقداردىكى قارا كۈنجۈتنى ئېزىپ چاچقا چاپسا، چاچنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ، چاچنىڭ قارىلىقىنى ساقلايدۇ ۋە ئاق چاچلارنى قارايتىدۇ.

2. قارا كۈنجۈت ۋە تاتلىق بادام مېغىزىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ سۆيۈپ تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا، بەدەننى سەمرىتىدۇ، سۈت ۋە مەنىي پەيدا قىلىدۇ، شۇنداقلا باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. كۈنجۈت بىلەن زىغىردىن 10 گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ، سۈزۈپ كىندىك ئاستىغا زىمات قىلسا، بالىياتقۇ ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ. سۈيىنى نوقۇت بىلەن بىرگە يېسە، ھەيزنى ماڭدۇرىدۇ ۋە بالا چۈشۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 9~12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] تەستە ھەزىم بولىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] ئاچچىقسۇ، ھەسەل، شېكەر.
[ئورۇنباسارى] زىغىر.
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىن چىقىدۇ.
[ئىشلىتىش دورا ياسالمىسى] لوبۇبى كەبىر، كۈنجۈت مېيى.

## ئاق كۈنجۈت

(白芝麻 bai zhi ma)

[ئەرەبچە نامى] سمسم ابيض
[پارسچە نامى] كنجد سفيد
[ئوردۇچە نامى] تل سفيد
[لاتىنچە نامى] Semen Sesami
[ئىنگلىزچە نامى] Oriental Sesami
[تونۇش]

بۇ زىغىر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كۈنجۈتنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، شەكلى ياپىلاق تۇخۇمسىمان يۇمىلاق شەكىللىك، بىر ئۇچى يۇمىلاق، يەنە بىر ئۇچى ئۇچلۇق، رەڭگى ئاق، تەمى مەززىلىك، پۇرىقى سۇس، مايلىقراق كېلىدۇ، 8 ـ، 9 ـ ئايلاردا مېۋىسى ساغۇچ قارا رەڭگە كىرگەندە يىغىۋېلىپ، قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ (38.6 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] تەركىبىدە ئاز مىقداردا سۇ ماددىسى، 52.75 پىرسەنت ماي، 22.69 پىرسەنت ئاقسىل، يىرىك تالا، قەنت تۈرىدىكىلەر، كۈل ماددىسى قاتارلىق تەركىبلەر بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]

بەدەننى سەمرىتىش، سۈت ۋە مەنىي پەيدا قىلىش، بوۋاسىر قېنىنى توختىتىش، ھەيز ماڭدۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

www.uyghurkitap.com

ئورۇقلۇق، جىنسىي ئاجىزلىق، بوۋاسىر، ھەيز توسۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. 10 گرام ئاق كۈنجۈتنى سوقۇپ سۈپۈپ تەييارلاپ، شېكەر قوشۇپ ياكى خەشخاش قوشۇپ ئىستېمال قىلسا، بەدەننى سەمرىتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سۈت، مەنىينى كۆپەيتىدۇ.

2. 6 گرام ئاق كۈنجۈت بىلەن بىر گرام ياڭاق مېغىزىنى يۇمشاق سوقۇپ، ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، بوۋاسىر قېنىنى توختىتىدۇ.

3. مۇۋاپىق مىقداردىكى ئاق كۈنجۈتنى قايىنتىپ، سۈيىنى نوقۇت بىلەن ئىچسە، ھەيزنى ماڭدۇرىدۇ ۋە بالا چۈشۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 9～12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] تەستە ھەزىم بولىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، شېكەر.

[ئورۇنباسارى] زىغىر.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبۇبى كەبىر.

## كۆكنار ئۇرۇقى

(罂粟子 ying su zi)

[ئەرەبچە نامى] بزر الخشخاش

[پارسچە نامى] تخم خشخاش، تخم کوکنار

[ئوردۇچە نامى] خشخاش کی بیج

[لاتىنچە نامى] papaveris Semen

[ئىنگلىزچە نامى] Opium popy Seed

[تونۇش]

بۇ ئەپيۇنگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق كۆكنارنىڭ پىشقان غوزا مېۋىسىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت. قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقى ناھايىتى ئۇششاق، شەكلى بۆرەك شەكىللىك رەڭگى ئاق ياكى قارا بولىدۇ، سىرتقى يۈزىدە تورسىمان سىزىقچىلا-

ر بار، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى ئۆتكۈر كېلىدۇ (38.7 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقىدا مەلۇم مىقداردا پاپاۋېرىن (Papaverine)، مورفىن (Morphine)، ناركوتىن (Nacotine) قاتارلىقلار بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۈت ۋە مەنىينى كۆپەيتىش، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، مەست قىلىش، ئۇخلىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، مېڭە، جىگەر، بۆرەك ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەش؛ ساپ قان پەيدا قىلىش، سەمرىتىش، كۆكرەكنى يۇمشىتىش، مەنىينى تۇتۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

مېڭە، جىگەر ۋە بۆرەك ئاجىزلىقى؛ كۆكرەك يىرىكلىكى، مەنىي تۇتالماسلىق، بەدەن ئاجىزلىق، ئىچى سۈرۈش، يۆتەل قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۆكنار ئۇرۇقىدىن بەش گرامنى سۈيۈپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، يۆتەل، ئىچى سۈرۈش ۋە مەنىي تۇتالماسلىق قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

2. كۆكنار ئۇرۇقىدىن 10 گرامنى قايىنتىپ شېكەر قوشۇپ ئىچسە، كۆكرەك ۋە ئۆپكىنىڭ يىرىكلىكىنى يوقىتىدۇ، مېڭىنى كۈچەيتىدۇ، جىگەر ۋە بۆرەكنىڭ ئاجىزلىقىنى يوقىتىدۇ.

3. كۆكنار ئۇرۇقىدىن سەككىز گرام، ئۇستقۇددۇس، گاۋزىبان، لاچىندانە ھەر بىرى 10 گرامدىن، ھەسەل 200 گرام. قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، مېڭە ۋە ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1~2 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] باھنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، بادام مېغىزى.

[ئورۇنباسارى] تاتلىق بادام يېغى، ئوسۇڭ ئۇرۇقى.

[چىقىش ئورنى] ھىندىستان، ئىران، تۈركىيە، بۇلغارىيە قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى شەقىقە، لوئوقى سەرپىستان، تەيارقى نەزلە، لوئوقى نەزلە، لوبۇبى سەغىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# پىندۇق

(欧榛 ou zhen)

[ئەرەبچە نامى] جلوز

[پارسچە نامى] بندق

[ئوردۇچە نامى] فندق

[لاتىنچە نامى] Semen Coryli

[ئىنگلىزچە نامى] Siberian Filbert Seed

[تونۇش]

بۇ قېيىن دەرىخى ئائىلىسىدىكى چاتقال، ئورمان ياڭىقى (Corylus avellana) بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ قورۇتۇلۇپ شاكىلىدىن ئاجرىتىلغاندىن كېيىنكى مېۋىسى «تاش ياڭىقى» ياكى «پىندۇق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئېگىزلىكى 3 ~ 5 مېتىر، يۇمران شاخلىرى سارغۇچ جىگەر رەڭلىك، بەز تۈكچىلەر بىلەن قاپلانغان، يوپۇرمىقى يۇمىلاق ياكى تەتۈر تۇخۇم شەكلىدە، ھەرىسىمان چىشلىق، مېۋىسى سۇس سارغۇچ، خورمارەڭ، شاكىلى قاتتىق، تەمى تاتلىق، مېغىزىنىڭ ئازراق يۇرىقى بار (8.38 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] مېغىزى تەركىبىدە 58—71%، ياغ 14—18.9%، ئاقسىل 3—8% گىچە كاربون سۇ بىرىكمىلىرى بار، ئۇندىن باشقا يەنە كاروتىن، ليۇئەنسۇ، تۆمۈر، تۆز قاتارلىقلار بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۇت ۋە مەنىينى كۆپەيتىش، مېڭە ۋە نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش، باھنى قۇۋۋەتلەش، مەنىي كۆپەيتىش، بەدەننى سەمرىتىش، پەي، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، بەلغەم بوشىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

مېڭە ئاجىزلىقى، ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى تۆۋەنلەش، جىنسىي ئاجىزلىق، نېرۋا ئاجىزلىقى، ئاشقازان ئاجىزلىقى، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، مەنىي تېز يۇرۇپ كېتىش، يۆتەل، زىققە، پەي، مۇسكۇللار بوشاپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. پىندۇق مېغىزىنى چاي ياكى سۈت بىلەن كۈندە مۇۋاپىق مىقدادا يەپ بەرسە، بەدەننى سەمرىتىدۇ، ئۈيقۇ كەلتۈرىدۇ.

2. سۆئلەپ مىسرى 10 گرام، پىندۇق مېغىزى 20 گرام، چىلغوزا مېغىزى 15 گرام، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سۈيۈپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، جىنسىي ئاجىزلىققا شىپا بولىدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ.

3. پىندۇق مېغىزى 10 گرام، سۆئلەپ 10 گرام، نارجىل 10 گرام، ئاقىرقەرھا 7 گرام، شاقاقۇل 10 گرام، تۇخۇم سېرىقىدىن 3 دانىدىن ئېلىپ سۈيۈپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، بۆرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

4. سەرپىستان، بادام مېغىزى، پىندۇق مېغىزىدىن 15 گرامدىن ئېلىپ سۈيۈپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4~12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە، قەلەمپۇر.

[ئورۇنباسارى] ياڭاق، چىلغوزا مېغىزى.

[چىقىش ئورنى] جۇڭگو، پاكىستان، ياۋروپا، غەربىي ئاسىيا، رۇسىيە قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبۇبى كەبىر، ھالۋائى بىيزە.

## چىلغوزا

(松子仁 song zi ren)

[ئەرەبچە نامى] حب صنوبر

[پارسچە نامى] چلغوزه

[ئوردۇچە نامى] چلغوزه

[لاتىنچە نامى] Semen Pini

[ئىنگلىزچە نامى] Pine Seed

www.uyghurkitap.com

[تونۇش]

بۇ دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ سەنۇبەر (قارىغاي) ئائىلىسىدىكى ئۈسۈملۈك مايىلىق قارىغاي، جۇڭگو قىزىل قارىغىيى ۋە يۇننەن قارىغايلىرىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئۈسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى، مېۋىسى ئۇيغۇر تېبابىتىدە «چىلغوزا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى قىزغۇچ قوڭۇر، ئىچىدىن ئاق رەڭلىك مېغىزى چىقىدۇ. مېغىزىنىڭ نېپىز بىر قەۋەت پوستى بار، تەمى تاتلىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ (38.9 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] مېغىزىنىڭ تەركىبىدە 73.9% ياغلىق ماي بولۇپ، ماينىڭ ئاساسىي تەركىبى ئولېين (Oleune)، لىنولېئىن (linoleine)، پالماتىن (palmatin) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يەنە ئاقسىل، كۆل ماددىلىرىمۇ بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] بۇ ئۆز ۋۇقلاندۇرغۇچى ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلىگۈچى دورا بولۇپ، سوغۇق يەل، خىلىتلارنى ھەيدەيدۇ، تېرىنى سىلىقلاشتۇرىدۇ، بەلغەم بوشىتىپ، نەپەسنى راۋان قىلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھنى قۇۋۋەتلەش، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش، بەدەننى ۋە ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش، بەلغەمنى سۈرۈپ چىقىرىش، بەدەننى قىزىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باھ ۋە بەدەن ئاجىزلىقى، بەل ئاغرىقى، يۆتەل، زىققە، دەم سىقىش، كاناي ياللۇغى، ئاۋاز پۇتۇپ قېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بادام مېغىزى 20 گرام، چىلغوزا مېغىزى 30 گرام، زۇپا 15 گرام، بېھى ئۇرۇقى 10 گرام، پەرسىياۋشان 20 گرام، قەنت 30 گرام، قائىدە بويىچە لوئوق تەييارلاپ، بىر كۈندە ئۈچ ۋاخ 10 گرامدىن ئىچسە، كاناي ياللۇغى، يۆتەل، بەلغەم چىقماسلىق، دەم سىقىش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

2. چىلغوزا مېغىزى 30 گرام، ئاقىرقەرھا 10 گرام، كاۋاۋچىن 10 گرام، سۆئلەپ 20 گرام، قائىدە بويىچە سوقۇپ سۈپۈپ قىلىپ، بىر كۈندە ئىككى ۋاخ 3 گرامدىن بېرىلسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. چىلغوزا مېغىزى بىلەن شېكەرنى بىرلەشتۈرۈپ، سوقۇپ ئىچسە، ئاۋازنى ياخشىلايدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 7 ~ 8 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆزۈندا سىڭىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] رۇم بەدىيان.

[ئورۇنباسارى] بادام مېغىزى، پىستە مېغىزى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىدىن ھەمدە ئافغانىستان، ياپونىيە قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] لوئوقى چىلغوزا، لوئوقى سەرپىستان، لوئوقى بادام، لوئوقى خەشخاش.

## تۇدەرى

(独行菜子 du xing cai zi)

[ئەرەبچە نامى] بزرالخم

[پارسچە نامى] تودري

[ئوردۇچە نامى] تودري

[لاتىنچە نامى] Semen apetalum Willd

[ئىنگلىزچە نامى] Virginia pepperweed Seed

[تونۇش]

بۇ كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تۇدەرىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، «تۇدەرى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى ئاق، قىزىل، سېرىق رەڭلەردە بولىدۇ، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ (38. 10 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] تۇدەرىنىڭ تەركىبىدە ياغلىق ماي، ئاقسىل، قەنت تۈرلىرى بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] تودەرىنىڭ قورۇتۇلغان ئۇرۇقىنىڭ ئىسپىرت بىلەن ئېلىنغان جەۋھىرى يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە.

www.uyghurkitap.com

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھنى قۇۋۋەتلەش، مەنىي ۋە سۈت كۆپەيتىش، سەمرىتىش، ئورۇقلۇق تولۇقلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

بۆرەك ۋە باھ ئاجىزلىقى، مەنىي تېز يۇرۇپ كېتىش، بۆرەك ۋە بەدەن ئورۇقلاش، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، ئاياللاردىكى سۈت كەملىك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. چىلغوزا، پىستە مېغىزى 15 گرامدىن، كۇنجۇت، تۇدەرىنى 10 گرامدىن، قائىدە بويىچە سوقۇپ، كۈندە 2 ۋاخ ئىچىپ بەرسە سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىدۇ.

2. ياڭاق مېغىزى، چىلغوزا مېغىزى، تۇدەرى 10 گرامدىن، ئاق بەھمەن، قىزىل بەھمەن، ئاقىرقەرھالارنە 6 گرامدىن، قائىدە بويىچە سۇپۇپ قىلىپ بەرسە ياكى تۇخۇم سېرىقى بىلەن ئىچىپ بەرسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. شاقاقۇل، تۇدەرى، سۆئلەپ 10 گرامدىن؛ كۇنجۇتتىن 7 گرام ئېلىپ، سۇپۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، بۆرەك ۋە بەدەننى سەمرىتىش.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10~15 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] دارچىن، بەدىيان، لاچىندانە.

[ئورۇنباسارى] ئاق بەھمەن.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن ھەم ئامېرىكا، ئىران قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبۇبى كەبىر، مەجۇنى سۆئلەپ، مۇقەۋۋى باھ.

## پىستە مېغىزى

(阿月浑子 a yue hui zi)

[ئەرەبچە نامى] فستق

[پارسچە نامى] پستە

[ئۇردۇچە نامى] پستہ

[لاتىنچە نامى] Semen pistaciae Verae

[ئىنگلىزچە نامى] Common pistache seed

[تونۇش]

بۇ سىر دەرىخى ئائىلىسىدىكى بىر خىل چاتقال ئۆسۈملۈك پىستىنىڭ مېغىزىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ باغنىڭ ۋە تاغنىڭ دەپ ئىككى خىل بولىدۇ، دورا ئۈچۈن «پىستە مېغىزى» نامىدا باغنىڭكى ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسى تۇخۇم شەكىللىك، سەل ياپىلاق، رەڭگى ئاقۇقا مايىل سارغۇچ رەڭدە، مېغىزى كۆككە مايىل بىنەپشە رەڭدە، تەمى تاتلىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ (38.11 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] مېغىزىدا ئاقسىل، مايلىق ياغلار بار، مېغىزىدىكى مايلىق ياغ 43~65% كە، ئازوت 2%، قەنت تۈرىكىلەر 10% كە، تالالىق ماددا 4% كە، كۈل ماددىسى 3% كە يېتىدۇ، يەنە كاروتىن (Carotin)، ۋىتامىن E، ۋىتامىن C، $B_1$، $B_2$، نىكوتىن كىسلاتاسى (Nicotinic Acid) قاتارلىقلار بار. يوپۇرمىقىدا تانىنىك كىسلاتاسى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

مېڭە، يۈرەك، باھ، بۆرەك ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش؛ توسالغۇلارنى ئېچىش، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش، بەدەننى سەمرىتىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، زەھەر قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

مېڭە ۋە يۈرەك ئاجىزلىقى، ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى تۆۋەنلەش، ئۇنۇتقاقلىق، بەدەن ئورۇقلاش، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، بۆرەك ئورۇقلاپ كېتىش، باھ ئاجىزلىقى، مەنىي سۇيۇلۇپ كېتىش، مەنىي تېز يۈرۈپ كېتىش، يۆتەل، زۇكام، دەم سىقىش، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. پىستە مېغىزى، بادام مېغىزى، چىلغوزا مېغىزى 10 گرامدىن، ناۋات 60 گرام؛ بۇ دورىلارنىڭ ھەممىسىنى سوقۇپ سۈيۈپ تەييارلاپ، كۈندە ئىككى قېتىم يەپ بەرسە چىش تۈۋىنى چىڭىتىدۇ، ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىدۇ، ئېغىزدىكى پىشلاقنى يوق قىلىدۇ، ھېق تۇتۇشنى ۋە ئىچى سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ، مېڭە، يۈرەك، باھ ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى پىستە مېغىزىنى سۈت بىلەن قوشۇپ ئىچسە، چايان ۋە

www.uyghurkitap.com

زەھەرلىك ھاشارات چاقىقانىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

3. چىلغوزا مېغىزى 30 گرام، بادام مېغىزى 20 گرام، پىستە مېغىزى 10 گرام، قائىدە بويىچە سوقۇپ، 100 گرام ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، بىر كۈندە ئۈچ ۋاخ 10 مىللىگرامدىن ئىچىپ بەرسە، بەدەن ئاجىزلىقى، بۆرەك ئورۇقلاش، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

4. زىغىر 10 گرام، بادام مېغىزى 10 گرام، قورۇتۇلغان زۇپا 10 گرام، پىستە مېغىزى 20 گرام، قەنت 150 گرام قاتارلىقلاردىن قائىدە بويىچە لوئوق تەييارلاپ، بىر كۈندە ئۈچ ۋاخ 10 گرامدىن ئىچىشكە بېرىلسە، بەلغەم بوشىتىدۇ، دەم سىقىلىش ئۈچۈن شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 7~10 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ھەزىمنى بۇزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بەدىيان، پىننە.

[ئورۇنباسارى] بادام مېغىزى، ياڭاق، ھەببە تۈلخۇزرا.

[چىقىش ئورنى] جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىدا تىكىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدىن ھەم سۈرىيەدىنمۇ چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] پىستە مېغىزى لوئۇقى، لوبۇبى كەبىر، لوئوقى چىلغوزا.

[قوشۇمچە] پىستىنىڭ تاشقى پوستى.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئىچى سۈرۈش، تولغاق، قۇسۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. پوستىنى سۇدا قاينىتىپ، سۈيىدە ئولتۇرسا، مەقئەت چىقىپ قېلىشقا پايدا قىلىدۇ.

2. پىستە دەرىخىنىڭ پوستى ۋە يوپۇرمىقىنى قاينىتىپ بەدەننى يۇسا، نەزلىنى توختىتىدۇ.

3. بەش گرام پوستىنى سوقۇپ ئىچسە، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

4. پىستە پوستىنىڭ شىرنىسى بىلەن باشنى يۇسا ۋەسۋەسە ۋە مالىخولىيا كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] يەتتە گرامغىچە.

## ھەببەتۇلخۇزرا

(笃耨香子 du nou xiang zi)

[ئەرەبچە نامى] حبّ الخضراء

[پارسچە نامى] حبّ الخضراء

[ئوردۇچە نامى] بن

[لاتىنچە نامى] Semen pistaciae terebinhit

[ئىنگلىزچە نامى] Terebinthun Resin Seed

[تونۇش]

بۇ يوپۇرمىقى ئۇزۇن، مېۋىسى خۇش پۇراقلىق چوڭ دەرەخ بەتىم بولۇپ، بۇنىڭ ئۇرۇقى «ھەببەتۇلخوزرا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ دەرەخنىڭ ئۇرۇقى سۇماققا ئوخشايدۇ، چاقسا ئىچىدىن مېغىزى چىقىدۇ، مېغىزى يېشىل رەڭلىك، تاتلىق ۋە تەملىك بولۇپ، پىستىگە ئوخشايدۇ، لېكىن پىستىدىن سېپتە ۋە تاتلىق ھەم سەل ياپىلاقراق كېلىدۇ. «تېرېنىت دەرىخىنىڭ ئۇرۇقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ (38.12 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۈت ۋە مەنىينى كۆپەيتىش، بۆرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلنى ئېچىش، بەدەننى ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، تاش پارچىلاش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، يەل تارقىتىش، تېرىنى پارقىرىتىش، ئاۋازنى ساپلاشتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باھ ئاجىزلىقى، بەدەن ۋە بۆرەك ئورۇقلاش، مەددە قۇرت، سوغۇق يەل تۇرۇپ قېلىش، يۆتەل، زىققە، سۈيدۈك ۋە ھەيز راۋان بولماسلىق، تېرىدىكى داغ قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بەش گرام ھەببەتۇلخۇزرانى بادام ۋە شېكەر بىلەن قوشۇپ ئىچسە، يۆتەل ۋە دېمى سىقىشقا پايدا قىلىدۇ، ھەيز ۋە سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

2. بەش گرام ھەببەتۇلخۇزرانى سىركە بىلەن قوشۇپ ئىچسە، باش ئاغرىقىنى توختىتىدۇ.

3. ئۈچ گرام ھەببەتۇلخۇزرانى كۆيدۈرۈپ، باشقا سۈركىسە، تەڭگىسىمان چاچ چۈشۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرىسى

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3~5 گرام.
[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقجان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، بىنەپشە، قىزىلگۈل، سىركەنجىۋىل.
[ئورۇنباسارى] ئاچچىق بادام مېغىزى، ياڭاق.
[چىقىش ئورنى] ھىندىستاندىن چىقىدۇ.
[قوشۇمچە] بەتىم دەرىخىنىڭ يېلىمى «ئىلكۈلبەتىم» دېيىلىدۇ. بۇ يېلىم ئاق، پارقىراق، خۇش پۇراق كېلىدۇ.

## ھەببى زەلەم
(铁荸界 tie bi jie)

[ئەرەبچە نامى]
[پارسچە نامى]
[ئوردۇچە نامى]
[لاتىنچە نامى] Semen Cyperus Esculentus
[ئىنگلىزچە نامى] Egyptiannut
[تونۇش]
بۇ بىر خىل ئۈسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، «ھەببى زەلەم» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۇرۇق نوقۇتتىن چوڭراق، ياپىلاقراق، سىرتقى پوستى قارامتۇل كۆك، ياغلىشاڭغۇ، ئىچى ئاق، تاتلىق، خۇش پۇراق، ياغلىق كېلىدۇ (13.38 ـ رەسىم).
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق. ئارتۇق ھۆللۈكى بار.
[خۇسۇسىيىتى]
سۈت ۋە مەنىينى كۆپەيتىش، باھنى قوزغاش، مەنىي پەيدا قىلىش، بەدەننى سەمرىتىش، بۆرەك ۋە جىگەرنى كۈچلەندۈرۈش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
باھ ئاجىزلىقى، يۆتەل، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش، مەنىي كەملىك، تىرىدىكى قارا داغ قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. سۆئلەپ مىسرى، ھەببى زەلەم، پىندۇق مېغىزى، چىلغوزا مېغىزى 10 گرامدىن، دورىلارنى سوقۇپ سۈپۈپ قىلىپ ئىچسە، باھ ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدۇ.

2. مۇۋەببەل سەفىد، ئاقىرقەرھا، ھەببى زەلەم يەتتە گرامدىن، ناۋاتتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سوقۇپ توخۇم سېرىقىغا ئارىلاشتۇرۇپ يېسە، بۆرەك ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. شۇمشا ئۇرۇقى، ھەببى زەلەم، زۇپا، رۇببى سۇس 10 گرامدىن، قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچسە، يۆتەلنى پەسەيتىپ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 6~12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] ھەببەتۇلخوزرا.

[چىقىش ئورنى] مىسىردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبۇبى كەبىر.

## ھەببى رىشاد

(家独行菜 jia du xing cai)

[ئەرەبچە نامى] حب الرشاد ‐

[پارسچە نامى] مانچىە

[ئوردۇچە نامى] ہالون

[لاتىنچە نامى] Semen Lepidii Sativi

[ئىنگلىزچە نامى] cultivated pepper weed Seed

[تونۇش]

بۇ كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ھالۇن گىياسى بولۇپ، ئۆسۈملۈك پىشقاندا يىغىۋېلىپ، قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقى «ھەببى رىشاد» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقى قىزغۇچ بېغىر رەڭلىك، توخۇم شەكىللىك، سەل ياپىلاق، تەمى ئاچچىق، سەل پۇراقلىق بولۇپ، شىلىمشىق لوئابى چىقىدۇ (38. 14 ـ رەسىم).

[خىمىيلىك تەركىبى] ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە 58% مايلىق ياغ بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش، بۆرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، قان پەيدا قىلىش، ئىشتىھانى ئېچىش، بەلغەم بوشىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، ماددىلارنى تارقىتىش، تېرىنى قىزارتىش،

سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، تېرىنى پارقىرىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۆتەل، زىققە، ھەزىمنىڭ ناچارلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، باھ ئاجىزلىقى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەيز توختاپ قېلىش، ئاقكېسەل، سەپكۈن ۋە قارا داغ قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مۇۋاپىق مىقداردىكى ھەببى رىشادىنى يۇمشاق سوقۇپ تالقانلاپ، ئازراق تۇز ۋە تۇخۇمنىڭ سېرىقى بىلەن قوشۇپ يەپ بەرسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، باھنى كۈچلەندۈرىدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى ھەببى رىشادىنى ئېزىپ يەرلىك ئورۇنغا تاڭسا، بەرەس، بەھەق، سەپكۈن قاتارلىق تېرە كېسەللىكلىرىگە ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] دوۋساقىقا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] شېكەر، تەرخەمەك ئۇرۇقى.

[ئورۇنباسارى] قىچا.

[چىقىش ئورنى] ئاساسەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىلى رايونىدىن كۆپ چىقىدۇ. يەنە ئېلىمىزنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىن ھەم ياۋروپا ۋە غەربىي ئاسىيا دۆلەتلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇپۇپى ھەببى رىشاد.

## يەر ياڭىقى

(落花生 luo hua sheng)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى] پىستا بادام

[ئوردۇچە نامى] مونگ پھلی

[لاتىنچە نامى] Semen Arachis Hypogaeae

[ئىنگلىزچە نامى] Pesnut Seed

[تونۇش]

بۇ پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك يەرياڭىقىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، مېۋىسى ئادەتتە ئېللىپس شەكىللىك، پوستى قېلىن بولۇپ، ئىچىدىن



www.uyghurkitap.com

بىردىن تۆت دانىغىچە ئۇرۇق چىقىدۇ. مېغىزى ئاق رەڭلىك، تاتلىق كېلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك-نىڭ ئۇرۇقى «يەر ياڭىقى» ياكى «خاسىڭ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (38.15 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقىدا %50~40 ئەتراپىدا مايلىق ياغ، %30~20 كىچە ئازوتلۇق ماددىلار، %21~8 كىچە كراخمال، تالالىق ماددىلار، سۇ، ۋىتامىن قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. قان توختىتىش تەسىرى: يەر ياڭىقى مېغىزىنى يېگەندىن كېيىن، قاناشقا مايىللىق كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغان ئاغرىقلاردىكى قاناش ئەھۋالى-نى ياخشىلايدىغانلىقى مەلۇم.

پەقەت A تىپلىق قاناشقا مايىللىق كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغۇچىلارغا ئۈنۈمى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى B تىپلىق قاناشقا مايىللىق كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغۇچىلارغا تېخىمۇ ياخشى ۋنۈم بېرىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھنى قۇۋۋەتلەش، ئومومى بەدەننى قۇۋۋەتلەش، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش، مېڭە ۋە ئەسەبلەرنى قۇۋۋەتلەش، بەدەننى قۇرۇتۇش، ئوزۇقلۇق بولۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باھ ئاجىزلىق، ماغدۇرسىزلىق، نېرۋا ئاجىزلىقى، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، مەنىي تېز يۇرۇپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. خاسىڭ 15 گىرام، سۆئەلەپ مىسرى، شاقاقۇل 10 گىرامدىن؛ بادام مېغىزى، چىلغوزا مېغىزى 15 گىرامدىن، قائىدە بويىچە سوقۇپ تالقانلاپ ئىستېمال قىلسا، باھ ۋە بەدەن ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. خاسىڭ 10 گىرام، سۇمبۇل ئۈچ گىرام، ئىپار بىر گىرام، قائىدە بويىچە سوقۇپ ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ، مەجۇن تەييارلاپ ئىچسە، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10 دىن 30 دانىغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازاننى بۇزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە، زىرە.

[ئورۇنباسارى] ياڭاق مېغىزى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، بولۇپمۇ تۇرپاندىن كۆپرەك چىقىدۇ، ئۇندىن باشقا ياۋروپا، شىمالىي ئافرىقا قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## سۆئىلەب مىسرى①
(欧白及 ou bai ji)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بۆرەك، دوۋساق، باھ، پەي، يۇرەك، مېڭە ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، سۈت ۋە مەنىي پەيدا قىلىش، بەدەننى سەمرىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ساپ قان پەيدا قىلىش.

## بېدە ئۇرۇقى②
(苜蓿子 mu xu zi)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بۆرەك، دوۋساق ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش؛ ئىچنى توختىتىش، مەنىي ۋە سۈت پەيدا قىلىش، بەدەننى سەمرىتىش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش.

## پىياز ئۇرۇقى③
(葱子 cong zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بۆرەك، دوۋساق، باھ ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش، سوغۇق يەللەرنى تارقىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ھەزىمگە ياردەم بېرىش، تېرىگە جۇلا بېرىش، قاننى جانلاندۇرىدۇ.

---

① تەپسىلاتى 35 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 35 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 35 ـ بابقا قاراڭ

## ھەلىيون ئۇرۇقى[1]
(石刁伯子 shi diao bo zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
بۆرەك، دوۋساق، باھ، يۈرەك ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق تارقىتىش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش.

## نارجىل[2]
(椰子 ye zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
بۆرەك ۋە دوۋساقنى قۇۋۋەتلەش؛ بەدەننىڭ تەبىئىي ھارارىتىنى كۈچەيتىش ۋە سەمرىتىش، بەلغەم بوشىتىش، قان توختىتىش، ساپ قان پەيدا قىلىش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىش، سۈت ۋە مەنىي پەيدا قىلىش.

## زاغۇن ئۇرۇقى[3]
(苏子 su zi)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
بۆرەك، دوۋساق ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش؛ سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، يەرلىك ئورۇننى قىزارتىش، تېرىگە جۇلا بېرىش.

---

① تەپسىلاتى 35 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 35 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 35 ـ بابقا قاراڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## پەنەرمايە[1]

(初乳 chu ru)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

مېڭە، بۆرەك، باھ، پەي، ئاشقازان ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش؛ سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، بۇرۇندىن كەلگەن قاننى توختىتىش، ئوزۇقلۇق تولۇقلاش، قاننى قىزىتىش، ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، زەھەر قايتۇرۇش.

## سىيادان[2]

(黑种草子 hei zhong cao zi)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تېرىنى قۇۋۋەتلەش، تېرە رەڭ ماددىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىششىق ياندۇرۇش، يەل تارقىتىش، ھەيز راۋانلاشتۇرۇش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، چاچ يىلتىزىنى چىڭىتىش، تېرىگە جۇلا بېرىش، سۈت پەيدا قىلىش، سۈيدۈك ھەيدەش، چاچنى قارايتىش، ئاغرىق توختىتىش.

---

① تەپسىلاتى 36 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 43 ـ بابقا قاراڭ

# ئوتتۇز توققۇزىنچى باب كۆزنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار

كۆزنى قۇۋۋەتلەش، كۆزدىكى ماددا ئالمىشىشنى ياخشىلاش، كۆز مىزاجىنى تەڭشەش تەسىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، كۆزنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەرخىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەردىن، كۆزدە ئاجىزلاش يۈز بەرسە، ئورگانىزمدا ماددا ئالمىشىش قالايمىقانلىشىش، فىزىئولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇش بىلەن بىرگە، كۆز ئاجىزلىقىغا ئالاقىدار تۈرلۈك كېسەللىكلەر (كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاش، كۆز ياشاڭغىراش، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياللۇغى، كۆزگە ئاق چۈشۈش، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىلەرگە قان تولۇش، كۆز قاپاقلىرىغا يىرىڭلىق چاقا چىقىش، يېقىننى كۆرەلمەسلىك، يىراقنى كۆرەلمەسلىك، نامازشام قارىغۇسى …) پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنىڭ ۋاقتىدا ئالدىنى ئالمىغاندا يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. كۆز ئاجىزلىقىغا ئىشلىتىدىغان دورىلارنىڭ تۈرى ھەرخىل بولغاچقا، ئىشلەتكەندە مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. كۆز ئاجىزلىقىغا ئىشلىتىدىغان دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق ياكى قۇرۇق ئىسسىق بولىدۇ. بۇ خىل دورىلار كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، تەبىئەتنى كۆچەيتىش، ياللۇغلىنىشقا قارشى تۇرۇش، كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش تەسىرىنى بېرىدۇ، بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار كۆزنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: سۈرمە، سەرەس، قوي ئۆتى، ھۆپۈپ گۆشى، سېغىزخان، تاجىگۇل ئۇرۇقى، تۇرىيا.

مامىرانچىنى، قىرىقبوغۇم، يانتاق، ئوغرىتىكەن، ئارپىبەدىيان، رۇسۇت، تاشچېچەكى.

## سۈرمە

(锑 ti)

[ئەرەبچە نامى] كحل احمد

[پارسچە نامى] سرمه سياه

[ئوردۇچە نامى] سرمه ـ انجن

[لاتىنچە نامى] Antimony Nigrum

[ئىنگلىزچە نامى] Antimonyium

[تونۇش]

بۇ بىر خىل پارقىرىما، ياپىلاق مەدەن جىنسىتىكى تاش بولۇپ، ۋەزنى ئېغىر، پارچىلانغاندا ھەر خىل شەكىلدىكى دانىچىلارغا بۆلىنىپ، ئوخشاش بولمىغان پارقىراق نۇرلۇق شەكىلنى ھاسىل قىلىدۇ. تومۇرلىرى ۋە دۇغلىرى يوق، يات ماددىلار ئارىلاشمىغان، ئېزىلگەندە قارىغا مايىل، ئەزاغا سۈرتكەندە قارا رەڭ چىقمايدىغان بولسا، ساپ سۈرمە ھېسابلىنىدۇ (1.39 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

كۆزنى مۇھاپىزەت قىلىش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، تېرىنى پارقىرىتىش، يىرىڭ تازىلاش، ھەرقايسى ئەزادىن كېلىدىغان قانلارنى توختىتىش، جاراھەتلەرنى تازىلاش، ئارتۇق گۆشنى يوقىتىش، يارا جاراھىتىنى پۈتتۈرۈش، قاش، كىرپىكنى ئۆستۈرۈش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، باش ئاغرىقىنى پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاش، كۆز ياشاڭغىراش، باش ئاغرىقى، كۆز قىچىشىش، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش (شەقىقە)، ھەر خىل قاناشلار، ئوتتا كۆيگەن كۆيۈك قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. 10 گرام سۈرمە بىلەن 0.5 گرام ئىپارنى ئايرىم ـ ئايرىم سالايە قىلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ كۆزگە تارتسا، يىراقنى كۆرەلمەسلىك ئۈچۈن شىپا بولىدۇ.

2. رۇسۇت 10 گرام، زەمچە بىر گرام، سۈرمىدىن بىر گرام ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ سوقۇپ، سۈپۈپ قىلىپ، كۈندە بىر قېتىم كۆزگە تارتسا، تولا ياش ئېقىشنى توختىتىدۇ.

3. سۈرمە، ئاقىرقەرھالارنى سوقۇپ بۇرۇنغا تارتسا، قان توختىتىدۇ، ئاياللار بالىياتقۇغا قويسا، ئادەت توختىتىدۇ.

4. شاپتۇل مېغىزىنى كۆيدۈرۈپ، سۈرمىگە سۈرۈپ قاش، كىرپىك چۈشۈپ كەتكەنلەرگە سىرتتىن چېپىلسا، قاش، كىرپىكنى ئۆستۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] كېسەل ئەھۋالىغا قاراپ سىرتقى تەرەپتىن ئىشلىتىلىدۇ، ئىچكى تەرەپتىن ئىشلىتىلمەيدۇ. 1~10 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆكرەكتىكى ئەزالارغا، ئۆپكىگە ۋە بوغۇملارغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، مەستىكى، ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] كۆيدۇرۇلگەن قارا قوغۇشۇن.
[چىقىش ئورنى] ئىران، مىسىر ۋە باشقا ئەللەردىن ھەم ئېلىمىزنىڭ تاغلىرىدىن چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] كۆھلى سۇرمە.

## سەرەس
(合欢皮 he huan pi)

[ئەرەبچە نامى] سلطان الاشجار
[پارسچە نامى] درخت زكريا
[ئوردۇچە نامى] سرس
[لاتىنچە نامى] Cortex Albiziae
[ئىنگلىزچە نامى] Silktree Albizia Bark
[تونۇش]
بۇ پۇرچاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ يىپەك ئاكاتسىيە دەرىخىنىڭ پوستى بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ قوۋزىقى «سەرەس» ئۇرۇقى، «تۇخۇمى سەرەس» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، ئۇرۇقى ئېللىپس شەكىللىك، رەڭگى قوڭۇر رەڭدە كېلىدۇ (39.2 ـ رەسىم).
[خىمىيىلىك تەركىبى] قوۋزىقىدا گلۇكوزىد، تاننىلار بار.
ئۇرۇقى تەركىبىدە ئالبىززىن (Albizzin) بار.
[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] تىنچلاندۇرۇش، تۇغۇت چەكلەش، ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئۆسمىگە قارشى تۇرۇش تەسىرى بار.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، پەي ۋە چىشلارنى چىڭىتىش، قان تازىلاش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقى، چىش تۈۋى بوشاپ كېتىش، پالەچ، لەقۋا، بوغۇم ئاغرىقى، يىرىڭلىق جاراھەت، قوتۇر ۋە باشقا تېرە كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. سەرەسنىڭ يوپۇرمىقىنى قاينىتىپ سۈيىنى كۆزگە تېمىتسا ياكى سۈيىنى ئىچىپ بەرسە، كۆزنى روشەن قىلىدۇ.

2. سەرەس قوۋزىقىنى قايناتىپ سۇيىدە چىشنى چايقىسا، چىش تۇۋىنى چىڭىتىدۇ.

3. سەرەس قوۋزىقىنى چالا سوقۇپ ئىچىدىكى نېپىز قوۋزىقىنى ئېلىۋېتىپ، تۆت كۈن سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئاندىن ئۈنگىدا ئەرەق تارتىپ 21 كۈن ياكى ئۈنگىدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىستېمال قىلسا، يۇقىرىقى كېسەللەرگە پايدا قىلىدۇ، بۇ مەزگىلدە كەكلىك ۋە قۇشقاچ گۆشلىرى يېيىلىدۇ، بۇغداي ۋە گۈرۈچ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

4. سەرەس قوۋزىقىنى سوقۇپ قۇرۇتۇپ، سوقۇپ، سۈپۈپ قىلىپ جاراھەتكە سېپىلسە، جاراھەتنى پۈتتۈرىدۇ ۋە قۇرۇتىدۇ.

5. سەرەسنىڭ ئۇرۇقىدىن ئۈچ گرامغا ئالتە گرام ناۋات قوشۇپ 120 مىللىلىتىر يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن بىر قانچە كۈن ئىچىپ بەرسە، مەنىينى قويۇلتىدۇ، سۈت قوشماي ئىچسە، بويۇن بەز سىلى (خانازىر) كېسىلىگە پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] قوۋزىقىدىن 5 ~ 7 گرام، ئۇرۇقىدىن 1 ~ 2 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] رەۋغىنى ۋەرد.

[ئورۇنباسارى] رۇسۇت.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالى، خېبېي، خېنەن، خۇبېي قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

## قوي ئۆتى
(羊胆 yang dan)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Fel Caprae

[ئىنگلىزچە نامى] Goat Gall

[تونۇش]

ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ھايۋان قوينىڭ ئۆتى بولۇپ، «قوينىڭ ئۆتى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] قوي ئۆتى سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى ئۆت كىسلاتاسى، ئۆت تۇزى، ئۆت پىگمېنتى، خولېستېرىن، لېتسىتىن، ناترىي كاربونات قاتارلىقلار.

ئۆت كىسلاتاسى ئۆت سۇيۇقلۇقىدا گلۇكول (giycol) ۋە تائۇرىن (Taurine) بىلەن بىللە ھالەتتە تۇرىدۇ، ئۆت سۇيۇقلۇقى ئىشقارلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. قوي بىلەن ئۆچكىنىڭ ئۆت سۇيۇقلۇقى كىسلاتاسىدا ئۆت سۇيۇقلۇقى ۋە ئوكسىدلانغان ئۆت سۇيۇقلۇقى بار.

**[تەبىئىتى]** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**[خۇسۇسىيىتى]**

كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، زەھەر قايتۇرۇش، مەددە قۇرت ئۆلتۈرۈش.

**[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]**

كۆزگە ئاق چۈشۈش، كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى تۆۋەنلەش، ھاشاراتلارنىڭ زەھىرى، مەددە قۇرت كېسەللىكى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]**

1. مۇرمەككى 10 گرام، سۇرمە 2 گرام، مامىرانچىنى 7 گرام، يۇمشاق سوقۇپ، قوينىڭ ئۆتىگە ئارىلاشتۇرۇپ قاپاقتا چىپىپ بەرسە، كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى قوي ئۆتىنى سىركە بىلەن قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، مەددە قۇرتنى ئۆلتۈرىدۇ.

**[ئىشلىتىش مىقدارى]** مۇۋاپىق مىقداردا.

**[زىيانلىق تەسىرى]** زەھەرسىز.

**[ئورۇنباسارى]** ئۆچكە ئۆتى.

**[چىقىش ئورنى]** دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

# ھۆپۈپ گۆشى

(鹧鸪肉 zhe gu rou)

**[ئەرەبچە نامى]** هه

**[پارسچە نامى]** مرغ سلیمانی

**[ئوردۇچە نامى]** کھٹ برہئ

**[لاتىنچە نامى]** Francolinus chinensis

**[ئىنگلىزچە نامى]** Francolin

**[تونۇش]**

بۇ بىر خىل ئۇچار جانۋار بولۇپ، ئۇنىڭ قارا، سېرىق، ئاق چېكىتلىرى بولىدۇ،

www.uyghurkitap.com

بېشىدا تۈكتىن بولغان تاجىسى بار. گۆشى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (39.4 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، بۆرەك ۋە دوۋساقتا ئۇيۇپ قالغان قاننى يوقىتىش ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

كۆزگە ئاق چۈشۈش، تولغاق، قۇلۇنجى، باھ ئاجىزلىقى، بەرەس، تەمرەتكە، چاچ ئاقىرىش، ئۇنۇتقاقلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ھۆپۈپنىڭ گۆشىنى سېرىقچېچەك بىلەن قوشۇپ ئوبدان پىشۇرۇپ يېسە، ئۈچەيلەردىكى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ.

2. ھۆپۈپنىڭ مېڭىسىنى كۈنجۈت يېغى بىلەن قوشۇپ بۇرۇنغا تېمىتسا، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدۇ.

3. ھۆپۈپنىڭ قېنىنى قۇرۇتۇپ، سەۋسەن يېغىغا ياكى يېڭى كۈنجۈت يېغىغا قوشۇپ چاپسا چاچنى قارايتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] بۇ قۇش قاتتىق سېسىق پۇرايدىغان بولغاچقا، سېسىقلىق پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئەنبەر.

[ئورۇنباسارى] ئۆلار گۆشى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئەرقى مائۇل لەھمى.

## سېغىزخان

(喜鹊 xi que)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Pica pica Sericae

[ئىنگلىزچە نامى] Magpie

[تونۇش]

بۇ قاغىدىن كىچىكرەك، كۆرۈنۈشى چىرايلىق ئالىماچ رەڭدىكى مەشھۇر ئۇچار قۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ گۆشى، ئۆتى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (39.5 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] گۆشى بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، ئۆتى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، كۆزدىكى پەردىلەرنى يوقىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

كۆرۈش كۈچى ئاجىزلىق، كۆزگە پەردە چۈشۈش، كۆزگە يىرىڭلىق چاقا پەيدا بولۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سۇرمە 10 گرام، ئىپار 0.5 گرام، سېغىزخان ئۆتىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ بىرلەشتۇرۇپ، سوقۇپ كۆزگە سۇرمە قىلىپ تارتسا، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

2. سەفداپ كاشغەر 3 گرام، مەرۋايىت 5 گرام، ئىپار 0.5 گرام، مامىرانچىنى 10 گرام، سېغىزخان ئۆتىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، كۆزگە تارتسا، كۆز جاراھىتى، كۆزدىكى يىرىڭلىق جاراھەت قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ، گۆشىنى يېيىش توغرا كەلسە، ئايال كىشى يېيىشكە بولمايدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىچى تەرەپتىن ئىستېمال قىلسا، تەستە ھەزىم بولىدۇ، تۇغماسلىق، جىنسىي ئاجىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىچكى تەرەپتىن ئىستېمال قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس.

[تۈزەتكۈچىسى] بەدىيان، زىرە، ئاقىرقەرھا.

[ئورۇنباسارى] ھۆپۈپ.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن چىقىدۇ.

## تاجىگۈل ئۇرۇقى

(鸡冠花子 ji guan hua zi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Semen Celosiae Cristatae

[ئىنگلىزچە نامى] Cockscomb Seed

[تونۇش]

قامچىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تاجىگۈلنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت. شەكلى يۇمىلاق، سىرتقى يۈزى سىلىق، رەڭگى قارا، نېپىز ھەم چورۇك، تۈسى سۇس، پۇراقسىز كېلىدۇ (6.39 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] كۆپ مىقداردا مايلىق ياغ بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] تاجىگۈلنىڭ فارماكولوگىيىلىك تەسىرى بىلەن ئوخشاش.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، قان توختىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، تولغاقنى توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

جىگەر توسۇلۇش، تولغاق، ھەيز كەلمەسلىك، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، بەل ئاغرىقى، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىسىنىڭ ئۆتكۈر ياللۇغى، كۆز قارىچۇقىنىڭ كىچىكلەپ كېتىشى، بالىياتقۇنىڭ پائالىيەتچان قانىشى، قان سىيىش، ئۈچەي ياللۇغى، بۇرۇن قاناش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تاجىگۈل ئۇرۇقى، زاراڭزا چېچىكى، ئاغىچە 10 گرامدىن، دورىلارنى قائىدە بويىچە قاينىتىپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىچسە، ھەيزنى راۋان قىلىدۇ.

2. تاجىگۈل ئۇرۇقى 10 گرام، تاباشىر، ئەنجبار يەتتە گرامدىن، قائىدە بويىچە سوقۇپ سۈپۈپ قىلىپ ئىستېمال قىلسا، بۇرۇن قاناش ۋە بالىياتقۇنىڭ پائالىيەتچان قانىشىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. تاجىگۈل ئۇرۇقى، بەديان 10 گرامدىن، قائىدە بويىچە قاينىتىپ، سۈيىدە كۆزنى يۇيۇپ بەرسە، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ～ 12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇقجان كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، رەيھان ئۇرۇقى.

[ئورۇنباسارى] تاجىگۈل.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

# تۇتىيا

(土提亚 tu tiya)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Coppersucphate

[ئىنگلىزچە نامى] Zinc

[تونۇش]

بۇ مىس بىلەن گۈڭگۇرتنىڭ تېرابىنى ئېرىتىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان بىر خىل كۆك، ئاق، سېرىقتا مايىل، تۇگمە شەكىللىك مەدەن بولۇپ، ۋەزنى ئېغىر، پۇراقسىز، بىمەززە تەملىك كېلىدۇ (7.39 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] سىنك (Zn).

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش.

[تەبىئىتى] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىش، قورۇش، قۇرۇتۇش، قان تازىلاش، مىكروب ئۆلتۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىق، چىش مىلىكى بوشاپ كېتىش، قان بۇزۇلۇش، جۇزام، قىچىشقاق، كۆزگە قاناتسىمان گۆش ئۆنۈپ قېلىش، كۆزگە سۇ چۈشۈش، تولا ياش ئېقىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. 0.2 گرام تۇتىيانى ئېلىپ، قايناق سۇغا سېلىپ، شۇ قايناق سۇ بىلەن ئېغىزنى چايقىسا، چىش مىلىكى بوشاپ قېلىش، تىل ياللۇغى قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. 0.1 گرام تۇتىيانى كۆزگە سۈرتۈپ بەرسە، كۆزگە قاناتسىمان گۆش ئۆنۈپ قېلىش، كۆپ ياش ئېقىش قاتارلىقلارنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

3. تۇتىيا، مەرۋايىت، سۇرمىلەرنى سوقۇپ ئەرقى بەديان بىلەن نەمدەپ، كۆزگە سۇرمە قىلسا، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.1~0.2 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] زەھەرلىك، يالغۇز ئىچىدىن ئىچىشكە بولمايدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت، بادام يېغى.

[ئورۇنباسارى] تاش سۈرمە.

[چىقىش ئورنى] پاكىستان، ئەرەبىستاندىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] كۆھلى رۇشنائى.

## مامىرانچىنى①

(黄连 huang lian)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يالloۇغ قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، يەل تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، قان تازىلاش، جاراسىم ئۆلتۈرۈش، تېرىگە جۇلا بېرىش.

## قىرىقبوغۇم②

(木贼 mu zei)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] ھارارەت پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، كۆزگە ئۆسكەن قىزىل گۆشنى ياندۇرۇش، قان توختىتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

## يانتاق③

(骆驼刺 luo tuo ci)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

---

1. تەپسىلاتى 10 ـ بابقا قاراڭ
2. تەپسىلاتى 7 ـ بابقا قاراڭ
3. تەپسىلاتى 11 ـ بابقا قاراڭ

ئىششىق تارقىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا قان خىلتىنىڭ ئۆتكۈر-لۈكىنى پەسەيتىش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى كۈچلەندۈرۈش، قىزىتما قايتۇرۇش، كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

## ئوغرىتىكەن[1]

(刺蒺藜 ci ji li)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش؛ بۆرەكتىكى، ئۆتتىكى تاشلارنى پارچىلاش ۋە توسالغۇلارنى ئېچىش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، يۆتەل توختىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش.

## ئارپىبەديان[2]

(小茴香 xiao hui xiang)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يەل تارقىتىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم سەۋدا خىلتىنى پىشۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى، ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق توختىتىش، كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، سۈت پەيدا قىلىش، زەھەر قايتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، ھەيزنى راۋان قىلىش، ئىششىق قايتۇرۇش، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش.

## رۇسۇت[3]

(小檗浸膏 xiao bo jin gao)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

---

① تەپسىلاتى 14 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 2 ـ باب 2 § غا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 40 ـ بابقا قاراڭ

[خۇسۇسىيتى]

ئىغىز بوشلۇقىدىكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، قىزىتما قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، چىش مىلىكىنى چىڭىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش.

## تاشچېچەكى①

(石花 shi hua)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيتى]

پەي ۋە سۆڭەكلەرنى چىڭىتىش، قاننى جانلاندۇرۇش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، مەنىيىنى كۆپەيتىش، بەدەن ئاجىزلىقىنى تۈگىتىش.

---

① تەپسىلاتى 41 ـ بابقا قاراڭ

# قىرىقىنچى باب ئېغىز بوشلۇقىدىكى ئەزالارنى قوۇۋەتلىگۈچى دورىلار

ئېغىز بوشلۇقىدىكى ئەزالار (تىل، چىش، يۇتقۇنچاق، بادامسىمان بەز، شىللىق پەردىلەر) نى قۇۋۋەتلەش، ياللۇغلارنى قايتۇرۇش، ماددا ئالمىشىشنى ياخشىلاش تەسىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئېغىز بوشلۇقىدىكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەرخىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەردىن، ئېغىز بوشلۇقىدىكى ئەزالارنىڭ خىزمىتىدە ئاجىزلاش يۈز بەرسە، ئورگانىزمدا ماددا ئالمىشىش قالايمىقانلىشىش، فىزىئولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇش بىلەن بىرگە، ئېغىز بوشلۇقىدىكى ئەزالارنىڭ ئاجىزلىقىغا ئائىت تۈرلۈك كېسەللىكلەر (چىش مىلىكى ياللۇغى، چىش بوشاپ قېلىش، چىش مىلىكى قاناش، ئېغىز بوشلۇقى شىللىق پەردىلىرى ياللۇغلىنىش، ئېغىز پىشلاقلىشىش، تىل ئىششىش، تىل ياللۇغلىنىش، تىلنىڭ سېزىمى يوقىلىش، تىلغا مودۇر چىقىش، بادامسىمان بەز ئىششىش، يۇتقۇنچاق قىزىرىش …) پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل ئالامەتلەرگە قارىتا ۋاقتىدا چارە قىلمىغاندا يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. ئېغىز بوشلۇقىدىكى ئەزالارغا ئىشلىتىدىغان دورىلارنىڭ تۈرى ھەرخىل بولغاچقا، ئىشلەتكەندە مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. ئېغىز بوشلۇقىدىكى ئەزالارنىڭ ئاجىزلىقىغا ئىشلىتىدىغان دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق بولىدۇ. بۇ خىل دورىلار چىش مىلىكىنى چىڭىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، قاننى سوۋۇتۇش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇ خىل دورىلار ئېغىز بوشلۇقىدىكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: رۇسۇت، زەمچە، ئوسما يىلتىزى، شاتۇت، مىئە سائىلە، موزا، مۇرمەككى، كۆپىكى دەريا، كەبابە، كات ھىندى، بادام شاكىلى، كاۋاۋچىنى.

كەۋرەك، كەسلەنچۈك، تېزەكچى قوڭغۇز، ئىتياڭىقى يوپۇرمىقى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# رۇسۇت

(小檗浸膏 xiao bo jin gao)

[ئەرەبچە نامى] حضض

[پارسچە نامى] رسوت

[ئوردۇچە نامى] رسوت

[لاتىنچە نامى] Extract Berberis

[ئىنگلىزچە نامى] Barberis Extract

[تونۇش]

بۇ زىرىق ئائىلىسىدىكى بىر خىل مېۋىدىن سىقىپ چىقىرىلغان ئۇسارىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئۇسۇملۇك مېۋىسىنىڭ ئۇسارىسى «هوزۇز» ياكى «رۇسۇت» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ رەڭگى سېرىققا مايىل، تەمى ئاچچىق بولىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئېغىز بوشلۇقىدىكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، قان تازىلاش، قىزىتما قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، چىش مىلىكىنى چىڭىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قىزىتما، ھەر خىل ئىششىقلار، ئىچى سۈرۈش، بوۋاسىر، ھەر خىل يارىلار، يەرقان، تولغاق، سۈيدۈك ياللۇغى، بۇرۇن قاناش، قولاق ئېقىش، چىش تۈۋى بوشاپ قېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. فوپەل، موزا، گۈلنار، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، رۇسۇتتىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، سوقۇپ تالقانلاپ، چىش تۈۋىگە باسسا، چىش مىلىكى بوشاپ كېتىش، قاناشقا شىپا بولىدۇ.

2. رۇسۇت بىلەن گۈلناردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سوقۇپ تالقانلاپ بۇرۇنغا پۈركۈسە، بۇرۇن قاناشقا شىپا بولىدۇ.

3. پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى، رۇسۇت، تاباشىر ئۈچ گرامدىن، تۆمۈر داغمال سۈيىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قائىدە بويىچە قاينىتىلما تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، قان ۋە سەپرادىن بولغان ئىسھاللارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 2 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] تالغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] مەستىكى، رۇم بەدىيان.

[ئورۇنباسارى] فۇپەل، سەندەل.

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ، يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا، ئامېرىكا، ياۋروپا، نېپال قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ. .

[پىشىشىق دورا ياسالمىسى] ھەببى رۇسۇت، ھەببى بوۋاسىر.

[ئىزاھات] بەزى كىتابلاردا «ھوزۇز» نى ھۆل سېرىق ھېلىلە ۋە زەرچىۋىنىنىڭ سىقىپ چىقىرىلغان سۈيى دەپ قارايدۇ، شۇڭا بۇ ھەقتە داۋاملىق تەتقىق قىلىش زۆرۈر.

## زەمچە

(白矾 bai fan)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Alumen

[ئىنگلىزچە نامى] Alum

[تونۇش]

زەمچە ئەسلى سۇلفىد كىسلاتا تۇرىدىكى رۇدا تېشى بولغان كان ماددىسى ساپ سۇمۇقنىڭ ئۆزى ياكى سۇمۇقتىن پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىدىغان ماددا بولۇپ، ئۇ كۆپلىگەن خۇسۇسىيەتتە زاكقا ئوخشايدۇ، بىرئاز ئاچچىقى بار، ئەمما ئۇنىڭ ئاچچىقى زاكنىڭ ئاچچىقىدىن تۆۋەن، بۇنىڭ خىللىرى كۆپ، ئەمما ئىشلىتىلىدىغىنى تۆت خىل بولىدۇ، بىرىنچى خىلى: ئاق، سۈزۈك، بىرئاز سېرىقلىققا مايىل، بۇنى «شەب يامانى» دەپ ئاتايدۇ، بۇ ھەممىسىدىن ياخشىراقى ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى خىلى: ئاق، سۈزۈك بولۇپ، بۇنىڭدا ئەسلا سېرىقلىق بولمايدۇ، بۇنى «زاج بىللۇرى» دەپ ئاتايدۇ، بۇ خىلىنىڭ پارچىلىرىنىڭ بەزىسى تۆت چاسا، بەزىلىرى تومچاق، يېرىلاڭغۇ كېلىدۇ. ئۈچىنچى خىلى: يۇمىلاققا مايىل بولىدۇ، بۇنى «زاج مۇدەھرەج» دەپ ئاتايدۇ. تۆتىنچى خىلى: يۇمشاق، سىلىق، تېز

سۈنىدىغان بەتبۇي بولىدۇ، بۇنى «زاجى زەپەر» دەپ ئاتايدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە ئۈچ خىلى بار بولۇپ، بىرى سېرىق، سوزۇنچاق؛ يەنە بىرى، قىزىل، ئۈچىنچىسى، كۆك زاكقا ئوخشايدۇ. بۇلار ئادەتتە ئىشلىتىلمەيدۇ (2.40 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاليۇمىن كاليۇن سولفات [$KAI(SO_4)_2 12HO_2$] بولۇپ، بۇنىڭدا 11.4% كالىي، 37% ئاليۇمىن، 38% سۇلنور، 13% سۇ بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] باكتېرىيىگە قارشى تەسىرى: ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە ۋە شەكىل ئۆزگىرىشچان تاياقچە باكتېرىيىلەرنى تورمۇزلايدۇ. چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسى، يېشىل يىرىڭ تاياقچە باكتېرىيىسى، تولغاق تاياقچە باكتېرىيىسى، كېزىك تاياقچە باكتېرىيىسى قاتارلىقلارغا نىسبەتەن تورمۇزلاش رولى بار. بولۇپمۇ يېشىل رەڭلىك زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيە، قان ئېرىتكۈچى زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيە، ئۆپكە ياللۇغى شارچە باكتېرىيە، بوغما تاياقچە باكتېرىيىگە نىسبەتەن تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئېغىز بوشلۇقىدىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، زەخىملەرنىڭ قېنىنى توختىتىش، ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىش، يىرىڭلىق جاراھەتلەرنىڭ قان ۋە يىرىڭلىرىنى يوقىتىپ، جاراھەتلەرنى پۈتتۈرۈش، مېتاللاردىكى داتنى ئېلىش، سۈنى ۋە شارابنى ساپ قىلىش، بەتبۇيلۇقىنى يوقىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئېغىز ئاغرىقى، چىش تۈۋى قاناش، گال ئاغرىقى، تەپ، بەزگەك، قىزىتما، قولتۇق پۇراش، كۆكيۆتەل، قاناش، قان تۈكۈرۈش، قان سىيىش، سۆزنەك قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مۇۋاپىق مىقداردىكى زەمچىنى يۇمشاق سوقۇپ، بىرئاز سۇدا ئېرىتىپ بۇرۇنغا تېمىتسا، بۇرۇننىڭ قېنىنى توختىتىدۇ.

2. زەمچە سۈيىنى كۆزگە قايتا ـ قايتا تېمىتسا، كۆزدىكى نېپىز، ئاق پەردىنى يوقىتىدۇ.

3. زەمچىنى زەيتۇن يېغىدا قايىنتىپ قۇلاققا تېمىتسا، قۇلاق ئېغىرلىقىنى يوقىتىدۇ، قۇلاقتىن كېلىدىغان ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇپ، قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

4. زەمچىنى كۆشتە قىلىپ ئۇنىڭغا مەرۋايىت، شېكەر، توخۇ تۇخۇمىنىڭ شاكىلى ۋە كېلەرنىڭ مايىقى قاتارلىقلاردىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ قوشۇپ سالايە قىلىپ سۈرمە تەييارلاپ كۆزگە تارتسا، كۆزگە چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدۇ.

5. زەمچىنى موزا ۋە سۇماق بىلەن قوشۇپ يۇمشاق سالايە قىلىپ كۆزگە تارتسا، كۆزدىن ئاقىدىغان ياشلارنى ۋە كۆزدىكى كونا قىزىللىقنى، كۆز جىيىكىدىكى ئىششىقلارنى ۋە كۆزنىڭ ئەتراپىدىكى دانىلارنى يوقىتىدۇ.

6. زەمچىنى فۇپەل بىلەن قوشۇپ يۇمشاق سالايە قىلىپ ، سۇپۇپ تەييارلاپ چىشقا سۈركىسە، چىش ئاغرىقى پەسىيىدۇ، چىشنىڭ تۈۋى چىڭىيدۇ، بوشاپ قالغان چىشقا پايدا قىلىدۇ.

7. زەمچىنى كاللەكبەسەينىڭ يىلتىزىنىڭ كۆلى بىلەن قوشۇپ ئېزىپ ئېغىزغا (تامغاق-قا) چىققان مودۇرلارغا سەپسە ياكى زەمچىنى ئېزىپ ھەسەل بىلەن قوشۇپ قاينىتىپ ئېغىزنى چايقىسا ياكى يۇمشاق ئېزىپ سەپسە، چىشنىڭ تۈۋىدىكى ئىششىقلارغا، كىچىك تىلدىكى ئىششىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

8. زەمچىنى ئېزىپ گۈلىيېغى بىلەن قوشۇپ بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارغا چاپسا، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، مۇناسىپ دورىلار بىلەن قوشۇپ بەدەنگە سىيپىلسە، ئىستىسقائى لەھمى ئۈچۈن پايدا قىلىدۇ.

9. ئاس دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن قوشۇپ قولتۇققا چاپسا، قولتۇقتىكى سېسىقچىد-لىقلارنى ۋە تەرلەشنى توسىدۇ.

10. تۇز، موزا، قىزىلگۈل، سىركە قاتارلىقلار بىلەن قوشۇپ يامرايدىغان يىرىڭلىق چاقىلارغا چاپسا، چاقىلارنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى توسايدۇ. قىزىق سۇ ۋە ھەسەل بىلەن قوشۇپ چاپسا قىچىشقاق، قوتۇر ئۈچۈن پايدا قىلىدۇ.

11. زەمچىنى مامىرانچىنى بىلەن قوشۇپ گۈلىيېغى بىلەن ئېزىپ، قۇلاقنىڭ ئارقىسىغا چاپسا، قۇلاقتىن ئاقىدىغان ماددىلارنى توختىتىدۇ، بەھەق ئۈچۈنمۇ پايدا قىلىدۇ.

12. سىركىنىڭ دۇغى، موزا ۋە زەمچىنى باراۋەر مىقداردا ئېلىپ ئېزىپ چاپسا، گۆشخور جاراھەت ئۈچۈن پايدا قىلىدۇ.

13. زەمچىنى سۇدا ھۆل قىلىپ ئاقىرىپ قالغان تىرناققا، ئۇششاق قولنىڭ قىچىشىشى-غا، تىرناق چۆرىسىدىكى يىرىڭلىق جاراھەتلەرگە، سوغۇق تەگكەندىن پەيدا بولغان يىرىڭلارغا چاپسا، پايدا قىلىدۇ.

14. زەمچىنى ئەرىقى گۆلدە نەمدەپ، ئوتتا كۆيگەن جايغا چاپسا، ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، قاپارتقۇ ھاسىل بولۇشتىن ساقلايدۇ.

15. زەمچىنى سۇدا ھۆل قىلىپ چاچقا ۋە بەدەنگە چاپسا ياكى يۇسا، پىتلارنى ئۆلتۈرىدۇ، ھەرقانداق ئەزالاردىكى ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىدۇ.

16. يۇمشاق زەمچىنى يالغۇز يۇڭ لاتىغا سىپىپ، ھەمەل قىلسا، داۋاملىق ئېقىپ تۇرىدىغان بالىياتقۇ قېنىنى توختىتىپ، بالىياتقۇنىڭ ھۆللۈكىنى قۇرۇتۇپ، نورمال ھالەتكە كەلتۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.5 ~ 1 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] بۇنىڭدىن ئۈچ گرام ئىچسە، زەھەرلەيدۇ، قاتتىق يۆتەل پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] يېڭى سۈت، سېرىقماي، ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] نۆشۇدۇر.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاغلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇنۇنى شەب.

## ئوسما يىلتىزى

(板蓝根 ban lan gen)

[ئەرەبچە نامى] اصل الخم

[پارسچە نامى] بيخ وسمه

[ئوردۇچە نامى] نيل كاجڑ، كارى ميٹكى بيخ

[لاتىنچە نامى] Radix Isatidis

[ئىنگلىزچە نامى] Indigowoad Root

[تونۇش]

بۇ كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئوسمىنىڭ قۇرۇتۇلغان يىلتىزىدىن



www.uyghurkitap.com

ئىبارەت (3.40 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] لىندىكان (Lindican)، ئىندىرابىن (Eindirabin)، ئۇرىدىن (Uridine)، كىسانتىن (Xanthine)، ئۇراتسىل (Uracil)، سالىتسىلىك كىسلاتا (Salicylic acid) ۋە ھەرخىل ئامىنو كىسلاتالىرىدىن تەركىب تاپقان.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] مىكرو ئورگانىزىمغا قارشى تۇرۇش، ئاق قان دانچىلىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنى تىزگىنلەش، راكقا قارشى تۇرۇش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

شىپالىق رولى]

شىللىق پەردىلەردىكى ياللۇغلارغا قايتۇرۇش، قىزىتمىنى پەسەيتىش، زەھەرنى قايتۇرۇش، قاننى سوۋۇتۇش، قان توختىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىدىغان كېسەللىكلەر]

قىزىلنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تارقىلىشچان مېڭە پەردە ياللۇغى، تارقىلىشچان زۇكام، تارقىلىشچان قۇلاق ئاستى بېزى ياللۇغى، جىگەر ياللۇغى، باش ۋە كۆز قىسمىغا پەيدا بولغان يەلتاشما، غەلۋىرەك ۋە بوغما قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئوسما يىلتىزى ۋە قىرىق بوغۇمدىن 12 گرامدىن ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، تارقىلىشچان مېڭە پەردە ياللۇغى ھەم تارقىلىشچان زۇكامغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئوسما يىلتىزى 35 گرام، ئەڭلىكئوت 20 گرام، قائىدە بويىچە قايىنىتىپ ئىچسە، تارقىلىشچان قۇلاق ئاستى بەز ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئوسما يىلتىزى، ئۈچقات 20 گرامدىن، قىزىل چۈغلۇق 12 گرام، ماماكاپ 16 گرام، چۈچۈكبۇيا تۆت گرام، قائىدە بويىچە قايىنىتىپ ئىچسە، چوڭ بۆلەكلىك ئۆپكە ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 6~12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] رۇم بەدىيان.

[ئورۇنباسارى] گۈلبىنەپشە.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] زۇكام جەۋھىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# شاتۇت

(红果桑 hong guo sang)

[ئەرەبچە نامى] توت ملوا

[پارسچە نامى] توت شيرين

[ئوردۇچە نامى] شہتوت

[لاتىنچە نامى] Morus Ruber

[ئىنگلىزچە نامى] mulberry

[تونۇش]

بۇ ئۈجمىنىڭ بىر خىل تۈرى بولۇپ، يوپۇرمىقى كىچىك، سەل - پەل پارقىراقراق، قالغان يەرلىرى ئۈجمىگە ئوخشايدۇ، مېۋىسىنىڭ رەڭگى قىزىلغا مايىلراق بولغان مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ، قارا كېلىدۇ، مۇشۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى «شاتۇت» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسى ئۈجمىدىن چوڭراق بولۇپ، دەسلەپ قىزىل رەڭگە كىرىدۇ، كېيىن پىشقاندا قارا رەڭگە كىرىدۇ، تەمى چۈچۈمەل تېتىيدۇ (4.40 - رەسىم).

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يالLۇغ قايتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا ۋە قان خىلتىنى تەڭشەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ئىششىق قايتۇرۇش، ئىشتىھانى ئېچىش، قان تازىلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئىچ سۈرۈش، ئىسسىقتىن بولغان يۇتقۇنچاق يالLۇغى، ھەر خىل ئېغىز جاراھەتلىرى، ئىشتىھاسىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. شاتۇتنىڭ سۈيىنى چىقىرىپ غار - غار قىلسا، ئېغىزغا چىققان ھەر خىل چاقىلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. شاتۇتنى كۆپ ئىستېمال قىلىپ بەرسە، غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرانىڭ تېزلىكىدىن بولغان قان بۇزۇلۇشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. شاتۇت سۈيىگە تاباشىر ياكى مەستىكى قوشۇپ ئىچسە، ئىچى سۈرۈشكە مەنپەئەت

قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆكرەك، ئۆپكە ۋە پەي كېسەللىكلىرىگە بېرىلمەيدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، شاتۇتنىڭ قاينىتىپ قويۇلدۇرۇلغان سۈيى.

[ئورۇنباسارى] ئەينۇلا، كاكىنەچ.

[چىقىش ئورنى] خوتەندىن كۆپرەك چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] شاتۇت مۇرابباسى، شاتۇت شەربىتى.

## مىئە سائىلە

(苏合香 su he xiang)

[ئەرەبچە نامى] ميعه سائله، عسل لبنى
[پارسچە نامى]
[ئوردۇچە نامى] سلارس
[لاتىنچە نامى] Storax Liquidambaric Orientalis
[ئىنگلىزچە نامى] Storax
[تونۇش]

بۇ ھامامېلىس ئائىلىسىدىكى چوڭ دەرەخ شەرق ئىرەن دەرىخىنىڭ يېلىمى بولۇپ، «مىئە سائىلە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يېرىم ھەرىكەتچان قويۇق ھالەتتىكى سۇيۇقلۇق بولۇپ، رەڭگى كۈل رەڭ ياكى توقراق كۈل رەڭ كېلىدۇ، ئۆزى يېرىم سۈزۈك، تەمى سەل ئاچچىق، پۇراقلىق بولىدۇ (5.40 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] مىئە سائىلەنىڭ تەركىبىدە تەخمىنەن 36% دەرەخ رېزىنىسى، قالغىنى مايسىمان سۇيۇقلۇقلار، Storesinol دىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ ئەركىن ياكى قوۋزاقدارچىن كىسلاتاسى بىلەن بىرىككەن، تىرىسىزىنول شەكلى تۈراقسىز بولغان ئاق رەڭلىك مادىدا بولۇپ، بۇ كرىستاللىق، كالىي تۇزىنى ھاسىل قىلىدۇ، ياغسىمان سۇيۇقلۇق ئىچىدە فىنى لىتىلىن ستىرول (Cphenylethylene) ، ئىتىل ئىنىنامات (Ethyleinnanmat) ، فىنىل پروپىل شىنىنامات (Phenylpropal Cinnamate) تىنىنامىل سىنىنامات ياكى ستىراتسىن (sttracin ياكى Cinnamyl cinnameta) ۋانىللىن (Vanillin) تىنامىك كىسلاتاسى

(Cinnamic acid) قاتارلىقلار بار. رېزىنا تەركىبىدە يەنە ئولىنونىك كىسلاتا (Oleanonic acid) قاتارلىقلارمۇ بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] مىئە سائىلە غىدىقلاش خۇسۇسىيەتلىك بەلغەم بوشاتقۇچى دورا ھەمدە مەلۇم دەرىجىدە باكتېرىيىگە قارشىلىق رولى بار. ئۇ كاناي يولىنىڭ ھەر خىل يۇقۇملىنىشلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سىرتقا ئىشلىتىلسە، قىچىشقاق پەسىيىدۇ. يەرلىك ئورۇن ياللۇغىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، مەسىلەن: ھۆل تەمرەتكە ۋە باشقا تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ ھەمدە يارا ئاغزىنىڭ پۈتۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، كۆپ مىقداردا ئىچسىمۇ ئاقسىللىق سۈيدۈك پەيدا بولمايدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ياللۇغ، ھەر خىل يارىلارنى قايتۇرۇش، يەل تارقىتىش، بەلغەم بوشىتىش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋان قىلىش، ئاغرىق توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

كونا يۆتەل، سىل، زۇكام، بەل ئاغرىقى، بۆرەك ئاغرىقى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەيز توسۇلۇش، ئەزالارنىڭ تىترىشى، ئاۋاز پۈتۈپ قېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مىئە سائىلەدىن سەككىز گرامنى قىزىق سۇ بىلەن قوشۇپ ئىچسە، بەلغەمنى بوشىتىدۇ، زەيتۇن يېغى بىلەن قوشۇپ ئىچسە، قاتما، رەئىس ئەزالارنىڭ ئاجىزلىقى ئۈچۈن پايدا قىلىدۇ.

2. مىئەسائىلەنى پەرزىجە قىلسا، كۆيدۈرۈپ تۈتۈنىنى ئالسا، ھەيز توختاپ قالغانغا پايدا قىلىدۇ.

3. مىئە سائىلەنى قويۇلدۇرۇپ چاپسا، چوڭ ـ كىچىك بوغۇم ئاغرىقلىرىنى توختىتىدۇ، مامىرانچىنى سۈيىدە سۈيۇقلاندۇرۇپ چاپسا، قوتۇرغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. ئۈچ گرام مىئە سائىلەنى قىزىق سۇ بىلەن ئىچسە، ماخاۋ كېسىلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1~3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] مەستىكى.
[ئورۇنباسارى] ياسمەن يىغى.
[چىقىش ئورنى] تۈركىيە، سۈرىيە قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] زىماتتى ئەۋرام.

## موزا

(没食子 mo shi zi)

[ئەرەبچە نامى] عفص
[پارسچە نامى] مازوسبز
[ئوردۇچە نامى] ماجوپھل
[لاتىنچە نامى] Galla Halepensis
[ئىنگلىزچە نامى] Nutgalls
[تونۇش]
بۇ قاسىراقلىقلار ئائىلىسىدىكى چاتقال ياكى يوپۇرماق تاشلايدىغان ئۆسۈملۈك موزا دەرىخىنىڭ يۇمران شاخلىرى ئۈستىدە قوزۇپ قالغان قوۋت قاپارتقۇلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، موزا ھەرىسى (Cynips galae—tinctoiae) نىڭ لىچىنكىلىرى موزا دەرىخىنىڭ يۇمران شېخى ياكى يوپۇرماقلىرى ئۈستىدە پارازىتلىق بىلەن ياشاپ ھاسىل بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مۇشۇ خىل قوۋت قاپارتقۇسى «موزا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (40 .6 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] موزىدا 50～70 پىرسەنتكىچە ئاتسىدۇم تاننىكوم بولۇپ، ئاساسلىقى پىنتا ـ م ـ دىگ ـ ئاللويىل ـ β ـ گلۇكوزىدى (Penta—m—dig—alloyl—β—glucese)، سۇدا ئاجرىتىپ چىقىدىغان ماددا ئاتسىدوم گاللىكوم (Gallic acid) ۋە ئاتسىدۇم ئىللاگىكۇم (Ellagic acid) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يەنە رېزىنا كراخمال قاتارلىقلارمۇ بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئاتسىدۇم تاننىكومنىڭ قورۇغۇچى تەسىرى بار. لېكىن نورمال كىچىك ئۈچەينىڭ ھەرىكىتىگە نىسبەتەن ئەكس تەسىرى بولمايدۇ، ئۈچەي ياللۇغى كېسەللىگە نىسبەتەن قورۇش تەسىرىنى بېرىدۇ ھەم ئىچنى توختىتىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئىغىز بوشلۇقىدىكى يارىلارنى پۈتتۈرۈش، بالىياتقۇ ۋە تۇخۇمدانىنى قۇۋۋەتلەش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، چىش مىلىكىنى چىڭىتىش، قورۇش، قۇرۇتۇش، تۇتۇش، قان توختىتىش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، تېرىنى ئۇزۇقلاندۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

بوۋاسىر، چىش تۈۋى بوشاپ قېلىش، چىش مىلىكى ئىششىقى، ئىغىز شەلۋەرەپ كېتىش، گال ئېچىشىش، ئىغىز پۇراش، قۇلاق ئېقىش، ھەر خىل يامرىغۇچى جاراھەتلەر، تەمرەتكە، تەڭگىسىمان چاچ چۈشۈش، سەپكۈن، بۇرۇن قاناش، سوڭەك چىقىپ قېلىش، مەقئەت ئىششىقى قاتارلىقلارغا سىرتقى تەرەپتىن؛ ھەيز ۋە ئاق خۇن كۆپ كېلىش، ئۈچەي يارىسى، كونا ئىچى سۈرۈش، قان سىيىش، قانلىق ئىچ سۈرۈش، تولغاق قاتارلىقلارغا ئىچكى تەرەپتىن ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. موزىنى چىلاپ قايىنىتىپ، ئىغىزنى چايقىسا، چىش بوشاپ قېلىش، چىش مىلىكى ياللۇغى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

2. موزىنى سۈرۈپ كىندىك ساھەسىگە سۈركەپ بەرسە، كىندىك چىقىۋقى ئۈچۈن شىپا بولىدۇ، موزىنىڭ سۈيۈپىنى سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلسا، يەرلىك ئورۇنغا چېپىپ بەرسە، تەمرەتكە ۋە تەڭگىسىمان چاچ چۈشۈشكە پايدا قىلىدۇ.

3. موزا بەش گرام، زەمچە ئىككى گرام، ئانار گۈلى ئۈچ گرام، ئانار پوستى ئۈچ گرام، كات ھىندىدىن بەش گرام. قايىنىتىپ، جىنسىي يولىنى يۇيۇپ بەرسە، ئاق خۇن كېسەللىكى ئۈچۈن شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.5 ~ 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆكرەككە ۋە ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، ئەرەب يېلىمى.

[ئورۇنباسارى] ئانار پوستى، يۇلغۇن مېۋىسى.

[چىقىش ئورنى] تۈركىيە، ئىران، ئەرەبىستان، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] غارغار سۈيى.

# مۇرمەككى

(没药 mo yao)

[ئەرەبچە نامى] مۇمركى
[پارسچە نامى] بول
[ئوردۇچە نامى] ہيرابول
[لاتىنچە نامى] Myrrha
[ئىنگلىزچە نامى] Myrrh
[تونۇش]

بۇ زەيتۇن دەرىخى ئائىلىسىدىكى چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ مۇرمەككى دەرىخى (Commiphora myrrha Engl) بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ يېلىمى (رېزىنىسى) «مۇرمەككى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى قارامتۇل قىزىل، پۇرىقى سۇس، تېنى قاتتىق چۇرۇك، تەمى بىرئاز ئاچچىق (7.40 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] مۇرمەككى تەركىبىدە %35~25 كىچە رېزىنا، %16 كىچە دەرەخ يېلىمى، تەخمىنەن %6 كىچە ئۇچۇچان ماي بار. رېزىنىنىڭ كۆپ قىسمى ئېتىردە ئېرىيدۇ، ئېرىمەيدىغان قىسمىنىڭ تەركىبىدە α ۋە β ھېئېرا بومىرروريك كىسلاتا (α,β—Heerrabo myrrhoric acid) ، ئېرىيدىغان قىسمىدا α ، β ، γ مۇرمەككى كىسلاتاسى، كومىفوريك كىسلاتا (Commi Phoric acid) ، β ، α ، ھېئېرا بومىررول (α, β Heerabomyrrhol) قاتارلىقلار بار. ئۇندىن باشقا يەنە مۇرمەككى رېزىنىسى ھېئېرا بورىزېن (Heeraboresene) ، كومىفېرىن (Commiferin) لار بار، ئۇچۇچان مايىنىڭ تەركىبىدە ئېۋگېنول (Eugenol) ، گومىن ئالدىھىدى (Gumin aldegyde) ، دىپېنتېن (Depentene) ، لىمونىن (Limonene) قاتارلىقلار بار، دەرەخ يېلىمى سۇدا ئېرىپ، ئەرەب قەنتى (Arabinose) ، گالاكتوزا (Galactose) ۋە كىسلوزالارنى ھاسىل قىلىدۇ.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. مۇرمەككىنىڭ سۇدىكى چىلانمىسى (2 : 1) نىسبەتتە تەجرىبە نەيچىسىدە تۆك تەمرەتكىسى زەمبۇرۇغى، ئورتاق مەركەزلىك چاچ تەمرەتكە زەمبۇرۇ- غى، سونلېن سېرىق تەمرەتكە زەمبۇرۇغى قاتارلىق كۆپ خىل كېسەل پەيدا قىلغۇچى زەمبۇرۇغلارنى تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە، بۇنداق بولۇشى تەركىبىدە تۇتقان ئېۋگېنول

بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

2. مايلىق رىزىنا قىسمى ئەركەك توشقانغا نىسبەتەن يۇقىرى خولېستېرىنلىق قان كېسەللىكىنىڭ خولېستېرىن مىقدارىنى ئازايتىدۇ ھەمدە داغ پارچىلىرىنىڭ ھاسىل بولۇشىنى توسىدۇ، شۇنداقلا ئۆي توشقىنىنىڭ بەدەن ئېغىرلىقىنى يەڭگىللىتىدۇ، مۇرمەككىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە يەرلىك ئورۇننى غىدىقلاش خۇسۇسىيىتى بار، مۇرمەككى ئېغىز بوشلۇقىنى يۇيۇش دورىسى قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. يەنە ئاشقازان ئۈچەي زەئىپلىشىپ كەتكەندەم قوزغاتقۇچى دورا قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئېغىز بوشلۇقىدىكى جاراھەت ۋە يارىلارنى پۈتتۈرۈش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش، ئىچنى قاتۇرۇش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، يەل تارقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، مېڭىنى تازىلاش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋان قىلىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

كاناي شاخچىلىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى، دۈشۈن كۆيۈشۈش، ھەيز توسۇلۇش، يۆتەل، نەزلە، كۆز قاراڭغۇلىشىش، كۆزگە سۇ چۈشۈش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، باش ئاغرىقى، چىش تۈۋى قاناش، بوغۇم ئاغرىقلىرى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، گال ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مۇرمەككىدىن يېرىم گرام ئېلىپ، مەرزەنجۇش بىلەن قوشۇپ سۇدا ئېرىتىپ بۇرۇنغا تېمىتسا، مېڭىنى تازىلايدۇ، نەزلىلەرنى توسايدۇ.

2. مۇرمەككىنى قىزىتىپ، ئۇنىڭ ھورى بىلەن باشنى تەرلەتسە، سەۋەبى ئېنىق بولمىغان باش ئاغرىقىنى يوقىتىدۇ.

3. مۇرمەككىنى پىياز سىركىسى بىلەن ياكى ئەرقى گۈلابتا ئېرىتىپ ھەر كۈنى ئېغىزنى چايقىسا، چىشنىڭ تۈۋىدىن كېلىدىغان قاننى توختىتىدۇ.

4. مۇرمەككىنى كۆزگە سۈرمە قىلىپ تارتسا، كۆز قاراڭغۇلىشىشنى، كۆزگە چۈشكەن سۇنى توختىتىدۇ ۋە تارقىتىدۇ، جىغاننىڭ سۈيى بىلەن تېمىتسا، كۆز ئاجىزلىقىغا پايدا قىلىدۇ.

5. مۇرمەككىدىن ئىككى گرام ئېلىپ، سوقۇپ ھەسەلگە قوشۇپ يالاپ بەرسە، يۆتەلگە

پايدا قىلىدۇ.

6. مۇرمەككىنىڭ سۆپۆپىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلسا، ھەيزنى راۋان قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ~ 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] تەرياقى ئەربەئە، تەرياقى سىنامانىيە.

[چىقىش ئورنى] سومالى، ئېفىئوپىيە، ئەرەبىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇرمە.

## كۆپىكى دەريا

(海螵蛸 hai piao xiao)

[ئەرەبچە نامى] زبدالبحر

[پارسچە نامى] كف دريا

[ئوردۇچە نامى] سمندر پھين

[لاتىنچە نامى] Endoconcha Sepiellae

[ئىنگلىزچە نامى] Cuttlebone, Sepium

[تونۇش]

بۇ سىياھبېلىق ئائىلىسىدىكى ھايۋانات سېپىللا سىياھبېلىقى ( Sepiellade Rochebrune) ياكى سېپىللا سىياھبېلىقىنىڭ ئىچكى قېپى بولۇپ، بۇ بېلىقنىڭ گۆشى، قېپى ۋە قارا خالتىسىدىكى قارا سۇيۇقلۇقى «كۆپىكى دەريا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى ئاق، سىرتقى تەرىپى سىلىق، ئىچى قوتۇر، يىرىك، تەمى قېرىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ (8.40 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] بۇنىڭدا %85~80 كالتسىي كاربونات بار، يەنە مۇڭگۇزسىمان ماددا، شىلىمشىق ماددا ھەمدە ئاز مىقداردا كالتسىي خلورىد، كالتسىي فوسفات، ماگنىي تۇزلىرى بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] بۇنىڭدىن ئاجرىتىپ ئېلىنغان كالتسىي كاربوناتتىن كىسلاتالىق ياسالمىلارنى ياسىغىلى بولىدۇ، يېڭى ئېلىنغان بېلىقنىڭ ئىچىدىن بىر خىل

ماددا ئاجرىتىپ ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ئېھتىمال بىر خىل پولىپېپتىد (Polipeptid) خىلىدىن ئىبارەت. كىشىلەر بۇ بېلىقنى يەپ زەھەرلەنسە، مۇشۇ ماددا ئۇچەي ھەرىكىتىنىڭ تەڭپۇڭ-سىزلىقىنى تۈزەيدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

چىش مىلىكىنى چىڭىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، كۆڭۈل ئېلىشىشنى پەسەيتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، قان توختىتىش، جاراھەت قۇرۇتۇش، كۆز ياشاڭغىراشنى ئازايتىش، يىرىڭلىق زەخمىنى پۈتتۈرۈش، تراخوما دانىچىلىرىنى يوقىتىش، ئاق خۇننى توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئېغىز يارىسى، چىش مىلىكى بوشاپ كېتىش، ئاشقازان، 12 بارماق ئۈچەي يارىسى، ھەر خىل جاراھەت، يارىلىنىش، سىل كېسەللىكىدىكى قان تۈكۈرۈش، بالىياتقۇنىڭ ئۆزلۈك-كىدىن قانىشى، تراخوما، كۆز چاپاقلىشىش، ئۆسمە، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، ئاشقازان ۋە ئۈچەي قاناش، ھەزىم بۇزۇلۇش، قۇلاق يىرىڭلاش، سەپكۈن، داغ، مۇدۇر، ئىسسىقا قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۇندۇر، مەستىكى، كۆپىكى دەريالاردىن 10 گرامدىن ئېلىپ، سۇيۇپ قىلىپ ئىچىشكە بەرسە، ئاشقازان يارىسى ۋە ھەزىم بۇزۇلۇشقا شىپا بولىدۇ.

2. ئەرەب يېلىمى 5 گرام، ئاقاقىيا 5 گرام، ئانارگۈلى 3 گرام، كۆپىكى دەريادىن 5 گرام. قائىدە بويىچە سۇيۇپ قىلىپ كۇندە ئىككى ۋاخ ئىچىپ بەرسە ئاشقازان - ئۈچەي قاناشقا شىپا بولىدۇ.

3. موزا 5 گرام، ئانارگۈلى 5 گرام، كەت ھىندى 5 گرام، فۇپەل 3 گرام، ئاق سەندەل 5 گرام، كۆپىكى دەريا 5 گرام. قائىدە بويىچە سۇيۇپ قىلىپ ئېغىزغا سەپسە، ئېغىز يارىسىغا شىپا بولىدۇ.

4. سۆئلەپ 30 گرام، ئاق مەۋسەل 30 گرام، تەمرى ھىندى ئۇرۇقى 45 گرام، ئانارگۈلى 20 گرام، زورۇنبات 20 گرام، ناۋات 15 گرام، كۆپىكى دەريا 5 گرام، سۇيۇپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، مەنىينى تۇتىدۇ، ئاق خۇن كۆپىيىشكە شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5~1 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ ئۆپكىسىنى قاچۇرىدۇ.

[تۆزەتكۈچىسى] قاپاق مېغىزى يېغى.
[ئورۇنباسارى] كەت ھىندى.
[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويلىرى رايونلىرى ۋە چەت ئەللەردىن چىقىدۇ.
[ئىشلىتىش دورا ياسالمىسى] سۇيۇقى كۆپىكى دەريا، زىماتى كۆپىكى دەريا.

## كەبابە

(荜澄茄 bi cheng qie)

[ئەرەبچە نامى] قاقيره
[پارسچە نامى] كبابه دهن
[ئوردۇچە نامى] كبابه خدان
[لاتىنچە نامى] Fructus Litseae
[ئىنگلىزچە نامى] Mountain Spicy Tree Fruit
[تونۇش]

بۇ قارىمۇچ ئائىلىسىدىكى دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان غول ئۆزۈنلۈقى ئالتە مېتىر ئۆسىدىغان، ياماشقاق پىلەكلىك ئۆسۈملۈك كەبابە بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى «كەبابە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ رەڭگى ساغۇچ قوڭۇر، مايلىق، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى ئۆتكۈر (40.9 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] مېۋىسىنىڭ تەركىبىدە 10~18% ئۇچۇچان ماي بار. كۇبېبىن (Cubebin)، 3% لىك يېلىم، كۇبېبىن كىسلاتاسى (Cubebin acid)، ماي، كراخمال، 8% لىك دەرەخ يېلىمى، 7% لىك پىگمېنتى بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] كەبابە مېۋىسى شىللىق پەردىلەرنى يەرلىك غىدىقلاش تەسىرىگە ئىگە. سۈيدۈك يولى ۋە نەپەس يوللىرىغىمۇ مۇشۇ خىل تەسىرنى بېرىدۇ، بۇنىڭ ئۇچۇچان مېيىنى ئىستېمال قىلسا، سۈيدۈك يولىدا مەلۇم دەرىجىدە چىرىشكە قارشى تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]

يارا ۋە جاراھەتلەرنى پۈتتۈرۈش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، ھەيزنى

راۋانلاشتۇرۇش، يۇمشىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

سۈيدۈك يولى كېسەللىكلىرى، بولۇپمۇ سۆزنەك، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەيز تۇتۇلۇش، يۆتەل قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كەبابىدىن ئىككى گرامنى تالقانلاپ، سۇ قوشۇلغان سۈت بىلەن ئىستېمال قىلسا، سۆزنەككە پايدا قىلىدۇ.

2. كەبابە سۈپۈپىنى ھەسەل بىلەن قوشۇپ بېرىلسە، يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ، چاينىسا ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىدۇ.

3. زاراۋزا چېچىكى 5 گرام، ئاغىچە 5 گرام، ئەمەن 5 گرام، كابابە 3 گرام، دورىلارنى قايناتىپ ئىچسە، سۈيدۈك، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5~3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] باش ۋە دوۋساققا قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] دوۋساق ئۈچۈن مەستىكى، باش ئۈچۈن سەندەل.

[ئورۇنباسارى]

[چىقىش ئورنى] ھىندىنوزىيە، مالايسىيا ئاراللىرى، غەربىي ھىندىستان تاقىم ئاراللىرى قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارش زەر ئۈنى.

## كات ھىندى

(儿茶 er cha)

[ئەرەبچە نامى] كات

[پارسچە نامى] كات ھندى

[ئوردۇچە نامى] كتھا

[لاتىنچە نامى] Catechu

[ئىنگلىزچە نامى] Cutch, khair

[تونۇش]

بۇ پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك كەت ھىندى (Acacia Catechul) ۋەريان ئائىلىسى-

دىكى ئۈسۈملۈك فوتۇن كىت ھىندىنىڭ قۇرۇتۇلغان ئۇسارىسىدۇر. شەكلى ئوخشاش ئە-
مەس، سىرتقى يۈزى قارامتۇل بېغىررەڭدە، تەمى قېرىق، سېسىق پۇرىقى يوق (10.40
- رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] كەت ھىندىنىڭ ياغاچلىق قىسمىدا %50~20 ئاتسىدوم كانىخو تاننىكوم (acid cataechu—tannic)، كاتېخىن (Catechin)، ئېپكا تېخىن (Epcatechin)، توق رەڭلىك ياغاچلىق قىسمىدا پروتو كاتېخو تاننىن (Protocatechu)، پىروگاللىك تاننىن (pyrogallic tannin) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. باكتېرىيىگە قارشى تەسىرى: كەت ھىندى روبىسى-نىڭ سۇدىكى قايناتمىسى ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىسى، يېشىل يىرىڭ تاياقچە باكتېرىيىسى، بوغما تاياقچە باكتېرىيىسى، تولغاق تاياقچە باكتېرىيىسى، ئۈچەي كېزىكى تاياقچە باكتېرىيىسى قاتارلىقلارنى مەلۇم دەرىجىدە تورمۇزلايدۇ.

2. %20 لىك قايناتمىسى بەدەن سىرتىدا قورساق سۇلۇق راك ھۈجەيرىسىنى تورمۇزلى-يالايدۇ. كەت ھىندى سۈيۇقلۇقى ئېرىتمىسى 12 بارماق ئۈچەي ھەم كىچىك ئۈچەينىڭ لۈمۈلدەش ھەرىكىتىنى تورمۇزلايدۇ ھەم سوقۇر ئۈچەينىڭ لۈمۈلدەش ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

تۇتۇش، قان تازىلاش، قان توختىتىش، چىش مىلىكلىرىنى چىڭىتىش، قۇرۇتۇش، مەددە قۇرتنى ئۆلتۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئىچ سۈرۈش، چىش مىلىكلىرى قاناش، ئېغىز ئاغرىقى، قان بۇزۇلۇش، ماخاۋ، مەنىي تۇتالماسلىق، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، ئۈچەي قۇرتى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. 2 گرام ئانارگۈلىنى 3 گرام كەت ھىندى بىلەن سۈپۈپ قىلىپ چىش تۈۋگە باسسا، چىش مىلىكى قاناشقا شىپا بولىدۇ.

2. كەت ھىندى، كۆپىكى دەريا، موزا، گاۋزىباندىن 3 گرامدىن ئېلىپ، سۈپۈپ قىلىپ، ئېغىز يارىسىغا سېپىپ بەرسە يارىنى پۈتتۈرىدۇ (گاۋزىبان كۆيدۈرۈلىدۇ).

3. ئۈچ گرام كەت ھىندى سۈپۈپىنى بىر پىيالە سۇغا بىر كېچە چىلاپ قويۇپ ئەتىگەنلىكى ئۇنىڭ سۈيىنى ئىچسە ھەم شۇ تەرىقىدە بىر قانچە كۈن داۋاملاشتۇرسا، ئىچى سۈرۈش ۋە ئاتىشەككە پايدا قىلىدۇ.

4. كەت ھىندىنى يەككە ھالەتتە ياكى قايماققا ئارىلاشتۇرۇپ قايناق سۇ بىلەن قوشۇپ

يېگۈزسە، ئۈچەيدىن قان كېلىشكە پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 2 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] باھقا ۋە بۆرەككە تاش پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئىپار، ئەنبەر.

[ئورۇنباسارى] موزا.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ يۈننەن ئۆلكىسىدىن ھەمدە ھىندىستان، بېرما، سىرلانكا، ھىندونوزىيە قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] زەرۇرى قۇلاڭ، ھەببى لىمون.

## بادام شاكىلى

(巴旦杏壳 ba dan xing ke)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Semen Amygdali

[ئىنگلىزچە نامى] Almond Seed of shell

[تونۇش]

بۇ ئازغان ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئاچچىق ۋە تاتلىق بادام مېغىزىنىڭ شاكىلى بولۇپ، رەڭگى ساغۇچ ئاق رەڭلىك، تەمسىز، پۇراقسىز كېلىدۇ (11.40 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

چىش مىلىكىنى قۇۋۋەتلەش ۋە پارقىرىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، مەنىي پەيدا قىلىش، مەنىينى قويۇلدۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

چىش مىلىكى بوشىشىپ كېتىش، چىشنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىش، ئۈچەي ۋە دوۋساق جاراھىتى، مەنىي كەملىك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مۇۋاپىق مىقداردىكى بادام شاكىلىنى كۆيدۈرۈپ سوقۇپ سۇنون قىلسا، چىش تۈۋىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، چىشنى پارقىرىتىدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى بادام شاكىلىنى سارغايتىپ، شاقاقۇل بىلەن ئاق بەھمەندىن



www.uyghurkitap.com

10 گرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، تالقانلاپ ئىچىپ بەرسە، ئۇچەي ۋە دوۋساقتىكى جاراھەتلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ. مەنىي پەيدا قىلىدۇ ھەمدە مەنىي تېز يۇرۇپ كېتىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ.

3. مۇۋاپىق مىقداردىكى بادام شاكىلىنى سوقۇپ تالقانلاپ، ئەنجۇر قېقى، تەرەنجىبىل بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلسا، قولۇنجىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 15~7 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] مەستىكى.

[ئورۇنباسارى] شاپتۇل ئۇرۇقى شاكىلى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇنۇنى ئەسنان.

## كاۋاۋچىنى

(花椒 hua jiao)

[ئەرەبچە نامى] كبابه صينى

[پارسچە نامى] كبابه چينى

[ئوردۇچە نامى] ستيل چينى

[لاتىنچە نامى] Pericarpium Zanthoxyl Bunbgeani

[ئىنگلىزچە نامى] Bunge Pricklyath Pericarp

[تونۇش]

بۇ سۇزاپ ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 3 ~ 7 مېتىر ئۆسىدىغان چاتقال ياكى كىچىك ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈك كاۋاۋچىنى بولۇپ، مېۋىسىنىڭ كۆپىنچىسى يەككە ئۆسكەن بولۇپ، تېشى بىنەپشە رەڭدە، كۆپ ساندا تارقاق سۆگەلسىمان كۆتۈرۈلۈپ چىققان ماي نۇقتىلىرى بار، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى كۈچلۈك كېلىدۇ. (bungeanum Maxim Zanthoxylum) بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى «كابابە خەندان» ياكى «كاۋاۋچىنى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (40. 12 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] كەبابە خەندانىنىڭ تەركىبىدە 0.7% كىچە ئۇچۇچان ماي، قۇرۇق مېۋىسىنىڭ تەركىبىدە 2~4% كىچە ئۇچۇچان ماي بار.

مېۋىسىنىڭ ئاساسىي تەركىبى: لىمونېن (Limonene)، كونىكالكوھول (Cunicalcohol)، گرانىئول (Graniol) دىن ئىبارەت.

www.uyghurkitap.com

[**فارماكولوگىيىلىك تەسىرى**] گىرانىئولىنىڭ كىچىك دوزىسى چوڭ چاشقاننىڭ ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىنى تورمۇزلايدۇ، چوڭ مىقداردىكىسى ئۈچەي ھەرىكىتىنى تورمۇزلايدۇ، ئۆلتۈرۈش مىقدارىغا يېقىنلاشقاندا ئىچىنى سۈرىدۇ، ئاز مىقداردا ئىچكۈزسە چوڭ چاشقان يەڭگىل دەرىجىدە سىيىدۇ، كۆپ مىقداردا ئىچكۈزسە، سۈيدۈكى تورمۇزلىنىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**]

ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىش، چاچنى قۇۋۋەتلەش، يەل ھەيدەش، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىش، چاچ تۆۋىنى چىڭىتىش.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**]

چىش ئاغرىقى، ھەزىم ئاجىزلىقى، يۈرەك ۋە مېڭە ئاجىزلىقى، ئاشقازان ۋە جىگەر كېسەللىكلىرى، ئىستىرخا، ئېغىز سېسىق پۇراش، يەلدىن بولغان ھەر خىل كېسەللىكلەر قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. موزىدىن 3 گرام، كاۋاۋچىنىدىن 2 گرام سوقۇپ سۈپۈپ قىلىپ ئاغرىغان چىشقا باسسا، چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

2. كاۋاۋچىنى 3 گرام، كۇندۇر، مەستىكى 5 گرامدىن، دورىلاردىن سۈپۈپ تەييارلاپ ئىچسە، ئاشقازان يارىسى، ھەزىم بۇزۇلۇشقا شىپا بولىدۇ.

3. كاۋاۋچىنىنى يۇمشاق ئېزىپ سۇنۇن تەييارلاپ، ئاغرىق چىشقا باسسا پايدا قىلىدۇ.

4. كاۋاۋچىنىنى پۇرىسا، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 2 ~ 3 گرام.

[**زىيانلىق تەسىرى**] دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] نىلۈپەر، مەستىكى، سەندەل، گۈلاب.

[**ئورۇنباسارى**] كەبابە.

[**چىقىش ئورنى**] ئېلىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن ھەمدە ھىندىستان، ياۋروپا قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[**پىششىق دورا ياسالمىسى**] زەرۇرى قىلائىي.

[**ئىزاھ**] كەبابە خەندان ئۇزاقتىن بۇيان «كاۋاۋچىنى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىدى، بۇنى «كەبابە» دىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «كاۋاۋ خەندان» دەپ ئاتالدى. كاۋاۋ خەنداننىڭ تۈرى خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئۇزۇندىن بېرى «كەبابە خەندان» نى (Zanthoxylum aviecennae) ئىشلىتىپ كەلگەن بولغاچقا، بىز مۇشۇ خىلىنى تونۇشتۇردۇق.

# قىرىق بىرىنچى باب پەي، مۇسكۇل، نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار

پەي، مۇسكۇل ۋە نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەش، ئۇلاردىكى ماددا ئالمىشىشنى ياخشىلاش تەسىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ پەي، مۇسكۇل ۋە نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەرخىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەردىن، پەي، مۇسكۇل ۋە نېرۋىلار خىزمىتىدە ئاجىزلاش يۈز بەرسە ئورگانىزمدا پەي، مۇسكۇل ۋە نېرۋىلارغا ئائىت تۈرلۈك كېسەللىكلەر (نېرۋا ئاجىزلىق، پەي ۋە مۇسكۇل بوشاپ كېتىش، بالدۇر چاچ ئاقىرىش، سۆيدۈك تۇتالماسلىق، پالەچ، لەقۋا، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، چوڭ ـ كىچىك بوغۇملار ئاغرىش، مۇسكۇللار سىقىراپ ئاغرىش، پۇت ـ قول تارتىشىپ قېلىش، رەئشە، ئۈچەي توسۇلۇش، تۇتقاقلىق كېسەل، مالىخۇلىيا، جۇنۇن، ئەستە ساقلاش كۈچى تۆۋەنلەش، سىيىپ يېتىش ...) پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنىڭ ۋاقتىدا ئالدىنى ئالمىغاندا يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. پەي، مۇسكۇل ۋە نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەشتە ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ تۈرى ھەرخىل بولغاچقا ئىشلەتكەندە مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. پەي، مۇسكۇل ۋە نېرۋىلارغا ئىشلەتكەندە مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. پەي، مۇسكۇل ۋە نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق ياكى قۇرۇق ئىسسىق بولىدۇ. بۇ خىل دورىلار بۇزۇق ماددىلارنى تازىلاش، پەي ۋە مۇسكۇلنى چىڭىتىش، نېرۋىلارنى ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ماددا ئالمىشىشنى ياخشىلاش سۈرۈش، فىزىئولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇ خىل دورىلار پەي، مۇسكۇل ۋە نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: قىرغاۋۇل، چىڭگىلىك، چوڭ يوپۇرماقلىق جىنتىيانا، تولغىماچ مېڭىلىك تاغ كۈنجۈتى، كۈندۈش، ياۋا توشقان گۆشى، تاشچېچەكى، يىلپىز سۆڭىكى، ئۈزۈنچاق زىراۋەندە، بۆرە سويىمىسى يىلتىزى پوستى، بۈزۈن، بۇغىتاپان، ھەببۇلغار، شۇمبۇيا، ئاق پارپا، قاقرا تۇمشۇق، زۇپتى

رۇمى، ھىلك، چۇمۇلە، بوزۇغا، جويۇز، ئېيىق يېغى، بالادۇر، مالكەنگنى، زەيتۇن يېغى، كاشىم، قارا پارپا، قەلەمپۇر يېغى، ئەرمۇدۇن دەرىخى ئۇرۇقى، فەرپىيۇن، ئادراسمان ئۇرۇقى، ئادراسمان ئۇرۇقى يېغى، ئادراسمان، كۇچۇلا، تۆگە يېغى، سۇزاپ، جىنچانقىلىق يىلتىزى، ئەرمۇدۇن دەرىخى قوۋزىقى، بوزىدان.

قەنتەرىيۇن، كىرپە، جاۋاشىر، قار لەيلىسى، پەربۇن، مۇقەل، تۆگىقۇشى، كۇدە ئۇرۇقى، سۆرۇنجان، چايان، ئاقىرقەرھا، سەقەنقۇر، ئاچچىق قۇستە، سامساق، خېنىگۇلى ئۇرۇقى.

## قىرغاۋۇل

(雉 zhi)

[ئەرەبچە نامى] ﺗﺮﺍ

[پارسچە نامى] ﺗﺮﺍ

[ئوردۇچە نامى] تدرج

[لاتىنچە نامى] Phasianus Colenicus Torqutus

[ئىنگلىزچە نامى] Pheasant

[تونۇش]

بۇ قىرغاۋۇل ئائىلىسىدىكى قۇش قىرغاۋۇلنىڭ گۆشى ياكى پۈتۈن تېنىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ قۇشنىڭ مېگىسى، گۆشى ۋە جىگىرى «قىرغاۋۇل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بەدەن ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 90 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ئەركەك ۋە چىشى بولىدۇ، بۇلارنىڭ رەڭگى ھەرخىل، ئەركىكىنىڭ پەرىنىڭ رەڭگى چىرايلىق، چىشىسىنىڭ بەدەن شەكلى كىچىكرەك، قۇيرۇقى قىسقىراق كېلىدۇ (1.41 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] گۆشىنىڭ ھەر 100 گرامىدا 70 گرام سۇ، 24 گرام ئاقسىل، بەش گرام ياغ قاتارلىقلارنى تۇتىدۇ، يەنە كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر قاتارلىقلار بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، ساپ قان پەيدا قىلىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ھەزىمنى

ياخشىلاش، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، چېچلاڭغۇلۇقنى تۈگىتىش، تېرىدىكى داغلارنى چۈشۈرۈش، جاراھەت پۈتتۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قان ئازلىق، ئاشقازان ئاجىزلىقى، سۈيدۈك كۆپ كېلىش، ئۇنتۇغاقلىق، يۈزگە داغ پەيدا بولۇپ قېلىش، چاچقا ئاق كىرىش، كۆزگە ئاق چۈشۈپ قېلىش، يىرىڭلىق جاراھەت قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قىرغاۋۇل گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ ئىستېمال قىلسا، يۇقىرىقى كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. قىرغاۋۇلنىڭ ئۆتىنى قىزىق قېنى بىلەن كۆزگە تارتسا، كۆزگە ئاق چۈشۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. قانىتىنىڭ كۈلىنى سىيادان بىلەن بىرگە چاچقا چاپسا، چاچنى قارايتىدۇ.

4. كۆيدۈرۈلگەن سۆڭىكىنىڭ سۇپۇپىنى جاراھەتكە سەپسە، يىرىڭلىق جاراھەتلەرگە شىپا بولىدۇ.

5. مايىقىنى سىركە بىلەن ئېزىپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، ھەر خىل داغلارنى يوقىتىدۇ.

6. قىرغاۋۇل گۆشىنى سۆڭپىياز بىلەن پىشۇرۇپ يەپ بەرسە، تۇغۇتتىن كېيىنكى بەل ئاغرىقى ۋە ماغدۇرسىزلىنىشقا شىپا بولىدۇ.

7. قىرغاۋۇل ئۆتىنى بۇرۇنغا تېمىتسا، مېڭە توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. گۆشىنى مەرزەنجۇش بىلەن قاينىتىپ ئىستېمال قىلسا، نەپەس سىقىلىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق بېرىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سىركەنجۇبىن.

[ئورۇنباسارى] كۆك كەپتەر.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئەرقى مائۇل لەھمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# چىڭگىلىك

(牛皮消 niu pi xiao)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Rhizoma Et Radix Cynanchi Staun tonii

[ئىنگلىزچە نامى] Willowleaf Swallow wort Rhizomeand Root

[تونۇش]

بۇ چىڭگىلىك ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، يۆگىشىپ ئۆسىدىغان، تېنىدە ئاق سۇتى بار سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك چىڭگىلىك بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «چىڭگىلىك» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (3.41 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي ـ مۇسكۇللارنى قۇۋۋەتلەش، ھۆللۈكنى تارقىتىش، يەل ھەيدەش، ئاغرىق توختىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئۆتكۈر ۋە سوزۇلما خاراكتېرلىك بۆرەك ياللۇغى، سۇلۇق ئىششىق، ئاشقازان 12 بارماق ئۈچەي يارىسى، سوزۇلما خاراكتېرلىك ئاشقازان ياللۇغى، ئاق خۇن كۆپىيىش، رېماتىزملىق بوغۇم ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. چىڭگىلىك 12 گرام، سوغىگۈل 15 گرام، كۆپىكى دەريا 200 گرام، چۈچۈكبۇيا 20 گرام، بۇ دورىلارنى سوقۇپ سۈپۈپ قىلىپ بەرسە، ئاشقازان 12 بارماق ئۈچەي يارىسىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. لاجۇۋەرد 6 گرام، سۆرۈنجان 10 گرام، بەدىيان 10 گرام، چىڭگىلىك 12 گرام، سوقۇپ، تالقىنىنى ئىچسە، رېماتىزملىق بوغۇم ئاغرىقلىرىغا شىپا بولىدۇ.

3. ئانارگۈلى، ئانار پوستى، بەللۇت 10 گرامدىن، تەمرىھىندى 30 گرام، ئاق

مەۋسەل 10 گىرام، ئاقىرقەرھا 5 گىرام، چىڭگىلىك 12 گىرام، سوقۇپ سۇپۇپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە ئاق خۇننى ئازايتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 6~12 گىرام.

[زىيانلىق تەسىرى] باش ئاغرىقىغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] بابۇنە.

[چىقىش ئورنى] تۈزلەڭلىكلەردە، تاغ باغرىلىرىدا، چاتقاللىقلاردا ئۆسىدۇ، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇپۇپى سۇس.

## چوڭ يوپۇرماقلىق جىنتىيانا

(秦艽 qin jiao)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Radix Gentianae macrophyllae

[ئىنگلىزچە نامى] Largleaf Gentian Root

[تونۇش]

بۇ جىنتىيانا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك چوڭ يوپۇرماقلىق جىنتىيانانىڭ يىلتىزى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «چوڭ يوپۇرماقلىق جىنتىيانا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (4.41 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەيلەرنى چىڭىتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، يەل تارقىتىش، ھۆللۈكنى يوقىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، تىنچلاندۇرۇش، سېرىقلىقنى ياندۇرۇش، قاننى جانلاندۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

رېماتىزملىق بوغۇم ياللۇغى، ئۆپكە سىلىدىكى تۆۋەن قىزىتما، رېماتىزملىق بوغۇم ئاغرىقى، مۇسكۇللار سىرقىراپ ئاغرىش، پۇت ـ قوللىرى تارتىشىپ قېلىش، ياللۇغلىنىش

www.uyghurkitap.com

قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. چوڭ يوپۇرماقلىق جىنتىيانا، كاسىنە يىلتىزى، بەديان يىلتىزى، بەديان، كەرەپشە يىلتىزى، قۇستە ھەر بىرى 10 گرامدىن، كاكىنەچ ۋە بابۇنەدىن 15 گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، رېماتىزملىق بوغۇم ياللۇغىغا ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئەرەب يېلىمى، كەتىرا 8 گرامدىن، چوڭ يوپۇرماقلىق جىنتىيانا، بىخ سۈس، بىنەپشە، نىلۇپەر 10 گرامدىن؛ شېكەردىن 200 گرام، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ئۆپكە سىلىدىكى تۆۋەن قىزىتمىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 8 ~ 16 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقجان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بىنەپشە، نىلۇپەر.

[ئورۇنباسارى] جىنتىيانا.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى لوغانزىيا.

[چىقىش ئورنى] تاغ ۋە ئورمانلار ئارىسىدىكى نەم ئوتلاقلاردا، ئورمان بەلۋىغى يۇقىرىسىدىكى ئوتلاقلاردا، ئالتاي، تەڭرى تېغى ۋە قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن چىقىدۇ.

## تولغىماچ مېۋىلىك تاغ كۈنجۈتى

(火索麻 huo suo ma)

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[پارسچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Radix Helicteris Isorae

[ئىنگلىزچە نامى] Tortedfruit Screwtree Root

[تونۇش]

بۇ چىنار ئائىلىسىدىكى چاتقال تولغىماچ مېۋىلىك ئۆسۈملۈك تاغ كۈنجۈتىنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، «تاغ كۈنجۈتى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسى سىلىندىر شەكىللىك بۇرمىسىمان تولغىماچ بولۇپ، پىشقاندا قارا رەڭلىك ئۈچى ئۇچلۇق، تەمى ئاچچىق بولىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]
پەي ۋە مۇسكۇللارنى قۇۋۋەتلەش، ئىچى سۇرۇشنى توختىتىش، ئارتۇق مۆللۈكنى قۇرۇتۇش، سپازما بوشىتىش، پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
تولغاق، ئۈچەي توسۇلۇش، پالەچ، لەقۋا، رەئشە قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. تولغىماچ مېۋىلىك تاغ كۈنجۈتى يەتتە گرام، دارچىن، قاقىلە، قەلەمپۇردىن 10 گرامدىن؛ سوقۇپ سۈپۈپ قىلىپ، كۆچۈلا مېيى بىلەن مەلھەم تەييارلاپ يەرلىك ئورۇننى ياغلاپ بەرسە، پالەچ، لەقۋاغا مەنپەئەت قىلىدۇ.
2. تاغ كۈنجۈتىنى قورۇپ سۈپۈپ قىلىپ ئىستېمال قىلىپ بەرسە، تولغاققا مەنپەئەت قىلىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 5~7 گرام.
[زىيانلىق تەسىرى] باھقا زىيان قىلىدۇ.
[ئورۇنباسارى] سەبرى.
[چىقىش ئورنى] يۇنەن، گۇاڭشى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىرىدىن ھەمدە ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىملىرىدىن چىقىدۇ.

## كۇندۇش

[ئەرەبچە نامى]
[پارسچە نامى]
[ئوردۇچە نامى]
[لاتىنچە نامى]
[ئىنگلىزچە نامى]
[تونۇش]
بۇ بوتا كۆز ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ھىندىستان گاۋزىبانىنىڭ يىلتىزى بولۇپ، سىرتى قارىغا مايىل، ئىچى سېرىققا مايىل، پۇرىقى ئۆتكۈر، بۇ ئۆسۈملۈك 6 ـ ئايلاردا پىشىدۇ، قۇۋۋىتى 20 يىلغىچە تۇرىدۇ، دورىغا ئىشلىتىلىدىغىنى ئۆششاق يىلتىزى بولۇپ، ياخشىسى يېڭى، پۇرىقى ئۆتكۈر كەلگىنىدۇر. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مۇشۇ يىلتىزى «بىخ گاۋزىبان»،

www.uyghurkitap.com

«كۆندۈش» ياكى «كىندىش» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي ۋە مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، چۇشكۇرتۇش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىنى سۈرۈش، توسالغۇلارنى ئېچىش، كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرۇش، يەل تارقىتىش، ئەزالار سېزىمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

پالەچ، لەقۋا، تۇتقاقلىق كېسەل، شوك، ئاۋاز پۇتۇش، بۇرۇن سېسىق پۇراش، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقى، نامازشام قارىغۇسى، ھەر خىل قۇرت كېسىلى، قولاق ئېغىرلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۆندۈشنى بىنەپشە يېغى ئەرىقى بەدىيان بىلەن قايىنىتىپ سۈيىنى قولاققا تېمىتسا، قولاقنىڭ كىرلىرىنى تازىلاپ، قولاق ئېغىرلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. كۆندۈش 0.4 گرام، قۇندۇز قەھرى 5 گرام، فەرپىيون 2 گرام، ئاقىرقەرھا 5 گرام، قۇستە شىرىن 5 گرام؛ سوقۇپ، 100 مىللىلىتىر زەيتۇن يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ ياغلىسا، پالەچ، لەقۋاغا شىپا بولىدۇ.

3. كۆندۈش بىلەن بىنەپشە يېغىنى بىرلەشتۈرۈپ بۇرۇنغا تېمىتسا، بۇرۇندىكى سېسىق پۇراقنى يوقىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] قۇستۇرۇش ئۈچۈن 0.3 ~ 0.5 گرام بېرىلىدۇ، تال كېسىلى، يەرقان كېسىلى، شۇنىڭدەك باشقا كېسەلى بار كىشىلەر ئۈچۈن يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن 0.2 ~ 0.4 گرام بېرىلىدۇ، بۇنى ئىمكانقەدەر ئىچىدىن ئىستېمال قىلماسلىق كېرەك (ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە ھەم ياز كۈنلىرى ئىشلىتىش خەتەرلىك).

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ، كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرۇپ، پەرىشان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، يېڭى سېغىلغان سۈت.

[ئورۇنباسارى] ئاچچىق قۇستە.

[چىقىش ئورنى] چەت ئەلدىن كېلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەلھىمى كۆندۈش.

# ياۋا توشقان گۆشى
(野兔肉 ye tu rou)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Lepus mandschuricus Radde

[ئىنگلىزچە نامى] meat of Hare

[تونۇش]

بۇ توشقان ئائىلىسىدىكى مەشھۇر ھايۋان ئۈي توشقىنىدىن ئىبارەت. چوڭلۇقى مۈشۈك-تەك بولۇپ، تۆكلىرى ناھايىتى يۇمشاق، قۇلىقى، كەينى پۇتى ئۇزۇن، ئالدى پۇتى قىسقا بولۇپ، رەڭگى ئاق، قارا، تۆپارەڭ كېلىدۇ. ئادەتتە گۆشى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي ۋە مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، ئومۇمىي بەدەن ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، قان ئايلىنىشنى ياخشىلاش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

تۆتقاقلىق كېسەل، پالەچ، لەقۋا، يۈرەك قوزغىلىش، ئەزالار تىترەش، سوغۇقتىن بولغان پەي كېسەللىكلىرى، سۈيدۈك تۇتالماسلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. توشقان گۆشىنى، دارچىن، قارىمۇچ، سۆئتەر، قىچا، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى قاتارلىقلار بىلەن قوشۇپ كاۋاپ قىلىپ يېسە، پالەچ، لەقۋا، ئەزالارنىڭ بوشىشى ۋە تىترىشى ئۇچۇن پايدا قىلىدۇ، سۈيدۈك تۇتالماسلىققا شىپا بولىدۇ.

2. توشقان گۆشى، كەكلىك گۆشى، قىرغاۋۇل گۆشى، پاخلان گۆشى قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، مائۇل لەھمى تەييارلاپ يېسە، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئاچچىق سۇ، قېتىق، كاسنە، سىركە.

[تۆزەتكۈچىسى] ئاچچىق سۇ، قېتىق، كاسىنە، سىركە.

[قوشۇمچە] (1) توشقان گۆشى يېيىش توغرا كەلسە، كۈز ۋاقتىدىكى توشقاننىڭ گۆشى ئەڭ ياخشى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە، تالنى كۈچلەندۈرىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ، مۇۋاپىق ئۇسۇلدا پىشۇرۇپ يېسە، قاننىڭ قىزىقلىقىنى پەسەيتىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان زەھەرلەرنى قايتۇرۇپ، تەرەتنى يۇمشىتىدۇ. ئەمما دائىم يېسە، چوڭ تەرەتنى تۇتالماس قىلىپ قويىدۇ.

(2) توشقان يۇڭى: كۆيدۈرۈپ كۈلىنى كۆيگەن جاراھەتلەرگە سەپسە ساقىيىدۇ، توشقان يۇڭىنى كۆيدۈرۈپ كۈلى ئىچكۈزۈلسە، ئاياللارنىڭ سۈيدۈكىنى راۋان قىلىدۇ.

(3) توشقان تېرىسى: توشقاننىڭ تېرىسىنى كۆيدۈرۈپ، كۈلى ھاراق بىلەن ئىچكۈزۈلسە، قىيىن تۇغۇتنى ئاسان قىلىدۇ ۋە بالىنىڭ ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ، يەككە ھالەتتە كۈلى ئىچكۈزۈلسە، ئاياللارنىڭ ھەيز كېسىلىنى، ئاق خۇن كېسىلىنى داۋالايدۇ.

(4) توشقان قېنى: ھامىلدارلىقتىكى زەھەرلىنىشنى داۋالايدۇ، تۇغۇتنى تېزلەشتۈرىدۇ ھەم ئاسانلاشتۇرىدۇ.

(5) توشقان جىگىرى: كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، باش قېيىش، كۆز خىرەلىشىشنى داۋالايدۇ، جىگەرنىڭ ئىسسىقلىقىنى ئالىدۇ.

(6) توشقان تېزىكى: كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، ئۈچەيدىكى قۇرتلارنى چۈشۈرىدۇ، بوۋاسىرنى داۋالايدۇ. بوۋاسىرنى داۋالاشتا توشقان تېزىكىنى ئاستا - ئاستا ئوتتا قىزىتىپ سېرىق ھالغا كەلتۈرۈپ، ھەر قېتىمدا ئۇنىڭدىن تۆت گرامغا بىر گرام مەستىكى قوشۇپ ناشتىدا قىزىتىلغان ھاراق بىلەن ئۈچ كۈن ئىچىپ بەرسە ساقايتىدۇ (دورىغا ئىشلىتىلىدىغان توشقان تېزىكىنى يىغىپ قۇرۇتۇش قائىدىسى: 9 -، 11 - ئايلار ئارىلىقىدا چۆپلەر ئورۇلغاندىن كېيىن ئاشكارا بولۇپ چىقىدۇ، مۇشۇ چاغدا ئۇنى يىغىپ ئوت - چۆپ، قۇم - توپىلارنى تازىلاپ، قۇرۇتۇپ، ئاندىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ).

(7) توشقان سۆڭىكى: كۆكرەكتىكى ھارارەتنى ئېلىپ ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ، ئادەتتە قاينىتىپ سۈيى ئىچىلىدۇ، ئۇنىڭ سۈيىنى ئىچسە، ۋابا ۋاقتىدىكى ئىچى سۈرۈش ۋە قۇسۇشنى توختىتىدۇ، توشقان سۆڭىكى بىلەن شال ئۇندۇرمىسىنى قوشۇپ قاينىتىپ ئىچكۈزۈلسە، سۈيدۈك تۇتالماسلىققا پايدا قىلىدۇ.

(8) توشقان مېڭىسى: (ئوۋ قىلىپ تۇتۇۋېلىنغان چاغدىكى تىرىك توشقان ئىشلىتىلىدۇ) بۇ ئاساسەن ئۇششۇك يارىلىرىنى داۋالايدۇ، قۇلاققا تېمىتىلسا، قۇلاق گاسلىقىنى داۋالايدۇ، ئىچىدىن ئىچسە، تۇغۇتنى تېزلەشتۈرىدۇ.

# تاشچېچەكى
(石花 shi hua)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئۇردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Parmelia saxatilis

[ئىنگلىزچە نامى] Rockliving Parmelia

[تونۇش]

بۇ بىر خىل قورام تاشلارنىڭ ئۈستىگە يېپىشىپ ئۆسىدىغان، يالغان يىلتىزلىق، شەكلى پلاستىنكىغا ئوخشاش، ئۈستى ئېگىز - پەس، قالايمىقان پۈرمە قۇرۇقلىرى بار لىشاينىك، يەنى ئادەتتە «قۇش ئىزى» دەپمۇ ئاتىلىدىغان يەر ئۈستى يېپىنچا ئۆسۈملۈكى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «تاشچېچەكى» ياكى «تاش گۈلى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (41 . 8 - رەسىم) .

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاساسلىق تەركىبى: سىلازنىك كىسلاتاسىدىن ئىبارەت، يەنە كۆپ خىل ئاترانورىن (Atra—norin) ۋە خارماتىك كىسلاتاسىمۇ بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] تەمى ئاچچىق، زەھەرلىك بولۇپ، توقۇلمىلارنى قۇرۇ-تۇش تەسىرىگە ئىگە.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي ۋە سۆڭەكلەرنى چىڭىتىش، قاننى جانلاندۇرۇش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، مەنىي-نى كۆپەيتىش، بەدەن ئاجىزلىقىنى تۈگىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

رېماتىزم خاراكتېرلىك بەل - پۇت ئاغرىش، ئەرلىك جىنسىي ئاجىزلىق، كۆرۈش كۈچى ئاجىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تاشچېچەكى 15 گرامنى سوقۇپ تالقانلاپ، 120 گرام زەيتۇن يېغى بىلەن ئارىلاشتۇ-رۇپ، ياغلىسا، پەي ۋە مۇسكۇللارنى چىڭىتىدۇ.

2. تاشچېچەكى 10 گرام، يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى 5 گرام، سۆئەلەپ مىسرى 10 گرام،

سوقۇپ سۈپۈپ قىلىپ ئىچسە، جىنسىي ئاجىزلىقتا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. تاشچېچەكى 15 گرام، سۆرۈنجان 10 گرام، سانا يەتتە گرام (ئايرىم چىلاپ داتلىقى ئېلىنىدۇ)، قايناتىپ ئىچسە، بەل ـ پۇت ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 12 ~ 20 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] توسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بادام يېغى.

[چىقىش ئورنى] ئەم قۇرام تاشلار ئۈستىدە ئۆسىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاغلىق يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

## يىلپىز سۆڭىكى

(豹骨 bao gu)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى]

[ئىنگلىزچە نامى] os leopardi

[تونۇش]

بۇ مۇشۇك ئائىلىسىدىكى مەشھۇر يىرتقۇچ هايۋان يىلپىز بولۇپ، بۇ هايۋاننىڭ پۈتۈن سۆڭىكى «يىلپىز سۆڭىكى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (9.41 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

سوغۇق يەلنى تارقىتىش، پەي، مۇسكۇللارنى كۈچلەندۈرۈش، باهنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

پالەچ، لەقۋا، بوغۇم ئاغرىقى ۋە رېماتىزملىق سوزۇلما بوغۇم ياللۇغى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. يىلپىز سۆڭىكى، لىپەكگۈل ۋە كۆلى بىھىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 35



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گرامدىن ئېلىپ، 500 گرام ئاق هاراقتا بەش كۈن چىلاپ، كۈنىگە ئىككى قېتىم، هەر قېتىمدا 12 گرامدىن ئىچىپ بەرسە، رېماتىزملىق بوغۇم ياللۇغىغا شىپا بولىدۇ.

2. يىلپىز سۆڭىكى، قۇستە شېرىنىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، 20 گرام هەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ بەرسە، پالەچ، لەقۋا، بوغۇم ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 6~12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] هامىلىدار ئاياللار ئىچىشكە بولمايدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] خۇنسىياۋشان، گۈلنار.

[ئورۇنباسارى] يولۋاس سۆڭىكى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] رەيھان شەربىتى.

## ئۈزۈنچاق زىراۋەندە

(广防己 guang fang ji)

[ئەرەبچە نامى] زراوند طويل

[پارسچە نامى] زراوند دراز

[ئوردۇچە نامى] زراوند طويل

[لاتىنچە نامى] Radix Aristolochiae Fangchi

[ئىنگلىزچە نامى Kwangtang Fangchi, Southem Fangchi

[تونۇش]

بۇ، زىراۋەندە ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق چىرمىشىپ ئۆسىدىغان ياكى يەر بېغىرلاپ ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك زىراۋەندە بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «زىراۋەندە تەۋىل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يىلتىزى تومراق، ئەگرى ـ بۈگرى بولىدۇ، 5~15 سانتىمېتىرغىچە ئۈزۈنلۈقتا، سىرتقى يۈزى سارغۇچ قوڭۇر رەڭلىك، ئۈزى چۈرۈك ئاسان سۇنىدۇ، خۇش پۇراقلىق، تەمى ئاۋۋال ئاچچىق، كېيىن تىلنى قورۇيدۇ، گۆشلۈك، تاتلىق، پۇرىقى ئۆتكۈر بولغانلىرى ياخشىدۇر.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۈزۈنچاق زىراۋەندە تەركىبىدە ئۇچۇچان ماي بولۇپ، ئۇنىڭ جەۋھىرى ئاساسلىقى ئارىستولىن (Aritoline) دىن ئىبارەت. يەنە زىراۋەندە كىسلاتاسى،

ئاتسىدوم ئارىستولوخكوم (Aristolochic acid)، ئاللانتوئىن (Allantoin)، ئاتسىدوم دېبىلىكوم (Debilic acid) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىش تەسىرى: ئۆزۈنچاق زىراۋەندىنىڭ ئادەتتىكى ياسالمىسىنى ھەر خىل ھايۋانلارغا ئىشلەتكەندە، مەيلى ۋېناغا ئوكۇل قىلىنسۇن ياكى ئېچىلسۇن، مەلۇم دەرىجىدە قان بېسىمنى چۈشۈرۈش تەسىرىنى بېرىدۇ. ئادەتتە قايناتمىسىنىڭ تەسىرى كۈچلۈكرەك كېلىدۇ.

2. ئاشقازان، ئۈچەي يوللىرىغا بولغان تەسىرى: خەلق ئارىسىدا ئۆزۈنچاق زىراۋەندە بىلەن قورساق ئاغرىقىنى داۋالايدۇ. كلىنىكىدا بۇنىڭ ئادەتتىكى ياسالمىسىنى ئىشلەتكەندە كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش ۋە باش قېيىش قاتارلىق ئەكس تەسىرى كۆرۈلىدۇ. زىراۋەندىنىڭ قۇستۇرۇش تەسىرى، ئاساسلىقى بۇنىڭ تەركىبىدە ئېتىردە ئېرىيدىغان، كىسلاتالىق تەركىبلەرنىڭ بولغانلىقىدىن بولىدۇ، ساپ يىغىمۇ قۇستۇرىدۇ، لېكىن بۇ خىل تەسىرى ئاجىزراق بولىدۇ، بۇ ئىككى خىل تەركىب قان بېسىمنى تۆۋەنلەتمەيدۇ. ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يامان تەسىرى يوقىلىدۇ.

3. باشقا تەسىرى: زىراۋەندىنىڭ ئادەتتىكى ياسالمىسى كىچىك چاشقانغا نىسبەتەن تىنچلاندۇرۇش رولىغا ئىگە، كۆپ مىقداردا ئىشلەتكەندە بەدەن سىرتىدا تولغاق تاياقچە باكتېرىيىسىنى تورمۇزلاش رولىغا ئىگە.

زەھەرلىك تەسىرى: زىراۋەندە يىلتىزىنىڭ ئادەتتىكى ياسالمىسىنىڭ زەھەرلىك تەسىرى زىراۋەندە ئۇسۇملۇككە قارىغاندا تۆۋەنرەك، 100 پىرسەنتلىك، قايناتمىسى توشقان كۆك تومۇرىغا ھەر بىر كىلوگرام بەدەن ئېغىرلىقىغا بىر گرامدىن ئوكۇل قىلىنسا، پۈتۈن بەدىنى تارتىشىش، كۆز قارىچۇقى ئاۋۋال چوڭىيىش، كېيىن كىچىكلەش، مۇسكۇللىرى بوشىشىش، نەپەسلىنىش تورمۇزلىنىش ئەڭ ئاخىرىدا يۈرەك سېلىشى توختاش قاتارلىق ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ. چەككىلەپ ياسالغان ئېكستراكتىنىڭ زەھەرلىك تەسىرى چەككىلەنمەي ياسالغان ئېكستراكتقا قارىغاندا بەش ھەسسە ئاز، ئالدىنقىسىنىڭ خىرورنىڭ زەھەرلىك تەسىرىمۇ ناھايىتى ئاز.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي ۋە مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ماددىلارنى تارقىتىش، بەلغەم بوشىتىش، ئۈچەي مەددە قۇرتنى ئۆلتۈرۈش، تېرىگە جۇلا بېرىش،

توسالغۇلارنى ئېچىش، بۇزۇق ماددىلارنى تازىلاش، ھامىلىنى چۈشۈرۈش، بالىياتقۇنى تازىلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

پالەچ، لەقۋا، رەئشە، چوڭ بوغۇملار ئاغرىقىزىققە، تۇغۇتتىن كېيىنكى قان كېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بوزىيدان يەتتە گرام، بوزۇغا بەش گرام، جوز، ئېگىر 10 گرامدىن؛ ئۈزۈنچاق زىراۋەندە بەش گرام؛ سىركىدە سۈرۈپ بوغۇملارغا چاپسا، بوغۇم ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.

2. ئىزخىر 10 گرام، بىخ بەدىيان 15 گرام، ھەببى بىلسان يەتتە گرام، ئۈزۈنچاق زىراۋەندە بەش گرام، ئەرمۇدۇن دەرىخى ئۇرۇقى 10 گرام، ھەسەلدىن 500 گرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، پالەچ، لەقۋا، رەئشەلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. سانا، خىيارشەنبەردىن 10 گرامدىن، ئۈزۈنچاق زىراۋەندە، ئۈبھەل، ئەرمۇدۇن دەرىخى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5~3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] جىگەر ۋە تالغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، سىركەنجىۋىل.

[ئورۇنباسارى] يۇمىلاق زىراۋەندە، شاترەنجى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ شىمالىي ۋە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونلىرىدىن ھەم ئىران، ئىراق قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇپۇپى مەۋسەل، ماددەتۇلھايات.

## بۆرە سويمىسى يىلتىزى پوستى

(刺山柑根皮 ci shan gan gen pi)

[ئەرەبچە نامى] قشر اصل الكبر

[پارسچە نامى] پوست بيخ كبر

[ئوردۇچە نامى] بيخ كبر كى پوست

www.uyghurkitap.com

[لاتىنچە نامى] Capparis Spinosae Radix

[ئىنگلىزچە نامى] Comman Caper Fruit Root

[تونۇش]

بۇ كەپە ئائىلىسىدىكى پىلەكلىك چاتقال، بۆرە سويمىسى ئۆسۈملۈكىنىڭ يىلتىز پوستى بولۇپ، ئۇ «پوستى بىخ كەبىر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يىلتىزى چوڭ، توم، پوستى قېلىن، سارغۇچ رەڭلىك كېلىدۇ. بۇ يىلتىز قۇرۇغاندىن كېيىن ئىچىدىكى ياغىچىدىن ئاجرىلىپ كېتىدۇ. تەمى ئاچچىق كېلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە فېرولىك كىسلاتاسى (ferulic Acid) ۋە مىرونىك كىسلاتا (Myronic acid) تۇتىدۇ ھەمدە ماي بار.

يىلتىز پوستىنىڭ تەركىبىدە رۇتىن (Rutin)، بىر خىل سامساق تەملىك ئۇچۇچان ماددا، يوپۇرمىقى ۋە گۈلىنىڭ تەركىبىدە رۇتىن، كاربونىك گلۇكونات ھەم مېۋە يېلىم كىسلاتاسى، سامساقنىڭ پۇرىقى بولغان بىر خىل ماددا. يەنە بىر خىل ئۇچۇچان خاراكتېرگە ئىگە قوزغاتقۇچى ماددىلار بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىششىق ۋە غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىنى ۋە ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەش، يەللەرنى تارقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈك ھەيدەش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلىتىنى سۈرۈپ چىقىرىش، ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

پالەچ، لەقۋا، پەي بوشىشىپ كېتىش، ئۇششاق بوغۇملار ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، مېڭە كېسەللىكلىرى، سۇلۇق ئىششىق، بەھەق، تەمرەتكە، چىش ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بۆرە سويمىسى يىلتىز پوستىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى قايناق سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ، سېرىقئەتىنىڭ يىرىلغان يېرىگە تاڭسا پايدا قىلىدۇ.

2. بۆرە سويمىسى يىلتىزى پوستىنى چاينىسا، مېڭىدىكى ئارتۇق ھۆللۈكنى يوقىتىدۇ.

3. بۆرە سويمىسى يىلتىزى پوستىنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سىركىدە قاينىتىپ ئېغىزنى

چايقسا، چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، مېڭە توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا، دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] خولىنجان، ھەسەل، سىركەنجىۋىل، رۇم بەدىيان، ئۇستقۇددۇس.

[ئورۇنباسارى] بىر ئەزاسى يەنە بىر ئەزاسىغا بەدەل بولالايدۇ.

[قوشۇمچە] بۆرە سويمىسىنىڭ گۈلى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ماددىلارنى يۇمشىتىش بولۇپ، ئىچىلىشتىن بۇرۇن گۈلىنى ئېزىپ كۆزگە چاپسا، كۆز جاراھەتلىرىگە پايدا قىلىدۇ، بۆرە سويمىسىنىڭ پىشقان مېۋىسىنى ئۇرۇقىنى چاينىماستىن يېسە، ئىچنى يۇمشىتىپ، تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن ھەم ئىران، ھىندىستان قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] غارغار سۈيى.

## بۇزۇن

(接骨木 jie gu mu)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Herba Sambuci williamsii

[ئىنگلىزچە نامى] Williams Elder Herb

[تونۇش]

بۇ ئۆچقات ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ئۆسۈملۈك بۇزۇن بولۇپ، ئۇنىڭ يۇمران شاخلىرى بىلەن يىلتىز پوستى «بۇزۇن» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (12.41 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] betulic acid ، betulin ، دەرەخ پىراقلىق ماددىسى (a−amyrin) ، (n−nonacosane) ، (ceryl alcohol) ، 白华脂酸(butalic acid) .

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرى، سۆڭەكلەرنىڭ تۇتىشىشىنى

www.uyghurkitap.com

تېزلىتىش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەينى چىڭىتىش، قاننى جانلاندۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەر خىل زەخىملىنىش، رېماتىزملىق بوغۇم ياللۇغى، سۇنۇق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. جوز 10 گرام، قارىمۇچ 15 گرام، بۇزۇن 15 گرام، بەسباسە 10 گرام، جىنتىيانا 10 گرام، قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچسە، پەينى چىڭىتىدۇ.

2. چوڭ يوپۇرماقلىق جىنتىيانا، بۇزۇن قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، گۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، رېماتىزملىق بوغۇم ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 18 ~ 35 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقجان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قارىئۆرۈك، يۇمغاقسۈت.

[ئورۇنباسارى] جىنتىيانا.

[چىقىش ئورنى] ئالتاينىڭ تاغلىق رايونلىرىدىن چىقىدۇ.

## بۇغىتاپان

(鹿蹄草 lu ti cao)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Herba pyrolae callianthae

[ئىنگلىزچە نامى] Chinese Pyrola Herb

[تونۇش]

بۇ بۇغىتاپان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۇسۇملۇك يۇمىلاق يوپۇرماقلىق بۇغىتاپاننىڭ پۈتۈن چۆپى بولۇپ، «بۇغىتاپان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (41.13 ـ رەسىم).

[تەبئەتى] بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي ۋە سۆڭەكلەرنى چىڭىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، قان توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

پالەچ، لەقۋا، سوزۇلما خاراكتېرلىك رېماتىزملىق بوغۇم ياللۇغى، ئۆپكە سىلىدىكى قان تۈكۈرۈش، سوزۇلما خاراكتېرلىك ئىچى سۈرۈش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئىزخىر 10 گرام، بەدىيان يىلتىز پوستى 15 گرام، ئەرمۇدۇن دەرىخى ئۇرۇقى 10 گرام، بەدىيان 10 گرام، ھەببى بىلسان يەتتە گرام، بۇغىتاپان 10 گرام، ھەسەل 500 گرام، مەجۇن تەييارلاپ، بىر كۈندە ئۈچ ۋاخ 10 گرامدىن ئىچىپ بەرسە، پالەچ، لەقۋاغا شىپا بولىدۇ.

2. ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، ئىشاستە 10 گرامدىن، بۇغىتاپان 10 گرام، شېكەر 100 گرام ئېلىپ قائىدە بويىچە لوئوق تەييارلاپ ئىچسە، ئۆپكە سىلىدىكى قان تۈكۈرۈشكە شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 6 ~ 12 گرام.

[ئورۇنباسارى] جەدۋار.

[چىقىش ئورنى] تاغ ۋە ئورمانلارنىڭ نەم ۋە سايە جايلىرىدا ئۆسىدۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى بۇغىتاپان.

## ھەببۇلغار

(月桂樱子 yue gui ying zi)

[ئەرەبچە نامى] حب الغار

[پارسچە نامى] وهمشت

[ئوردۇچە نامى] درخت غار کی بیج

[لاتىنچە نامى] Semen prunus Laurocerasus

[ئىنگلىزچە نامى] Cherry Laurel

[تونۇش]

بۇ كامفۇرا ئائىلىسىدىكى ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرىدىغان ئۆسۈملۈك غار دەرىخى (prunus Laurocerasus) بولۇپ، مېۋىسىنىڭ چوڭلۇقى پىندۇق چوڭلۇقىدا، يۇمىلاق، توق بادام رەڭلىك، مېۋىسىنىڭ پوستى نازۇك، مېغىزى ئىككى پارچە بولۇپ، رەڭگى سېرىق ياغلاش، خۇشبۇي كېلىدۇ. بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى «ھەببۇلغار» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] يوپۇرمىقى تەركىبىدە بىر خىل ئۇچۇۇچان ماي بار، مېۋىسىمۇ ئۇچۇۇچان، جەۋھەر بار. ئۇندىن باشقا ياغلىق ماي، ئاقسىل، پىنتىزانلارمۇ بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي - مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، ئومۇمىي بەدەننى قىزىۋەتلەش، قەي قىلدۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، يەل تارقىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

پالەچ، لەقۋا، تىترىمە كېسەل، چوڭ - كىچىك بوغۇم ئاغرىقى، ئۇلتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، يۆتەل ۋە زىققە قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ھەببۇلغارنىڭ بىر گرام ئۇرۇقىنىڭ سۇپۇپىنى ھەسەلگە قوشۇپ داۋاملىق ئىچىپ بەرسە، پالەچ، لەقۋا، رەئشە، مۇپاسىل، نىقرەس قاتارلىق كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ.

2. ھەببۇلغار دەرىخىنىڭ قوۋزىقىنى قاينىتىپ ئىچسە، بۆرەكتىكى تاشنى ئېرىتىپ چىقىرىپ، بۆرەك ئاغرىقىنى توختىتىدۇ.

3. ھەببۇلغار ئۇرۇقىنى شارابتا ئېرىتىپ بۇرۇنغا تېمىتسا، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىشقا پايدا قىلىدۇ.

4. ھەببۇلغار يېغى بىلەن يەرلىك ئورۇننى ياغلىسا، پەي ئاغرىقلىرى، بوغۇم ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ.

5. ھەببۇلغار ئۇرۇقىنى ئېزىپ، هاراققا قوشۇپ بەدەندىكى ئاق داغ، سەپكۈنلەرگە چاپسا، داغ ۋە سەپكۈنلەرنى تۈگىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 2 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆرۈقى ۋە يېغى ئاشقازاننى بوشاشتۇرىدۇ، كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرۇپ، قوستۇرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، تەمرى ھىندى.

[ئورۇنباسارى] ئاچچىق بادام، سازەج.

[چىقىش ئورنى] ئىلگىرى جەنۇبىي ياۋروپا ۋە غەربىي ئاسىيادىن چىقاتتى، ھازىر ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى شەھەرلەردە ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] تەرياقى ئەربەئە.

## شۇمبۇيا

(列当 lie dang)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Herba Orobanches Coerulescentis

[ئىنگلىزچە نامى] Skyblue Broomrape Herb

[تونۇش]

بۇ شۇمبۇيا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كۆك شۇمبۇيا بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «شۇمبۇيا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ غولى سارغۇچ قوڭۇر، گۈلى كالپۇكسىمان، رەڭگى سۇس سۆسۈن رەڭدە بولىدۇ (41. 15 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] شۇمبۇيا ئىشقارى ۋە گلۇكوزىدىن تەركىب تاپقان.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] يۈرەكنى كۈچەيتىش، ئۈچەي ھەرىكىتىنى ياخشىلاش رولى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي ۋە مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، بەدەننى قىزىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

بەل ئاغرىقى، ماغدۇرسىزلىق، جىنسىي ئاجىزلىق، بەدەن ئاجىزلىقى، بالىلاردىكى ھەزىم قىلىش ناچارلىشىش، ئىچى سۇرۇش، نەرۋا پائالىيىتى بۇزۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. شۇمبۇيا، سېرىقئوت ۋە كۆدە ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن ھەر بىرىدىن 20 گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، بەل سىرقىراپ ئاغرىش، ماغدۇرسىزلىنىق، جىنسىي ئاجىزلىق قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

2. شۇمبۇيا ۋە كەندىرنىڭ ھەر بىرىدىن 12 گرامدىن ئېلىپ، قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، بەدەن ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدۇ.

3. بەدىيان 5 گرام، پىننە 5 گرام، قاقىلە 5 گرام، شۇمبۇيا 4 گرامدىن ئېلىپ چايلىق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، كىچىك بالىلاردىكى ھەزىم ناچارلىقىغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ～ 12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] يۇمغاقسۇت، سېمىزئوت.

[ئورۇنباسارى] دارچىن.

[چىقىش ئورنى] بۇ ئۆسۈملۈك قوغۇن ۋە ئەمەننىڭ تۈۋىدە تەييارتاپلىق بىلەن ئۆسىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبۇبى ئەكبەر.

## ئاق پارپا
(附子 fu zi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Radix Aconitium Lateralis Preparata

[ئىنگلىزچە نامى] Prepared dughter root Common monkshood

[تونۇش]

بۇ ئېيىقتاپانلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بىيىشنىنىڭ يېنىدا ئۆسىدىغان بالا يىلتىزدىن ئىبارەت، ئەسلى ئۆسۈملۈكى جەدۋار (Aconitum Carmichaeli Debx) دىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ خىل تۈرى بار (41 .16 ـ رەسىم).

① تۇزلۇق جەدۋار: سىرتقى يۈزى كۈل رەڭلىك بولۇپ، تىلنى قورۇيدۇ، پۇراقسىز.

② قارا جەدۋار: سىرتقى يۈزى قارامتۇل، مايلىق، پارقىراق، تەمى سۇس، پۇراقسىز.

③ ئاق جەدۋار: ھەممە يېرى ئاقۇش، تەمسىز كېلىدۇ، پۇرىقى سۇس. بۇ ئۈچ سورتلۇقنىڭ يىلتىزى «جەدۋارچىنى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي ۋە مۇسكۇلنى چىڭىتىش، «تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلەش، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىھانى ئېچىش، جىنسىي قابىلىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىششىق قايتۇرۇش، ھۆللۈكنى يوقىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باھ ئاجىزلىقى، پۇت - قول ئىششىقى، ئورۇقلاپ كېتىش، ئىشتىھاسىزلىق، مېڭە، يۈرەك، جىگەر قاتارلىق ئەزالارنىڭ ئاجىزلىقى، ئومۇمىي بەدەن بوشىشىپ كېتىش (ئومۇمىي بەدەن ئىستىرخاسى)، كىچىك بالىلارنىڭ تارتىشىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. جەدۋارچىنى (تالقىنى) 3 گرام، داۋائى مىشكى 10 گرام قوشۇپ، ئىستېمال قىلغاندا يۈرەككە قان يېتىشمەسلىككە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. زەيتۇن يېغى 5 گرام، جەدۋارچىنى 10 گرام، مەلھەم تەييارلاپ سىرتتىن ياغلاپ بەرسە، پالەچ، لەقۋاغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. جەدۋارچىنى (تالقىنى) بەش گرام، سۆئىلەپ، شاقاقۇل، ئاقىرقەرھا يەتتە گرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، جەدۋارچىنى تالقىنىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، باھ ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] قايناتمىسى 3 ~ 10 مىللىلىتىر.

[زىيانلىق تەسىرى] ئازراق زەھەرلىك.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت، ئارپا سۈيى.

[ئورۇنباسارى] زورۇمبات.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ سىچۈەن، سەنشى قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى جەدۋار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قاقىرا تۆمشۇق
(老鹳草 lao guan cao)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Herba Erodii Stephaniani

[ئىنگلىزچە نامى] Common Heron's Bill Herb

[تونۇش]

بۇ قاقىرا تۆمشۇقلار ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 50~30 سانتىمېتىر ئۆسىدىغان ھەم تۈۋىدىن شاخلايدىغان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئوتلاق قاقىرا تۆمشۇق ئۆسۈملۈكى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «قاقىرا تۆمشۇق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (17.41 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] تاننىن (Tannic) ماددىسى، ئورگانىك كىسلاتا ۋە ئۇچۇچان مايدىن تەركىب تاپقان.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] باكتېرىيىگە، ۋىرۇسقا قارشى تۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، يۆتەل توختىتىش، راك ھۈجەيرىلىرىنى ئۆلتۈرۈش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي ـ مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، يەل تارقىتىش، ھارارەت پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ھەيز راۋانلاشتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

رېماتىزملىق بوغۇم ياللۇغى، تولغاق، ئۈچەي ياللۇغى، ھەيز قالايمىقانلىشىش، تۇغماسلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بەديان، سۆرۈنجان مىسرى، سانائى مەككى، قاقىرا تۆمشۇقى قاتارلىق دورىلاردىن 10 گرامدىن ئېلىپ تازىلاپ، تالقان تەييارلاپ ئىچسە، رېماتىزملىق بوغۇم ياللۇغىغا شىپا

بولىدۇ.

2. خىيار شەربەردىن 10 گرام، قاقىرا تۇمشۇقىدىن يەتتە گرام ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى قايناق سۇغا د ⸱ بلەپ ئىچسە، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

3. قاقىرا تۇمشۇقى بەش گرام، ئىسپىغۇل 10 گرام، بېھى داندىن 10 گرام ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى قايناق سۇغا دەملەپ ئىچسە، تولغاققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 8 ~ 12 گرام.

[چىقىش ئورنى] نەم تاغ باغرى، دەريا ۋادىلىرى ۋە ئوتلاقلاردا ئۆسىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.

## زۇپتى رۇمى

(松油 song you)

[ئەرەبچە نامى] زفت رطب

[پارسچە نامى] قطران

[ئوردۇچە نامى] زفت رطب

[لاتىنچە نامى] Oleum Pini

[ئىنگلىزچە نامى] Pine oil

[تونۇش]

بۇ بىر تۈرلۈك يېلىمغا ئوخشاش نەرسە بولۇپ، بۇ ئۈچ خىل بولىدۇ، 1. «زۇپتى يابىز»، 2. «زۇپتى بەھرى»، 3. «زۇپتى جەبەلى». مۇتلەق زۇپتى دەپ ئاتالسا زۇپتى بەھرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، زۇپتى بەھرى قەتىرانغا ئوخشايدۇ، رەڭگى قارا، نېفىتكە ئوخشاش زېمىندىن سىزىپ چىقىدۇ، بۇنىڭ سۇيۇقلۇقىنى «قىرات» دەپ ئاتايدۇ، بۇنى كېمىنىڭ يېرىقلىرىغا سۇ كىرىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن سۇۋۇلىدۇ ھەم مەلھەم دورىلارغىمۇ قوشۇلىدۇ، بۇلارنىڭ ياخشىراقى يۇمشاق بولغىنىدۇر.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي ـ مۇسكۇللارنى قۇۋۋەتلەش، يەل ۋە ئىششىقلارنى تارقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، چوڭ بوغۇملارنى قۇۋۋەتلەش ۋە سوغۇق يەلنى تارقىتىش، تىز ئاغرىقىنى قالدۇرۇش، گۆش

www.uyghurkitap.com

ئۇندۇرۇش، جاراھەتنى ئېغىز ئالدۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

پالەچ، يانپاش ئاغرىقى، چوڭ ۋە كىچىك بوغۇملار ئاغرىقى، ماخاۋ، ھەر خىل زەخىملىنىش ۋە سۇنۇق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كەترا چىنى 10 گرام، زەمچە 4 گرام، زۇپتى رۇمى 4 گرام، بۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ سوقۇپ تالقانلاپ، يەرلىك ئورۇنغا سېپىپ بەرسە، جاراھەت پۈتتۈرۈپ، گۆش ئۇندۇردۇ.

2. زۇپتى رۇمىنى قايتا ـ قايتا يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، ماخاۋ كېسىلى ھەم سۇنۇقنى تۇتقۇزۇشقا ياردىمى بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2~6 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەترا.

[ئورۇنباسارى] جاۋاشىر.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرى ۋە چەت ئەللەردىن چىقىدۇ.

## ھىڭ

(阿魏 A wei)

[ئەرەبچە نامى] حلتيت

[پارسچە نامى] انگرو

[ئوردۇچە نامى] هينگ

[لاتىنچە نامى] Resina Ferulae

[ئىنگلىزچە نامى] chinise Asafoetida

[تونۇش]

بۇ كۆنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ھىڭ بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ سۈتكە ئوخشاش يېلىمى «ھىڭ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ رەتسىز، ئۆلچەمسىز، مونەكسىمان كېلىدۇ، سىرتقى يۈزى، قوڭۇر سېرىق، ھۆل ۋاقتىدا رەڭگى سۇسراق، مايلىق مەلھەم شەكلىدە بولغانلىرى قويۇق يېپىشقاق، ئىچى كۆل رەڭگە

مايىل ئاق رەڭلىك كېلىدۇ، تەمى ئاچچىق بولۇپ، ناھايىتى ئۆتكۈر سامساققا ئوخشاش پۇراقتا ئىگە. چايىنسا كۆيگەندەك سېزىم بولىدۇ (41 . 19 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ھىڭنىڭ ئاساسىي تەركىبى ئۇچۇچان ماي، رېزىنا ۋە دەرەخ يېلىمىدىن ئىبارەت. ئۇچۇچان تەركىبىنىڭ مىقدارى 20 پىرسەنتكىچە بولىدۇ، بۇ رەڭسىز ياكى سۇس سېرىق رەڭلىك مايسىمان سۇزۇك سۇيۇقلۇقتۇر، ھىڭ ئۇچۇچان مېيى ئاساسلىق پىنېن (Pinen) ۋە كۆپ خىل ئورگانىك سۇلفىدلىرىدىن ئىبارەت.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئۇچۇچان مېيى كېسەل پەيدا قىلغۇچى زەمبۇرۇغقا ئـــ بەتەن مەلۇم دەرىجىدە تورمۇزلاش ئۈنۈمىگە ئىگە.

چىلاپ چىقىرىلغان سۇيىدىن 10 پىرسەنتلىكى چاشقاننىڭ تومۇرىغا ئوكۇل قىلىنسا، قان ئۇيۇشقا قارشى بىر خىل رېئاكسىيە ھالىتى كۆرۈلگەن، ھىڭنىڭ نېرۋىلارنى قوزغىتىش ۋە بەلغەم بوشىتىش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھ، پەي ـ نېرۋىنى، بالىياتقۇ، ئۇخۇمدانىنى قۇۋۋەتلەش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئېرىنى پارقىرىتىش، ماددىلارنى تارقىتىش، يۇمشىتىش، قاننى جانلاندۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەمنى تەڭشەش، يەل تارقىتىش، سۈيدۈك ھەيزنى راۋان قىلىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باھ ۋە پەي ئاجىزلىقى، كۆز قاراڭغۇلىشىش، سوغۇقتىن بولغان مېڭە ئاغرىقى، ئۈنۈتقاقلىق، پالەچ، لەقۋا، ئىستىرخا، تىترىمە كېسەل، سەرئى، ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، قورساق ئاغرىش، سۈيدۈك، ھەيز توسۇلۇش، قۇلاق ئېغىرلىقى، رېماتىزم قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. زەيتۇن يېغىدىن 15 گرام، ھىڭدىن 7 گرام ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، قۇلاققا تېمىتسا، قۇلاق ئېغىرلىقىغا شىپا بولىدۇ.

2. ئۇدسەلىب 10 گرام، ھىڭ 3 گرام ئېلىپ، سۇرۇپ گەجگىگە چاپسا، سەرئى ئۇچۇن شىپا بولىدۇ.

3. قارىمۇچ 10 گرام مۇرمەككى 5 گرام، ھىڭدىن بىر گرامدىن ئېلىپ، سوقۇپ

قىلىپ ئىچىپ بەرسە، ھەيزنى راۋان قىلىدۇ.

4. ئۇستىقۇددۇس، بادرەنجى بۇيا، ئىزخىر، ئاقىرقەرھا، ئىگىر، ھىل، ھەسەل قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، پالەچ، لەقۋا رەئشەلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.5 ~ 2 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] · يەل پەيدا قىلىدۇ، مېڭە ۋە جىگەرگە زىيان قىلىدۇ، ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگىمۇ زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئەرەب يېلىمى، ئاچچىق ئانار، تاتلىق ئانار، رۇم بەدىيان، بىنەپشە، ئالما سۈيى، سەندەل شەربىتى.

[ئورۇنباسارى] جاۋاشىر، ئەنجۇدان.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىلى ۋىلايىتىدىن بىر قەدەر كۆپ چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى ھىلتىت، سۇپۇپى ھىلتىت.

## چۈمۈلە

(蚂蚁 ma yi)

[ئەرەبچە نامى] نمله

[پارسچە نامى] مورچه

[ئوردۇچە نامى] چیونٹا

[لاتىنچە نامى] Polyrha chis

[ئىنگلىزچە نامى] Ant

[تونۇش]

بۇ چۈمۈلە ئائىلىسىدىكى ھاشارات قارا چۈمۈلىنىڭ قۇرۇتۇلغان پۈتۈن تېنىدىن ئىبارەت. بۇ ھەممىگە تونۇش مەشھۇر ھاشاراتلاردىن بولۇپ، بۇ ھاشاراتنىڭ تىرىك تېنى، قۇرۇتۇلغان تېنى ۋە ياغقا چىلانغان قىسمى، تۇخۇمى قاتارلىقلار دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (41. 20 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئامىنو كىسلاتا، پالمىتىك كىسلاتا، لىئولىنىلىك كىسلاتا ۋە

كۆپ خىل فورماتلاردىن تەركىب تاپقان.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئاغرىق توختىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئىممۇنىتېت كۈچىنى تەڭشەش، رېماتىزمنى داۋالاش، قېرىشنى كېچىكتۈرۈش، جىگەرنى قوغداش رولى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، يەل تارقىتىش، ئۇششۇك ياندۇرۇش، باھنى قوغداش، قاننى قىزىتىش، زەھەر قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

پالەچ، لەقۋا، ئەزالارنىڭ بوششىپ كېتىشى، قولاق ئېغىرلىقى، تاناسىل ئەزا كېسەللىكى، ئەرلەردىكى جىنسىي ئاجىزلىق، بەرەس كېسەللىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. چۇمۇلىنى زەيتۇن يېغى ياكى كۇنجۇت يېغىغا چىلاپ 40 كۈن ئاپتاپتا قويۇپ، چۇمۇلىنىڭ قۇۋۋىتى ياغقا چىققاندا قولاقا تېمىتسا، قولاق ئېغىرلىق ۋە قولاق گۇركۇرەشكە شىپا بولىدۇ.

2. ئاق يەر سېرىق چۇمۇلىسىدىن 100 دانىگە 15 مىللىلىتىر ياسمەن يېغى قويۇپ، بىر ئاي ئاپتاپتا قويۇپ، تەمى تولۇق چىققاندا، ئەرلەر جىنسىي ئەزاسىغا چاپسا، جىنسىي ئاجىزلىق، زەكەر يىگلەپ كېتىشلەرگە شىپا بولىدۇ.

3. چۇمۇلىنى تۇخۇم يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ بىر قانچە كۈن ئاپتاپتا قويۇپ بەرەسكە سىرتتىن چاپسا، خال چۈشۈرىدۇ. ماددا ئالمىششىنى تېزلىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ سىرتىدىن ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] زەھەرلىك، يەپ قالسا قورساقتا سانجىق ھەم بىئاراملىق پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، زىرە.

[ئورۇنباسارى] چايان.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىز، جۇملىدىن رايونىمىز شىنجاڭنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] چۇمۇلە يېغى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بوزۇغا

(莪术 e zhu)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Rhizoma Curcumae phaeocaulis

[ئىنگلىزچە نامى] Blue Turmeric rhizome

[تونۇش]

بۇ زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق كونا يىلتىزلىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بوزۇغىنىڭ يىلتىزسىمان غولى بولۇپ، «ئايلىشى»، «بوزۇغا» قاتارلىق ناملاردا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. تۇخۇم شەكىللىك ياكى ئۇزۇنچاق شەكىللىك بولۇپ، رەڭگى سارغۇچ ئاق رەڭدە، تەمى ئاچچىق، خۇش پۇراق كېلىدۇ (41 .21 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] يىلتىزسىمان غولىنىڭ تەركىبىدە 1%~0.5 ئۇچۇچان ماي بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۇركۇمىن (curcumin) بار، قۇرۇق يىلتىزىدا يەنە تەخمىنەن 60% كىراخمال بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. ئۆسمىگە قارشى رولى: بوزۇغا ئوكۇلىنى كىچىك چاشقاننىڭ قورساق بوشلۇقىغا ئوكۇل قىلسا، گۆش ئۆسمىسىنى تورمۇزلايدۇ، ئەمما ئىچكۇ- زۇلسە، قورساق سۇلۇق ئۆسمىسىگە نىسبەتەن ئۈنۈمى بولمايدۇ.

2. باكتېرىيىگە قارشى رولى: ئۇچۇچان ماي تەجرىبە نەيچىسىدە ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىسى، قان ئېرىتكۈچى زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيىسى، چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسى، ئۈچەي كېزىكى تاياقچە باكتېرىيىسى، ۋابا تاياقسىمان باكتېرى- يىسىنى تورمۇزلايدۇ.

3. باشقا رولى: ھەزىم قىلىش يولىغا بولغان تەسىرى خام زەنجىۋىل بىلەن ئوخشايدۇ. ئاشقازان ـ ئۈچەي يولىنى بىۋاستە قوزغىتىدۇ. يەنى بۇ، قورساق كۆپۈش مەنبەلىك سانجىقىنى داۋالاش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

شىپالىق رولى]

پەي ـ مۇسكۇللارنى قۇۋۋەتلەش، ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەش، مېڭە، يۈرەك، ئاشقازان، باھ ۋە پەينى قۇۋۋەتلەش، توسالغۇلارنى ئېچىش، قۇسۇشنى توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق تارقىتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋان قىلىش، چىش تۈۋىنى چىڭىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

مېڭە، يۈرەك ئاجىزلىقى، مالىخولىيا، ئۇنۇتقاقلىق، تۇتقاقلىق، پالەچ، لەقۋا، تىترىمە كېسەل، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، ئاشقازان تۆۋەنلەش، سوغۇقتىن بولغان يۆتەل، بالىياتقۇنىڭ يەللىك ئاغرىقى، بالىلاردىكى تولغاق، چىش ئاغرىقى، چىش تۈۋى بوشاپ كېتىش، سوغۇقتىن بولغان ھەر خىل ئىششىقلار، بوغۇم ئاغرىقلىرى، قوساق ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بوزۇغىدىن ئىككى گرام ئېلىپ، چالا سوقۇپ، ئۇنى بىر پىيالە سۇدا قاينىتىپ سۈزۈپ ئىچسە، كىچىك بالىلارنىڭ قورساق ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.

2. كاۋاۋىچىن 10 گرام، بوزۇغا 10 گرام، موزىدىن بىر داننى ئېلىپ سوقۇپ تالقانلاپ چىش ئەتراپىغا قويسا، چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ.

3. بوزۇغا سۈپۈپىنى كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا ئىككى گرام مىقدارىدا ئىچسە يۇقىرىقى كېسەللەرگە پايدا قىلىدۇ. بوزۇغا ئادەتتە كۆپرەك سىرتقى تەرەپتىن ئىشلىتىلىدۇ ھەم مۇرەككەپ نۇسخىلار تەركىبىگە چۈشۈرۈلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئەزالارغا قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بىنەپشە، بادام مېغىزى.

[بەدىلى] زورەمبات، زەنجىۋىل.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن ھەم بىنگال، ئىران قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] كۆپىنچە جاۋارىشلار تەركىبىگە چۈشۈرۈلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# جويۇز

(肉豆蔻 rou dou kou )

[ئەرەبچە نامى] جوزبوا

[پارسچە نامى] جوزبويا

[ئوردۇچە نامى] جايپھل

[لاتىنچە نامى] semen myristicae

[ئىنگلىزچە نامى] nutmeg

[تونۇش]

بۇ جوز «جويۇز» ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 20 مېتىرغا يېتىدىغان، دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ جويۇزنىڭ ئورۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئورۇقى «جۇزبۇۋا»، خەلق ئارىسىدا «جويۇز» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. شەكلى يۇملاق تۇخۇمسىمان شەكىلدە، تېنى قاتتىق، رەڭگى سارغۇچ قىزىل ياكى سارغۇچ ئاق رەڭدە، تەمى قىرىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ (22.41 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] جويۇز تەركىبىدە 6～15% گىچە ئۇچۇچان ماي بار، يەنە دىپېتېن (Dipeten)، كورىياندرول (Coriandrol)، تېر پىنېئول (Terpineol)، سافرول (Safrole)، ئاتسىدوم مىرىستىكوم (Myristic acid) ۋە مايلىق ياغ قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. دەتسىرىگە ئىگە، تۆۋەن دەرىجىدىكى ھايۋانلاردا قارىچۇق كېڭىيىش، مېڭىش ئاستىلاش، نەپەس ئاستىلاش قاتارلىق ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مىقدارىنى يەنە كۆپەيتسە رېفلېكس يوقىلىش كېلىپ چىقىدۇ، مۈشۈك ناركوزلىغۇچى مىقدارى مۈشۈكتە ئادەتتە جىگەردە مايلىق ئۆزگىرىش ھەم ئۆلۈم كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كىشىلەر يەتتە گرام جويۇز تالقىنى يېسە باش قېيىش، ھەتتا ئېسىنى يوقىتىپ قويۇش ۋە كۆز قاراڭغۇلىشىشنى پەيدا قىلىدۇ. مۈشۈككە ھەر كىلوگرام بەدەن ئېغىرلىقى ئۈچۈن ئىككى گرام ھېسابىدا جويۇز تالقىنىنى يېگۈزۈلسە يېرىم بىھوش ئۇخلاش ھالىتى پەيدا قىلىدۇ ھەم 24 سائەت ئىچىدە ئۆلىدۇ. جىگەردە مايلىق ئۆزگىرىش بولىدۇ. جويۇز مېيىنىڭ زەھەرلىك تەركىبى مىرىستىتىن (Myristicin) دىن ئىبارەت. بۇنىڭ زەھەرلەش ئالامەتلىرى

يۇقىرىقى بىلەن ئوخشايدۇ. مىرستىتىنىڭ مۇشۇكنى ئۆلتۈرۈش دوزىسى ھەر كىلوگرام بەدەن ئېغىرلىقى ئۈچۈن يېرىم مىللىلىتىردىن بىر مىللىلىتىرغىچە، ئەگەر تېرە ئاستىغا ئوكۇل قىلىنسا، 2.0 مىللىلىتىر بولۇپ، بۇ كەڭ كۆلەمدە جىگەرنى ئۆزگەرتىدۇ.

2. بۇ ياغنىڭ ئۈچ مىللىلىتىرى خوش پۇراق قىلغۇچى ياكى يەل ھەيدىگۈچى، ئاشقازان، ئۈچەينى غىدىقلىغۇچى دورا قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ تېرپىنول خىلىتىدىكى تەركىبى باكتېرىيىگە قارشى تەسىرگە ئىگە.

3. مىرستىتىسىن، ئېلېمىتسىن (Elenicin) قاتارلىقلارنىڭ نورمال ئادەملەرنى ساختا خىياللارغا چۈشۈرۈش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، بۆرەك، ئاشقازان، جىگەر ۋە باھنى، باليياتقۇ، تۇخۇمدانىنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، يەڭگىل دەرىجىدە تۇتۇش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، تەبىئىي ھارارەتنى ساقلاش، تاماق سىڭدۈرۈش، جىگەر، تالنىڭ قاتتىقلىقىنى ۋە سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىش، مەست قىلىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، يەل تارقىتىش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۆرەك ئاجىزلىقى ۋە مەنىي تېز يۈرۈپ كېتىش، ئاشقازان ئاجىزلىقى، قورساق ئېسىلىش، ئىچى سۈرۈش، باھ ئاجىزلىقى، باش ئاغرىقى، رېماتىزم، پالەچ، بوغۇملار ئاغرىقى، تىل ئېغىرلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. جويىزنىڭ ئۆزىنى شۈمۈپ بەرسە، تىل ئېغىرلىقى، پالەچ، لەقۋالارغا شىپا بولىدۇ.

2. بەش گرام جويۇزنى ئۈچ دانە تۇخۇم سېرىقى بىلەن ئىچسە، جىنسىي ئاجىزلىق ئۈچۈن شىپا بولىدۇ.

3. بوزىدان، جويۇز، ئېگىر 10 گرامدىن، بوزۇغا بەش گرام، سىركىدە سۈرۈپ بوغۇملارغا چاپسا، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا ۋە بەلغەم خىلىتىدىن بولغان بوغۇم ئاغرىقلىرىغا شىپا بولىدۇ.

4. مۇۋاپىق مىقداردىكى جويۇزنى سوقۇپ شېكەر بىلەن ئىچسە، سوغۇقتىن بولغان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىچ سۈرۈشكە شىپا بولىدۇ.

5. جويۇز، رېگىماھى، ئاقىرقەرھا، ئەنجۈر قېقى، كۈنجۈت، تۈدەرى قاتارلىقلاردىن ھەر بىرىنى 10 گرامدىن ئېلىپ، تۇخۇم سېرىقى ئۈچ دانە، پەنەرمايە ئۈچ گرام قاتارلىقلار بىلەن بىرگە سوقۇپ تالقانلاپ ئىچسە، باھ، بۆرەك ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10 ~ 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] يۇمغاقسۈت، بىنەپشە.

[ئورۇنباسارى] بەسباسە، سۇمبۇل تىپ.

[چىقىش ئورنى] ئىسسىق بەلۋاغ رايونلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ، بۇ ئەسلىدە ھىندىستان، مالايسىيا، سىرلانكا قاتارلىق ئەللەرنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ماددەتۇلھايات، ئامىلە نۇشدارى.

## بالادۇر

(榠如实 jia ru shi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Fructus Anacardii Occidntalis

[ئىنگلىزچە نامى] Fruit of Common Cashew

[تونۇش]

بۇ سىر دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان ئۆسۈملۈك ئاناكاردىك ۋە بالادۇر ئورۇقدىشىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىپ، قۇرۇتۇپ «بالادۇر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسىنىڭ شەكلى يۈرەكسىمان شەكىلدە، رەڭگى توق قارا ياكى قارامتۇل قوڭۇر، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى ئۆتكۈر، مېۋىسىنىڭ ئىچىدە مېغىزى بولىدۇ (23.41 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] بالادۇر ئورۇقى ئادەتتە ئىككى يېرىم پىرسەنتتىن كۆل ماددىسى، 25.4% ئاقسىل، 43.39% ياغ، 21% كاربون سۇ بىرىكمىلىرىنى تۇتىدۇ.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى]  مېغىزنى يېگىلى بولىدۇ. دەرەخ قوۋزىقىنىڭ سۇغا چىلاپ ئېلىنغان ماددىسى قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىدۇ. دەرەخ پوستىنىڭ ئىسپىرتلىق ياسالمىسىنى نورمال كىشىلەر ئىستېمال قىلسا، قاندىكى قەنتنى تۆۋەنلىتىدۇ. يەپ 15~20 مىنۇتتىن كېيىن باشلىنىپ، 60~90 مىنۇتقا بارغاندا ئەڭ ئېنىق بىلىنىدۇ. ئۈچ سائەت سوزۇلىدۇ. دەرەخ ئىچكى پوستىنىڭ قايناتمىسى هايۋاناتلارنىڭمۇ قاندىكى قەنتىنى تۆۋەنلىتىدۇ. بۇ چىرىتكۈچى تەسىرگە ئىگە.

[تەبىئىتى]  ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

مۇسكۇل ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، يەل تارقىتىش، باهنى قۇۋۋەتلەش، تېرىگە رەڭ پەيدا قىلىش، جاراهەتلەرنى قورۇش، بەدەندىكى زىيادە هۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، يۇمشىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

نېرۋا، پەي ئاجىزلىقى، سەرگى، ساراڭلىق، پالەچ، لەقۋا، رەئشە، ئىستىرخا، تارتىشىش، چىش مىلىكى بوشاپ كېتىش، ئۇنۇتقاقلىق، بوغۇم ئاغرىقلىرى، سۆگەل، تەمرەتكە، بەرەس، ماخاۋ قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئىزخىر 10 گرام، بىخ بەديان 10 گرام، جىنتىيانا 10 گرام، بالادۇر 0.1 گرام، هەسەل 500 گرام، قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، پالەچ، لەقۋا، رەئشەلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. كۇندۇر 10 گرام، تۇخۇم سېرىقى 2 دانە، مەستىكى 10 گرام، سالاجىت 5 گرام، بالادۇردىن 0.1 گرام ئېلىپ، سوقۇپ تالقانلاپ ئىچسە، باهنى قۇۋۋەتلەش تەسىرىنى بېرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى]  0.1~0.3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى]  ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە، شۇنداقلا مېڭە پەردە ياللۇغى، مالىخولىيا قاتارلىق كېسىلى بارلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ. ئەگەر مىقدارىنى ئاشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، ئادەمنىڭ هاياتىغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى]  كۈنجۈت يېغى، قايماق، ياڭاق مېغىزى.

[ئورۇنباسارى]  كۆچۈلا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن ھەمدە پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى بالادۇر.

[ئەسكەرتىش] بالادۇرنى يەككە ھالەتتە ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ، مۇرەككەپ دورا ياسالمىسىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

## مالكەنگىنى

(灯油滕子 deng you teng zi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى] مالكنگنى

[لاتىنچە نامى] Semen Celastrus paniculatus

[ئىنگلىزچە نامى]

[تونۇش]

بۇ جىن چاتقىلى ئائىلىسىدىكى پېلەكسىمان چاتقال ئۆسۈملۈك مالكەنگىنى بولۇپ، ئادەتتە مېۋىسى يۇمىلاق بولۇپ، قۇرۇغاندا ئىچىدىن ئۇرۇقى چىقىدۇ، بۇ ئۇرۇق تۇخۇم شەكىللىك، ئۇششاق، رەڭگى خورمارەڭ، تەمى بىر ئاز ئاچچىق بولۇپ، «مالكەنگىنى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي، نېرۋا ۋە مېڭىنى، باھنى قۇۋۋەتلەش، ئاشقازان ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

بوغۇم ئاغرىقى، ئۇششاق بوغۇم ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، لەقۋا، سەرئى، بەل ئاغرىقى، مېڭە، پەي نېرۋىلىرى ئاجىزلىقى، ئاشقازان ۋە باھ ئاجىزلىقى، ئەستە تۇتۇش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بىر ھەسسە مالكەنگىنى يېغىغا ئون ھەسسە مەسكە ئارىلاشتۇرۇپ يۈز مېيىدەك

قىلىپ تامغاققا چاپسا، مېڭە ئاجىزلىقى ۋە ئۇنتۇغاقلىققا پايدا قىلىدۇ ھەم كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

2. مالكەنگىنىنىڭ سوقۇلمىغان دانىلىرىنى سىرىقمايدا قورۇپ ھەر كۈنى بىر چاڭگال يېسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. مالكەنگىنىنىڭ دانىلىرىنى كالا سۈتىدە قاينىتىپ، سۈتىنى سۈزۈپ قېتىق ئۇيۇ-تۇپ، يېغىنى ئېلىپ، ھەر كۈنى 30 گىرام ئەتراپىدا گۈرۈچ ئېشى بىلەن يېسە، چاچنى قارايتىدۇ.

4. باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى مۇرەككەپ ياسالمىلار تەركىبىگە كىرگۈزۈلىدۇ، ھۆكۈمالار-نىڭ ئېيتىشىچە: «بۇنىڭدىن بىر كىلوگىرامنى 10 كىلوگىرام كالا سۈتىگە چىلاپ سۈتنى تامامەن ئۆزىگە تارتىپ بولغاندا ئېلىپ، ھەر كۈنى مۇۋاپىق مىقداردا يەپ بەرسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئەگەر پاقا يېغى بىلەن ياغلاپ، گىلى ھېكمەت قىلىپ يېغىنى چىقىرىپ ئەرلەر جىنسىي ئەزاسىغا سۈۋۈسا، قۇۋۋەت بېرىدۇ، مەنىينى تۇتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.5 ~ 1 گىرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرگە، بالىلارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كالا سۈتى، قىزىلگۈل.

[ئورۇنباسارى] قەلەمپۇر يېغى.

[چىقىش ئورنى] يۇننەن، گۇاڭشى، گۇاڭدۇڭ، تەيۋەن ۋە ھىندىستاننىڭ تاغلىق رايونلىرىدىن چىقىدۇ.

## زەيتۇن يېغى

(橄榄油 gan lan you)

[ئەرەبچە نامى] دهن زيت

[پارسچە نامى] روغن الزيت

[ئوردۇچە نامى] زیتن کی تیل

[لاتىنچە نامى] Oleum Canarii Albi

[ئىنگلىزچە نامى] Oil Canarytree

[تونۇش]

بۇ زەيتۇن دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان ئېگىزلىكى 10 مېتىردىن ئاشىدىغان، غولى تۈز دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن ئېلىنغان يېغى بولۇپ، «زەيتۇن يېغى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. زەيتۇن يېغى سېرىق رەڭلىك، سۈزۈك، تەمى تاتلىق كېلىدۇ (41 ـ 26 ـ رەسىم).

[خىمىيلىك تەركىبى] ياغنىڭ تەركىبىدە ئامىرىن (Amyrin) بولۇپ، بۇنىڭدىن ئاتسىدوم، ئوسئىكوم ۋە گلېتسرىن لىنونىن، پالمېتىن قاتارلىقلار بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، تاش پارچىلاش، ماددىلارنى تارقىتىش، ئاغرىق توختىتىش، ئۇزۇق بولۇش، ئېرىنىڭ قۇرغاق بولۇشىنى تۈگىتىش، يۇمشىتىش، ھەزىم قىلىش ئەزالىرىنىڭ ئېچىششىنى ۋە قىچىششىنى توختىتىش، سىلىقلاشتۇرۇش، چاچنىڭ كېپىكىنى يوقىتىش، چاچنى قۇۋۋەتلەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

پالەچ، لەقۋا، ئەزالارنىڭ بوشىشىپ كېتىشى، بوغۇم ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، بەدەن ئاجىزلىقى، ئېرە قۇرغاقلىشىش، 12 بارماق ئۈچەي يارىسى، ئادەتلەنگەن قەۋزىيەت، باش ئاغرىقى، چاچ ئاقىرىش، چاچ چۈشۈش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مۇۋاپىق مىقداردىكى زەيتۇن يېغىدا يەرلىك ئورۇننى سىرتىدىن ياغلاپ، ئاپتاپقا قاقلانسا، پالەچ، لەقۋا، ئەزالارنىڭ بوشىشىپ كېتىشى، بوغۇملار ئاغرىقى قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئېرىلەرنى مايلاپ بەرسە، ئېرىنىڭ قۇرغاقلىششىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

3. ئۆت، بۆرەك تاش كېسەللىكلىرىگە تاش پارچىلىغۇچى دورىلارنى بەرگەندە زەيتۇن يېغىنى قايناق سۇغا ئېمىتىپ، دورىدىن كېيىن ئىچىلىدۇ، ئۆت، بۆرەك يوللىرىنى سىلىقلاپ، بېسىمىنى ئازايتىدۇ.

4. زەيتۇن يېغىغا تۇخۇم يېغىنى ئارىلاشتۇرۇپ، چاچنى ياغلىسا، چاچنىڭ كېپىكىنى يوقىتىدۇ، چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئاقىرىشنى توسايدۇ، چاچنى جانلىق، ئېرىك قىلىدۇ، قارايتىدۇ.

5. مۇۋاپىق مىقداردىكى زەيتۇن يېغىنى 25 مىللىلىتىر قايناق سۇغا ئېمىتىپ ئىچسە، ئادەتلەنگەن قەۋزىيەتكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10 مىللىلىتىرغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، بىنەپشە شەربىتى.
[ئورۇنباسارى] بىلسان يېغى.
[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويلىرى رايونلىرىدىن چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەلھەمى سىماب.

## كاشىم
(欧当归 ou dang gui)

[ئەرەبچە نامى]
[پارسچە نامى]
[ئوردۇچە نامى]
[لاتىنچە نامى] Radix Levistici officinalis
[ئىنگلىزچە نامى] Root of garden Lovage
[تونۇش]

بۇ مۆرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك كاشىمنىڭ يىلتىزى (Levistica officinali kock) بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى ئەنجۇدان يىلتىزىغا ئوخشايدۇ، يوپۇرمىقى ئىكلىلمىلىكنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، تەمى ئۆتكۈر، ئۆزى خۇش پۇراق، غولى توم كېلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]

پەي - مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل تارقىتىش، كۆكرەكنى بوشىتىش، نەپەس راۋانلاشتۇرۇش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

پالەچ، لەقۋا، بوغۇم ئاغرىقى ۋە سوغۇقتىن بولغان يۆتەل، نەپەس سىقىلىش، ئاشقازان ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. دارچىن 5 گرام، دوقۇ 10 گرام، كاشىمدىن 5 گرام ئېلىپ تالقانلاپ يېسە،

www.uyghurkitap.com

ھەزىمنى ياخشىلايدۇ.

2. كاشىم 3 گرام، بوزۇغا 5 گرام، جويۇز 7 گرام، دورىلارنى سىركىدە سۈرۈپ بوغۇملارغا چاپسا، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا ۋە بەلغەم خىلىتىدىن بولغان بوغۇم ئاغرىقلىرىغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2~5 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقجان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] گۈلبىنەپشە.

[ئورۇنباسارى] ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى.

[چىقىش ئورنى] ئىران، ھىندىستاندىن كېلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىش پەنجنوس.

# قارا پارپا

(飞燕草 fei yan cao)

[ئەرەبچە نامى] جدوار

[پارسچە نامى] ماه پروين

[ئوردۇچە نامى] زبلى

[لاتىنچە نامى] Radix Consolidae

[ئىنگلىزچە نامى] Root of Rocket Consolidfa (Tiryak)

[تونۇش]

بۇ ئېيىقتاپانلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ھىندى جەدۋارنىڭ يىلتىزى ۋە ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇرۇقى يۇرەك شەكىللىك، چوڭلۇقى قول بارمىقىچىلىك، ۋەزنى ئېغىر، ئازراق قاتتىق، تەمى ئاچچىق ـ چۈچۈك، سىرتى قارا، سىرتقى يۈزى قوتۇر بولىدۇ. ئەسلى ئۆسۈملۈك جەدۋار (Consolida ajacis Sehur) دۇر، مۇشۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «جەدۋار ھىندى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (28.41 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقى تەخمىنەن بىر پىرسەنت ئالكالوئىد، 39% مايلىق ياغ

تۇتىدۇ. ئالكالوئىدلار ئاياتسىن ( Ajacinc ) ، دېلكوزىن ( Delcosine ) ، دېلسولىن (Delsoline) ، ئېلاتىن (Elatine) ، ئاياكونىن (Asaconine) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇندىن باشقا زىېرئاۋە دېلفىن (Delfhin) قاتارلىقلارمۇ بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئاياتسىن بىلەن ئاياكونىنىڭ فارماكولوگىيىلىك تەسىرى ھەققىدىكى تەتقىقات دوكلاتى يوق.

مايلىق يېغىنىڭ قۇرت ئۆلتۈرۈش تەسىرى بار، يوپۇرماق ئۇرۇقى تېرە ياللۇغى پەيدا قىلىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ زەھەرلىك تەسىرى باشقا قىسىملىرىغا قارىغاندا چوڭ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي، مۇسكۇللارنى، «تەبىئەت» نى، باليياتقۇنى، تۇخۇمدانىنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق قايتۇرۇش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش ۋە تىنچلاندۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، يۈرەك، جىگەر ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، قىزىتما پەسەيتىش، سۈيدۈك ھەيدەپ، تاشلارنى پارچىلاپ چىقىرىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

پالەچ، لەقۋا، تىترىمە كېسەل، ئومۇمىي بەدەن بوشىشىپ كېتىش، قولتۇق بېزى ئىششىقى، چۇما، چاشقان يارىسى، گال ئاغرىقى، بادامسىمان بەز ياللۇغى، نەزلىلىك زۇكام، سەرئى، ھوشسىزلىق، تارتىشىپ قېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ، بەرەس، بەھەق، ئۇندىن باشقا يەنە تۇرلۇك زەھەرلىنىشلەرنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىش، ۋابا خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەللەردىن ساقلىنىش ۋە داۋالاش ھەمدە يېڭى دورىلارنىڭ قاندىكى زەھەرلىك تەسىراتلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. جەدۋار ھىندىنى خېمىرى گاۋزىبانغا قوشۇپ بەرسە، يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. جەدۋار ھىندىنى كۆك يۇمغاقسۈت سۈيىدە سۈرۈپ، سىرتتىن چاپسا، گال ياللۇغى، بادامسىمان بەز ياللۇغى، چۇما، قولتۇق بېزى ۋە چاشقان يارىلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئۈچ گرام جەدۋارنى 100 گرام ماددەتۇلھاياتقا قوشۇپ ئىچسە، پالەچ، لەقۋا، سەرئى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

4. جەدۋارنى تاشقا سۈرۈپ چايان ھەم ھاشاراتلار چاققان يەرلەرگە سۈركىسە، بۇ ھاشاراتلارنىڭ زەھرىنى قايتۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

5. جەدۋار ھىندىنىڭ سۇپۇپىدىن يېرىم گرامنى ئەرقىگۈل بىلەن ئىچىپ بەرسە، يېڭى دورىلارنىڭ زەھەرلىك تەسىرىنى قايتۇرىدۇ.

6. جەدۋارھىندىنى مۇسەللەس ياكى ئەۋرىشىم، بادرەنجى بۇيا شەربىتىگە ئوخشاش شەربەتلەر ياكى ئەرەقلەر بىلەن بېرىلسە، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەپ، يۈرەك چالاڭغۇراشنى يوقىتىدۇ.

7. جەدۋار ھىندى، سۆرۈنجان 3 گرامدىن، زەنجىۋىللارنىڭ سوقۇلغان تالقىنىدىن بىر گرامنى گۈلاب بىلەن ئىچسە مۇپاسىلغا پايدا قىلىدۇ.

9. جەدۋار ھىندىنىڭ تالقىنىدىن 0.4 گرامنى سىركەنجۇبىل بىلەن بىر قانچە كۈن بېرىلسە، بۆرەك ۋە سۈيدۈك يولىدىكى تاشنى پارچىلاپ چىقىرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 1.5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] يېڭى سۈت، ئارپا سۈيى.

[ئورۇنباسارى] زۇرۇمبات.

[چىقىش ئورنى] بۇ ئەسلىدە ياۋروپا ۋە نېپال قاتارلىق ئەللەردىن چىقاتتى، ھازىر ئېلىمىزدە ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى جەدۋار، خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرى، زىماتى ۋەرەمى لەۋزەتەيىن.

[قوشۇمچە] 1. كىتابلاردا كۆرسىتىلىشىچە، جەدۋار بەش خىل بولىدۇ. (1) سىرتى قارا، ئىچكى تەرىپى كۆكۈچ قىزغۇچ بولۇپ، يۈرەك شەكىللىك بولىدۇ، بۇنى تېتىپ كۆرگەندە ئاۋۋال تاتلىق سېزىلىپ، كېيىن ناھايىتى ئاچچىق تەم سېزىلىدۇ، بۇ خىل جەدۋارنى جەدۋار چىنى (جۇڭگو جەدۋارى) دەيدۇ، بۇ جۇڭگو تاغلىرىدىن چىقىدۇ، بۇ خىل جەدۋار بەش خىل جەدۋار ئىچىدىكى ياخشىراقى ھېسابلىنىدۇ. (2) ئىچى ۋە سىرتى قارىغا مايىل سېرىق، تەمى قېرىق، چايان شەكلىدە بولغىنى جۇڭگو جەدۋارىدىن تۆۋەن، ئىككىنچى ئورۇندا ھېسابلىنىدۇ. (3) ئىچى ۋە سىرتى قارا كېلىدۇ، سوقۇلغاندىن كېيىن نىل رەڭ (كۆك رەڭ) گە كىرىدۇ، تەمى ئاچچىق - چۈچۈك كېلىدۇ. (4) قارىغا مايىل ۋە ئاچچىق - چۈچۈك، ئازراق زەيتۇن رەڭگە كىرىدۇ، بۇ كۆپىنچە دەككەننىڭ تاغلىرىدىن چىقىدۇ. (5) بۇ «ئىنتەلەھ» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ رەڭگى قارا، يۇمشاق ۋە ناھايىتى ئاچچىق بولىدۇ، بۇ كۆپىنچە «بېيش» دېگەن زەھەرلىك گىياھنىڭ يېنىدا ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن بۇنىڭمۇ ئازراق

زەھەرلىك تەرىپى بار. ھازىر بىز تونۇشتۇرۇۋاتقان جەدۋار مۇشۇ بەش خىل جەدۋار ئىچىدىكى بىر خىلىدۇر.

2. خىلى كۆپ ئۇردۇچە كىتابلاردا جەدۋار ھىندىنىڭ لاتىنچە نامى Delphinium Denudatum دەپ يېزىلغان، بۇ لاتىنچە ئاتالغۇ ئاساسىدا ئىزدىنىش ئارقىلىق Delphinium Denudatum دەيدىغان نام تېپىلمىدى، ئەمما جياڭسۇ يېڭى تىبابەت ئىنستىتۇتى تۈزگەن «جۇڭيى دورىلىرى قامۇسى»دا Eelphinium Denudatum نامى بىلەن بىر خىل جەدۋار تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنى «بۇ ئەسلىدە ياۋروپانىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدىن چىقاتتى، ھازىر ئېلىمىزدە تېرىلىۋاتىدۇ» دەپ يېزىلغان، شۇنىڭدەك بۇ خىل جەدۋارنىڭ لاتىنچە نامى Consolida ajacis، خەنزۇچە نامى 飞燕草 دەپ يېزىلغان، مەزكۇر كىتابلارنىڭ كۆرسىتىشىگە قارىغاندا، بۇ بىر خىل دورىنىڭ ئىككى خىل نامدا ئاتىلىشى بولسا كېرەك. كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىش ئارقىلىق بۇ كىتابلارنىڭ كۆرسىتىشىگە ئاساسەن ھىندى جەدۋارنى (ئىلمىي نامى Consolida ajacis ۋە Delphinium elatum، خەنزۇچە نامى 飞燕草)، جۇڭگو جەدۋارنى (ئىلمىي نامى Aconitum Praeparata، خەنزۇچە نامى 附子) دەپ تونۇشتۇردۇق. كەسىپداشلارنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشىنى سورايمىز.

## قەلەمپۇر يېغى

(丁香油 ding xiang you)

[ئەرەبچە نامى] دهن القرنفل

[پارسچە نامى] روغن مخك

[ئوردۇچە نامى] لونگ كى تيل

[لاتىنچە نامى] Oleum caryophylli

[ئىنگلىزچە نامى] Clove Oil

[تونۇش]

بۇ مىرتە ئائىلىسىدىكى داۋاملىق ياشىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ قەلەمپۇرنىڭ قۇرۇق غۇنچىسىنى پارلاندۇرۇپ ئېلىنغان مايدىن ئىبارەت. بۇ سۇس سېرىق رەڭلىك ياكى رەڭسىز سۈزۈك مايسىمان سۇيۇقلۇق بولۇپ، خۇش پۇراق (41. 29 ــ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] گۈل غۇنچىسىدا %20~15 ئۇچۇچان ياغ، يەنى قەلەمپۇر مېيى

بار، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئېۋگېنول بولسا ئۇچۇچان مايىنىڭ %95~18 نى ئىگىلەيدۇ. گۈلىنىڭ تركىبىدە رامنېتىن (Rhamnetin)، كېمپفېرول (Kaempferol)، ئېۋگېنىتىن (Eugenitin) قاتارلىق فلاۋونلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. باكتېرىيىگە قارشى تەسىرى: قەلەمپۇرنىڭ بىر پىرسەنتلىك ئېتىرلىك چىلانمىسى سۇدىكى چىلانمىسى ياكى سەككىز پىرسەنت قويۇقلۇقتىكى قەلەمپۇر قايناتمىسى شولپىنى سېرىق تەمرەتكە زەمبۇرۇغى، ئاق رەڭلىك تەۋسىمان زەمبۇرۇغ قاتارلىق كۆپ خىل كېسەل پەيدا قىلغۇچى زەمبۇرۇغلارنىڭ ھەممىسىگە نىسبەتەن تورمۇزلاش تەسىرى بار. يۇقىرىراق قويۇقلۇقتىكىسى يېڭى تېپىلىق يوشۇرۇن شارچە باكتېرىيىسىنىمۇ تورمۇزلايدۇ. ئىسپىرتتا چىلاپ چىقىرىلغان سۇيۇقلۇقى ئېفىر بىلەن ئېلىنغان سۇيۇقلۇق بىلەن ئوخشايدۇ، لېكىن سۇدىكى سۇيۇقلۇقى ئاجىزراق. قەلەمپۇر مېيى ۋە ئېۋگېنولنىڭ 6000 : 1 قويۇقلۇقتىكىسى كېسەل پەيدا قىلغۇچى زەمبۇرۇغلارنى تورمۇزلايدۇ. قايناتمىسىنىڭ 20 : 1 ۋە 640 : 1 قويۇقلۇقتىكىسىنىڭ ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىسى، بوغما تاياقچە باكتېرىيىسى، شەكىل ئۆزگەرتكۈچى تاياقچە باكتېرىيىسى، يېشىل يىرىڭ تاياقچە باكتېرىيىسى، چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسى، تولغاق تاياقچە باكتېرىيىسى ۋە كېزىك تاياقچە باكتېرىيىسىنى تورمۇزلاش تەسىرى بار.

2. مەددە قۇرت چۈشۈرۈش تەسىرى: سۇ ياكى ئىسپىرت بىلەن ئېلىنغان سۇيۇقلۇقى سازاڭ مەددىنى پالەچلەيدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، لېكىن بىر قېتىمدىلا ھەممىنى چۈشۈرەلمەيدۇ.

3. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش تەسىرى: قەلەمپۇر ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، قورساقتىكى يەلنى ماگدۇرۇش، ھەزىمنى ياخشىلاش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇشنى ئازايتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. %5 لىك ئېۋگېنول سۇتسىمان ياسالمىسى ئاشقازان شىلىمشىق سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاجرىلىشىنى ئاشۇرىدۇ، لېكىن قەلەمپۇر مېيىنىڭ تەسىرى سەل ئاجىزراق، داۋاملىق ئىستېمال قىلسا، نورماللىقى ئەسلىگە كېلىدۇ.

4. زەھەرلىك ۋە باشقا تەسىرى: ئۆي توشقىنىغا ئېۋگېنولنى ئوكۇل قىلسا ناركوزلىنىپ قېلىپ، قان بېسىمى تۆۋەنلەيدۇ، نەپەسلىنىشى تورمۇزلىنىدۇ، قەلەمپۇرنىڭ تارتىشىشقا قارشى تەسىرىمۇ بار. لېكىن كىچىك چاشقاننىڭ تېرە ئاستىغا ئوكۇل قىلىنسا مەست بولمايدۇ، قەلەمپۇرنىڭ چىلانمىسى بالىياتقۇنى قىسقارتىش تەسىرىگە ئىگە.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي ـ مۇسكۇللارنى قۇۋۋەتلەش، هۆل سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەش، نېرۋىنى قۇۋۋەت-لەش، ئاشقازان ۋە بۆرەكنى قىزىتىش، باھنى، پەينى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق تارقىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئېغىز پۇراش، چىش ئاغرىقى، بوغۇم ئاغرىقى، ھەزىم بۇزۇلۇش، قورساق ئېسىلىش، ئىشتىھاسىزلىق، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مۇۋاپىق مىقداردىكى قەلەمپۇر مېيىنى قايناقسۇغا تېمىتىپ ئىچسە ياكى بۇ ياغنى پاختىغا سىڭدۈرۈپ، چىشنىڭ كاۋاكلىرىغا تىقىپ قويسا، چىش ئاغرىقىنى توختىتىدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى قەلەمپۇر مېيىنى يەرلىك ئورۇنغا سىرتتىن سۈركىسە بوغۇم ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 3 گرام، ئاساسەن سىرتقى تەرەپتىن ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە، بۆرەككە، ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سەمغى ئەرەبى.

[ئورۇنباسارى] زەيتۇن يېغى، قۇستە يېغى.

[چىقىش ئورنى] ئىسسىق بەلۋاغ رايونلىرى ھەم ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، خەينەنداۋ ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] رەۋغىنى مۇپاسىل.

# ئەرمۇدۇن دەرىخى ئۇرۇقى

(白蜡树子 bai la shu zi)

[ئەرەبچە نامى] لسان العصافير

[پارسچە نامى] زبان گنجشک

[ئوردۇچە نامى] اندرجو

[لاتىنچە نامى] Semen Fraxinus Chinensis Roxb

[ئىنگلىزچە نامى] Fraxinus chinensis fruit

[تونۇش]

بۇ ئەرمۇدۇن دەرىخى ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئەرمۇدۇن دەرىخىنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ،

ئۇرۇقى «ئەرمۇدۇن دەرىخى ئۇرۇقى» ياكى «لىسانىل ئاساپىر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. خەلق ئارىسىدا بۇ ئۇرۇقنى «قۇشقاچتىلى» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ خىل ئۇرۇق قۇشقاچتىلىغا ئوخشاش ياپىلاق شەكىلدە، تېنى قاتتىق، چۈرۈك، قىزغۇچ قوڭۇر رەڭدە، تەمى بىر ئاز ئاچچىق، رەڭگى جىگەررەڭ، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ (41 . 30 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقىدا 16% ماي، دەرەخ پوستىدا ئېسكۇلىن (Aesculin)، ئېسكۇلېتىن (Aesculetin) ۋە تاننىن بار، ئۇندىن باشقا ماننىتول، فراكسېتىن (Fraxetin)، فراكسىن (Fraxin) قاتارلىقلارمۇ بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. ياللۇغ قايتۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش تەسىرى بار.

2. سۈيدۈك مىقدارى ۋە سۈيدۈك كىسلاتاسىنىڭ چىقىرىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

3. قان تومۇر، ئۈچەي يوللىرى، بالىياتقۇ قاتارلىقلارغا تەسىرى بار.

4. چىقىرىپ تاشلىنىش، سۈمۈرۈلۈش ۋە زەھەرلەش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي مۇسكۇل، تارامۇشلارنى چىڭىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، يەل تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش، سۈيدۈك ھەيدەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

تىترىمە كېسەل، ئەزالارنىڭ بوشاپ كېتىشى، بىقىن ئاغرىقى، نەپەس سىقىلىش، بەل ئاغرىقى، بالىياتقۇ ئاغرىقى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، باھ ئاجىزلىقى، مەنىي يۇرۇپ كېتىش، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، بۆرەك تاش كېسەللىكى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. 10 گرام ئەرمۇدۇن دەرىخى ئۇرۇقى بىلەن ئىككى دانە تۇخۇم سېرىقىنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، كۈندە بىر قېتىم ئىچىپ بەرسە، بالدۇر مەنىي يۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن شىپا بولىدۇ.

2. ھەجرۇلىيەھۇت 30 گرام، ئوغرىتىكەن 10 گرام، تۇخۇمى تەرەر 10 گرام، تۇخۇمى خەربوزە 10 گرام، ئارىلاشتۇرۇپ سوقۇپ سۈپۈپ تەييارلاپ، كۈندە ئىككى ۋاخ ئۈچ گرامدىن ئىچىپ بەرسە تاش پارچىلايدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] باھ ئاجىزلىقى ئۈچۈن يەككە ھالەتتە توققۇز گىرامغىچە بېرىلىدۇ، باشقا ياردەمچى دورىلار بىلەن بىرىشتە ئالتە گىرامغىچە ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] باشنى ئاغرىتىدۇ، ھۆ پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى.

[ئورۇنباسارى] كاۋاۋىچىن، جوز.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ۋە رايونىمىزنىڭ كۆپلىگەن يەرلىرىدە ئۆستۈرۈلىدۇ، تايلاند، ھىندىستان، ھىندونوزىيە قاتارلىق ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ماددەتۇلھايات، مەجۇنى سۆئلەپ، لوبۇبى كەبىر.

## فەرپىيۇن

火(殃簕 huo yang le)

[ئەرەبچە نامى] اكل بنفشه
[پارسچە نامى] افربيون
[ئوردۇچە نامى] فرفيون
[لاتىنچە نامى] Caulis Euphorbia Antiquori
[ئىنگلىزچە نامى] Anciets Euphorbia Stem
[تونۇش]

بۇ سۇتلۇكئوتلار ئائىلىسىدىكى ئاق رەڭلىك سۇتى بار، ئېگىزلىكى يەتتە مېتىر ئەتراپىدا ئۆسىدىغان، تاقىر چاتقال ياكى دەرەخنىڭ سۇتى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مۇشۇ قاتقان سۇتى «فەرپىيۇن» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ دەرەخنىڭ رەڭگى ئاقۇش كۆل رەڭ بولۇپ، دۆڭرەك يېرىقلىرى بار. بۇنىڭ سۇتىنى يىغىۋېلىشتا ئاۋۋال قويىنىڭ قېرىنىنى پاكىز يۇيۇپ تازىلاپ، ئۇنى بىر قاچا شەكلىگە كەلتۈرۈپ، بۇ قاچىنى بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يېرىلغان جايىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ پۇرىقىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن ئېھتىيات قىلىپ، ئۇنى يىغىۋالغۇچە يىراقتا تۇرۇپ نەيزە بىلەن ئۆسۈملۈكنىڭ تېنىنى تىلىپ قويسا، سۇت ئېقىپ چۈشۈپ قاچىغا يىغىلىدۇ، ئاندىن قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ. بۇ بىر خىل قاتقان يېلىم بولۇپ، ئۈزى يەڭگىل، سىرىققا مايىل پوررەڭ، تەمى ناھايىتى ئۆتكۈر، تىلغا تەگكۈزسە تىلنى

ئېچىشتۇرىدۇ، سۇ ۋە زەيتۇن يېغىدا ئېرىيدۇ (31.41 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] غولىدا تاراكسېرول (Taracerol)، تاراكسېرون (Taraxerone)، فلاۋون، قەنت، ئامىنو كىسلاتاسى، لىمون كىسلاتاسى، ئالما كىسلاتاسى، سۈتىدە ئېۋفوربول (Euphorbol)، ئېۋفول (Euphol)، سىكلوئارتېنول (Cyeloartenol) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ياللۇغلىنىشقا قارشى تۇرىدۇ.

[تەبىئىتى] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي ـ مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، چىرايىنى پارقىرىتىش، بۇزۇق ماددىلارنى يۇمشىتىش، كۆيدۈرۈش، قىزىتىش، ھەيز راۋانلاشتۇرۇش، شىلىمشىق بەلغەمى خىلىتنى سۈرۈش، زەھەر قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

پالەچ، لەقۋا، ئىستىسقا، تارتىشىش كېسىلى (تەشەننۇچ)، تىترىمە كېسەل، بىھوشلۇق، باش قېيىش، سەكتە، جۆيلۈش، قېتىپ قېلىش، يىغلىپ قېلىش، ئۈچەي توسۇلۇش (قۇلۇنجى)، بۆرەك سوۋۇپ كېتىش، سوغۇقتىن بولغان ئىرقۇننىسا، بوغۇم ئاغرىقى، يانپاش ئاغرىقى، ھەيز راۋان بولماسلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. فەرپىيۇندىن يۇرچاق مىقداردا ئېلىپ قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى ياكى ھەببەتۇلخۇزرا يېغى بىلەن ئېرىتىپ بۇرۇنغا پۈركۈسە ياكى ياغلاپ بەرسە، لەقۋا كېسىلى ئۈچۈن پايدا قىلىدۇ. پالەچ ۋە ئىستىسقا ئۈچۈن كۆپىنچە بۇنى يۇرىتىپ بەرسە، ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

2. مەرزەنجۇش ۋە قىزىلچا سۈيىگە ئازراق فەرپىيۇننى ئېزىپ بۇرۇنغا پۈركۈسە مېڭىنى تازىلايدۇ.

3. 12 گرام فەرپىيۇننى 500 گرام زەيتۇن يېغىدا ئېرىتىپ سۆڭەكلەرنى ياغلىسا، سۆڭەكنىڭ تۇتۇشىنى تېزلەشتۈرىدۇ، بىر ھەپتىن ئارتۇق ياغلىماقچى بولسا، قۇستە يېغى بىلەن قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

4. قىزىل مومدىن 60 گرامنى ئېرىتىپ ئۇنىڭغا يۇمشاق سوقۇپ تالقانلانغان مۇۋاپىق مىقداردىكى فەرپىيۇننى ئارىلاشتۇرۇپ قېتىپ قالغان، تارتىشىپ قالغان ئەزالارنى ياغلىسا ئۇلارنى بوشىتىدۇ، قاتما كېسەللىككە مۇناسىپ دورىلار بىلەن قوشۇپ بېرىلىدۇ.

5. تۆت گرام فەرپىيۇننى گۈل يېغى بىلەن زەيتۇن يېغىدا ئېرىتىپ، ئەزالارنى ياغلىسا،



www.uyghurkitap.com

بەلغەم مەنبەلىك تىترىمە كېسەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

6. هوشسىزلانغان بىمارلاردا فەرپىيۇننى دارچىن يېغى بىلەن ئېرىتىپ ياغلاپ بېرىلىدۇ ياكى ئىچىلىدۇ.

7. 30 گرام فەرپىيۇننى يۇمشاق سوقۇپ، 130 گرام زەيتۇن يېغى بىلەن قوشۇپ مەلھەم تەييارلاپ سىرتتىن مايلىسا، پالەچ، ئىسترخاغا مەنپەت قىلىدۇ.

8. فەرپىيۇننى ھەسەل بىلەن ئېرىتىپ كۆزگە سۈرمە قىلسا، كۆزگە سۇ چۈشۈش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ، ئەمما كۆزدە بىر مەھەل قىزىللىق ۋە ئېچىشىش قالدۇرۇپ قويىدۇ، غالجىر ئىت چىشلىگەن ۋە زەھەرلىك ھاشارات چېقىۋالغان زەخمىنى بۇنىڭ بىلەن ياغلىسا زەھەر قايتۇرىدۇ.

9. فەرپىيۇنغا زەپەر ۋە ئەپيۇننى قوشۇپ، ئۇرۇلۇپ سوقۇلغان ئورۇننى ياغلاپ بەرسە، ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.2 ~ 0.4 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆچەيگە، قان مىزاج كىشىلەرگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، بالىياتقۇغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] مۇقەل، رۇببى سۇس، سەمغى ئەرەبى، رەۋغىنى بادام، سۇمبۇل تىپ.

[ئورۇنباسارى] ئىستىسقا ئۇچۇن مازارىيۇن.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزدىكى گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، يۈننەن، گۈيجۇ، فۇجيەن قاتارلىق ئۆلكىلەردىن، ئافرىقا، سۇدان، ھەبەشىستان، فرانسىيە، ئاۋستىرالىيە، قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەلھەمى پەرفىيۇن، بەرشىشا.

## ئادراسمان ئۇرۇقى

(骆驼蓬子 luo tuo peng zi)

[ئەرەبچە نامى] بزرالحرمل
[پارسچە نامى] تخم اسپند
[ئوردۇچە نامى] اسپند کے بیج

[لاتىنچە نامى] Seemen Pegani Harmalae

[ئىنگلىزچە نامى] of Common peganum seed

[تونۇش]

بۇ ئوغرىتىكەن ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئادراسمانىنىڭ پىشىپ قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، كۈزدە ئۇرۇقى پىشقاندا ئاندىن ئېلىنىدۇ. ئۈچ قىرلىق شەكىلدە، قىزغۇچ سېرىق، تەمى ئاچچىق، بىر ئاز پۇراقلىق (32.41 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقىدا 3.92~7 پىرسەنتكىچە ئالكولوئىد بار. ئۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى هارمېن (Harmene)، هارمالىن (Harmaline)، ۋە پېگانىن (Peganine)، تېتراهىدرو هارمىن (Tetra hydro harmine)، هارمىدىن (Harmidine) قاتارلىقلار بار، قومۇش شېكىرى (saccharose)، گالاكتوزا (galactose) قاتارلىقلارمۇ بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: هارمالىن بىلەن هارمىن ئوخشاشلا كىشىلەردە خىيالىي بۇزۇلۇش ۋە قارا بېشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

2. يۈرەك قان تومۇرلىرىغا بولغان تەسىرى: پاقىغا 3 مىللىگرام هارمالىن بېرىلسە يۈرەك رىتىمى ئاستىلايدۇ، تىترەش كۆچىيىپ كېتىدۇ. مۈشۈك چاغدا، ئەگەر يەنە 2 مىللىگرام ئاتسېتىلتولىن ئىشلەتسىمۇ يۈرەكنىڭ سوقۇشىنى توختىتالمايدۇ.

3. مۇسكۇللارغا بولغان تەسىرى: هارمالىن كىچىك ئۈچەي سىلىق مۇسكۇللىرىنى بوشاشتۇرىدۇ. بالىياتقۇنى قىسقارتىدۇ. يۇقىرى قويۇقلۇقتىكىسىمۇ، يەنىلا توغرا يوللۇق مۇسكۇلنى بوشاشتۇرىدۇ.

4. هارمىن جۇڭگىي دورىلىرى بىلەن قىلىنغان ناركوزنى يېشىملەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ، هەر بىر كىلوگرام بەدەن ئېغىرلىقى ئۈچۈن 10 مىللىگرام دولانتىن، 5 مىللىگرام گلوپرومازىن، 2 يېرىم مىللىگرام فېنارگان (پرومېتازىن) ئېلىپ، ئۇنىڭغا تەڭ مىقداردا 10% لىك گلۇكوزا ئوكۇلى قوشۇپ سۇيۇقلاندۇرغاندىن كېيىن، توشقاننىڭ كۆك قان تومۇرىغا ئاستا ـ ئاستا كىرگۈزۈپ دەسلەپكى ناركوز قىلىنىدۇ. 10~5 مىنۇتتىن كېيىن سكوپولامىن هىدرولبروس ئوكۇلىدىن 5 مىللىلىتىر كۆك قان تومۇرىغا كىرگۈزۈلسە، توشقان تولۇق ناركوز (سەزمەس) بولىدۇ. بىر سائەتتىن كېيىن 0.85 مىللىگرام هارمىن قۇلاق كۆك قان تومۇرىغا ئوكۇل قىلىنسا، ئاغزىنى مىدىرلىتىدۇ. بېشىنى كۆتۈرىدۇ ھەمدە

دەرھال ئورنىدىن تۇرىدۇ.

5. پېگانىنىڭ تۇغۇت چەكلەش رولى بار.

6. پېگانىنىڭ زەھەرلىك تەسىرى يوق.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي - مۇسكۇللارنى، باھنى قۇۋۋەتلەش، بەدەننى سەمرىتىش، ئىششىق تارقىتىش، پەي ۋە نېرۋىنى كۈچەيتىش، قورساقتىكى قۇرتنى ئۆلتۈرۈش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، يەل ھەيدەش، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى تەڭشەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باھ ئاجىزلىقى، پالەچ، لەقۋا، ھوشىدىن كېتىش، بوغۇملار ئاغرىقى، دىمى سىقىلىش، يۆتەل، پەي ۋە نېرۋا ئاجىزلىقى، ئىرقۇننىسا، جۇنۇن، ئۇنۇتقاقلىق، ئۈچەي قۇرتى، سۈيدۈك ۋە ھەيز راۋان بولماسلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئادراسمان ئۇرۇقى 10 گرام، ئاقىرقەرھا 10 گرام، سۆئلەپ 10 گرام، شاقاقۇل 10 گرام، دورىلارنى سوقۇپ مۇۋاپىق مىقداردىكى ھەسەل بىلەن قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ ئىچسە، باھنى قۇۋۋەتلەش، پەي، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش تەسىرىنى بېرىدۇ.

2. ئادراسمان ئۇرۇقى 10 گرام، بەدىيان 7 گرام، تاۋۇز ئۇرۇقى 10 گرام، دورىلارنى قاينىتىپ ئىچسە، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

3. ئۇستىقۇددۇس 5 گرام، ئادراسمان ئۇرۇقى 5 گرام، سازەج ھىندى 5 گرام، سۇمبۇل 5 گرام، بادرەنجى بۇيا 5 گرام، چايلىق قىلىپ ئىچسە، ئۇنۇتقاقلىق، مالىخۇلىياغا پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5~10 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ھۆ پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئەينۇلا، تەمرىھىندى.

[ئورۇنباسارى] سۇزاپ ئۇرۇقى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى ھورمىل، ئادراسمان يېغى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئادراسمان ئۇرۇقى يېغى

(骆驼蓬子油 luo tuo peng zi you)

[ئەرەبچە نامى] دهن بزر الحرمل
[پارسچە نامى] روغن تخم اسپند
[ئوردۇچە نامى] اسپند کے بج کے تیل
[لاتىنچە نامى] Oleum semen Pegani
[ئىنگلىزچە نامى] Oil of Common Peganum seed

[تونۇش]

بۇ ئوغرىتىكەن ئائىلىسىدىكى سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئادراسمان ئۇرۇقىدىن گىل ھېكمەت قىلىش ئارقىلىق ياكى جۇۋاز ئارقىلىق تارتىپ ئېلىنغان ياغدىن ئىبارەت (41. 33 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئادراسمان ئۇرۇقىدا گارمىن، گارمالول، گارمانىن ۋە پېگالىن ئالكالوئىدلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى]

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

مېڭىنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، پەيلەرنى چىڭىتىش، يەل تارقىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

پالەچ، لەقۋا، ئەزالارنىڭ تىترىشى، پەيلەرنىڭ بوشاپ كېتىشى، تۇتقاقلىق، باھ ئاجىزلىق، بەل ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئادراسمان ئۇرۇقى يېغىدىن قائىدە بويىچە مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىپ بەرسە، مېڭىدىكى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، پالەچ، لەقۋا، ئەزالارنىڭ تىترىشى، پەيلەرنىڭ بوشاپ كېتىشى، سەرئى، يۈرەك قوزغىلىش ئۈچۈن پايدا قىلىدۇ.

2. ئادراسمان ئۇرۇقى يېغى بىلەن سىرتتىن مايلىسا، پەيلەردىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇپ، پەيلەرنى ۋە بارلىق ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بەل ئومۇرتقىسىغا سۈركىسە، باھنى

قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. ئادراسمان ئۇرۇقى يېغى بىلەن كىلىزما قىلسا، بەل ئاغرىقى، يانپاش ئاغرىقى، بۆرەك، بالىياتقۇ سوغۇقلۇقى ئۈچۈن پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ، كۆپىنچە سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ھۆ پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] چۈچۈمەل نەرسىلەر (ئەينۇلا، تەمرى ھىندى).

[ئورۇنباسارى] قۇستە يېغى، ئادراسمان ئۇرۇقى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن ۋە چەت ئەلدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] رەۋغىنى ھورمىل، مەلھىمى ھورمىل.

## ئادراسمان

(骆驼蓬 luo tuo peng)

[ئەرەبچە نامى] بزرالحرمل

[پارسچە نامى] تخم اسپند

[ئوردۇچە نامى] اسپند کے بیج

[لاتىنچە نامى] Herba Pegani Harmalae

[ئىنگلىزچە نامى] Common Peganum herb

[تونۇش]

بۇ ئوغرىتىكەن ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئادراسماننىڭ پۈتۈن چۆپى بولۇپ، رەڭگى بىر ئاز قىزىل، ئۇرۇقىنىڭ رەڭگى قارا، قىچا چوڭلۇقىدا، پۇراقلىق، تەمى ئاچچىق، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان پۈتۈن چۆپى «ھورمىل» ياكى «ئادراسمان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (41.34 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] پۈتۈن چۆپىدە پېگانىن، ھارمىن، پكانىدىن (Peganidin)، پېگامىن (Pegamin)، پېگانول (Peganol) قاتارلىقلار ھەمدە فلاۋونلار ۋە ئۈچۈچان مايلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى غىدىقلاش، قان ئايلىنىشنى تېزلىتىش، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، راكقا قارشى تۇرۇش، قاپلىق قۇرتنى ئۆلتۈ-

رۇش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، كۆكرەك ۋە ئۆپكىدىكى شىلىمشىق ھۆللۈكلەرنى تارتىش، يەل تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، بەدەننى سەمرىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، مەددە قۇرتلارنى يوقىتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

پالەچ، تۇتقاقلىق، رېماتىزم، مۇپاسىل، نۇقرەس، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، ئۇنۇتقاقلىق، باھ، بەدەن ئاجىزلىق، مەددە قۇرت، سۈيدۈك، ھەيز راۋان بولماسلىق، ئىستىسقا ۋە يەرقان، يانپاش ئاغرىقى، قۇلۇنجى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئادراسماندىن 30 گرامنى 120 گرام سۇ بىلەن قاينىتىپ، ئاندىن سۈزۈپ 90 گرام ھەسەل، 60 گرام كۈنجۈت يېغىنى قوشۇپ ئىچسە، كۆچلۈك قەي قىلىپ، قەي ئارقىلىق كۆكرەكتىكى شىلىمشىق ھۆللۈكنى تازىلايدۇ، نەپەس سىقىلىش ۋە يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ.

2. 500 گرام ئادراسماننى 500 گرام شاراب ياكى ئۈزۈم سۈيىدە چۆكۈشكۈدەك سۇ قوشۇپ، قاينىتىپ، تۆتتىن بىرى قالغاندا ئېلىپ، 30 كۈنگىچە ھەر كۈنى 60 گرامدىن ئىچىپ بەرسە، كونا ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى ۋە تۇتقاقلىق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. تۇغۇشتىن مۇددەتتىن بۇرۇن توختاپ قالغان ئايال بۇ سۇدىن ئۇدا 30 كۈن ئىچسە، قايتا ھامىلىدار بولىدۇ ۋە يەنە ھەر كۈنى 60~15 كۈن ئىچىپ بەرسە، رېماتىزم كېسىلىنى داۋالايدۇ.

3. ئادراسمان، فۇپەل، قەمبىل قاتارلىقلاردىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ سوقۇپ سۈپۈپ تەييارلاپ ئىچسە، مەددە قۇرتىنى چۈشۈرىدۇ.

4. قاينىتىلغان سۈيىنى بىر غېرىچ ئېگىزلىكتىن باشقا قۇيسا، ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، چاچنى قارايتىدۇ، ئەزالاردىكى بوششىپ كېتىشنى يوقىتىدۇ.

5. قاينىتىلغان سۈيىنى كۈنجۈت يېغى بىلەن قوشۇپ ئىچسە، ئۆپكە كېسىلىگە پايدا قىلىدۇ.

6. سېرىقچېچەك يېغى بىلەن قوشۇپ ئېزىپ كىندىككە ۋە بېقىنغا چاپسا، كونا قۇلۇنجىغا پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى]  4 ~ 8 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى]  ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ، كۆڭۈلنى ئې-لىشتۇرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى]  سىركەنجىۋىل، ھەر خىل مېۋىلەرنىڭ سۈيى.

[ئورۇنباسارى]  قەردمانە ياكى سۇزاپ ئۇرۇقى، ئادراسمان ئۇرۇقى.

[چىقىش ئورنى]  جەنۇبىي شىنجاڭدىن كۆپرەك چىقىدۇ. ئۇندىن باشقا چەت ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى]  شەربىتى ھورمىل.

## كۇچۇلا

(马钱子 ma qian zi)

[ئەرەبچە نامى]  ازاراقی، حب الغراب

[پارسچە نامى]  ازاراقی

[ئوردۇچە نامى]  کچلہ

[لاتىنچە نامى]  Semen Strychni

[ئىنگلىزچە نامى]  Nux vomica

[تونۇش]

بۇ كۇچۇلا ئائىلىسىدىكى ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈك كۇچۇلىنىڭ پىشقاندىن كېيىن، قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقى بولۇپ، شەكلى ياپىلاق، تۈكلەش، ئىچكى قىسمىدا ئۇندۇرمىسى بولىدۇ. سىرتى قوڭۇررەڭدە، ئىچى ئاق، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى سۇس، قۇرۇتۇلغان پىششىق ئۇرۇقى «ئازاراقى» ياكى «كۇچۇلا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ شەكلى ئادەتتە تۈگمىسىمان يۇمىلاق، ياپىلاق بولىدۇ (41.35 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى]  كۇچۇلىنىڭ ئۇرۇقى، مېۋە پوستى ۋە غولى يوپۇرمىقىنىڭ ھەممىسىدە سترىخنىن (styrychnine) ۋە كۇچۇلا ئىشقارى بىروتسىن (Brucine) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى]  سترىخنىن ئادەم يۇلۇنىغا نىسبەتەن تاللاش خۇسۇسىيەتلىك قوزغىتىش رولىغا ئىگە. يۇلۇن رېفلېكسىنىڭ قوزغىلىشچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. چوڭ دورىسى ئاسانلا تارتىشىش پەيدا قىلىدۇ. ھەتتا ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ، بىروتسىن يۆتەل توختىتىش رولىغا ئىگە، بۇنىڭ تەسىرى كارئىندىندىن كۈچلۈك، بەلغەم چىقىرىش تەسىرى

ئامموني خلورىدى بىلەن ئوخشايدۇم ھجنەدەشنى پەسەيتىش تەسىرى ئاجىزراق، ھەر ئىككىلىسى مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى قوزغاتقۇچى دورا بولۇپ، يىرىم پالەچلىك ۋە ئاغرىق توختىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يەنە باربىتول جىنسلىق دورىلارغا قارشى تۇرغۇچى دورىدۇر.

بىروتىنىنىڭ زەھىرىنى كەسكۈچى زەھەرگە قارشى دورا يوق، شۇڭا ئادەتتە داۋالاشتا قوللىنىلمايدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەيىنى قۇۋۋەتلەش ۋە پەي بىلەن گۆشلەرنى چىڭىتىش، مەنىي تۇتۇش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، ئاغرىق توختىتىش، ئىشتىھانى ئېچىش، مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى ۋە يۈرەكنى قوزغىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

بەلغەمدىن بولغان كېسەللەر يەنى، نېرۋا ئاجىزلىقى، پەي بوششىپ كېتىش، باھ ئاجىزلىقى، پالەچ، لەقۋا، بوغۇم ئاغرىقى، بەل ئاغرىقى، ئىشتىھاسىزلىق، يۈرەك ئاجىزلىقى، يۈرەك رىتىمىنىڭ نورمالسىزلىقى، ئۈچەي ئاجىزلىقىدىن بولغان قەۋزىيەت، ياشانغان كىشىلەردىكى سۈيدۈك كۆپ كېلىش، يۆتەل، دېمى سىقىلىش، سىل قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

بوغۇم ئاغرىقى ۋە باشقا كېسەللەرگە كۈنجۈت يېغى بىلەن قاينىتىپ، ياغ تەييارلاپ سۈركىلىدۇ، كۈچۈلا زەھەرلىك بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى زەھەرسىزلەندۈرۈپ مەجۇن تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مەجۇن ياكى سۇپۇپ تەييارلاپ، بىر قېتىمدا 0.2 گرام بېرىلىدۇ، باللارغا بېرىلمەيدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] بۇ دورىنى كۆرسەتمىدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلسا، پەيلەرنى ۋە پۈتۈن بەدەننى تارتىشتۇرۇپ قويۇشى، ھەتتا ھاياتقا خەۋپ كەلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ دورىنى زەھەرسىزلەندۈرۈپ ئىشلىتىش لازىم، زەھەرسىزلەندۈرۈش ئۇسۇلى «ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلارنى لايىقلاشتۇرۇش ئىلمى» رەسلىكىگە قارالسۇن.

[تۈزەتكۈچىسى] بادام يېغى، سۈت، ناۋات.

[ئورۇنباسارى] بالادۇر.

[چىقىش ئورنى] ھىندىستان، مالايسىيا، سىنگاپور، تايلاند، ۋېيتنام، يۇنەن قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇن ئازاراقى، ھەببى ئازاراقى.

[ئەسكەرتىش] زەھەرلىك تەسىرى كۆرۈلگەندە، كالىنىڭ يېغى سېغىلغان سۈتنى ياكى قايمىقنى قايتا ـ قايتا بېرىش ياكى خۇشبۇي دورىلارنى ئىچكۈزۈش، تېزدىن ئاشقازاننى يۇيۇپ قۇتقۇزۇش كېرەك.

## تۆگە يېغى
(骆驼脂 luo tuo zhi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Adeps Cameli

[ئىنگلىزچە نامى] Bactrian Camel Fat

[تونۇش]

تۆگە ئائىلىسىدىكى ھايۋان قوش لوكىلىق تۆگىنىڭ گۆشىنىڭ ئارىسىدىكى يېلىمسىمان مايدىن ئىبارەت (41. 36 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي ـ مۇسكۇللارنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، ھۆللەشتۈرۈش ۋە سىلىقلاشتۇرۇش، يەللەرنى تارقىتىش، قاننى جانلاندۇرۇش ۋە ئىششىق ياندۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يەل خاراكتېرلىك ئاغرىقلار، پەي ـ مۇسكۇللارنىڭ تارتىشىپ قېلىشى، يارا، جاراھەتلەر، ئىششىق ۋە پۇت ـ قوللارنىڭ قايرىلىپ كېتىشى، ياشانغانلاردىكى مۇپاسىل كېسەللىرى قاتارلىق كېسەللەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

ئېرىتىپ ئىچىشكە، سىرتتىن چېپىشقا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] جىگەردە سۇ پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئارپىبەدىيان.

[ئورۇنباسارى] قوي مېيى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# سۈزاپ

(芸香 yun xiang)

[ئەرەبچە نامى] غصن سذاب

[پارسچە نامى] برگ سذاب

[ئوردۇچە نامى] ستلی کی شاخ

[لاتىنچە نامى] Herba Rutae Graveolentis

[ئىنگلىزچە نامى] Common Rue Herb

[تونۇش]

بۇ سۈزاپ ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك سۈزاپ بولۇپ، پۈتۈن چۆپى «سۈزاپ»، ئۇنىڭ ئۇرۇقى «تۇخۇمى سۈزاپ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىرغا يېتىدۇ، ناھايىتى پۇراقلىق كېلىدۇ، پۈتۈن كۆچىتى تۈكسىز، يوپۇرمىقى ئۇششاق ۋە يۇمىلاق، ئۇزۇنلۇقى 5 ~ 15 سانتىمېتىر، كۈنلۈكسىمان گۈل تىزمىسى ئەڭ ئۇچىدا ياكى قولتۇقىدا ئۆسىدۇ، گۈلىنىڭ رەڭگى سېرىق، ئۇرۇقى 4 ~ 5 دانە بولۇپ، پىشقاندا يېرىلىدۇ (41.37 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] پۈتۈن چۆپىنىڭ تەركىبىدە ئۇچۇچان ماي، ئالكالوئىد، فلاۋون تۈرىدىكى سۈزاپ گلىكوزىدى ۋە كومارىن قاتارلىقلارنى تۇتىدۇ.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. تارتىششىنى بوشاشتۇرىدۇ. پۈتۈن چۆپىدىكى ئومۇمىي ئالكالوئىد سىلىق مۇسكۇللارنىڭ تارتىششىنى يوقىتىش تەسىرىگە ئىگە.

2. تېرە كېسەللىكلىرىگە نىسبەتەن مەلۇم دەرىجىدە ئۈنۈمى بار. بۇنىڭ ئىچىدىكى سپورالېن بىلەن كسانتوتوكسىن (Xanthotoxin) دىن ئوكۇل ياساپ تېرىگە ئوكۇل قىلىپ، ئۇلترا بىنەپشە نۇر بىلەن نۇرلاندۇرۇلسا، نۇر چۈشكەن يەرنىڭ تېرىسى قىزىرىدۇ. پىگمېنت كۆپىيىدۇ، بەرەس كېسەللىكىگە ئىشلىتىلسە، ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

3. مىكرو ئورگانىزمغا قارشى تەسىرى بار. بۇنىڭ تەركىبىدىكى كومارىنىنىڭ باكتېرىيىگە قارشى ئۈنۈمى بار.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

مېڭە، ئاشقازان ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، ئەقلىنى زىيادە قىلىش، يەل تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، قۇرۇتۇش، تۈتۈش، زەھەر قايتۇرۇش، تېرىنى غىدىقلاش، قىزارتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق تارقىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قولاق ئاغرىقى، ئاشقازان ئاجىزلىقى، جىگەر قىتىش، ئىشتىھاسىزلىق، ھىق تۇتۇش، قورساق ئىسسىش، بەھەق، ئاقكېسەل (بەرەس)، تەمرەتكە، مېڭە ۋە پەي كېسەللىكلىرى، پالەچ، تارتىشىش، بوغۇم ئاغرىقلىرى، يانپاش ئاغرىقى، ھەر خىل سوغۇق ئىششىقلا قاتار-لىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سوزاپ، سېرىقچېچەك قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سوقۇپ سۈپۈپ تەييارلاپ ئىچسە، ھىق تۇتۇشنى توختىتىدۇ.

2. سۇزاپنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، زەيتۇن يېغى بىلەن قاينىتىپ يەرلىك ئورۇننى ياغلىسا، بوغۇم ئاغرىقى، يانپاش ئاغرىقى، سوغۇق ئىششىقلار ئۈچۈن پايدا قىلىدۇ.

3. سۇزاپ، ئۇدسەلىب، لاچىندانە، قاقىلە، ئۇستىقۇددۇس ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، ئاشقازان ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

4. سۇزاپتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ تالقانلاپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى گۈل يېغى بىلەن زىمات تەييارلاپ، ئىلان چايان چاققان، چىشلىگەن جايغا سۈركىسە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆزگە زىيانلىق.

[تۈزەتكۈچىسى] رۇم بەدىيان، سىركەنجۇبىل.

[ئورۇنباسارى] سۆئتەر، پىننە.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىي قىسىم رايونلىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاغلىرى ۋە باغلىرى، ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەلھىمى سۇزاپ.

## جىنچاتقىلى يىلتىزى

(卫矛根 wei mao gen)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Radix Euonymi Alati

[ئىنگلىزچە نامى] Winged Euonymus Root

[تونۇش]

بۇ جىن چاتقىلى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ئۆسۈملۈك جىنچاتقىلى

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يۇمران شاخلىرى ۋە يىلتىزى «جىنچاتقىلى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ياغىچى ئاق، چىدامىلىق ئېگىلمەيدۇ (41 .24 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

قاننى جانلاندۇرۇپ، پەي ـ مۇسكۇلنى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تەڭشەش، ئاغرىق توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

تۇغۇتتىن كېيىنكى قورساق ئاغرىش، مۇپاسىل، ھەيز كەلمەسلىك، غەلۋىرەك ۋە چاقلار قىزىرىپ ئىششىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. شاھتەررە، چۆپچىن، سەرسىبىل، ئەفتىمۇن، شوخلا، كاسنە، جىنچاتقىلى قاتار-لىقلاردىن يەتتە گرامدىن ئېلىپ قايىنتىپ ئىچسە، غەلۋىرەك ۋە چاقلار قىزىرىپ ئىششىشقا شىپا بولىدۇ.

2. سانا، خىيار شەنبەر، ئارچا مېۋىسى، زاراڭزا گۈلى، جىنچاتقىلى قاتارلىقلاردىن 10 گرامدىن ئېلىپ قايناتما تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ھەيزنى راۋان قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 8 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ھامىلدار ئاياللارغا ئىشلىتىش مەنئى قىلىنىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] خۇنسىياۋشان، ئانارگۈل.

[چىقىش ئورنى] تاغلىق جايلاردىكى چاتقاللىقلاردا ئۆسىدۇ، ئېلى قاتارلىق رايونلاردىن چىقىدۇ.

[ پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەيز راۋانلاشتۇرغۇچى شەربەت.

[قوشۇمچە] جىنچاتقىلىنىڭ غولى بىلەن يوپۇرمىقى دېھقانچىلىق دورىلىرى ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

## ئەرمۇدۇن دەرىخى قوۋزىقى

（白蜡树皮 bai la shu pi）

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Cortex Farxini chinensis

[ئىنگلىزچە نامى] Chinese ash bark

[تونۇش]
بۇ ئەرمىدۇن دەرىخى ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئەرمىدۇن دەرىخىنىڭ قوۋزىقىدىن ئىبارەت.
[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] زەھەر قايتۇرۇش، ئادەتنى تەڭشەش.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
پەي، مۇسكۇل ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش؛ مەنىي كۆپەيتىش، بۆرەكتىكى تاشنى پارچىلاش، يەل تارقىتىش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
پەيلەر بوشىشىپ كېتىش، جىنسىي ئاجىزلىق، مۇپاسىل، نىقرەس، سۇرئىتى ئىنزال، ھامىلىدار بولالماسلىق، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. ئەرمۇدۇن دەرىخى قوۋزىقىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، تۇخۇم سېرىقىغا ئارىلاشتۇرۇپ، يەرلىك ئورۇنغا زىماد قىلىپ بەرسە، پەي، مۇسكۇللارنى چىڭىتىپ ئاغرىق پەسەيتىدۇ.
2. ئەرمۇدۇن دەرىخى قوۋزىقىنى زەپەر بىلەن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سوقۇپ شامچە تەييارلاپ، بالىياتقۇغا سالسا، ھامىلىدار بولۇشقا ياردەم بېرىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 3～10 گرامغىچە.
[زىيانلىق تەسىرى] ھۆ پەيدا قىلىدۇ، باشنى ئاغرىتىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] تەمرى ھىندى.
[ئورۇنباسارى] جۇزبۇۋا.
[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئەرمۇدۇن قوۋزىقى زىماتى.

## بوزىدان
(伯孜旦 bo zi dan)

[ئەرەبچە نامى] مستعجل
[پارسچە نامى] بزيدان، شاوری
[ئوردۇچە نامى] بزيدان
[لاتىنچە نامى] Radix Pyrethrum indicae

www.uyghurkitap.com

[ئىنگلىزچە نامى] Sweet pelitory

[تونۇش]

بۇ ئاقىرقەرھا ئائىلىسىدىكى بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بۇنىڭ يىلتىزى قاتتىق، تولغىماچ، ئۇزۇن، سېرىققا مايىل، تەمى ئاچچىققا مايىل تاتلىق كېلىدۇ، ئادەتتە «بوزىدان» ياكى «ھىندى ئاقىرقەرھا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (41.40 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۆسمىنى تىزگىنلىگۈچى كۆپ قەنتلەردىن (aspargos polysaccharide) A، B، C، D لار گلۇكوزىدلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. باكتېرىيىگە قارشى رولى بار.

2. ئۆسمىگە قارشى تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق

[خۇسۇسىيىتى]

پەي ۋە مۇسكۇللارنى قۇۋۋەتلەش، باھنى قۇۋۋەتلەش ۋە قوزغاش، سۈيدۈك ھەيدەش، سۆڭەك ۋە ئەسەبلەرنى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باھ ئاجىزلىقى، پەي ۋە نېرۋا ئاجىزلىقى، بوغۇم ئاغرىقى، نىقرەس، سۈيدۈك تۇتۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بەھمەن سۇرۇخ، چىلغوزا، پىستە مېغىزى، ئاقىرقەرھا، بوزىدان قاتارلىقلاردىن 15 گرامدىن ئېلىپ، سوقۇپ تالقانلاپ، ھەسەل بىلەن مەجۇن تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، باھ ۋە بەدىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. بوزىدان، چۆپچىن، سۆرۈنجان، سانالاردىن 15 گرامدىن ئېلىپ، 100 گرام قەنت بىلەن سوقۇپ سۇپۇپ قىلىپ بىر كۈندە ئۈچ ۋاخ، بەش گرامدىن ئىچىپ بەرسە، مۇپاسىل، نىقرەس ئۈچۈن شىپا بولىدۇ.

3. بوزىداننى سوقۇپ سۇپۇپ قىلىپ سۈت بىلەن ئىچسە، نېرۋا، پەي ئاجىزلىقلىرى ئۈچۈن مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۈرۈق بېزىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، قىچا.

[ئورۇنباسارى] ئاق بەھمەن.

[چىقىش ئورنى] ئىراندىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبوبى كەبىر.

## قەنتەرىيۇن[①]

(声色草 sheng se cao)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىنى سۈرۈش، پەي ـ مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، ھۆللۈك-لەرنى قۇرۇتۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى سۈرۈش ۋە تازىلاش، يەل تارقىتىش، چوڭ بوغۇملاردىكى ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇ-رۇش، بەلغەم بوشىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، زەھەر قايتۇرۇش.

## كىرپە[②]

(刺猬 ci wei)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى، ھەزىم ئەزالىرىنى قۇۋۋەتلەش، قان كۆپەيتىش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇ-تۇش ۋە تارقىتىش، ئىششىق تارقىتىش، ئۈچەيگە يات ماددىلارنىڭ يىغىلىپ قېلىشىنى توسۇش.

## جاۋاشىر[③]

(格蓬脂 ge feng zhi)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

توسالغۇلارنى ئېچىش، پەي ـ مۇسكۇلنى چىڭىتىش، قىزىتىش، يەل تارقىتىش، ماددىلارنى يۇمشىتىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىنى سۈرۈش، توسالغۇلارنى ئېچىش،

---

① تەپسىلاتى 4 ـ باب 2 § غا قاراڭ

② تەپسىلاتى 27 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 9 ـ بابقا قاراڭ

پەيلەرنى قۇۋۇەتلەش، چىرايىنى پارقىرىتىش، ئىششىق قايتۇرۇش، گۆش ئۇندۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، ھەيز راۋانلاشتۇرۇش.

## قار لەيلىسى[1]

(雪莲花 xue lian hua)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ياللۇغ قايتۇرۇش، تەرلىتىش، بۆرەكنى قۇۋۇەتلەش، قاننى جانلاندۇرۇش، پەي، نېرۋىلارنى قۇۋۇەتلەش، بالىياتقۇ، تۇخۇمدانىنى كۈچەيتىش.

## فەرپىيۇن[2]

(殃䕸 yang le)

[تەبىئىتى] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي - مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، مېڭىنى قۇۋۇەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، چىرايىنى پارقىرىتىش، بۇزۇق ماددىلارنى يۇمشىتىش، كۆيدۈرۈش، قىزىتىش، ھەيز راۋانلاشتۇرۇش، شىلىمشىق بەلغەمنى خىلتىنى سۈرۈش، زەھەر قايتۇرۇش.

## مۇقەل[3]

(穆库没药 mu ku mo yao)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

توسالغۇلارنى ئېچىش، تېرىنى پارقىرىتىش، ماددىلارنى تارقىتىش، يۇمشىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، پەي ۋە نېرۋىلارنى قۇۋۇەتلەش، بەلغەم بوشىتىش.

---

① تەپسىلاتى 10 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 41 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 9 ـ بابقا قاراڭ



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## پەربۇن[1]

(柴胡 chai hu)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قىزىتما قايتۇرۇش، پەي - مۇسكۇلنى چىڭىتىش، تۇتۇش، ئىششىقنى قايتۇرۇش، ھەيز قېنىنى توختىتىش، مىزاجنى تەڭشەش، تال ۋە ئاشقازان خىزمىتىنى كۈچەيتىش.

## تۆگىقۇشى[2]

(鸵鸟 tuo niao)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يەل تارقىتىش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، پەي - مۇسكۇللارنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش.

## كۇدە ئۇرۇقى[3]

(韭菜子 jiu cai zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يەل تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىششىق تارقىتىش، باھنى، پەي - مۇسكۇللار- نى، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، بەدەننى تازىلاش، پارقىرىتىش.

---

① تەپسىلاتى 11 - بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 16 - بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 16 - بابقا قاراڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى يېتەكچى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## سۈرۈنجان[1]

(秋水仙 qiu shui xian)

[تەبئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاغرىق توختىتىش، ئىششىق تارقىتىش، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى سۈرۈش، سېرىق-لىقنى تارقىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، باھنى قۇۋۋەتلەش.

## چايان[2]

(全蝎 quan xie)

[تەبئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش؛ چاچ قۇۋۋەتلەش، سپازما بوشىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، يەل تارقىتىش، ئارتۇق گۆشنى يوقىتىش، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشلارنى پارچىلاش، سۈيدۈك ھەيدەش.

## ئاقىرقەرھا[3]

(除虫菊根 chu chong ju gen)

[تەبئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھ، دوۋساق، تېرە، بۆرەك، ئومۇمىي بەدەن ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش؛ توسالغۇلارنى ئېچىش، مېڭىنى تازىلاش، بەلغەم بوشىتىش، قىزىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ئەسەبلەرنى قۇۋۋەتلەش.

---

① تەپسىلاتى 21 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 26 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 35 ـ بابقا قاراڭ

## سەقەنقۇر①
(海马 hai ma)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھ، بۆرەك، مۇسكۇل ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش؛ ئاغرىق پەسەيتىش، جىنسىي ئالاقىنى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈك ھەيدەش، جىنسىي ئىنتىلىشنى كۈچەيتىش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش.

## ئاچچىق قۇستە②
(土木香 tu mu xiang)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تېرىنى، پەي ـ مۇسكۇللارنى، رەئىس ئەزالارنى، نېرۋا ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، قاننى جانلاندۇرۇش، ئاشقازان، جىگەر، بۆرەك، دوۋساق ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى، ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەش، ئەزالارنى قىزىتىش، يەل تارقىتىش، قورساقتىكى مەددە قۇرتنى ئۆلتۈرۈش، قان تازىلاش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش.

## سامساق③
(大蒜 da suan)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تېرىنى قىزىتىش، پەي، مۇسكۇللارنى قۇۋۋەتلەش، تەرلىتىش، قاننى تازىلاش، سۈي-

---

① تەپسىلاتى 36 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 43 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 43 ـ بابقا قاراڭ

دۇك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، تارتىشىشنى بوشىتىش، يارىلارنى تازىلاش ۋە پۈتتۈرۈش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، يەل تارقىتىش، ھەزىمنى كۈچەيتىش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش.

## خېنىگۈلى ئۇرۇقى[1]

(急性子 ji xing zi)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قاننى جانلاندۇرۇپ، تېرىگە رەڭ پەيدا قىلىش، پەي ـ مۇسكۇللارنى قۇۋۋەتلەش، يەل ھەيدەش، قان ئايلىنىشنى ياخشىلاش، سۆڭەك ئاغرىقىنى توختىتىش، راك ھۈجەيرىلىرىنى تورمۇزلاش.

---

① تەپسىلاتى 43 ـ بابقا قاراڭ



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى كىتاب تورى

# قىرىق ئىككىنچى باب تەشەننۇچنى بوشاشتۇرغۇچى دورىلار

پەي ـ مۇسكۇللارنىڭ سپازمىسىنى بوشاشتۇرۇش، ماددا ئالمىشىشنى راۋانلاشتۇرۇش تەسىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، تەشەننۇچنى بوشاشتۇرغۇچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەرخىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەردىن، ئومۇمىي بەدەننىڭ ياكى مەلۇم بىر ئەزانىڭ تەبىئىي قۇۋۋىتىدە ئاجىزلاش يۈز بەرسە، ئورگانىزمدا تۈرلۈك كېسەللىكلەر (ئۆت سانجىقى، قورساق مۇسكۇلى سپازمىلىنىش، كاناي سپازمىلىنىش، ھەيز ئاغرىتىپ كېلىش، پۇت ـ قوللار ئۇيۇشۇش، مۇسكۇل تارتىشىپ ئاغرىش، بەل، پۇت ۋە قول بوغۇملىرى سىقىراپ ئاغرىش، قان يىرىڭلىق قۇرۇق ئىنجىق؛ دائىملىق قەۋزىيەت، پالەچ، لەقۋا، پەي، مۇسكۇل-لار قېتىپ قېلىش ...) پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنىڭ ۋاقتىدا ئالدىنى ئالمىغاندا يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. تەشەننۇچنى بوشاشتۇرغۇچى دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق بولىدۇ. بۇ خىل دورىلار يالقۇغ قايتۇرۇش، سپازمىنى بوشاشتۇ-رۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق توختىتىش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش ياكى ھۆللەشتۇ-رۇش، ئومۇمىي بەدەننىڭ تەبىئەت كۈچىنى ئاشۇرۇش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇ خىل خۇسۇسى-يەتتىكى دورىلار تەشەننۇچنى بوشاشتۇرغۇچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: كەۋرەك، ئاق چۇغلۇق، تاتلىق بادام يېغى.

كەۋرەك، كەسلەنچۈك، تېزەكچى قوڭغۇز، ئىتياڭىقى يوپۇرمىقى.

## كەۋرەك

(防风 fang feng)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Radix Saposhnikovia

[ئىنگلىزچە نامى] Divaricate Saposhnikovia

www.uyghurkitap.com

[تونۇش]

بۇ كۆنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كەۋرەكنىڭ يىلتىزى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان يىلتىزى «كەۋرەك» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (1.42 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] كەۋرەك تەركىبىدە ئۇچۇچان ماي، ماننىتول (Mannitol)، پىكرىك گلىكوزىدى قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ياللۇغنى قايتۇرۇش، قىزىتما پەسەيتىش، ئاغرىق توختىتىش قاتارلىق تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تەشەننۇچنى بوشىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، يەل تارقىتىش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، ئاغرىق پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئاشقازان، بالىياتقۇ، ئۈچەي ۋە سۈيدۈك يولى ياللۇغى، پالەچ، لەقۋا، بوغۇم ئاغرىقى، يەللىك ئۈچەي توسۇلۇش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بابۇنە، يەرلىك شوخلا، ئىكلىلمىلىك، كاكىنەچ، كەۋرەك قاتارلىقلارنى 10 گرامدىن ئېلىپ سوقۇپ تالقانلاپ، ئەرقى شوخلا بىلەن زىمات تەييارلاپ، قورساق ساھەسىگە چاپسا، قورساق ساھەسىدىكى ياللۇغقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى كەۋرەكنى سوقۇپ تالقانلاپ، سۆرۈنجان يېغى بىلەن بىرلىكتە بوغۇملارغا چاپسا، بوغۇم ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 8 ~ 16 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقجان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئەينۇلا.

[ئورۇنباسارى] بابۇنە.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

# ئاق چۈغلۈق
(白芍 bai shao)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Radix Paeoniae Alba

[ئىنگىلىز نامى] white Peony root

[تونۇش]

بۇ چۈغلۈق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئاق چۈغلۈق بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «چۈغلۈق»، «سەللىگۈل» ياكى «ئاق شويىگۈل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (2.42 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] پائونى فلورىن (Paeohiflorin)، ئالبى فلورىن (Albl—florin)، بىنزول پائونى فلورىن (benzoyl paeni florin)، موزا كىسلاتاسى قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئىممۇنىتېتنى تەڭشەش، ھەرقايسى بەزلەرنىڭ ئاجرىتىپ چىقىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاغرىق توختىتىش، تىنچلاندۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، قان تومۇرلارنى تارايتىش، تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلىتىش، جىگەرنى قوغداش، باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش، چوڭ تەرەتنى راۋان قىلىش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

تەشەننۇچنى بوشىتىش، ھارارەت پەسەيتىپ، قاننى سوۋۇتۇش، جىگەرنى يۇمشىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ھەيزنى نورماللاشتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۇقىرى قان بېسىمى، قورساق گۆشىنىڭ تارتىشىپ قېلىشى، پاچاق پېيىنىڭ تارتىشىپ قېلىشى، ھەيزنىڭ كۆپ كېلىشى، قان يىرىڭلىق قۇرۇق ئىنجىق، كۆپ تەرلەش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئاق چۈغلۈق ئۈچ گرام، جۇخار گۈلى ئۈچ گرام، خام ئەگرىسۇناي سەككىز گرام، ياز غازىڭى 16 گرام، سازاڭ 12 گرام، جىنتىيانا ئۈچ گرام قاينىتىپ ئىچسە، يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئاق چۈغلۈق بەش گرام، چۇچۇكبۇيا ئۈچ گرام ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، قورساق گۆشىنىڭ تارتىشىپ قېلىشى ۋە پاچاق پېيىنىڭ تارتىشىپ قېلىشىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. قورۇغان ئاق چۈغلۈق ئىككى گرام، خام ئەگرىسۇناي ئۈچ گرام، ۋاستىلىك ئېرىتىلگەن ئېشەكيېلىمى ئۈچ گرام، ئەمەن يوپۇرمىقىنىڭ تالقىنى بىر گرام، چۇچۇكبۇيىدىن بىر گرام ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، ھەيزنىڭ كۆپ كېلىشىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. قان، يىرىڭلىق قورۇق ئىنجىقتا ئاق چۈغلۈق ئىككى گرام، قارا ئەنديز بىر گرام، مامرانچىنى تۆت گرام، چۇچۇكبۇيا ئىككى گرام، ئاقۋاشئوتتىن بەش گرام ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، قان يىرىڭلىق قورۇق ئىنجىقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

5. ئاق چۈغلۈق بەش گرام، كەتىرا سەككىز گرام، ئەينۇلىدىن ئىككى گرام ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، ئۆزلۈكىدىن تەرلەشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1.5 ~ 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] بۇ دورىنى مارالقۇلاق بىلەن قوشۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] زەنجىۋىل.

[ئورۇنباسارى] بادام.

[چىقىش ئورنى] رايونىمىزدىن ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ.

## تاتلىق بادام يېغى

(巴旦杏仁油 ba dan xing ren you)

[ئەرەبچە نامى] دهن اللوز

[پارسچە نامى] روغن بادام

[ئوردۇچە نامى] بادام کی تیل

[لاتىنچە نامى] Oleum Semdn Amygdali Dulcie

[ئىنگلىزچە نامى] Sweet Almond Seed of oil

[تونۇش]

بۇ ئازغان ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك تاتلىق بادام مېغىزىدىن ئېلىنغان ياغدىن ئىبارەت،

تەمى تاتلىق، پۇرىقى ئۆتكۈر (3.42 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى]

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى]

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تەشەننۇچنى بوشىتىش، قەۋزىيەت بوشىتىش، يۇمشىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قەۋزىيەت، ئۇيقۇسىزلىق، ئىچكى ـ تاشقى ئىششىقلار.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تاتلىق بادام يېغىنى سىرتتىن پەي ـ مۇسكۇللارغا سۈرسە، پەي ـ مۇسكۇللارنى بوشىتىدۇ.

2. سۈرگۈ دورىلىرىغا تاتلىق بادام يېغىنى قوشۇپ ئىستېمال قىلسا، ئاشقازان، ئۈچەيگە بولغان زىيانلىق تەسىرىنى تۆۋەنلىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3~10 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] تەستە ھەزىم بولىدۇ، ئۈچەينى سىلىقلاشتۇرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] مەستىكى.

[ئورۇنباسارى] تاتلىق ئۆرۈك مېغىزى يېغى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] بارلىق ئىترىفىللارنى بادام يېغىدا ياغلايدۇ.

## كەۋرەك①

(防风 fang feng)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تەشەننۇچنى بوشىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، يەل تارقىتىش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، ئاغرىق پەسەيتىش.

① تەپسىلاتى 42 ـ بابقا قاراڭ

## كەسلەنچۈك[1]

(蜥蜴 xi yi)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يەل تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، مونەكلەرنى يوقىتىش، يۈرەك، ئومۇمىي بەدەن ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، راكقا قارشى تۇرۇش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، تىنچلاندۇرۇش، زەھەرسىزلەندۈرۈش.

## تېزەكچى قوڭغۇز[2]

(蜣螂虫 qiang lang chong)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

تىنچلاندۇرۇش، سپازما بوشىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، تارتىشىشنى توختىتىش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش.

## ئىتياڭقى يوپۇرمىقى[3]

(曼陀罗叶 man tuo luo ye)

[تەبىئىتى] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

مەست قىلىش، تەشەننۇج (سپازما) نى بوشىتىش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش.

---

① تەپسىلاتى 16 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 22 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 23 ـ بابقا قاراڭ

# قىرىق ئۈچىنچى باب   تېرىنى قۇۋۇەتلىگۈچى دورىلار

تېرىنى ئوزۇقلاندۇرۇش، تېرىنى قىزارتىش، تېرە رەڭ ماددىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خۇسۇسىيىتى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تېرىنى قۇۋۇەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەرخىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەردىن تېرىنىڭ تەبىئىي قۇۋۇىتىدە ئاجىزلاش يۈز بەرسە، ئورگانىزمدا تېرە قۇۋۇىتىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىگە ئالاقىدار تۈرلۈك كېسەللىكلەر (بەرەس، بەھەق، داغ، سەپكۈن، تېرە قۇرغاقلىشىش، تېرە مايلىشىش، تېرە يېرىلىش، ھەر خىل تەمرەتكە، قىچىشقاق، تېرە ياللۇغلىنىش، تېرە ئۆسمىلىرى ...) پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنىڭ ۋاقتىدا ئالدىنى ئالمىغاندا يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. تېرىنى قۇۋۇەتلەشكە ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ تۈرى ھەرخىل بولغاچقا، ئىشلەتكەندە مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. تېرىلەرنى قۇۋۇەتلىگۈچى دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىي قۇرۇق ئىسسىق بولىدۇ. بۇ خىل دورىلار تېرىنى ۋە ئومۇمى بەدەننى قۇۋۇەتلەش، تېرە ئاستى قان ئايلىنىشنى ياخشىلاش، تېرىنى ئوزۇقلاندۇرۇش، تېرىنى قىزارتىش، تېرە رەڭ ماددىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ياللۇغ قايتۇرۇش، تېرىنى يۇمشىتىش، ئىسسىقلىق يەتكۈزۈش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتنىكى دورىلار تېرىنى قۇۋۇەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ئاچچىق قۇستە، مىس دېتى، قەردمانە، ئالا كۆلۈك، چالموگرا يېغى، نۆشۇدۇر، سامساق، خېنىگۈلى ئۇرۇقى، چاقچاقئوت، چاقچاقئوت ئۇرۇقى، تاغ كەرەپشىسى ئۇرۇقى، ئاق قىچا ئۇرۇقى، كالىي زىرە، جىنكېۋىزى ئۇرۇقى، ئوردان، قارا خەربەق، كۇنجۇت يېغى، سىيادان، بىلسان يېغى، كۆك ئەمەن، شاترەنجى، قىزىل قىچا، سىيادان يېغى.

گۈڭگۈرت، قىزىل سىر، كەپرەس، تەنكار، ئەڭلىكئوت، تۇخۇم ئېقى، قېرىقىز، ئوغرىتىكەن، كەۋرەك، كەرۋىيا، قەنبىل، چىڭگىلىك، ئاقىرقەرھا، بالادۇر، ئادراسمان ئۇرۇقى، سوزاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئاچچىق قۇستە
(木香 mu xiang)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Radix Inulae

[ئىنگلىزچە نامى] Elecampane Inula root

[تونۇش]

بۇ مۆرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 3 ~ 10 سانتىمېتىر ئۆسىدىغان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئاچچىق قۇستىنىڭ يىلتىزى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈك-نىڭ يىلتىزى «قۇستە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆرە تۇرىدىغان غولى يوق، يەرگە يېپىلىپ ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى كەڭ (1.43 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاچچىق قۇستە تەركىبىدە %3~0.3 كىچە ئۇچۇچان ماي بار، يەنە ستىگماستېرول (Stigmasterol)، بېتولىن (Betulin)، رېزىنا، قۇستە ئىشقارى، سائۇسۇرىن (Saussurine) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. تارتىشىشنى قايتۇرۇش ۋە قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش تەسىرى: قۇستە ئالكولوئىدى كاناىچە ۋە كىچىك ئۈچەي سىلىق مۇسكۇلىنىڭ تارىيىشىغا قارىتا كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە سپازما بوشاشتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە. قۇستە يېغىدىن ئايرىپ ئېلىنغان مەلۇم تەركىبلەر سىلىق مۇسكۇلنىڭ تارتىشىشىنى بوشاشتۇرىدۇ، كاناىچىلارنى كېڭەيتىدۇ ۋە قان بېسىمىنى چۈشۈرىدۇ.

2. باكتېرىيىگە قارشى تەسىرى: ئاچچىق قۇستە قايناتمىسى تەجرىبە نەيچىسىدە Aتىپلىق پاراتىف تاياقچە باكتېرىيىسىنى يەڭگىل دەرىجىدە تورمۇزلاش تەسىرى بار. تولغاق تاياقچە باكتېرىيىسى، يېشىل يىرىڭ تاياقچە باكتېرىيىسى، ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە-سى، زەنجىرسىمان تاياقچە باكتېرىيىلىرىنى تورمۇزلاش تەسىرى يوق. بەزى كېسەل پەيدا قىلغۇچى زەمبۇرۇغلارنى تورمۇزلايدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تېرىنى، پەي ـ مۇسكۇللارنى، رەئىس ئەزالارنى، نېرۋا ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، قاننى جانلاندۇرۇش، ئاشقازان، جىگەر، بۆرەك، دوۋساق ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى، ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەش، ئەزالارنى قىزىتىش، يەل تارقىتىش، قورساقتىكى مەددە قۇرتنى ئۆلتۈرۈش، قان تازىلاش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

مېڭــە ئاغرىقى، تارتىشىپ قېلىش، ئۇنۇتقاقلىق، قۇلاق ئاغرىقى، يۆتەل، زىققە، بوغۇم ئاغرىقى، پالەچ، لەقۋا، پەي ئاجىزلىقى، ئۇچەي قۇرتى، داغ، سەپكۈن، بەھەق، تەمرەتكە قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مۇۋاپىق مىقداردىكى قۇستىنى يامغۇر سۈيىگە چىلاپ، شۇ سۇنى بۇرۇنغا تېمىتسا، كونا باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى قۇستىنى سۈيۈق ئېزىپ باشقا چاپسا، ئۇنۇتقاقلىقنى يوقىتىدۇ.

3. مۇۋاپىق مىقداردىكى قۇستىنى زەيتۇن يېغى بىلەن قوشۇپ زىمات قىلسا، پالەچكە ۋە ئەزالار بوشىشىشقا پايدا قىلىدۇ.

4. قۇستە يېغىنى قۇلاققا تېمىتسا، قۇلاقنىڭ سوغۇقتىن بولغان توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ.

5. مۇۋاپىق مىقداردىكى قۇستىنى ھەسەل بىلەن قوشۇپ يالانچۇق تەييارلاپ يالىسا، كۆكرەكنىڭ شىلىمشىق خىلتلىرىنى تازىلايدۇ، بىقىن ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

6. مۇۋاپىق مىقداردىكى قۇستىنى ھەسەل قوشۇپ ئىچسە، بەلغەمنى ۋە ھۆللۈكلەرنى يوقىتىدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ، ئاشقازان، جىگەر، بۆرەك ۋە دوۋساقنى قۇۋۋەتلەيدۇ ھەم جىگەر ۋە تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، تالنىڭ ئىششىقلىرىنى ياندۇرىدۇ، يەرقان ۋە بالىياتقۇ ئاغرىقى ئۈچۈن پايدا قىلىدۇ.

7. مۇۋاپىق مىقداردىكى قۇستىنى سوغۇق سۇ بىلەن ئىچسە، ئۇچەيلەردىكى ئۇششاق مەددىلەرنى ۋە باشقا مەددىلەرنى چۈشۈرىدۇ، سۈيدۈك، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

8. بىر يېرىم گرام قۇستىنى سوقۇپ سۈپۈپ قىلىپ ھەسەل بىلەن ئىچسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قۇستىنى يۇمشاق سوقۇپ خېمىر قىلىپ جىنسىي ئەزاغا چاپسا ياكى قۇستىنىڭ

www.uyghurkitap.com

يېغى بىلەن ياغلىسىمۇ، شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ~ 4 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] دوۋساق ۋە ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] رۇم بەديان، گۈلقەنت ئاپتاپى.

[ئورۇنباسارى] ئاقىرقەرھا.

[چىقىش ئورنى] بۇ ئەسلىدە ھىندىستاننىڭ مەھسۇلاتى ئىدى، ھازىر ئېلىمىزنىڭ شىنزاڭ، يۈننەن، گۇاڭشى، سىچۈەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن ھەم سۈرىيە، ئەرەبىستان قاتارلىق ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىش جالىنۇس، تەرياقى سەمانىيە، مەجۇنى داۋائىل-مىشكى.

قۇستە يېغىنى تەييارلاش ئۇسۇلى: 160 گرام ئاچچىق قۇستىنى چالا سوقۇپ بىر كېچە - كۈندۈز ھاراقتا چىلاپ، ئاندىن كېيىن سىقىپ سۈزۈپ بىر كىلو 600 گرام زەيتۇن يېغى بىلەن قوشۇپ سۇس ئوتتا قاينىتىپ، شاراب تۆكۈپ، يېغى قالغاندا ئېلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

تەبىئىتى: ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

شىپالىق رولى: پەيىنى چىڭىتىپ، باھنى ۋە بارلىق ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەلنى تارقىتىدۇ، ئاشقازان سۇيۇقلۇقىنى ۋە جىگەر سۇيۇقلۇقىنى يوقىتىدۇ، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خاراكتېرلىك تىترەشنى يوقىتىدۇ، چاچ يىلتىزىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىچىسىمۇ ياغلانسىمۇ بولىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 1~2 گرامغىچە.

## مىس دېتى

(铜绿 tong lu)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Mineralium Viridianum

[ئىنگلىزچە نامى] Verdigris

[تونۇش]

بۇ مىسنىڭ دېتى بولۇپ، مەدەن ۋە سۇنئىي دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. بۇنىڭ مەدەنىمۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، مىس مېتالىدا پەيدا بولىدۇ، يۇنان تىلىدا «بارسقارىقس»، يەنىلى شوئىرا، قىپرىس، كەپرۇس ئاراللىرىنىڭ تاغ ئۆڭكۈرلىرىدىن تېمىپ چىقىپ توڭلاي-دۇ، بۇنىڭغا بىرئاز چوڭ ۋە ئۇششاق توپا ئارىلاشقان بولىدۇ. شۇڭىدەك كاندىنمۇ چىقىدۇ، بۇلار ساپ بولمايدۇ، بۇ ئىككى خىلى ناچار بولۇپ، ئۇنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. سۇنئىيسى بىرقانچە خىل بولىدۇ، بىرىنچى خىلى: ئاچچىق سىركىنى قاچىغا قۇيۇپ، ئۇنىڭغا مىستىن بىر ياپقۇچ تەييارلاپ، سىركىنىڭ ھورى چىقمىغۇدەك چىڭ، مۇستەھكەم يېپىپ، 18 كۈن ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق قويىمىز، ئاندىن كېيىن ياپقۇچنى ئېلىپ سىركە بار قاچىنىڭ ئىچى تەرەپكە ئورنىغان مىس داتلىرىنى قىرىۋېلىپ، يەنە يۇقىرىقى ئۇسۇل بىلەن خالىغان مىقداردا مىس دېتى ئالسا بولىدۇ، ئىككىنچى خىلى: مىسنى قاتار قىلىپ كۆپ مىقداردا توغرا ئۇستى ـ ئۇستىگە تىزىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاچچىق سىركىنى قۇيۇپ بەك سوغۇق ئامبارلاردا قويۇلسا، مىس دېتى تەييار بولىدۇ. ئاندىن كېيىن مىس دېتىنى ئېلىپ ھەر 20 گرام مىس دېتىغا 120 گرام كونا سىركە قوشۇپ ھاۋانچىغا سېلىپ، سالايە قىلىنسا بىرلىدۇ، ئاندىن كېيىن زەمچە، نەمەك لاھورى ۋە قىزىل توغرىخىلارنىڭ ھەر بىرىدىن 16 گرامدىن سېلىپ، پىلتە ھالىۋا ھالىتىگە كەلتۈرۈپ ئاپتاپتا قويۇپ قۇرۇتۇلىدۇ، بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن تەييارلانغان مىس دېتى «دۇدى» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا ئۇسۇل بىلەنمۇ تەييارلاشقا بولىدۇ، ئەمما مىس دېتىنىڭ ساپ ياكى ساپ ئەمەسلىكىنى تونۇشتا ئۇنى ئالدى بىلەن ئوتتا قويىمىز، ئەگەر ئۇ ئوتتا (چوغدا) قىزارسا، ساپ مىس دېتى ئەمەس، ئەگەر قىزارمىسا، ساپ مىس دېتى ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى مىس دېتى چوغدا قىزارمايدۇ. مۇشۇ خىل تەبىئىي ۋە سۇنئىي ئۇسۇل بىلەن تەييارلانغان مىس دېتى «زەنجار» ياكى «مىسنىڭ دېتى» ياكى«مىسنىڭ يېغى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (43 . 2 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاساسىي تەركىبى كوپىرۇم كاربونىكىم، كوپروم ئاتسىتىكومدىن ئىبارەت.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تېرىنى قىزارتىش، ئارتۇق گۆشنى يوقىتىش، تاتۇقنى يوقىتىش، يىرىڭلىق جاراھەت-لەرنىڭ [ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئاقكېسەل، يىرىڭلىق قاپارتما قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قىزىل توغرىغا بىلەن مىس دېتىنى مەلھەم قىلىپ چاپسا، يىرىڭلىق قاپارچۇقلار ۋە ئاقكېسەل ئۇچۇن مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. مىس دېتىنى سىركە ۋە ھەسەل بىلەن قوشۇپ زىمات قىلسا، چىش تۈۋىدىكى يىرىڭلىق يارىلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. مىس دېتىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، موم ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن قوشۇپ مەلھەم تەييارلاپ، يامرايدىغان يامان يىرىڭلىق جاراھەتلەرگە چاپسا، جاراھەتلەرنىڭ كېڭىيىشىنى توسۇپ، ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىپ، يېڭى گۆش پەيدا بولۇشقا سەۋەبچى بولىدۇ، ئىششىقلارنىمۇ تارقىتىدۇ.

4. مىس دېتى بىلەن ھەببەتۇلخوزرا دەرەخىنىڭ يېلىمىنى قىزىل توغرىغا بىلەن قوشۇپ مەلھەم قىلىپ چاپسا يىرىڭلىق قوقاق (يىرىڭلىق قاپارتقۇلار) ۋە ئاقكېسەل ئۇچۇن پايدا قىلىدۇ.

5. مىس دېتىنى ھەسەل بىلەن پىشۇرۇپ چاپسا، جاراھەتلەرنىڭ قان ـ يىرىڭلىرىنى تازىلايدۇ، تارقايدىغان بوۋاسىر دانچىلىرىنى يوقىتىدۇ.

6. مىس دېتىنى مىس ھاۋانچىدا ئېزىپ، سىركە ۋە قىز تۇغقان ئايال كىشىنىڭ سۈتى بىلەن ئېرىتىپ، ئاندىن ئېلىپ كۆزگە تارتسا، كۆزنى روشەن ۋە ئۆتكۈر قىلىدۇ، كۆزگە چۈشكەن ئاقنى، پەردىنى ۋە كۆزنىڭ جىيەكلىرىدىكى قىزىللىقنى يوقىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئىچكى تەرەپتىن ئىشلىتىلمەيدۇ، ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] زەھەرلىك بولۇپ ئۈچ گرامدىن ئارتۇق ئىشلىتىلسە، جىگەرگە قاپارتقۇ پەيدا قىلىپ ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قايناق سۇ، سۈت، ياغلىق شورپا.

[ئورۇنباسارى] باراۋەر مىقداردا ئىقلىميا (ئالتۇن ـ كۈمۈش پوقى) ياكى يېرىم مىقداردا شىگرىپ.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن ھەم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن چىقىدۇ.

# قەردمانە

(野孜然 ye zi ran)

[ئەرەبچە نامى] قردما

[پارسچە نامى] تخم نخره

[ئوردۇچە نامى] قردما

[لاتىنچە نامى] Semen lagoecia Cuminoides

[ئىنگلىزچە نامى] Lagoecia Cuminoi Desl

[تونۇش]

بۇ كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ياۋا زىرە بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈك-نىڭ ئۇرۇقى «قەردنامە» ياكى «ياۋا زىرە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۆسۈملۈكى بابۇنە ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ، گۈلى كۆككە مايىل ئاق، ئۇششاق، چېچىلاڭغۇ بولىدۇ. ئۇرۇقى ئۇششاق بولۇپ، تۇخۇمسىمان شەكلىدە پۈرىقى ئۆتكۈر، تەمى ئاچچىق، مېۋىسى قوڭۇرغا مايىل كېلىدۇ (3.43 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بەدەننى قىزىتىش، تېرىنى قىزارتىش، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى تەڭشەش، ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، ئاشقازان، پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، تاش پار-چىلاش، سۈيدۈك، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، قان تازىلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

پالەچ، سەرئى (تۇتقاقلىق) ، ئەزالارنىڭ بوشاپ كېتىشى، كونا يۆتەل، چوڭ ـ كىچىك بوغۇم ئاغرىقى، يانپاش بوغۇم ئاغرىقى، بۆرەكتە ئۇششاق تاش پەيدا بولۇش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، جىگەر ۋە تال توسۇلۇش، ئۈچەي توسۇلۇش، بۆرەك ئاغرىقى، ئاقكېسەل، قوتۇر، قىچىشقاق، قارا داغ، تاز، سەپكۈن قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قەردمانەدىن 10 گرامنى سۇيۇپ تالقانلاپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى قايناق سۇ بىلەن بىرگە بەرسە، پالەچ، تۇتقاقلىق كېسەل، ئەزالار بوشىشىش، يانپاش ئاغرىقى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. كونا يۆتەل بار كىشىلەر ئۈچۈن پايدا قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

2. قەردمانە، ئىزخىر، بەديان ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، جىگەر ۋە تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، ئۇچەي توسۇلۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. قەردمانەدىن 10 گرامنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سىركە بىلەن ئىچىپ بەرسە، سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ.

4. قەردمانەدىن 10 گرامنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سىركە بىلەن قوشۇپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، قوتۇر، قىچىشقاق، قارا داغ، قۇبا، تاز ۋە سەپكۈنگە پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3~1 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سەندەل، بىدىمىشكى.

[ئورۇنباسارى] زىرە، سىيادان.

[چىقىش ئورنى] تاغلاردا، چۆللەردە، باغ ۋە ئېتىز - ئېرىق بويلىرىدا ئۆسىدۇ، ئەرمەنىستان ۋە ھىندىستاندىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىش ئۇد، جاۋارىش ئەنبەر، شەربىتى بەرەس، مەجۇنى بەرەس، سۆپۈپى بەرەس.

## ئالا كۈلۈك

(斑蝥 ban mao)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Mylabris Phalerata

[ئىنگلىزچە نامى] chinese blistering beetle

[تونۇش]

بۇ جەنۇبنىڭ چوڭ ئالا قوڭغۇز ياكى سارغۇچ قارا كىچىك ئالا قوڭغۇزىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ چوڭ - كىچىك ئىككى خىل بولىدۇ، چوڭى ھەرە مىقدارىچە، كىچىكى چىۋىندىن چوڭراق، ياپىلاق ۋە بەتبۇي بولىدۇ، ھۆل ئۆسۈملۈكلەرگە قونۇپ ئولتۇرىدۇ، بۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى چوڭ، ئۇزۇنچاق، بۇغدايدا پەيدا بولغىنىدۇر. ئۇنىڭ رەڭگى سىرىق، قارا ۋە

قىزىل تەرەپكە مايىل، قاناتلىرىدا توغرى سىزىقلىرى بار، بۇنىڭ كۆك، قارا، قىزىل، سېرىق چېكىتلىرى بارلىرىمۇ بار. بۇلار دورىغا ئىشلىتىلمەيدۇ، ئەگەر ئادەمنى چاقسا، ئىختىيارسىز هالدا سۈيدۈك مېڭىپ كېتىدۇ، مۇشۇ خىل قوڭغۇزنىڭ كۆيدۈرۈلگەن تېنى «زارارى» ياكى «ئالاكۇلۇك» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (4.43 ـ رەسىم).

كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى:

ئالدى بىلەن گۈرۈچ ياكى نومى گۈرۈچنى قازانغا سېلىپ قىزىتىپ قورۇپ، ئازراق سۇ پۈركۈپ، گۈرۈچنى قازانغا يېپىشتۇرىمىز، ئازراق ئىس چىققاندىن كېيىن، پۇتى ۋە قانىتى كېسىپ تاشلانغان ئالاكۇلۇكنى ئۇنىڭ ئۈستىگە سېلىپ، ئالاكۇلۇك بىلەن گۈرۈچ توق سېرىق رەڭگە كىرگۈچە قورۇپ ئېلىپ، تاسقاپ سايىدا قورۇتۇپ دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، ئادەتتە هەر ئون جىڭ ئالاكۇلۇك ئۈچۈن ئىككى جىڭ گۈرۈچ ئىشلىتىمىز.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ياغ، رەڭ ماددىسى، چۈمۈلە كىسلاتاسى قاتارلىق تەركىبلەر بار.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تېرىنى قىزارتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، تاشنى پارچىلاش، سۈيدۈك ۋە هەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، زەهەر قايتۇرۇش، چاچ ئۇندۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

جىگەر ئاغرىقى، بەرەس، بەهەق، قارا داغ، قوتۇر، تەمرەتكە، تېرە قۇرغاقلىشىش، سۆگەل، قۇلاق ئاغرىقى، تۇك ۋە چاچ چۈشۈپ كېتىش، سۈيدۈك، هەيز راۋان بولماسلىق قاتارلىق كېسەللەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۆشتە قىلىنغان زارارىهنى مۇۋاپىق مىقداردا سېرىقماي بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچ-سە، جىگەر ـ تال ئاغرىقى، سۈيدۈك يولى تېشى، سۈيدۈك، هەيز راۋان بولماسلىقتا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. كۆشتە قىلىنغان زارارىهنى تالقانلاپ، هەسەل ئارىلاشتۇرۇپ سىرتتىن چېپىپ بەرسە، غالجىرئىت چىشلىۋالغان ئورۇننىڭ زەهىرىنى قايتۇرىدۇ.

3. زارارىهنىڭ پۇت ۋە قاناتلىرىنى ئېلىۋېتىپ، قالغان قىسمىنى بىنەپشە يېغى ياكى زەيتۇن يېغىدا قاينىتىپ قۇلاققا تېمىتسا، قۇلاق ئېغىرلىقى ۋە قۇلاق ئاغرىقىغا مەنپەئەت

قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] بىر گىرامنىڭ 100 دىن بىر قىسمىنى ئۈچكە بۆلۈپ بېرىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] مىقداردىن ئارتۇق ئىشلىتىلسە، ئادەمنى زەھەرلەيدۇ، سۈيدۈك يوللىرىدا يىرىڭلىق چاقا پەيدا قىلىدۇ، قورساقنى ئاغرىتىدۇ، قان سويۇلدۇرىدۇ، سۈيدۈك توسۇلىدۇ، جىنسىي ئەزاغا ئىششىق پەيدا قىلىدۇ، كۆيدۈرۈپ ئاغرىتىدۇ، كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سېرىقچېچەك.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىن چىقىدۇ.

## چالموگرا يېغى

(大风子油 da feng zi you)

[ئەرەبچە نامى] دهن الجزا
[پارسچە نامى] روغن برنجی منگرا
[ئوردۇچە نامى] چاول موگراکی تیل
[لاتىنچە نامى] Oleum Semen Hydnocarpi Antheliminticі
[ئىنگلىزچە نامى] Oil chaulmoogratree Seed
[تونۇش]

بۇ چالموگرا ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك چالموگرا دەرىخىنىڭ ئۇرۇقىدىن جۇۋاز ياكى باشقا ئۇسۇلدا ئېلىنغان يېغىدىن ئىبارەت. رەڭگى سېرىق، پۇراقلىق كېلىدۇ (5.43 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] چالموگرا يېغىنىڭ تەركىبىدە چالموگرا كىسلاتاسى (Chaulmoogric acid)، ھىدروكارپىك كىسلاتاسى (Hydrocarpic Acid) بار. بۇ ئىككىسىنىڭ مىقدارى تەخمىنەن 90% نى ئىگىلەيدۇ.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] چالموگرا يېغى باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش تەسىرىگە ئىگە.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

قاننى جانلاندۇرۇش، تېرىنى قىزارتىش، پارقىرىتىش، قان تازىلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ماخاۋ، بوغۇم ئاغرىقى، تەڭگە تەمرەتكە، قىچىشقاق، ئىكزېما، يىرىڭلىق جاراھەت ۋە ئۆندىن باشقا تېرە كېپەكلىشىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

بۇ ياغ قايىنتىلغان سۇتكە تېمىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ماخاۋ كېسىلىنى داۋالاشتا مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە ئاز دېگەندە ئالتە ئاي داۋاملاشتۇرۇلىدۇ ھەمدە يەنە سىرتتىن مايلاپ تۇرۇلىدۇ، باشقا كېسەللەردە سىرتتىن مايلىسىمۇ ياكى ئۇنىڭ ئوكۇلىنى ئۇردۇرسىمۇ بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2~10 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] يېغىنىڭ پۇرىقى سېسىق بولغاچقا، شىللىق پەردىنى غىدىقلاش تەسىرى كۈچلۈك، ئۇزۇن مۇددەت ئىچىشكە بولمايدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] گۈلىيېغى.

[ئورۇنباسارى] قۇستە يېغى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ تەيۋەن، يۈننەن، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن ھەم ھىندىستان، تايلاند، ۋېيتنام كامبودژا قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

## نۆشۇدۇر

(硇砂 nao sha)

[ئەرەبچە نامى] ملح النار

[پارسچە نامى] نوشادر

[ئوردۇچە نامى] نوشادر نوسادر

[لاتىنچە نامى] Sal Ammoniacum

[ئىنگلىزچە نامى] Salammonice

[تونۇش]

بۇ تەركىبىدە ئاممونىي خلورىد تۇتقان، ئاق رەڭلىك ياكى كۈل رەڭلىك سۈزۈك كرىستال كان تېشىدىن ئىبارەت. بۇ ئاق رەڭلىك، كرىستال بولۇپ، ئادەتتە دانىچىسىمان كېلىدۇ، يەنە ئۆلچەمسىز مونەكسىمان. پارقىراق كېلىدۇ، تەمى قېرىق ھەم ئاچچىق، سۇدا ئاسان ئېرىيدۇ، ئاق رەڭلىك، پارقىراق تەركىبىدە ئارىلاشما كان ماددىلىرى بولمىغانلىرى ياخشىلىرى ھېسابلىنىدۇ (43.6 ـ رەسىم).

www.uyghurkitap.com

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاساسلىقى ئاموننىي خلورىدى بار.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تېرىنى قىزارتىش، بۇزۇق ماددىلارنى تازىلاش، ھەزىمنى ياخشىلاش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، يۆتەل توختىتىش، ئاشقازان ۋە ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، سەپرانى تارقىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باش ئاغرىقى، سۆڭەك سۇنۇقى ۋە چىقىقى، سوزۇلما يۇتقۇنچاق ئاغرىقى، كاناي ياللۇغى، كالتە يۆتەل، كۆكيۆتەل، ھەزىم ئاجىزلىقى، ئاشقازان ياللۇغى، يەرقان، جىگەر ياللۇغى، جىگەر سۇلۇق ئىششىقى، جىگەر چوڭىيىش، بەرەس ۋە چاقا جاراھەت قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. 0.3 گرام نۈشۈدۈرنى چۈچۈكبۇيا سۈيۈقلۇقىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ بەرسە ياكى نۈشۈدۈرنى پۈركسا يۆتەل، گال ئاغرىقى، كاناي ياللۇغى قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. نۈشۈدۈرنى سۇزاپ يېغى بىلەن ئېرىتىپ غار ـ غار قىلسا، ئېغىز پۇراشنى يوقىتىش، گالدىكى تۈرۈپ قالغان زۇلۇك قۇرتنى چىقىرىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ، سۈيۈپ قىلىپ، يەرلىك ئورۇنغا سىپىپ بەرسە ياكى مەلھەم قىلىپ چىپىپ بەرسە، ھەر خىل جاراھەت ۋە چاقىلارنى يوقىتىدۇ.

3. ھەسەل ياكى تۇخۇم يېغى بىلەن نۈشۈدۈر تالقىنىدىن 0.3 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەم قىلىپ يەرلىك ئورۇنغا چىپىپ بەرسە، بەرەسكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] 3 گرامدىن ئېشىپ كەتسە، ئادەمنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت، سېرىقماي.

[ئورۇنباسارى] توغرىغۇ.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ چىڭخەي، گۇاڭدۇڭ، گەنسۇ، سىچۈەن، شىنجاڭ قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلىرىدىن چىقىدۇ، يەنە ھىندىستان، لىۋىيە قاتارلىق چەت ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى كەبەد، ھەببى نۈشۈدۈر.

# سامساق

(大蒜 da suan)

[ئەرەبچە نامى] ثوم

[پارسچە نامى] سير

[ئوردۇچە نامى] لہسن

[لاتىنچە نامى] Bulbus Allii

[ئىنگلىزچە نامى] Garlic Bulb

[تونۇش]

بۇ گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك سامساق (Allium Sativum) نىڭ تەڭگىسىمان غولى بولۇپ، ئاق رەڭلىك، تەمى ئاچچىق، ئۆتكۈر سامساق پۇرىقى بار، «سامساق» ياكى «سوم» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (43.7 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ھۆل سامساقنىڭ ھەر 100 گرامىدا 70 مىللىلىتىر سۇ، بىر گرام ئاقسىل، 0.2 گرام ماي، 23 گرام كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، 0.7 گرام يىرىك تالا، 1.3 گرام كۈل ماددىسى، 5 مىللىگرام كالتسىي، 44 مىللىگرام فوسفور، 0.2 مىللىگرام ۋىتامىن B₁، 0.9 مىللىگرام نىكوتىن كىسلاتاسى، 3 مىللىگرام ۋىتامىن C بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. باكتېرىيىگە قارشى تەسىرى: سامساق تەركىبىدىكى باكتېرىيە ئۆلتۈرگۈچى ئامىل ئاساسلىقى سامساق ئاچچىق ماددىسىدىن ئىبارەت. سامساقنىڭ ئۇچۇچان خۇسۇسىيەتلىك ماددىسى سامساق شىرىسى، سامساق چىلانمىسى ۋە سامساق ئاقسىلى تەجرىبە نەيچىسىدە كۆپ خىل كېسەل پەيدا قىلغۇچى باكتېرىيە، مەسىلەن: مېڭە پەردە ياللۇغى، زەنجىرسىمان باكتېرىيە، تولغاق، چوڭ ئۈچەي كېزىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە نىسبەتەن تورمۇزلاش تەسىرى بار.

2. زەمبۇرۇغقا قارشى تەسىرى: سامساق ئۇچۇچان ماددىسى، سامساق چىلانمىسى ۋە سامساق بوتقىسى بەدەن سىرتىدىكى تەجرىبىدە كۆپ خىل كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى زەمبۇرۇغلارغا نىسبەتەن تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە.

3. پروتوزوئالارغا قارشى تەسىرى: بەدەن سىرتىدىكى تەجرىبە سامساقنىڭ سۇغا چىلان-

ىسى ھەرخىل ئاددىي جاندارلارنى ئۆلتۈرىدۇ.

4. نەسىللىنىش ھۆجەيرىسى ۋە ئۆسمە ھۆجەيرىسىگە بولغان تەسىرى: بەدەن سىرتىدىكى تەجرىبە سامساق تەركىبىنى باكتېرىيە ئۆلتۈرگۈچى ماددىسى چوڭ چاشقان ياكى دېڭىز چوشقىسىنىڭ ئەرلىك ئۇرۇقىنى تېزلا ئۆلتۈرىدۇ.

5. يۈرەك، قان تومۇر سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: سامساقنىڭ يېڭى ياسالغان ياسالمىسىنىڭ زەھەرلىك خۇسۇسىيىتى ناھايىتى ئاز، يۈرەك رىتىمىنى ئاستىلىپ، يۈرەكنىڭ قىسقىراش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. قان تومۇر ئۈچىنى كېڭەيتىپ، سۈيدۈكنى كۆپەيتىدۇ.

6. باشقا تەسىرى: سامساق ياسالمىسىنى ئىچسە قوغۇشۇندىن زەھەرلىنىش ئالامەتلىرىنى ياخشىلايدۇ، بەلكىم بۇنىڭ تەركىبىدە سۇلفىدلانغان ماددا بولغانلىقتىن ئۇنۇم كۆرۈلگەن.

7. بەدەن ئىچىدىكى جەريانى: ئۆسۈملۈك تەركىبىدىكى باكتېرىيە ئۆلتۈرگۈچى ئامىلىنىڭ بەدەندىكى جەريانى سامساق ياسالمىلىرىنى ئىچىپ يېرىم سائەتتىن كېيىن قاندا پەيدا بولىدۇ. ئالتە سائەتتىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن سۈيدۈكتە سىرتقا چىقىشقا باشلايدۇ، ئىچكەندىكى تىل ئاستىغا قويۇلغاندىن ياخشى.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تېرىنى قىزىتىش، پەي، مۇسكۇللارنى قۇۋۋەتلەش، تەرلىتىش، قاننى تازىلاش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، تارتىشىشنى بوشىتىش، يارىلارنى تازىلاش ۋە پۈتتۈرۈش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، يەل تارقىتىش، ھەزىمنى كۈچەيتىش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

تېرىدىكى يىرىڭلىق جاراھەت كودۇمبا، ئۈچەي كېزىكى، گال ئاغرىقى، كۆكيۆتەل، ئۆتكۈر زىققە، ئۆپكە ياللۇغى، كالتە يۆتەل، كاناي شاخچىلىرى كېڭىيىپ كېتىش، ئۆپكە تۇبېركۇليوزى، قورساق ئىسسىلىش، ئىشتىھاسىزلىق، ھەزىم بۇزۇلۇش، پالەچ، لەقۋا، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، تىترىمە كېسەل، بىھوشلۇق، بوغۇم ئاغرىقلىرى، بەل ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سامساقنى يۇمشاق ئېزىپ چىيقانغا تېڭىلىدۇ، ئەگەر يىرىك تېخىچە يېغىلمىغان

بولسا بۇنى ياندۇرىدۇ، ئەگەر يىرىڭ يىغقان بولسا، ئېغىز ئالدۇرۇپ، تازىلايدۇ.

2. بىر ھەسسە سامساقنىڭ سۈيىگە ئۈچ ـ تۆت ھەسسە سۇ قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ يۇسا يارىلارنى تازىلايدۇ، جاراھەتنى پۈتتۈرىدۇ، كۆپ سۇ چىقىپ تۇرىدىغان جاراھەتلەرنىڭ سۈيىنى تارتىدۇ، ئاغرىقىمۇ پەسىيىدۇ.

3. سامساقنى سىقىپ شىرنىسىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا سۇ قوشۇپ ئىچسە ياكى ئۇنى مۇۋاپىق كېلىدىغان شەربەتلەر بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلسا، ئۈچەي كېزىكىنى داۋالايدۇ، چوڭلار ئىككى مىللىلىتىردىن تۆت مىللىلىتىرغىچە، بالىلار ئۇنىڭ يېرىم مىقداردا شۈمۈرسە ياكى سامساق شىرنىسىدىن ھەر ئۈچ ـ تۆت سائەتتە بىر قېتىم 12 ~ 24 گىرام ئىستېمال قىلسا، گال ئاغرىقىنى ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

4. سامساقنى مۇۋاپىق پۇراپ بەرسە، كۆكيۆتەلنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ، باشقا كېسەللەرگىمۇ مۇشۇ ئۇسۇل ئۈنۈم بېرىدۇ.

5. سامساق شىرنىسىنى ھەسەلگە قوشۇپ ئۇزۇن مۇددەت ھەر كۈنى تۆت قېتىم يەپ بەرسە، بەلغەم بوشىتىپ، يۆتەل پەسەيتىدۇ، قورساقنى ئاچۇرىدۇ، كېچىلىرى تەرلەشنىمۇ توختىتىدۇ، بەدەن ئېغىرلىقىنى ئاشۇرىدۇ، ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ، ئومۇمەن تۈبېركۇليوز كېسەللىنى داۋالاشتا مۇشۇ ئۇسۇل ياخشى.

6. سامساقنىڭ ئۆزىنى داۋاملىق ئىستېمال قىلىپ بەرسە يەلنى يوقىتىدۇ، راكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، يۈزنى چىرايلىق قىلىدۇ.

7. سامساقنى كۈنجۈت يېغى بىلەن پىشۇرۇپ، سۈزۈپ، بوغۇملارنى ياغلىسا، بوغۇم ۋە يانپاش ئاغرىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

8. سامساقنى نۆشۈدۈر بىلەن قوشۇپ مەلھەم قىلىپ، ئاقكېسەل ۋە بەھەققە سۈركىسە ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

9. سامساقنى ئېزىپ مائۇلھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا، پالەچ، لەقۋا كېسەللىرىگە ئوبدان پايدا قىلىدۇ.

10. سامساقتا مەجۇن تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا، ئۆپكە كېسەللىلىرى، پەي ۋە نېرۋا كېسەللىرىگە پايدا قىلىدۇ.

11. سامساقنى سىركە قوشۇپ يېسە، ۋابا كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئاۋازنى ساپ

قىلىدۇ، ئۈنتۈغاقلىقنى تۈگىتىدۇ، سوغۇقتىن بولغان دەم تۇتۇلۇشنى ياخشىلايدۇ، زەھەر-لىك ھاشارات چېقىۋالغان ئورۇنغا سۈركىسە، زەھەرنى قايتۇرىدۇ. ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، داۋاملىق يەپ بەرسە ئاق موينى قارايتىدۇ.

12. سامساق، ئەنجۈر، سۇزاپ، ياڭاق قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ سۇيۇپ قىلىپ يېسە، زەھەر قايتۇرىدۇ.

13. سامساقنى زىرە، چىلغوزا بىلەن قايىنتىپ يېسە ياكى چىشنى يۇسا چىشنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

14. سامساقنى قوي سۈتىدە پىشۇرۇپ، يېڭى كالا يېغى ۋە ھەسەل قوشۇپ ھالۋا قىلىپ يېسە، باھنى قوزغايدۇ ۋە قاتتىق قىلىدۇ.

15. سامساقنى يالپۇز بىلەن قايىنتىپ، كىچىك بالىنىڭ بېشىنى ۋە بەدەنلىرىنى يۇسا، پىتنى يوقىتىدۇ.

16. سامساقنى قايىنتىپ ۋاننا قىلسا، بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ~ 4 گرام (پالەچ ئۈچۈن ھەر كۈنى بىردىن ئاشۇرۇپ 40 كۈنگە يەتكەندە 40 نى بېرىپ، 41 ـ كۈندىن باشلاپ ھەر كۈنى بىردىن كېمەيتىپ بىرگە چۈشۈرۈپ يەيدۇ).

[زىيانلىق تەسىرى] كۆپ يېسە، باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ، قاننى كۆيدۈرىدۇ، كۆزنى ئاغرىتىدۇ، بۇۋاسىرغا ۋە خانازىرغا زىيان قىلىدۇ، سەپرانى كۆپەيتىۋېتىدۇ، ھامىلدار ئاياللارغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] يۇقىرىقىدەك ئەھۋال كۆرۈلسە، ئۇنى توسۇش ئۈچۈن سۇ ياكى تۇز بىلەن قايىنتىپ ئۈستىگە قاپاق يېغى ياكى بادام يېغى، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى، سىركەنجۇبىل، ئانار سۈيى قوشۇپ بېرىلىدۇ.

[ئورۇنباسارى] تاغ پىيىزى.

[چىقىش ئورنى] بۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا بىر قەدەر كۆپ تارقالغان بولۇپ، ھەممە جايلاردا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] رەۋغىنى سوم، مەجۇنى سوم.

# خېنىگۈلى ئۇرۇقى
(急性子 ji xing zi)

[ئەرەبچە نامى] بزرالحنا
[پارسچە نامى] تخم حنا
[ئوردۇچە نامى] مہندی بیج
[لاتىنچە نامى] Semen Impatientis
[ئىنگلىزچە نامى] Garden Balsam Seed
[تونۇش]

بۇ خېنىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك خېنىگۈلنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، «خېنىگۈلى ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقى ياپىلاق شەكىللىك ياكى ياپىلاق تېمىنە شەكىللىك، ئۇرۇق پوستى قوڭۇر رەڭلىك ياكى خورمارەڭلىك بولىدۇ. ئۆزى قاتتىق كېلىدۇ. تەمى بىر ئاز ئاچچىق، پۇرىقى سۇس بولىدۇ (8.43 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] بۇنىڭ تەركىبىدە بالسامىناستېرول (Balsaminasterol)، ئاتسىدوم پارتىنارىكوم (Parinaric acid)، ساپونىن، ماي، قەنت، ئاقسىل، ئامىنو كىسلاتاسى، ئۇچۇچان ماي قاتارلىقلارنى تۇتىدۇ.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. بالىياتقۇغا بولغان تەسىرى: خېنىگۈل ئۇرۇقىدىن تەييارلانغان ئىسپىرتلىق ياسالما، قايناتما، چىلانما تېخى ھامىلە بولمىغان ئائىلە توشقىنى ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ بالىياتقۇسىنى قوزغىتىدۇ.

2. ھامىلە بولۇشتىن ساقلاش تەسىرى: كىچىك چىشى چاشقان ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىدىن ئۇدا 20 كۈن ئىستېمال قىلسا، كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ھامىلىدار بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ھەم تۇخۇمدان ھەم بالىياتقۇنىڭ ئېغىرلىقىنى ئازايتىدۇ.

3. زەھەرلىك تەسىرى: ھامىلىدارلىق مەزگىلىدىكى دېڭىز چوشقىسىغا ھەر كىلوگرام ئۈچۈن 3 گرام چىلانمىسى، ھەر سائەتتە بىر قېتىم، جەمئىي ئۈچ قېتىم بېرىلسە، بىر نەچچە كۈن ئىچىدە بالا چۈشمەيدۇ، ئائىلە توشقىنىغا شۇ مىقداردا بېرىلسىمۇ ھېچقانداق ئالامەت كۆرۈلمەيدۇ.

[تەبىئىتى] ىىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قاننى جانلاندۇرۇپ، تىرىگە رەڭ پەيدا قىلىش، پەي ـ مۇسكۇللارنى قۇۋۋەتلەش، بەل ھەيدەش، قان ئايلىنىشنى ياخشىلاش، سۆڭەك ئاغرىقىنى توختىتىش، راك ھۈجەيرىلىرىنى تورمۇزلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

بەرەس، بەھەق، يىقىلىپ زەخىملىنىش، بوغۇم ئاغرىقلىرى، بەل ـ پۇت ئاغرىقى، لىمفا سىل كېسەللىكى، بالىلار پارالىچى، قىزىلئۆڭگەچ ۋە سۈت بېزى راكىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قىچا 10 گرام، سامساق 7 گرام، خېنىگۈل ئۇرۇقى 3 گرام، سىيادان 10 گرام، زەيتۇن يېغى 15 گرام، بۇ دورىلاردىن مەلھەم تەييارلاپ، يەرلىك ئورۇنغا تاڭسا، بەرەس بەھەقلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. زىرە، يالپۇز، سۇزاپ ئۇرۇقى 10 گرامدىن، خېنىگۈل ئۇرۇقى 3 گرام، قەردمانە 5 گرامدىن ئېلىپ تالقان قىلىپ يەپ بەرسە، ئاشقازان ـ ئۈچەي كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، ئىسپىغول.

[ئورۇنباسارى] چاقىقائوت ئۇرۇقى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ۋە شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ، كۆپىنچە ئائىلىلەردە، باغلاردا ۋە قورۇلارنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن تېرىلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى بەرەس.

[قوشۇمچە] خېنە دېيىلسە كۆپىنچە خېنە بىلەن خېنىگۈلى ئارىلىشىپ كېتىدۇ، خېنە-غالچەك ئائىلىسىدىكى مەككە خېنىسىدىن ئىبارەت. بۇنىڭ لاتىنچە نامى ۋە خەنزۇچە نامى بولۇپ، بۇ خېنىنىڭ يوپۇرمىقى، غولى، مېۋە پوستى، (指甲花 Lawsonia inermis) ئۇرۇقى دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ، بۇ ئاساسەن چەت ئەلدىن چىقىدۇ، گۇاڭدۇڭ، فۇجيەن،

گۈاڭشى، تەيۋەن قاتارلىق ئۆلكىلەردە تىكىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، ئوردۇ، پارس، ئەرەب يېزىقىدا كۆرسىتىلگەن خېنە مۇشۇ خىل خېنە بولۇپ، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدا يوق، يەنە بىر خىل خېنە ئاپتونوم رايونىمىزدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدىغان خېنىگۈل بولۇپ، بۇ خېنىگۈل ئائىلىسىدە ئۆستۈرۈلىدىغان ئۆسۈملۈك خېنىگۈل (凤仙花 Impatiens bajsamina) دىن ئىبارەت. بۇ خىل خېنىگۈل ئۇرۇقى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ ئۇرۇقى خەنزۇچە (急性子) دېيىلىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردە بۇ ئۇرۇقنى ئايرىم تونۇشتۇردۇق، گەرچە ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى خېنىگۈل بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ئۆسۈملۈك مورفولوگىيىسى، لاتىنچە، خەنزۇچە ئاتىلىشى، تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. شۇڭا بۇ ئىككى خىل ئۆسۈملۈكنى ھەرگىز ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

## چاققاقئوت

(荨麻草 qian ma cao)

[ئەرەبچە نامى] انجره.
[پارسچە نامى] قريض
[ئوردۇچە نامى] انگن
[لاتىنچە نامى] Herba Urticae Fissae
[ئىنگلىزچە نامى] Nettle Herb
[تونۇش]

بۇ چاققاقئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كەندىر يوپۇرماقلىق چاققاقئوتنىڭ يەر ئۈستى قىسمى بولۇپ، پۈتۈن تېنىدە چاققاق تۈكلىرى بولىدۇ، تېرىگە تەگسە چايان چاققاندەك كۆيۈپ ئاغرىيدۇ، يوپۇرماق ئالىقىنى بەش بۆرجەكلىك، پۇرىقى سۇس، «چاققاقئوت» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (9.43 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] پۈتۈن چۆپىدە ۋىتامىن C، ۋىتامىن K، A ۋە تانىنىن بار.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تېرىنى قىزارتىش، تېرىنى قۇۋۋەتلەش، چۈشكۈرتۈش، يەل تارقىتىش، تارتىشىشنى بوشاشتۇرۇش، قان ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، قان توختىتىش.

www.uyghurkitap.com

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قورساق كۆپۈش، رېماتىزملىق بوغۇم ياللۇغى، يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكى، پۇت ـ قولنىڭ ئۇيۇشۇپ قېلىشى، تۇغۇتتىن كېيىنكى تارتىشىپ قېلىش، بالىلاردىكى چۆچۈش ۋە زەھەرلىك يىلان چېقىۋېلىش، يەلتاشما، بۆرۈن قاناش (ئېشەكيېمى) قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. چاققاقئوت، ئارپېبەدىيان، كۆدە ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن 10 گرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، يەل تارقىتىپ، قورساق كۆپۈشكە شىپا بولىدۇ.

2. چايان، سانجىقئوت يىلتىزى، چاققاقئوتنى يەتتە گرامدىن ئېلىپ، ئېزىپ زەھەرلىك يىلان چاققان ئورۇنغا چاپسا دەرھال زەھەر قايتۇرىدۇ.

3. چاققاقئوت سۈيىنى چىقىرىپ، بۇرۇنغا تېمىتسا بۇرۇن قاناشنى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ～ 12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] زەھەرلىك، تېرىنى زەخىملەندۈرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت.

[ئورۇنباسارى] چاققاقئوت ئۇرۇقى، شەترەنجى.

[چىقىش ئورنى] تاغ ـ داللاردا، يول چېتىدە، يايلاقلاردا، چىمەنلىكلەردە ئۆسىدۇ، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] تەرياقى ئەربەئە، بەرەس شەربىتى.

## چاققاقئوت ئۇرۇقى

## (荨麻子 qian ma zi)

[ئەرەبچە نامى] بزرالقريض - بزرالانجره

[پارسچە نامى] تخم انجره

[ئوردۇچە نامى] انگن کی بیج

[لاتىنچە نامى] Semen Urticae Fissae

[ئىنگلىزچە نامى] Nettleseed

[تونۇش]

بۇ چاقچاقئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كەندىر يوپۇرماقلىق چاقچاقئوت ۋە تار يوپۇرماقلىق چاقچاقئوتنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، ئۇرۇقى يۇمشاق، بىر ئاز ياپىلاق، رەڭگى قارىغا مايىل، پارقىرايدۇ، كۇنجۇتتىن چوڭراق بولۇپ، قارا، پارقىراق بولغانلىرى ئەڭ ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى تېبابىتىمىزدە «تۇخۇمى ئەنجىرە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (10.43 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تېرىنى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تارقىتىش، قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىش، تېرىنى قىزارتىش، سۈيدۈكنى، ھەيزنى ۋە سۈتنى راۋان قىلىش، ئۆپكىنى، ئاشقازاننى تازىلاش، باھنى قۇۋۋەتلەش، بالىياتقۇ، جىگەر ۋە تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

كۆكرەك، ئۆپكە، ئاشقازان كېسەللىكلىرى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەيز توسۇلۇش، ئەمچەكتە سۈت تۇرۇپ قېلىش، تال ۋە بۆرەك كېسەللىكلىرى، بۇرۇن قاناش، باھ ئاجىزلىقى، بەرەس قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

يەتتە گرام چاقچاقئوتنىڭ ئۇرۇقىنى قايىنىتىپ ئىچسە، دېمى سىقىلىش ۋە كۆكرەك كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. كۆكرەكتىكى شىلىمشىق ماددىلارنى تازىلايدۇ.

1. چاقچاقئوت ئۇرۇقىدىن 10 گرام، زاراڭزا چېچىكىدىن 5 گرام ئېلىپ، قايىنىتىپ ئىچىپ بەرسە سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

2. چاقچاقئوت ئۇرۇقى 5 گرام، كەرەپشە ئۇرۇقىدىن 7 گرامدىن ئېلىپ، سوقۇپ، قوي سۈتى بىلەن ئىچسە باھنى قوزغايدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5~10 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۈچەيدە توسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سەمغى ئەرەبى، كەتىرا، چىلان.

[ئورۇنباسارى] قەردىمانە، زاغۇن.

[چىقىش ئورنى] تاغ ـ داللاردا، يول چېتىدە، يايلاقلاردا، چىمەنلىكلەردە ئۆسىدۇ، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىن
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

# تاغ كەرەپشىسى ئۇرۇقى
(呕芹菜子 ou qin cai zi)

[ئەرەبچە نامى] فطراساليون
[پارسچە نامى] كرفس كوهى
[ئوردۇچە نامى] پهارى كرفس كى بيج
[لاتىنچە نامى] Semen Petroselinum Sativum
[ئىنگلىزچە نامى] Garden Paxsley Seed
[تونۇش]

بۇ پىياز ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تاغ چىگىسىي بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «پەتەرئاسالىيۇن» ياكى تاغ كەرەپشىسى ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. زىرىسىگە ئوخشايدۇ، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى ئۆتكۈر كېلىدۇ (43.11 ــ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تېرىنى قىزارتىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تەڭشەش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، يەل تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ھەيزنى راۋان قىلىش، ھامىلىنى چۈشۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

بەرەس، بەھەق، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، ئۇششاق بوغۇملار ئاغرىقى، جىگەر توسۇلۇش، سۈيدۈك ۋە ھەيز تۇتۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تاغ كەرەپشىسى ئۇرۇقى يەتتە گرام، سۆرۈنجان 10 گرام، بەدىيان 15 گرام، دورىلارنى قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچسە، بوغۇم ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. تاغ كەرەپشىسى ئۇرۇقى 10 گرام، قىچا 7 گرام، چاقىقائوت ئۇرۇقى 10 گرام، دورىلارنى سوقۇپ سۈپۈپ قىلىپ ئىچسە، ئاقكېسەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. تاغ كەرەپشىسى ئۇرۇقى 10 گرام، قىچا 7 گرام، چاقىقائوت ئۇرۇقى 10 گرام، دورىلارنى سوقۇپ سۈپۈپ قىلىپ ئىچسە، ئاقكېسەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5~10 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقچان كىشىلەردە باش ئاغرىتىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] كاسىنە ئۇرۇقى.
[ئورۇنباسارى] سامساق.
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاغلىرىدىن چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] بۇزۇرى شەربىتى.

## ئاق قىچا ئۇرۇقى
(白芥子 bai jie zi)

[ئەرەبچە نامى] خردل ابيض
[پارسچە نامى] سپندان
[ئوردۇچە نامى] رائى سفيد
[لاتىنچە نامى] Semen sinapis
[ئىنگلىزچە نامى] White Mustard Seed
[تونۇش]
بۇ كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئاق قىچىنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، شار شەكىللىك، سىرتى كۈل رەڭگە مايىل ئاق رەڭلىك، پۇراقسىز، تەمى ئاچچىق، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان پىششىق ئۇرۇقى «ئاق قىچا ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (43.12 ـ رەسىم).
[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە ئىككى يېرىم پىرسەنت ئەتراپىدا سىنالبىن (sinalbin)، روزىن (myrosin)، سىناپىن (sinapine) ۋە 20~26% ماي بار.
[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئاق قىچا گلۇكوزىدىنىڭ ئۆزىدە غىدىقلاش تەسىرى يوق. سۇغا يولۇققاندىن كېيىن مىروزىننىڭ رولى ئارقىلىق ئۇچۇچان ماي ھاسىل بولىدۇ.
ئاق قىچىنىڭ سۇغا چىلانغان سۇيۇقلۇقى تەجرىبە نەيچىسى ئىچىدە بىنەپشە رەڭلىك كۆك تەمرەتكە زەمبۇرۇغىنى تورمۇزلايدۇ.
[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
تېرىنى قىزارتىش، تېرىنى پارقىرىتىش، تېرىنى، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، مېڭە،

ئاشقازان ۋە باشقا ئەزالاردىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى يوقىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، تۇسالغۇ-
لارنى ئېچىش، تەرەتنى يۇمشىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئاقكېسەل، تېرىدىكى يىرىڭلىق قوتۇر، كونا جاراھەت، بويۇن بەز شىشى، سەۋدا مەنبەلىك قاتتىق ئىششىقلار، پالەچ، لەقۋا، رېماتىزم، يانپاش ئاغرىقى، ئۆپكە يىرىڭلىق ئىششىقى، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى، زۇكام، جىگەر ئاغرىقى، ئىشتىھاسىزلىق، تال ئاغرىقى، مەددە قۇرت كېسەللىكى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قىچا 10 گرام، سامساق 7 گرام، سىيادان 10 گرام، زەيتۇن يېغى 15 گرام، مەلھەم تەييارلاپ، يەرلىك ئورۇنغا تاڭسا بەرسە، بەھەققە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. يالپۇزنى شاراب بىلەن قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، ئۈچەيدىكى قۇرتلارنى چۈشۈرىدۇ.

3. ئەنجۈر بىلەن قوشۇپ خېمىر قىلىپ چاپسا، يانپاش ۋە بوغۇم ئاغرىقىغا ھەم تەڭگىسىمان چاچ چۈشۈشكە پايدا قىلىدۇ. ، سىركە بىلەن قوشۇپ چاپسا، يىرىڭلىق قوتۇرغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. ئاقىرقەرھا، قىچا، سۆئلەب، شاقاقۇل قاتارلىقلاردىن 10 گرامدىن، تۇخۇم سېرىقىدىن 3 دانە بىرلەشتۈرۈپ بەرگەندە، باھنى قۇۋۋەتلەش، بۆرەكنى سەمرىتىش خۇسۇسىيىتىنى بېرىدۇ.

[ئىشلىتىلىش مىقدارى] 3 ～ 5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كاسنىە، لىمون سۈيى، ئەينۇلا.

[ئورۇنباسارى] ھەببى رىشات، زاغۇن ئۇرۇقى، ئادراسمان.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. ئاساسلىقى مەملىكىتىمىزنىڭ ئەنخۇي، سىچۈەن رايونلىرىدىن، ياۋروپا، ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى رايونلاردىنمۇ چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئاشقازاننى قىزىتقۇچى جاۋارىشلارغا، سىيادان ئوكۇلىغا چۈشۈرىدۇ.

# كالىي زىره
(驱虫班鸠菊 qu chong ban jiu ju)

[ئەرەبچە نامى] كمون كرمانى
[پارسچە نامى] زيره دشتى
[ئوردۇچە نامى] كالى زيره
[لاتىنچە نامى] Fructose Vernoniae
[ئىنگلىزچە نامى] Kinkaoil Ironweed
[تونۇش]

بۇ مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى بىر - ئىككى مېتىر، غولى تىك ئۆسىدىغان، يۇقىرى قىسمى كۆپ شاخلايدىغان، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كالىي زىرىسى بولۇپ، كونۇس شەكىللىك، تەمى ئاچچىق، پۇراقلىق، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى (ئۇرۇقى) «كالىي زىره» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (13.43 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] مېۋىسىدە ۋېرنىك كىسلاتا (Vernonic acid)، ۋېرنولېپىن (Vernolepin)، ۋېرنودولىن (Vernodolin)، ئائورگانىك تەركىب، كۆپ مىقداردا كالىي، ناترىي، كالتسىي، ماگنىي، فوسفور قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] پۈتۈن چۆپى سازاڭ قۇرتىنى چۈشۈرىدۇ ھەمدە ياللۇغ قايتۇرۇش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى سۈرۈش، تېرىنى قۇۋۋەتلەش، مەددىنى چۈشۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش، تېرىنى قىزارتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق ياندۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەر خىل ئىششىق، ئۈچەي مەددە قۇرتى، چوڭ بوغۇم ئاغرىقى (مۇپاسىل)، بەرەس قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. 1 ~ 3 گرام كالىي زىره سۇيۇقىنى ئىچسە، ئۈچەيدىكى ھەر خىل قۇرتلارنى

www.uyghurkitap.com

ئۆلتۈرىدۇ ۋە چۈشۈرىدۇ، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تازىلايدۇ.

2. كالىي زىرىنى يۇمشاق سوقۇپ قاتتىق ئىششىقلارغا تېڭىپ بەرسە، ئىششىقنى تارقىتىدۇ، سوزۇلما تەپلەرنى قايتۇرىدۇ، مۇپاسىل ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ.

3. كالى زىرە بىلەن سىيادانىدىن 5 گرامدىن ئېلىپ، قۇستە يېغى ئارىلاشتۇرۇپ، مەلھەم قىلىپ، يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، بەرەس كېسەللىكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ~ 5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] تاغ يالپۇزى.

[ئورۇنباسارى] زىرە، رۇم بەدىيان، ئارپىبەدىيان.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، ھىندىستان ۋە پاكىستان قاتارلىق ئەللەردە ياۋا ھالدىمۇ ئۆسۈپ قالىدۇ ياكى تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى كالىي زىرە، مەجۇنى كالىي زىرە، كالىي زىرە ئوكۇلى.

## جىنكېۋىزى ئۇرۇقى

(补骨脂 bu gu zhi).

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى] باكچى

[لاتىنچە نامى] Fructus Psoralae

[ئىنگلىزچە نامى] Fruit of Malaytea Scurfpea

[تونۇش]

پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك جىنكېۋىزى (Psoralea Corylifolia) نىڭ پىشقان مېۋىسىنى سوقۇپ، ئايرىۋېلىنغان ئۇرۇقى «جىنكېۋىزى» ياكى «بابچى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقى ياپىلاق، ئېللىپس شەكىللىك ياكى بۆرەككە ئوخشايدۇ، سۇس خورمارەڭ، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى سەل خۇش پۇراق بولىدۇ (43. 14

- رەسىم) .

[خىمىيىلىك تەركىبى] مېۋىسىدە تەخمىنەن 20% ئۇچۇچان ماي، ئورگانىك كىسلاتا، مېتىل گلۇكوزىدى، ئىشقاردا ئېرىتكۈچى رېزىنا، ئۇچمايدىغان تىرپان يېغى، ساپونىن، ئىزوپسورالىن (Isopsoralen) ، باۋاخىن (Bavahin) ، باۋاخىنىن (Bavachenin) ، ئىزوباۋ-خىن، ئۇچۇچان ياغ، رېزىنا، مايلىق ياغ قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. يۈرەك قان تومۇر سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: جىنكېۋىزى تەركىبىدىكى ئىزوپسورالىن تاجسىمان قىزىل قان تومۇرىنى كېڭەيتىدۇ.

2. باكتېرىيىگە قارشى تەسىرى: باپچى ئۇرۇقىدىن ئېلىنغان سۇيۇقلۇق تەجرىبە نەيچىسىدە ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىدىن تارتىپ، پېنىتسىللىن قاتارلىق ئانتىبىئوتىككە قارشى ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىسىنى تورمۇزلايدۇ، باپچى مىكروب ئۆستۈرۈش تەجرى-بىسىدە زەمبۇرۇغقا قارشى مەلۇم تەسىرى بار. ئۇرۇقنىڭ نېفىت ئىستىرى بىلەن ئېلىنغان سۇيۇقلۇقى سازاڭ مەددىنى تورمۇزلايدۇ. شۇڭا قۇرت چۈشۈرۈش رولى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تېرىنى قىزارتىش، تېرىگە جۇلا بېرىش، قان تازىلاش، ماددىلارنى يۇمشىتىش، ئۇچەي-دىكى قۇرتلارنى يوقىتىش، يەل ھەيدەش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى سۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

جوزام، بەھەق، بەرەس، داغ، قىچىشقاق، تەمرەتكە، سۇلۇق ئىششىقلار، مەددە قۇرت كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. جىنكېۋىزى ئۇرۇقى، ئانارگۈلى، گىل ئەرمىنى، گۈڭگۈرت قاتارلىق دورىلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، بىر كېچە چىلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ سۈزۈك سۇيىنى كېسەلگە ئىچكۈزۈپ، ئاستىدا قالغان قىسمىنى بەرەس بار يەرگە زىمات قىلىپ بەرسە، بەرەسكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئارەندى يېغى 10 گرام، جىنكېۋىزى ئۇرۇقىدىن 7 گرام ئېلىپ مەلھەم تەييارلاپ، يەرلىك ئورۇنغا چاپلاپ بەرسە، بەرەس، بەھەقلەرگە شىپا بولىدۇ.

3. پىلپىل 5 گرام، زەنجىۋىل 5 گرام، پىننە 5 گرام، جىنكېۋىزى ئۇرۇقى 5 گرام،

سىيادان 5 گرامدىن ئېلىپ چايلىق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، بەرەس، بەھەقتىيكى ھەزىم ناچارلىقىغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] قورساقنى ئىيسىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە، بەدىيان.

[ئورۇنباسارى] سىيادان.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ سىچۇەن، خېنەن، جياڭشى، ئەنخۇي، شىنجاڭ قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى بەرەس، شەربىتى بەرەس.

## ئوردان

(茜草根 jian cao gen)

[ئەرەبچە نامى] عروق الصبغ

[پارسچە نامى] روناس

[ئوردۇچە نامى] رو

[لاتىنچە نامى] Radix Rubia cordifolia

[ئىنگلىزچە نامى] Indian madder Root

[تونۇش]

بۇ، ئوردان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ياماشقۇچى پىلەكلىك ئۆسۈملۈك ئوردان (Rucia Cordifolia) ۋە ياۋروپا ئوردانى (Rubia tintorum) بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى ۋە يىلتىزسىمان غولى «ئوردان» نامىدا بەزىدە «رويان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يىلتىزسىمان غولى تۈگۈنچە شەكىللىك غۇجمەك بولۇپ ئۆسىدۇ. يىلتىزى سىلىندىر شەكىللىك، سىرتى قوڭۇر رەڭلىك ياكى قارامتۇل بىنەپشە رەڭلىك پوستى ئاجراپ كەتكەن، سىرتى توق سارغۇچ قىزغۇچ سارغۇچ قىزىل رەڭدە، تەمى سەل تاتلىق، پۇراقسىز كېلىدۇ (15.43 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئوردان تەركىبىدە پۇرپۇرىن (Purpurin)، پۇرپۇروكسانتىن (Purpuroxantnin)، ئالىزارىن (Alizarin) ۋە ئوردان كىسلاتاسى، پسېۋدوپۇر ـ پۇرىن

(Pseodopurpurin) قاتارلىق ئانتراكوينون خىلىدىكى تەركىبلەر بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] قان توختىتىش، ئاق قان دانچىلىرىنى كۆپەيتىش، يامان سۆپەتلىك ئۆسمىلەرگە قارشى تۇرۇش، يۈرەك تىقىلمىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بۆرەككە تاش چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، باكتېرىيىگە قارشى تۇرۇش رولى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تېرىگە رەڭ بېرىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، جىگەر ۋە تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، تېرىنى، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، تېرىنى پارقىرىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، پەي ـ مۇسكۇللارنى قۇۋۋەتلەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئاق كېسەل، سۈيدۈك ۋە ھەيز تۇتۇلۇش، جىگەر ۋە تال توسۇلۇش، سېرىقلىق چۈ-شۈش، بوغۇم ئاغرىقى، پالەچ، لەقۋا، تىترىمە كېسەل قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئوردان، سۆرۈنجان، بەدىيان قاتارلىقلار 10 گرامدىن، سانادىن 15 گرام ئېلىپ سۇپۇپ تەييارلاپ ئىچسە، بوغۇم ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئوردان، ئاقىرقەرھا، ئېگىر، كاسىنە يىلتىزى 10 گرامدىن، ئىزخىر 15 گرام، ھەسەل 200 گرام ئېلىپ مائۇل ھەسەل تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، پالەچ، لەقۋا، رەئشە قاتارلىق كېسەللەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئۈچ گرام ئوردان سۇپۇپىنى ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە، سېرىق چۈشۈش كېسەللىكلىرى ئۈچۈن مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] دوۋساقا زىيان قىلىدۇ ھەم كۆپ ئىشلەتسە، سۈيدۈكتە قان كەلتۈرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، رۇم بەدىيان.

[ئورۇنباسارى] دارچىن، كاۋاۋچىن.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ سەنشى، جياڭشى، ئەنخۇي، خېنەن، شىنجاڭ قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن، ياۋروپا، ئوتتۇرا دېڭىز، ھىندىستان، پاكىستان، رۇسىيە قاتارلىق ئەللەر-دىن چىقىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قارا خەربەق

(铁筷子 tie kuai zi)

[ئەرەبچە نامى] خربق اسود

[پارسچە نامى] خربق سيا

[ئوردۇچە نامى] كالاكچلا

[لاتىنچە نامى] Radixet Rhizoma Helle bori Thibetani

[ئىنگلىزچە نامى] Tibetam Helle bore Root And Rhizomi

[تونۇش]

بۇ ئېيىقتاپانلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك خەربەقنىڭ يىلتىزى بولۇپ، رەڭگى قارا، بوغۇملۇق، ئوتتۇرىسى كاۋاك، تولىراق يۇمىلاق، ئىنچىكە كېلىدۇ، يوپۇرمىقى چىنارنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، تېنى قىسقا، گۈلى ئاق، قىزىلغا مايىل، بۇغداي بېشىغا ئوخشايدۇ، مېۋىسى زاراڭزىنىڭ دانىسىغا ئوخشايدۇ، يىلتىزىنىڭ ئاچچىقلىقى ئاق خەربەقتىن كەمرەك، لېكىن قۇۋۋىتى ئۆتكۈر، خەتەرلىك، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىز قىسمى تېبابەتتە «قارا خەربەق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (43 .16 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] يوپۇرمىقى بىلەن ئۇرۇقداش بولغان ئۆسۈملۈك (Helleborushiger) نىڭ يىلتىزى ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى خېللېبرىن (Hellebrin) ۋە خېللبرىگېن (Hellbrigen) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. بۇنىڭدىن ئاجرىتىپ ئېلىنغان خېللىرىن تېپىك ھالدا دىگىتالىسقا ئوخشاش يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ. شىللىق پەردىلەرگە نىسبەتەن غىدىقلىنىش تەسىرى خېلى كۈچلۈك.

2. خەربەقنىڭ ئىنسانلارنىڭ تېرە راكى ھۈجەيرىسىنى تورمۇزلاش رولى بار.

3. خېللىبرىن (Hellbrein) نىڭ شىللىق پەردىلەرنى غىدىقلاش رولى يوق ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش تەسىرىمۇ يوق، ئۇنى تىل ئۈستىگە قويسا، جەۋرارغا ئوخشاش ھوشسىزلاندۇرىدۇ.

4. خېللىبرىن قىزىل قان تومۇر ۋە قىل قان تومۇرلارنى تارايتىدۇ، لېكىن يەڭگىل

دەرىجىدە كۆك قان تومۇرنى كېڭەيتىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تېرىنى قۇۋۋەتلەش، قەي قىلدۇرۇش، كۈچلۈك دەرىجىدىكى سۈرگە دورا بولۇپ، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى سۈرۈش، سۈيدۈك ھەيدەش، قۇرت ئۆلتۈرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، تىرەڭ ماددىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ساراڭلىق، ئومۇمىي بەدەن سۇلۇق ئىششىقى، يەرقان، باش ئاغرىقى، شەقىقە، كۆزگە سۇ چۈشۈش، كۆكرەككە سۇ چۈشۈش ۋە بەزگەك، ئاقكېسەل (بەرەس)، تەمرەتكە قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئاق خەربەقنى بىر قانچە كۈن تاتلىق نەرسىلەرگە چىلاپ قويۇپ، پوستى ئېلىنغان ئارپا ياكى ماش بىلەن قايىنىتىپ ئۇنىڭ سۈيىنى ئىچسە، زەھەرسىز بولىدۇ، قارا خەربەقنى ئىچكى ئەزالارنى تازىلاش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ، ياشانغان كىشىلەرگە بەرسە، مىزاجىنى ياش كىشىلەرنىڭ مىزاجىغا يېقىن قىلىدۇ.

2. قارا خەربەقنى سىركەنجىۋىلگە چىلاپ ياكى تاتلىق شارابقا چىلاپ، ئاندىن قايىنىتىپ، سۈزۈپ، يەككە ھالەتتە ياكى توخۇ شورپىسى بىلەن ئىچسە، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم، سەپرا ۋە سەۋدا خىلتلىرىنى سۈرىدۇ، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى چىقىرىشتا سوقمۇنىيادىن كۈچلۈك ۋە زەرەرسىزدۇر.

3. قارا خەربەقنى خېمىر قىلىپ ئاق داغ ياكى سۆگەلگە چاپسا پايدا قىلىدۇ، جاراھەتلەرنىڭ بۇزۇق، ئارتۇق گۆشلىرىنى يوقىتىدۇ، زەرداب ئېقىپ تۇرىدىغان ناسۇرلارغىمۇ پايدا قىلىدۇ.

4. قارا خەربەقنى قايىنىتىپ، زەھەرلىك ھاشاراتلار بار جايغا چاچسا، ھاشاراتلار قاچىدۇ.

5. قارا خەربەقنى بۇغدايغا ئوخشاش ئۇزۇقلۇق دانلارنى خەربەق سىپاھىنىڭ قايىنىتىلغان سۈيىگە چىلاپ، ئۈچار جانىۋارلارغا بەرسە ئۆلتۈرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

6. قارا خەربەق، موم، كۆندۈر ياكى زەيتۇن يېغى، سۆيىلەن قوشۇپ قوتۇر كېسىلىگە چاپسا پايدا قىلىدۇ.

7. قارا خەربەق 10 گرام، غارىقۇن، ھېلىلە 7 گرامدىن، بەلىلە 10 گرام، ئامىلە 10 گرام، سانا 15 گرام، رۇم بەدىيان 10 گرام، تەرەنجىبىن 20 گرام، سىپىادان 10 گرام، شېكەر 30 گرام ئېلىپ، بۇ دورىلارنى مەتبۇخ تەييارلاپ بەرسە، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى سۈرۈپ ئاق كېسەلگە شىپا بولىدۇ.

8. گۈڭگۈرت سېرىقى 5 گرام، قارا خەربەق 3 گرام، شەپەرەڭ مايىقى 10 گرام، دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ مەلھەم قىلىپ چاپسا تېرىدە خال پەيدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.7 ~ 0.2 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] بۇنى ئىشلىتىش مىقدارىدىن ئاشۇرۇپ يېسە، ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ (ئادەتتە بۇنىڭ سەككىز گرامى بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ)، ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە ۋە بۆرەككە زىيان قىلىدۇ. بەدىنى ئاجىزلارغا ۋە ھامىلىدارلارغا بېرىلمەيدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، يالپۇز.

[ئورۇنباسارى] دۇقۇ، تاغ كەرەپشىسى ئۇرۇقى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ سىچۈەن، جياڭشى، گەنسۇ قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن ھەم ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ياۋروپادىن چىقىدۇ.

## كۈنجۈت يېغى

(芝麻油 zhi ma you)

[ئەرەبچە نامى] دهن السمسم

[پارسچە نامى] روغن کنجد

[ئوردۇچە نامى] تل کا تیل

[لاتىنچە نامى] Oleum Sesami

[ئىنگلىزچە نامى] benne oil

[تونۇش]

بۇ زىغىر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك كۈنجۈتنىڭ پىشقان ئۇرۇقىدىن جۇۋاز بىلەن ئېلىنىدۇ.

غان يېغىدىن ئىبارەت، رەڭگى سۇس سېرىق رەڭلىك ياكى ئالتۇن رەڭلىك، مايسىمان سۇيۇقلۇق، تەمى سۇس، پۇراقلىق بولىدۇ (43 .17 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] كۈنجۈتنىڭ قارا رەڭلىك ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە 60% مايلىق ياغ بار، ياغنىڭ ئاساسلىق تەركىبى ماي كىسلاتاسى، زىغىر كىسلاتاسى خاسىڭ كىسلاتاسى، سېسامىن (Sesamin)، سېسامولىن (Sesamolin)، سېسامول (Sesamol)، ۋىتامىن E قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، ئۇرۇقىدا يەنە ياپراق كىسلاتاسى، نىكوتىن كىسلاتاسى، ئاقسىل، كۆپ مىقداردا كالتسىي قاتارلىقلار بار.

ئاق رەڭلىك كۈنجۈت يېغىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى 48% ماي كىسلاتاسى، 37% زىغىر كىسلاتاسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يەنە ۋىتامىن E ۋە سېسامول قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] بۇنىڭ تەركىبىدە تۇتقان سېسامىن پىرىتىرىننىڭ كۈچەنى ئاشۇرغۇچى تەسىرىگە ئىگە. ئەگەر ئاقىرقەرھا ياسالمىسىغا بەش پىرسەنت كۈنجۈت يېغى قوشۇۋېتىلسە، ئۇنىڭ قۇرت ئۆلتۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە هۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تېرىنى ئوزۇقلاندۇرۇش، سۈت، مەنىي پەيدا قىلىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، ھەيزنى راۋان قىلىش، بەدەننى سەمرىتىش، تېرىنى يۇمشىتىش، بوۋاسىرنىڭ قانىشىنى توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قۇرۇق يۆتەل، زىققە، گالنىڭ يىرىكلىكى، بوۋاسىر، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، تەمرەتكە، تېرە كېپەكلىنىش، ھەيز توسۇلۇش، پالەچ، لەقۋا ۋە بوغۇم ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۈنجۈت يېغى بىلەن توخۇنىڭ شورپىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىستېمال قىلسا، تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ.

2. شاقاقۇل 15 گرام، كۈنجۈت، سۆئلەپ، تۇدەرى ھەر بىرىنى 10 گرامدىن ئېلىپ، سوقۇپ تالقانلاپ ئىچسە، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. كۈنجۈت يېغى 10 گرام، خىيار شەنبەردىن 15 گرام، سانادىن 10 گرام ئېلىپ، بىرلەشتۈرۈپ شەربەت تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ھەيزنى راۋان قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

4. كۆنجۈت يېغىنى سىرتقى تەرەپتىن مايلىسا، بەدەننىڭ قۇرۇقلۇقىنى ياخشىلاپ، قىچىشىشنى توختىتىدۇ ھەم بوغۇم ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 7 ~ 5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆزۈندا ھەزىم بولىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىياز سۈيى ۋە ئەرقى لىمون.

[ئورۇنباسارى] تاتلىق بادام يېغى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئىترىفىل كەبىر.

## سىيادان

(黑种草子 hei zhong cao zi)

[ئەرەبچە نامى] حبة السوداء

[پارسچە نامى] شونيز- سيادانه

[ئوردۇچە نامى] كلونجى

[لاتىنچە نامى] Semen Nigellae Glanduliferae

[ئىنگلىزچە نامى] Glandular Fennelflower Seed

Glandular Rezene
Çiçek tohumu

[تونۇش]

بۇ ئېيىقتاپانلىقلار ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك سىيادانىنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقى «سىيادان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، ئۈچ قىرلىق، تۇخۇم شەكىللىك، سىرتى قارا، قوپال، ئۆزى قاتتىق، كەسمە يۈزى كۆل رەڭگە مايىل قارا، تەمى ئاچچىق، ئالاھىدە خۇش پۇراق كېلىدۇ (43.18 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقى داماسىنىن (Damascinin)، ئۇچۇچان ياغ تۇتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئامىنوكىسلاتا، سېرولېيىن (Serolein) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئۇرۇقىنىڭ يېغىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن، قالدۇقلىرىنى ئىسپىرت بىلەن ئېلىنغان ماددىنىڭ 20% لىك تىرودى سۈيۈقلۇقى ئىتنىڭ قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىدۇ، توشقاننىڭ ئۈچەي قىسقىرىشىنى تىزگىنلەيدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تېرىنى قۇۋۋەتلەش، تېرە رەڭ ماددىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىششىق ياندۇرۇش، يەل تارقىتىش، ھەيز راۋانلاشتۇرۇش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، چاچ يىلتىزىنى چىڭىتىش، تېرىگە جۇلا بېرىش، سۈت پەيدا قىلىش، سۈيدۈك ھەيدەش، چاچنى قارايتىش، ئاغرىق توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

چاچ ئاقىرىپ كېتىش، بەرەس، قورساق ئېسىلىش، زۇكام، قۇلۇنجى، سۇلۇق ئىششىق، ھەيز تۇتۇلۇش، پەي بوشاپ كېتىش، مېڭە ئاجىزلىقى، ئۈنتۈغاقلىق، پالەچ، تىترىمە كېسەل قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سامساقنىڭ سۈيىنى چىقىرىپ، قىچا، سىيادانىنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ يەرلىك ئورۇندا چاپسا، بەرەسكە شىپا بولىدۇ.

2. پىلپىل، زەنجىۋىل، پىننە، باپچى، سىيادان ھەر بىرىدىن 5 گرامدىن ئېلىپ چايلىق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، بەرەس، بەھەقتىكى ھەزىم ناچارلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. سىيادان يېغىنى قايناق سۇغا تېمىتىپ ئىچكۈزۈلسە ياكى يېغى بىلەن چاچنى مايلىسا، چاچنىڭ ئاقىرىشىنى توختىتىدۇ.

4. خەربەق سىياھ 10 گرام، غارىقۇن 7 گرام، ھېلىلە 10 گرام، بەلىلە 10 گرام، ئامىلە 10 گرام، سانا 15 گرام، رۇم بەديان 10 گرام، تەرەنجىبىن 20 گرام، سىيادان 10 گرام، شېكەردىن 30 گرام مەتبۇخ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، نورمالسىز بەلغەمنى سۈرۈپ، ئاقكېسەلگە شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3~10 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە ۋە بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كۈنجۈت.

[ئورۇنباسارى] قىچا، رۇم بەديان.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سىيادان ئوكۇلى، جاۋارىش شونىز.

www.uyghurkitap.com

# بىلسان يېغى

(麦加没药树脂 mai jia mo yao shu zhi)

[ئەرەبچە نامى] دهن البلسان

[پارسچە نامى] روغن بلسان

[ئوردۇچە نامى] بلسان كى تيل

[لاتىنچە نامى] Oleum Commiphora Opobasamum

[ئىنگلىزچە نامى] Oil mecca myrrhtree

[تونۇش]

بۇ زەيتۇن دەرىخى ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك بىلسان دەرىخىنىڭ ياغىچىنى تىلىپ قويغاندا، شۇ جايدىن ئېقىپ چىققان ياغ بولۇپ، سېرىق رەڭدە، سۈزۈك، تەمى بىمەزە، پۇرىقى سۇس، «بىلسان يېغى» نامى بىلەن دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (19.43 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تېرىنى قۇۋۋەتلەش، زەخمىلەرنى پۈتتۈرۈش، ئاشقازان، جىگەر ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، پەي بوشىشىنى ياخشىلاش، بەلغەم بوشىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئاشقازان ۋە جىگەر ئاجىزلىقى، پالەچ، لەقۋا، يۆتەل، زىققا، ئۆپكە ياللۇغى، سۆزنەك كېسىلى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بىلسان يېغىدىن 10 گرامنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۈتكە قويۇپ ئىچسە، جىگەر ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. بىلسان يېغىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، يەرلىك ئورۇننى ياغلاپ بەرسە، پالەچ، لەقۋا كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئاسارۇن، ئېگىر ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ، بىلسان يېغىدا قائىدە بويىچە مەلھەم تەييارلاپ، سىرتىدىن چاپسا، پالەچ، لەقۋاغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. بىلسان يېغىدىن كۈندە مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىپ بەرسە، سۆزنەككە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1~ 2 گرام.
[زىيانلىق تەسىرى] ھامىلىدار ئاياللارغا بېرىلمەيدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] كاۋا يېغى، ئۇسۇڭ يېغى.
[ئورۇنباسارى] سەندەل يېغى.
[چىقىش ئورنى] مىسىر، سۇرىيە قاتارلىق ئەرەب ئەللىرىدىن چىقىدۇ.

## كۆك ئەمەن
(青蒿 qing hao)

[ئەرەبچە نامى]
[پارسچە نامى]
[ئوردۇچە نامى]
[لاتىنچە نامى] Herba Artemisiae Annuae
[ئىنگلىزچە نامى] Sweet Wormwood Herb
[تونۇش]
بۇ مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كۆك ئەمەن بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يەر ئۈستى قىسمى «كۆك ئەمەن» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (43.20 ـ رەسىم).
[خىمىيىلىك تەركىبى] كۆك ئەمەن تەركىبىدە ئەمەن ئاچلىق ماددىسى، ئۇچۇچان ماي، ئەمەن ئىشقارى (Abrota—nine)، ۋىتامىن A قاتارلىقلار بار.
[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] كۆك ئەمەننىڭ 3 : 1 نىسبەتتىكى ئېرىتمىسى تەجرىبە نەيچىسىدە بەزى تېرە زەمبۇرۇغلىرىغا قارىتا تىزگىنلەش رولى بار.
[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
تېرىنى قۇۋۋەتلەش، قان تازىلاش، ھارارەت پەسەيتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، قاننى تەڭشەش، قان توختىتىش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
ھەر خىل سىل كېسىلى، ئىسسىقتىن بولغان زۇكام، زەھەرلىك ھاشاراتلار چېقىۋېلىش، قوتۇر، چاقا، ھەر خىل قاناشلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۆك ئەمەن، ئالقات يىلتىزى ھەر بىرىدىن 12 گرام، گۈلساماقتىن 20 گرام ئېلىپ قوشۇپ قاينىتىپ ئىچسە، سىلدىن بولغان قىزىتما، ئوغرى تەرلەش ۋە ياز پەسلىدىكى زۇكامغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ھۆل ئەمەننى ئېزىپ سۈيىنى چىقىرىپ ياكى جىژمۇدىن 12 گرام قوشۇپ قاينىتىپ ئىچسە، بۇرۇن قاناشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. كۆك ئەمەن سەككىز گرام، مودەن يىلتىزى پوستىدىن 6 گرام ئېلىپ، قوشۇپ قاينىتىپ ئىچسە، ھەرە چاققاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

4. كۆك ئەمەندىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سۇدا قاينىتىپ، يەرلىك ئورۇننى يۇسا، ھەرە چېقىش، قوتۇر، چاقا قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

5. كۆك ئەمەندىن 12 گرام ئېلىپ سۇدا قاينىتىپ ئىچسە، ئالا قوڭغۇز بىلەن زەھەرلەنگەننىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇقچان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، زىرە.

[ئورۇنباسارى] مودەن يىلتىزى پوستى.

[چىقىش ئورنى] دالىلاردا، يول بويىلىرىدا، ئۆستەڭ ۋە ئېرىق بويىلىرىدا ئۆسىدۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەر خىل زىماتلار.

## شاترەنجى

(白花丹 bai hua dan)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Radix et Folium Plumbaginis zeylanicae

[ئىنگلىزچە نامى] Ceylon Leadword Root or leaf

[تونۇش]

بۇ شاتىرەنجى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق پېلەكلىك چاتقالسىمان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك شاتىرەنجىنىڭ يىلتىزى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «شاتىرانجى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل يىلتىز شاتىرەنجى ھىندى ۋە شاتىرەنجى شامى دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. ئادەتتە شاتىرەنجى ھىندى ئىنچىكە، شاتىرەنجى شامى تومراق بولۇپ، ئوردانغا ئوخشايدۇ، تەمى ئاچچىق، ئۆزى خۇش پۇراق كېلىدۇ (21.43 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] يىلتىزىنىڭ خلوروفوروم بىلەن ئېلىنغان ماددىسىدا پلومباگىن (Plumbagin) بار، يىلتىزىدا يەنە ئاقسىل فېرمېنتلىرى، قومۇش شېكىرى فېرمېنتى گلۇكوزا، مېۋە قەنتى قاتارلىقلار بار، گلۇكوزىد، ئالكالوئىد ۋە شېكەر گلۇكوزىدى قاتارلىقلار يوق.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] پلومباگىن پاقا، كىچىك چاشقان، توشقانغا ئاز مىقداردا ئىشلىتىلسە، مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى قوزغىتىدۇ، چوڭ مىقداردىكىسى قوزغىتىشنى پالەچلەندۈرىدۇ، بۇنىڭ ئەڭ كىچىك ئۆلتۈرۈش مىقدارى پاقىنىڭ ھەربىر گرام بەدەن ئېغىرلىقى ئۈچۈن نۆلدە بەش مىللىگرام، كىچىك چاشقان ئۈچۈن نۆلدە بىر مىللىگرام، توشقان ئۈچۈن كىلوگرامغا ئون مىللىگرام بولىدۇ، يىلتىزىنىڭ خلوروفوروم بىلەن ئېلىنغان ماددىسى ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىگە نىسبەتەن كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە باكتېرىيىگە قارشى رولى بار. نېفىت ئېتېرى بىلەن ئېلىنغان ماددىنىڭ تەسىرى تۆۋەن ئىسپىرت بىلەن ئېلىنغان ماددىنىڭ تېخىمۇ ناچار، سۇدا ئېلىنغان ماددىسىنىڭ باكتېرىيىگە قارشى ئۈنۈمى يوق.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تېرىنى قۇۋۋەتلەش، چىرايىنى پارقىرىتىش، تېرىلەرنى قىزارتىش، غىدىقلاش، پەي - مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، باھنى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى سۈرۈش، ئاۋازنى ساپ قىلىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

پالەچ، لەقۋا، پەي - مۇسكۇللار بوشاپ كېتىش، باھ ئاجىزلىقى، ھەزىم ئاجىزلىقلىرى، بوغۇم ئاغرىقى، بەل ئاغرىقى، بەرەس، بەھەق، قىچىشقاق، تەمرەتكە، تېرە قاسىراقلى-

شىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سامساق 10 گرام، باپچى 7 گرام، شاترەنجى، زەيتۇن يېغىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ مەلھەم تەييارلاپ، يەرلىك ئورۇنغا چېپىپ بەرسە، بەرەس، بەھەقلەرگە شىپا بولىدۇ.

2. ئاقىرقەرھا 10 گرام، قارىمۇچ 5 گرام، شاترەنجى 10 گرام، تۇخۇم سېرىقىدىن ئىككى داندىن ئېلىپ سۇيۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، باھ ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدۇ.

3. هۆماما 10 گرام، شاترەنجى 10 گرام، ئاقىرقەرھا 7 گرام، بەدىيان 10 گرام، تۇربۇت 5 گرام، زەنجىۋىل 10 گرام، ھەسەلدىن ئىككى ھەسسە ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، بەدەندىكى غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى سۈرىدۇ.

4. بوغۇم ئاغرىقى، يانپاش ئاغرىقى، بەل ئاغرىقى قاتارلىقلارغا سىركە بىلەن شۆمشىنى قوشۇپ، يەرلىك ئورۇنغا تېڭىپ بەرسە ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10~2 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئەرەب يېلىمى، مەستىكى.

[ئورۇنباسارى] سىيادان، ئاتىرىلال.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن ھەمدە ھىندىستان، سۈرىيە قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى شاترەنجى، ماددەتۇلھايات، مەجۇنى سوم.

## قىزىل قىچا

(红芥子 hong jie zi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Semen Brassicae Juneeae

[ئىنگلىزچە نامى] Indian mustard seed

[تونۇش]

بۇ كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك قىزىل قىچىنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، پىشقاندا يىغىۋېلىنىدۇ، رەڭگى قىزىل، چامغۇر ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ، تەمى ئاچچىق بولىدۇ (22.43 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] قىزىل قىچا گلۇكوزىدى، قىزىل قىچا فېرمېنتى، قىچا كىسلاتاسى، قىچا ئىشقارى، ماي، ئاقسىل، چاپلىشاڭغۇ ماددا، كۆپ خىل ماي كىسلاتاسى.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئاغرىق پەسەيتىش، تېرىنى قاپارتىش، غىدىقلىنىشقا قارشى تۇرۇش، ئاشقازاننى غىدىقلاپ، ھەزىم قىلىش سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاجرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش.

[تەبىئىتى] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تېرىنى قۇۋۋەتلەش، تېرىنى قىزارتىش، قاننى جانلاندۇرۇش، ئاشقازان ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، بەدەندىكى ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، يەل تارقىتىش، بەدەننى قىزىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئاشقازان ۋە باھ ئاجىزلىقى، ئاقكېسەل، بەھەق، تۇتقاقلىق كېسەل، پالەچ، ئىستىرخا، ھەزىم ئاجىزلاش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قىزىل قىچا بىلەن سامساقنى سوقۇپ، قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، يەرلىك ئورۇنغا چېپىپ بەرسە، بەرەس ۋە بەھەق كېسىلىگە شىپا قىلىدۇ.

2. قىزىل قىچا، سۆئىلەب مىسرى 15 گرامدىن، ئاقىرقەرھا 10 گرام، ھەسەل 120 گرام؛ قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، قاننى جانلاندۇرۇپ، پالەچ، ئىستىرخا ۋە ئاشقازان ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ؛ باھنى قوزغايدۇ ۋە قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 6~3 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] گالنى قۇرۇتىدۇ، ئۇسسۇزلۇق پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] تەمرى ھىندى.

[ئورۇنباسارى] زاغۇن.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى بەرەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# سىيادان يېغى

(黑种草子油 hei zhong cao zi you)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Oleum Semen Sesami Nigrum

[ئىنگلىزچە نامى] Oil Seed of oriental Sesame

[تونۇش]

بۇ ئېيىقتاپانلىقلار ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك سىيادانىنىڭ قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقىنىڭ جۇۋازدا تارتىپ ئېلىنغان يېغىدىن ئىبارەت بولۇپ، قارىغا مايىل قوڭۇر رەڭدە تەمى ئاچچىق، خۇش پۇراق كېلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] تەركىبىدە ئۇچۇچان ياغ تۇتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مايلىق ياغ قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] تېرىنىڭ ماددا ئالمىشىشىنى ياخشىلاش، تۆك خالتىلىرىنى قوزغىتىش، سىلىقلاشتۇرۇش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تېرىگە رەڭ پەيدا قىلىش، تېرىنى قىزارتىش، چاچ قارايتىش، ئىششىق قايتۇرۇش، تېرىگە جۇلا بېرىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

چاچ چۈشۈش، چاچ ئاقىرىش، ئاقكېسەل، گۈللۈك تەمرەتكە، چوڭ - كىچىك بوغۇم ئاغرىقى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سىيادان يېغىدا كۈندە بىر قانچە قېتىم چاچنى مايلاپ بەرسە مۇددەتتىن بۇرۇن چاچ چۈشۈش، چاچ ئاقىرىش كېسەللىكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. سىيادان يېغىغا ئاقىرقەرھا، ئادراسمان ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ تالقىنىنى قوشۇپ،

ئاپتاپتا ئېرىتىپ، سىرتىدىن يەرلىك ئورۇنغا سۈرۈپ بەرسە، قان ئايلىنىشنى جانلاندۇرۇپ، ئاقكېسەل، بوغۇم ئاغرىقى، گۆللۈك تەمرەتكە قاتارلىقلارنى داۋالايدۇ ھەم تېرىگە رەڭ پەيدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقجان كىشلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] گۈل يېغى.

[ئورۇنباسارى] ئامىلە يېغى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] چاچ قارايتىش مېيى.

## گۆڭگۈرت①

(硫磺 liu huang)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يالغۇغ قايتۇرۇش، يەل تارقىتىش، قىزىتىش، تېرىنى قۇرۇتۇش، يۇمشىتىش، قان تازىلاش، ئاغرىق پەسەيتىش، جاراسىم ئۆلتۈرۈش.

## قىزىل سىر②

(朱砂 zhu sha)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

قان تازىلاش، تېرىنى قۇۋۋەتلەش، زەھەر قايتۇرۇش، تۇتۇش، بۇزۇق ماددىلارنى تارقىتىش، قان توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش.

---

① تەپسىلاتى 5 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 5 ـ بابقا قاراڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## كەپرەس①

(轻粉 qing fen)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق (زەھەرلىك).

[خۇسۇسىيىتى]

تېرىنى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈك يولىدىكى تاشلارنى پارچىلاش، قان تازىلاش، قۇرۇتۇش، ئېرىتىش، يەل تارقىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، مەنىي تۇتۇش.

## تەنكار②

(硼砂 peng sha)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

توسالغۇلارنى ئېچىش، تېرىنى قىزارتىش، ماددىلارنىڭ يۇمشىتىش، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، ئىششىق تارقىتىش، بەلغەم بوشىتىش، جاراسىملارنى ئۆلتۈ-رۈش.

## ئەڭلىكئوت③

(紫草 zi cao)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يالللۇغ قايتۇرۇش، قاننىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىش، قاننى جانلاندۇرۇش، تېرىنى قۇۋ-ۋەتلەش، زەھەر قايتۇرۇش.

---

① تەپسىلاتى 5 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 9 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 10 ـ بابقا قاراڭ

## تۇخۇم ئېقى[①]

(鸡子白 ji zi bai)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئۆپكىگە نەملىك يەتكۈزۈش، كېكىردەك خىزمىتىنى راۋانلاشتۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، تېرىنى ئوزۇقلاندۇرۇش، چاچ ئۆستۈرۈش، زەھەر قايتۇرۇش.

## قېرىقىز[②]

(牛蒡子 niu pang zi)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قىزىتما قايتۇرۇش، ھارارەت پەسەيتىش، قان تازىلاش، زەھەر قايتۇرۇش، ئۆپكىنى تازىلاش، ئىششىق ياندۇرۇش، قىزىلنى سىرتقا تەپكۈزۈش، گال ئاغرىقىنى پەسەيتىش (يۇتقۇنچاققا)، زەھەر قايتۇرۇش.

## ئوغرىتىكەن[③]

(刺蒺藜 ci ji li)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش؛ بۆرەكتىكى، ئۆتتىكى تاشلارنى پارچىلاش ۋە توسالغۇلارنى ئېچىش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، يۆتەل توختىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش.

① تەپسىلاتى 11 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 12 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 14 ـ بابقا قاراڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## كەۋرەك[1]

(防风 fang feng)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تەشەننۇچنى بوشىتىش، يالغۇز قايتۇرۇش، يەل تارقىتىش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، ئاغرىق پەسەيتىش.

## كەرۋىيا[2]

(藏茴香 zang hui xiang)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۇمشىتىش، يەل تارقىتىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئۈچەي قۇرتلىرىنى ئۆلتۈرۈش، تېرىنى قىزارتىش، نەپەسنى راۋان قىلىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىشتىھانى ئېچىش.

## قەنبىل[3]

卡马拉（吕宁楸莱粉）ka ma la

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۈچەيدىكى ئۇششاق قۇرت ۋە مەددىلەرنى چۈشۈرۈش، قان تازىلاش، يالغۇز قايتۇرۇش، تېرىنى قۇۋۋەتلەش، شىلىمشىق ھۆللۈكلەرنى ۋە غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى سۈرۈش، سۈيدۈك، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، يىرىڭلىق جاراھەتلەرنى قۇرۇتۇش، جاراھەتنىڭ ئېغىزىنى پۈتتۈرۈش.

① تەپسىلاتى 42 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 16 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 17 ـ بابقا قاراڭ

## چىخگىلىك[1]

(牛皮消 niu pi xiao)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي - مۇسكۇللارنى قۇۋۋەتلەش، ھۆللۈكنى تارقىتىش، يەل ھەيدەش، ئاغرىق توختىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش.

## ئاقىرقەرھا[2]

(除虫菊根 chu chong ju gen)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باش، دوۋساق، تېرە، بۆرەك، ئومۇمىي بەدەن ۋە پەيلىرىنى قۇۋۋەتلەش؛ تىرىسالغۇلارنى ئېچىش، مېڭىنى تازىلاش، بەلغەم بوشىتىش، قىزىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، نېرۋىنى راۋانلاشتۇرۇش، ئەسەبلەرنى قۇۋۋەتلەش.

## بالادۇر[3]

(槚如实 jia ru shi)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

مۇسكۇل ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، يەل تارقىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، تېرىگە رەڭ پەيدا قىلىش، جاراھەتلەرنى قورۇش، بەدەندىكى زىيادە ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، يۇمشىتىش.

---

① تەپسىلاتى 41 - بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 35 - بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 41 - بابقا قاراڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## ئادراسمان ئۇرۇقى[1]

(骆驼蓬子 luo tuo peng zi)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي ـ مۇسكۇللارنى، باھنى قۇۋۋەتلەش، بەدەننى سەمرىتىش، ئىششىق تارقىتىش، پەي ۋە نېرۋىنى كۈچەيتىش، قورساقتىكى قۇرتنى ئۆلتۈرۈش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، يەل ھەيدەش، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى تەڭشەش.

## سۇزاپ[2]

(芸香 yun xiang)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

مېڭە، ئاشقازان ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، ئەقلىنى زىيادە قىلىش، يەل تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، قۇرۇتۇش، تۇتۇش، زەھەر قايتۇرۇش، تېرىنى غىدىقلاش، قىزارتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق تارقىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش.

---

① تەپسىلاتى 41 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 41 ـ بابقا قاراڭ

# قىرىق تۆتىنچى باب داغ، سەپكۈن چۈشۈرگۈچى دورىلار

تېرە قان ئايلىنىشىنى ياخشىلاپ، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى تەڭشەش، تازىلاش ئارقىلىق، داغ ۋە سەپكۈن چۈشۈرۈش تەسىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ داغ ۋە سەپكۈن چۈشۈرگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەرخىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر تەسىرىدىن، تېرىلەرنىڭ تەبىئىي قۇۋۋىتىدە ئاجىزلاش يۈز بەرسە، ئورگانىزمدا تېرە قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىگە ئالاقىدار تۈرلۈك كېسەللىكلەر (داغ، سەپكۈن، بەرەس، بەھەق ···) پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنىڭ ۋاقتىدا ئالدىنى ئالمىغاندا روھىي جەھەتتىن يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. داغ ۋە سەپكۈن يوقىتىدىغان دورىلارنىڭ تۈرى ھەرخىل بولغاچقا، ئىشلەتكەندە مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىش لازىم. داغ ۋە سەپكۈن يوقىتىدىغان دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىي قۇرۇق سوغۇق ياكى ھۆل ئىسسىق بولىدۇ. بۇ خىل دورىلار تېرە ئاستى قان ئايلىنىشىنى ياخشىلاش، تېرىنىڭ تەبىئەت كۈچىنى ئاشۇرۇش، تېرە رەڭ پىگمېنتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، داغ ۋە سەپكۈن چۈشۈرۈش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇ خىل دورىلار داغ ۋە سەپكۈن چۈشۈرگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: چىگىت يېغى، غارغار، نەرگىس گۈلى ئۇرۇقى، كىلېمىل تېشى.

## چىگىت يېغى

(棉子油 mian zi you)

[ئەرەبچە نامى] دهن حب القطن

[پارسچە نامى] روغن پنب دانه

[ئوردۇچە نامى] بنوله کی تیل

[لاتىنچە نامى] Oleum Gossypii Seminis

[ئىنگلىزچە نامى] Cotton Oil

[تونۇش]

بۇ لەيلىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ياكى چاتقال كېۋەزنىڭ پىشقان ئۇرۇقىدىن جۇۋازدا تارتىش ئارقىلىق ئېلىنغان يېغىدۇر. رەڭگى سۇس سېرىق رەڭلىك، تەمى سۇس، پۇرىقى ئاجىز بولىدۇ (1.44 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] مېغىزىنىڭ تەركىبىدە 35—40% كىچە ياغ بار. يېغىنىڭ تەركىبىدە ھەر خىل گىلىتسېرىدلارنىڭ ئارىلاشما ماددىلىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بەدەننى سەمرىتىش، بەلغەم بوشىتىش، داغ، سەپكۈننى چۈشۈرۈش، تېرىنى پارقىرىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، ئوزۇقلۇق بولۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باش ئاغرىقى، سۈت كەملىك، باھ ئاجىزلىقى، يۈزدىكى داغ قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

بۇ ياغ ئىنسانلار تاماق ئېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياغلاردىن بولۇپ، ئۇ زەيتۇن يېغىنىڭ ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ ھەم سىرتتىن مايلاش ئۇسۇلى بىلەن ئىشلىتىلسىمۇ، يۇقىرىقى كېسەللەرگە پايدا قىلىدۇ. ھەر خىل مەلھەملەردە ئاساسىي ياغ ماددىسى قىلىنىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 15 مىللىلىتىر.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە، بەدىيان.

[ئورۇنباسارى] زەيتۇن يېغى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىن چىقىدۇ.

## غارغار

(月桂树 yue gui shu)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Laurus nobilis

[ئىنگلىزچە نامى] baytree, laurel

[تونۇش]

بۇ ئېگىزلىكى 9 ـ 12 مېتىرغىچە ئۆسىدىغان، دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان، قوۋزىقى قارىغا مايىل، يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدىغان، مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرىدىغان بىر خىل ياغاچ غوللۇق دەرەخ بولۇپ، يۇنان خەلقى بۇنى ھۆرمەتلەپ، بۇنىڭ شېخىنى ئۆزى بىلەن ھەمراھ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمالىرى بۇ دەرەخنىڭ ياغىچىدىن تاج قىلىدۇ. بۇ دەرەخنىڭ يوپۇرمىقى سۆگەتنىڭ يوپۇرمىقىدىن يۇمشاق ۋە ئۇستۇنرەك، ئاچچىق، خۇشبۇي، ئەنجۇرنى بۇنىڭ بىلەن ساقلىسا خۇشبۇي قىلىدۇ، بۇ دەرەخ تاغنىڭ ۋە تۇزلەڭلىكنىڭ دەپ ئىككى خىل بولىدۇ، تاغدا بولىدىغىنىنىڭكى يوپۇرمىقىدىن تۇزلەڭلىكتە بولىدىغىنىنىڭ يوپۇرمىقى ئىنچىكرەك بولىدۇ. بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يۇنان تىلىدا «زاقىنى»، پارس تىلىدا «ۋەھمە-شىت» دېيىلىدۇ، بۇ دەرەخ مېۋىسىنىڭ چوڭلۇقى پىندۇق چوڭلۇقىدا بولىدۇ، بۇ مېۋىنىڭ پوستى نازۇك، رەڭگى قارا، مېغىزى ئىككى پارچە بولۇپ، مېغىزىنىڭ رەڭگى سېرىق، ياغلىق، خۇشبۇي كېلىدۇ، كونىرىسا مېغىزىنىڭ رەڭگى قىزىلغا مايىل، رەڭگى تۇتۇق بولۇپ قالىدۇ، قارىسى ناچار، بۇزۇق ھېسابلىنىدۇ، مۇشۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى ۋە يوپۇرمىقى «غارغار» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] يوپۇرمىقى بىر خىل ئۇچۇچان ماي تۇتىدۇ، ماينىڭ ئاساسىي تەركىبى تىسىنبول، تىسرانپول ۋە پىننىلەردىن ئىبارەت. مېۋىسىدىمۇ ئۇچۇچان ماي، سېرولېيىن (Serolein)، ئاقسىل، پىنتوزان قاتارلىقلار بار.

[تەبىئىتى] ئۆزىنىڭ تەبىئىتى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، مېۋىسى يوپۇرمى-قىدىن ئىسسىقراق، پوستى بىلەن مېۋىسىنىڭ تەبىئىتى باشقا ئەزالىرىنىڭ تەبىئىتىدىن قۇرۇقراق، بۇنىڭ يېغى قالغان ئەزالىرىدىن ئىسسىقراق.

[خۇسۇسىيىتى]

داغ ۋە سەپكۈن يوقىتىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم، سەۋدا خىلتىنى تازىلاش، خۇشلۇق كەلتۈرۈش، ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

سەرئى، مالىخولىيا، نېرۋا ئاجىزلىقى، شەقىقە، قان تومۇر توسۇلۇش، سوغۇقتىن

www.uyghurkitap.com

بولغان قۇلاق ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى، كۆكرەكتىكى سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر، ئۆپكە جاراھەتلىرى، كونا يۆتەل، تال، قورساق، جىگەر كېسەللىكلىرى؛ ئۈچەي جاراھەتلىرى، سۈيدۈك ۋە ھەيز راۋان بولماسلىق، باليانقۇ كېسەللىكى، داغ، سەپكۈن قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. غارغار يوپۇرمىقىنى قاينىتىپ سۈيى بىلەن ئېغىزنى يۇسا، چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

2. غارغار يوپۇرمىقى بىلەن ئۇرۇقىنى ھەسەل بىلەن قوشۇپ ياكى تىللا ۋاراق بىلەن قوشۇپ يالانچۇق تەييارلاپ يالىسا، كۆكرەكنىڭ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىرىگە پايدا قىلىدۇ.

3. غارغارنى سىركەنجۇبىل بىلەن يالانچۇق تەييارلاپ يالىسا، كۆكرەكنىڭ ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىرىگە پايدا قىلىدۇ.

4. غارغار ئۇرۇقىنى ھەسەل بىلەن قوشۇپ ئىچسە، قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ، قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، تال، جىگەر ۋە ئۈچەي كېسەللىرىگىمۇ پايدا قىلىدۇ.

5. غارغار يېغىنى ئۈزۈم ھارىقى بىلەن قوشۇپ ئىچسە، جىگەر ئاغرىقىنى يوق قىلىدۇ.

6. غارغار ئۇرۇقىدىن سەككىز گرامنى ئېزىپ سۇ بىلەن ئىچسە، كىندىك ئەتراپىدىكى ئاغرىقلارنى دەرھال پەسەيتىدۇ، بۇنىڭ يېغى ھەيز ۋە سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ.

7. غارغار يوپۇرمىقىنىڭ قاينىتىلغان سۈيىنى ئىچسە، دوۋساق كېسەللىكلىرى ۋە باليانقۇ كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

8. غارغار يوپۇرمىقىنى قاينىتىپ سۈيىدە بەدىنى كۆيمىگۈدەك قىلىپ ئولتۇرسا، بۆرەك، دوۋساق ۋە باليانقۇ كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ.

9. غارغار يېغى بىلەن ياغلانسا، جۇغ - جۇغنى يوقىتىدۇ، زەھەرلىك ھاشاراتلارنىڭ چاققان زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

10. غارغار ئۇرۇقىنى ئېزىپ ھەرە ۋە ھەسەل ھەرىسى چاققان يەرگە سۈركىسە، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، ئۇرۇقى ياكى يېغىنى ئىچسە ياكى يېغى بىلەن ياغلانسا، چوڭ بوغۇملار ئاغرىقى، بەل ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ.

11. غارغار ئۇرۇقىنى ئېزىپ شاراب بىلەن قوشۇپ داغ، سەپكۇنلەرگە چاپسا، داغ ۋە سەپكۇنلەرنى ۋە ئۇنىڭ ئىزىنى يوق قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] يوپۇرمىقى بىلەن ئۇرۇقىنىڭ ئىشلىتىلىشى ئوخشاشلا ئىككى گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۇرۇقى ۋە يېغى ئاشقازاننى بوشاشتۇرۇپ، كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدۇ قۇستۇرىدۇ، كۆكرەككە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، ئەينۇلا.

[ئورۇنباسارى] ھەببۇلمۇلۇك، سازەج، ئەگەر بۇلار تېپىلمىسا ئاچچىق بادام.

[چىقىش ئورنى] بۇ دەرەخ ئەسلى جەنۇبىي ياۋروپا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى ئەللەردىن چىقاتتى، ھازىر ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى شەھەرلەردە ئۆستۈرۈلىدۇ.

## نەرگىس گۈلى ئۇرۇقى

(水仙子 shui xain zi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Seemen Narcissus tazetta

[ئىنگلىزچە نامى] daffadilly seed

[تونۇش]

بۇ تاش سامساق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك نەرگىسنىڭ قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقىدىن ئىبارەت. ئۇرۇقى كۆپ، ياپلاق ئېللىپس شەكىللىك، رەڭگى قارا رەڭدە بولىدۇ، تەمى تېتىقسىز، خۇش پۇراق كېلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھنى قوزغاش، تېرىدىكى داغلارنى چۈشۈرۈش، تېرىگە رەڭ پەيدا قىلىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

www.uyghurkitap.com

باھ ئاجىزلىقى، بەھەق، داغ، سەپكۈن قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. نەرگىس گۈلى ئۇرۇقى 1.5 گرام، چىلغوزا مېغىزى 30 گرام، ئاقىرقەرھا 10 گرام، كاۋاۋچىنى 10 گرام، سۆئىلەپ 20 گرام، سوقۇپ، سۈپۈپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. نەرگىس گۈلى ئۇرۇقى 1.5 گرام، قىچا 10 گرام، سامساق 7 گرام، سىيادان 10 گرام، زەيتۇن يېغى 15 گرام، مەلھەم تەييارلاپ يەرلىك ئورۇنغا تاڭسا، بەرەس، بەھەقلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1~1.5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بىنەپشە، نىلۇپەر.

[ئورۇنباسارى] نەرگىس گۈلى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، فۇجيەن، جياڭسۇ، گۈيجۇ، سىچۈەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ، شىنجاڭنىڭ باغلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، ئۇندىن باشقا يەنە چەت ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەلھىمى نەرگىس.

## كىلىمىل تېشى

(炉甘石 ul gan shi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Calamina

[ئىنگلىزچە نامى] Smithsonite, Calamine

[تونۇش]

بۇ تەركىبىدە سىنك كاربونات بولغان، شەكلى يۇمىلاق ياكى ياپىلاق، رەڭگى ئاق،

يۈزى ئېگىز ـ پەس، ۋەزنى يەڭگىل، ئۆۋالغاق ۋە چۇرۇك مەدەن بولۇپ، بۇنىڭ سۇنۇق يۈزى سۇس خورمارەڭ ياكى ئاقۇچ كۈل رەڭ بولىدۇ (4.44 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاساسلىق تەركىبى سىنك كاربونات، كالتسىي ئوكسىد، قوغۇشۇن، مىس بولۇپ، باشقا ئاز مىقداردا خىمىيىلىك ئېلېمېنتلارمۇ بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] تېرىدىكى ياللۇغلارنى قايتۇرۇش، جاراھەت ئېغىزىنى يۇتتۇرۇش قاتارلىقلار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

داغ، سەپكۈننى چۇشۇرۇش، كۆزنى روشەنلەشتۇرۇش، گۆش ئۆندۇرۇش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

كۆزگە داغ چۈشۈش، كۆز چۆرىسى قىزىرىش، شەلۋەرەش، غەلۋىرەك، ھەر خىل جاراھەت، يەلتاشما، شاپاق يارىسى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كىلىمىل تېشى 50 گرام، دانىكار تۆت گرام، ئېيىقئۆتىدىن 0.4 گرام ئېلىپ، ھەممىسىنى قوشۇپ يۇمشاق سوقۇپ، كۆز بۇرجەكلىرىگە سېپىپ بەرسە، كۆزگە داغ چۈشۈش، كۆز جىيىكى قىزىرىش، شەلۋەرەش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. كىلىمىل تېشى 20 گرام، ستالاكىتىت ۋە كەھرىۋانىڭ ھەر بىرىدىن 12 گرامدىن، كۆك سېغىز 35 گرام، قىزىل سىر 4 گرام. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قوشۇپ يۇمشاق سوقۇپ، جاراھەتكە سېپىپ بەرسە، غەلۋىرەك ئېغىز ئېلىپ، ئۇزۇنغىچە ئېغىزى يۇتمىغەنگە شىپا بولىدۇ.

3. كىلىمىل تېشى، كۆيدۇرۇلگەن گەج ۋە گىلدىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، كۈنجۈت يېغى ياكى ۋازېلىنغا قوشۇپ چاقىلارغا چاپلاپ بەرسە، شاپاق يارىسىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] سىرتتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ، ئىچكى تەرەپتىن ئىشلىتىلمەيدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى]  ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى]  كەتىرا، مەستىكى.
[ئورۇنباسارى]  جاراھەت تېشى.
[چىقىش ئورنى]  قىزىلسۇدىن چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى]  سۇپۇپى سەنگى جاراھەت.

# قىرىق بەشىنچى باب چاچنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار

بەدەندىكى تۈكلەرنى ئوزۇقلاندۇرۇش، چاچ ۋە تۈك يىلتىزىنى چىڭىتىش، قۇۋۋەتلەر تەسىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، چاچنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەرخىل ئىچكى - تاشقى سەۋەبلەردىن تۈك بەزلىرىنىڭ خىزمىتىدە ئاجىزلاش يۈز بەرسە، ئورگانىزمدا تۈك بەزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىغا ئالاقىدار تۈرلۈك كېسەللىكلەر (چاچ چۈشۈش، چاچ ئاقىرىش، قاش، كىرپىك چۈشۈش، چاچ يېرىلىش، چاچ سۇنۇپ كېتىش ...) پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنىڭ ۋاقتىدا ئالدىنى ئالمىغاندا يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. چاچ ۋە تۈك بەزلىرىنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلارنىڭ تۈرى ھەرخىل بولغاچقا ئىشلىتىلگەندە مۇۋاپىق ئىشلىتىش كېرەك. تۈك بەزلىرىنى قۇۋۋەتلەپ، چاچ چىقىرىش خۇسۇسىيىتى بولغان دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق ياكى قۇرۇق ئىسسىق بولىدۇ. بۇ خىل دورىلار چاچ يىلتىزىنى قۇۋۋەتلەش، چاچ يىلتىزىنىڭ ئوزۇقلۇق ماددىلار بىلەن تەمىنلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، چاچ ئۆستۈرۈش، چاچ قارايتىش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار چاچنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇسما يوپۇرمىقى، ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى، شاپتۇل مېغىزى، شاپتۇل مېغىزى يېغى.

خېنە، قارا ھېلە، سىماب، تۇخۇم ئېقى، ئۆرۈك مېغىزى يېغى، ئامىلە، كاۋاۋچىنى، سىيادان.

## ئۇسما يوپۇرمىقى

(大青叶 da qing ye)

[ئەرەبچە نامى] كتم

[پارسچە نامى] وسمه

[ئوردۇچە نامى] نيل، كارى ميندى

[لاتىنچە نامى] Folium Isatisdis

www.uyghurkitap.com

[ئىنگلىزچە نامى] Indigowoad leaf

[تونۇش]

بۇ كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئوسما بولۇپ، رەڭگى يېشىل، تەمى ئاچچىق كېلىدۇ، ئازراق پۇراقلىق، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى «ئوسما يوپۇرمىقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (1.45 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] بۇنىڭدا ئوسما گلىكوزىدى (Isalab)، گلىكوبراسسىن (Glucobrassicin) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئوسما قايناتمىسى pH : 7.0 بولغاندا ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىگە نىسبەتەن كۈچلۈك تورمۇزلاش رولىغا ئىگە. چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسى، تولغاق تاياقچە باكتېرىيىسىگە نىسبەتەن مەلۇم تەسىرى بار. ئۈچەي كېزىكى تاياقچە باكتېرىيىسىگە نىسبەتەن تەسىرى يوق.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

چاچنى قوۋۋەتلەش، پارقىرىتىش، ئىچنى قاتۇرۇش، قورۇش، ماددىلارنى تارقىتىش، چاچ ئۆستۈرۈش، چاچ قارايتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

چاچ ئاقىرىش، چاچ چۈشۈش، قاش، كىرپىك چۈشۈپ كېتىش، گال ئاغرىقى، ئۆتكۈر قىزىتما، باش ئاغرىقى، بوۋاسىر قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئوسما يوپۇرمىقى تۇز سۈيى بىلەن بىرگە باشقا سۈركىسە ياكى كۆيدۈرۈپ بۇي سالسا، بەلغەملىك باش ئاغرىقىنى توختىتىدۇ.

2. ئوسما يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى ئىچسە، قەي قىلدۇرىدۇ ھەم غالجىر ئىت چىشلىۋالغانىنىڭ ئاغرىقىنى يوقىتىدۇ.

3. ئوسما يوپۇرمىقى چاچ بوياشنىڭ ياخشى دورىسىدۇر، ئوسما يىلتىزىنىڭ يېغى بىلەن چاچنى ياغلىسا، چاچ ئۆستۈرىدۇ، چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، چاچنى قارايتىدۇ، بوۋاسىر ۋە مەقئەت كېسەللىكلىرى، سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

4. ئوسما يوپۇرمىقىنى يۇمشاق سوقۇپ، كۆزگە سۈرمە قىلىپ تارتسا، كۆزگە چۈشكەن

سۇنى تارقىتىدۇ.

5. 10 گرام ئۇسما يوپۇرمىقىنى قاينىتىپ، سۈزۈپ ئەرەب يېلىمى قوشۇپ خەت يازىدىغان سىياھنىڭ ئورنىغا ئىشلەتسە بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1~10 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازاننى سوۋۇتىۋېتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قەلەمپۇر، پىننە.

[ئورۇنباسارى] پىننە بەرگى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئۇسما گۇلقەنتى.

## ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى

(苦杏仁 ku xing ren)

[ئەرەبچە نامى] لب مشمش كلاب

[پارسچە نامى] مغز زردآلو تلخ

[ئوردۇچە نامى] کروا خوبانی کی مغز

[لاتىنچە نامى] Semen Armeniacae Amarum

[ئىنگلىزچە نامى] Ansu Apricot Seed

[تونۇش]

بۇ ئەترگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈك مېۋىلىك دەرەخ سىبرىق ئۆرۈك ۋە سىبىرىيە ئۆرۈكى بولۇپ، بۇ ئۆرۈكنىڭ تەمى ئاچچىق، قۇرۇتۇلغان مېغىزى «ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (45 .2 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۆرۈكنىڭ تەركىبىدە ئامىگدالىن (Amygdalin)، ئېمولسىن (Emulsin)، ماي ۋە خولېستېرول (cholesterol)، ئېستىرون (Estrone) ھەم 2 ـ ئېستىرادىئول (2—Estradiol) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] يۆتەل، زىققىنى پەسەيتىش، ئېممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئۆسمىنى كونترول قىلىش، قاندىكى قەنت مىقدارىنى تۆۋەنلىتىش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

چاچنى قۇۋۋەتلەش، چاچ قارايتىش، چاچ ئۆستۈرۈش، ئۆپكە كانايىنى قۇۋۋەتلەش، يۆتەل توختىتىش، بەلغەم بوشىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، ئۈچەينى سىلىقلاش، ئاغرىق توختىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

چاچ چۈشۈش، چاچ ئاقىرىپ كېتىش، زۇكام، يۆتەل، دەم سىقىلىش، قەۋزىيەت، جىگەر ياللۇغى، ھەر خىل يارا، جاراھەت قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سىيادان، ئامىلە يېغى، ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى، شاپتۇل مېغىزىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سوقۇپ ئامىلە يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ چاچقا چاپسا، چاچنى قارايتىدۇ.

2. بادام مېغىزى، زىغىر، ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى قاتارلىقلاردىن 3 گرامدىن ئېلىپ، سۈيۈپ قىلىپ ئىچسە، يۆتەلگە شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1.5 ~ 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] چوڭ تەرەت قاتتىق - سۇيۇق كەلگەنلەرگە بېرىلمەيدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئۆرۈك قوۋزىقىنىڭ سۈيى، كەتىرا، نىشاستە.

[ئورۇنباسارى] ئاچچىق - تاتلىق بادام مېغىزى، شاپتۇل مېغىزى، ئوسما يوپۇرمىقى.

[چىقىش ئورنى] رايونىمىز ۋە ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ھەم چەت ئەلدىن چىقىدۇ.

## شاپتۇل مېغىزى

(桃仁 tao ren)

[ئەرەبچە نامى] لب الخوخ

[پارسچە نامى] مغزی شاپتالو

[ئوردۇچە نامى] آڑوكا بيج

[لاتىنچە نامى] Semen Persicae

[ئىنگلىزچە نامى] Paach Seed

[تونۇش]

بۇ ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك شاپتۇل ۋە ياۋا شاپتۇلنىڭ قۇرۇتۇلغان، تەمى ئاچچىق مېغىزى بولۇپ، شەكلى ياپىلاق، رەڭگى سارغۇچ ئاق، مايلىشاڭغۇ كېلىدۇ (45 - 3 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە ئامىگدالىن (Amygdalin)، ئېمۇلسىن (Emulsin) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] شاپتۇل مېغىزىنىڭ ئىسپىرت بىلەن ئېلىنغان ماددىسى قان قېتىشقا قارشى تەسىرگە ئىگە ھەم ئاجىزراق ھالدىكى قان ئېرىتىش تەسىرىمۇ بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

چاچنى قۇۋۋەتلەش، يۆتەل پەسەيتىش، تەرەت راۋانلاشتۇرۇش، ئۈچەينى سىلىقلاشتۇرۇش، قاننى سۇيۇلدۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، چاچ ئۆندۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەيز تۇتۇلۇش، ھەيز كەلمەسلىك ياكى ھەيز قېنى مونەك ـ مونەك كېلىش، سۈيدۈكتىن قان كېلىش، قورساق ئاغرىقى، قەۋزىيەت، ئۈچەي يارىسى، قۇلاق ئاغرىقى، بوۋاسىر، چاچ چۈشۈپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. شاپتۇل مېغىزى بەش گرام، سىيادان ئۈچ گرام، ئوسما بەش گرام، ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى ئۈچ گرام، دورىلارنى سوقۇپ يېلىم سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ چاچقا چاپسا، چاچ چۈشۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، شاپتۇل مېغىزى قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن ئۈچ گرامدىن، سوقۇپ سۈيۈپ قىلىپ يېسە، قەۋزىيەتكە شىپا بولىدۇ.

3. شاپتۇل مېغىزى ئۈچ گرام، زاراڭزا چېچەكىدىن بەش گرام، ئاغىچىدىن بەش گرامدىن ئېلىپ، قايىنىتىپ ئىچسە، ھەيزنى راۋان قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 6 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرگە ۋە ئاشقازان كېسىلى بارلارغا بېرىلمەيدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# شاپتۇل مېغىزى يېغى

(桃仁油 tao ren you)

[ئەرەبچە نامى] دهن لب الخوخ

[پارسچە نامى] روغن مغز شفتالو

[ئوردۇچە نامى] آڑوکی بیج کے تیل

[لاتىنچە نامى] Oleum Persicae

[ئىنگلىزچە نامى] Peach Seed oil

[تونۇش]

بۇ ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك شاپتۇلنىڭ پىشقان ئۇرۇقىدىن ئېلىنغان مايلىق ياغ بولۇپ، سۇس سېرىق رەڭلىك، ئالاھىدە پۇراقلىق، تەملىك كېلىدۇ (4.45 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] يېغىنىڭ تەركىبىدە ئاساسلىقى ياغ كىسلاتا گلىتسېرىنى بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] قان تومۇرنى كېڭەيتىش، قان نۆكچىسى شەكىللىنىشنىڭ ئالدىن ئېلىش، جاراھەت ئېغىزىنى پۈتتۈرۈش، جىگەر قېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

چاچنى قۇۋۋەتلەش، داغ ۋە سەپكۈننى چۈشۈرۈش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، پارقىرىتىش، چاچ ئۈندۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قۇلاق ئاغرىقى، قەۋزىيەت، داغ، چاچ چۈشۈپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سىيادان، شاپتۇل مېغىزى، ئانار ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ ياغ تارتىپ چاچنى ياغلىسا، چاچ ئۈندۈرىدۇ.

2. ئاچچىق بادام مېغىزىنى سوقۇپ شاپتۇل مېغىزى يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ داغ بار ئورۇنغا چاپسا شىپا بولىدۇ.

**[ئشلتش مقدارى]** مۇۋاپىق مقداردا.

**[زىيانلق تەسرى]** باش ئاغرقى پەيدا قىلىدۇ.

**[تۇزەتكۇچىسى]** چىلان.

**[ئورۇنباسارى]** بادام يېغى.

**[مـمش ئورنى]** شنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چقىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئاچقۇچ


ئابنۇس (2-كىتاب) ........ 371

ئاپتاپپەرەس گۈلى (2-كىتاب) ........ 205

ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقى (1-كىتاب) ........ 352

ئاپتاپپەرەس يوپۇرمىقى (2-كىتاب) ........ 193

ئاپتاپپەرەس يىلتىزى (2-كىتاب) ........ 84

ئاپىلسىن (1-كىتاب) ........ 63

ئات سۈتى قايمىقى (1-كىتاب) ........ 153

ئاتقۇلاق (1-كىتاب) ........ 362

ئاتقۇلاق ئۇرۇقى (2-كىتاب) ........ 305

ئات گۆشى (2-كىتاب) ........ 434

ئات يادا تېشى (2-كىتاب) ........ 400

ئاچچىق ئانار (1-كىتاب) ........ 90

ئاچچىق بادام (2-كىتاب) ........ 187

ئاچچىق بادام يېغى (1-كىتاب) ........ 120

ئاچچىقتاۋۇز (1-كىتاب) ........ 221

ئاچچىق قۇستە (3-كىتاب) ........ 468

ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى (3-كىتاب) ........ 525

ئادەمگىياھ (2-كىتاب) ........ 424

ئادراسمان ئۇرۇقى (3-كىتاب) ........ 441

ئادراسمان ئۇرۇقى يېغى (3-كىتاب) ........ 444

ئادراسمان (3-كىتاب) ........ 445

ئارپا (1-كىتاب) ........ 131

ئارپا ئۇندۇرمىسى (3-كىتاب) ........ 179

ئارپىبەديان (1-كىتاب) ........ 147

ئارپىبەديان يىلتىزى پوستى (3-كىتاب) ........ 177

ئارچا مېۋىسى (2-كىتاب) ........ 202

ئارچا يوپۇرمىقى (1-كىتاب) ........ 367

ئارچا يوپۇرمىقى (1-كىتاب) ........ 396

ئازغان مېۋىسى (2-كىتاب) ........ 315

ئاسارۇن (1-كىتاب) ........ 409

ئاغىچە (2-كىتاب) ........ 199

ئاقاقىيا (2-كىتاب) ........ 328

ئاق بەھمەن (3-كىتاب) ........ 268

ئاق پارپا (3-كىتاب) ........ 414

ئاق تېرەك قوۋزىقى (1-كىتاب) ........ 306

ئاق تىكەن (1-كىتاب) ........ 479

ئاقچەشكە (1-كىتاب) ........ 444

ئاق چوغلۇق (3-كىتاب) ........ 463

ئاق خەربەق (2-كىتاب) ........ 209

ئاق سەندەل (3-كىتاب) ........ 38

ئاق شېكەر (3-كىتاب) ........ 83

ئاق قېيىن قوۋزىقى (3-كىتاب) ........ 107

ئاق قىچا ئۇرۇقى (3-كىتاب) ........ 489

ئاق كۆنجۈت (3-كىتاب) ........ 341

ئاق لەيلىگۈلى (1-كىتاب) ........ 488

ئاق لەيلى ئۇرۇقى (2-كىتاب) ........ 59

ئاق لەيلى يىلتىزى (1ـكىتاب) ...... 483
ئاق ماش (3ـكىتاب) ...... 239
ئاق مەۋسەل.(3ـكىتاب) ...... 11
ئاق موم (2ـكىتاب) ...... 6
ئاقمۇچ (3ـكىتاب) ...... 176
ئاق ئۇجمە (1ـكىتاب) ...... 116
ئاقىرقەرھا (3ـكىتاب) ...... 261
ئالا كۇلۇك (3ـكىتاب) ...... 474
ئالتۇن شاخ (1ـكىتاب) ...... 466
ئالتۇن (3ـكىتاب) ...... 45
ئالتۇن ژاراق (2ـكىتاب) ...... 459
ئالقات مېۋىسى (1ـكىتاب) ...... 133
ئالقات يىلتىزى پوستى (3ـكىتاب) ...... 212
ئالما (3ـكىتاب) ...... 14
ئالۇچا (1ـكىتاب) ...... 89
ئام (1ـكىتاب) ...... 333
ئامۇت (1ـكىتاب) ...... 75
ئاملە (3ـكىتاب) ...... 158
ئانار پوستى (2ـكىتاب) ...... 370
ئانار گۈلى (1ـكىتاب) ...... 371
ئانار ئۇرۇقى (2ـكىتاب) ...... 314
ئانىماررىنا (2ـكىتاب) ...... 38
ئەپيۇن (2ـكىتاب) ...... 289
ئەتىرگۈل (2ـكىتاب) ...... 88
ئەدەس (2ـكىتاب) ...... 183
ئەرەب يېلىمى (3ـكىتاب) ...... 138
ئەرمۇدۇن دەرىخى قوۋزىقى (3ـكىتاب) ...... 452
ئەرمۇدۇن دەرىخى ئۇرۇقى (3ـكىتاب) ...... 437
ئەرۇسە ياپرىقى (3ـكىتاب) ...... 127
ئەزپارەتتىپ (2ـكىتاب) ...... 230
ئەفتىمۇن (1ـكىتاب) ...... 253
ئەفتىمۇن ئۇرۇقى (1ـكىتاب) ...... 201
ئەفسەنتىن (1ـكىتاب) ...... 411
ئەڭلىكئوت (1ـكىتاب) ...... 481
ئەمەن (1ـكىتاب) ...... 406
ئەنبەر (2ـكىتاب) ...... 461
ئەنجۇدان ئۇرۇقى (2ـكىتاب) ...... 197
ئەنجۇدان يىلتىزى (1ـكىتاب) ...... 434
ئەنجۇر (1ـكىتاب) ...... 182
ئەنجبار (1ـكىتاب) ...... 370
ئەنزىرۇت (2ـكىتاب) ...... 369
ئەينۇلا (1ـكىتاب) ...... 137
بابۇنە (1ـكىتاب) ...... 185
بادام شاكىلى (3ـكىتاب) ...... 390
بادام مېغىزى (1ـكىتاب) ...... 118
بادرەنجى بۇيا چىنى (1ـكىتاب) ...... 197
بادرەنجى بۇيا ھىندى (1ـكىتاب) ...... 184
باشاق مۇڭگۈزى (3ـكىتاب) ...... 322
باقلە (2ـكىتاب) ...... 185
بالادۇر (3ـكىتاب) ...... 426
بالا ھەمراھى (3ـكىتاب) ...... 329
بالەنگۇ ئۇرۇقى (2ـكىتاب) ...... 469
بالەنگۇ چۆپى (2ـكىتاب) ...... 283
بالدىرغان (2ـكىتاب) ...... 247
باللار سۆيدۈكى (2ـكىتاب) ...... 391
بانان (2ـكىتاب) ...... 117

بايناق (3ـكىتاب) …… 238
بەرەڭگى كابىلى (2ـكىتاب) …… 176
بەرخۇت دەرىخى قوۋزىقى (3ـكىتاب) …… 236
بەزرۇلبەنجى (2ـكىتاب) …… 293
بەسباسە (3ـكىتاب) …… 266
بەللۇت (2ـكىتاب) …… 309
بەلىلە (1ـكىتاب) …… 212
بەنگىرە (1ـكىتاب) …… 414
بوزتىكەن (2ـكىتاب) …… 263
بوزۇغا (3ـكىتاب) …… 422
بوزىدان (3ـكىتاب) …… 453
بۇدۇشقاق (1ـكىتاب) …… 485
بۇرجۇن (3ـكىتاب) …… 222
بۇزۇن (3ـكىتاب) …… 409
بۇغا قېنى (3ـكىتاب) …… 255
بۇغا مۈڭگۈزى (1ـكىتاب) …… 378
بۇغداي (2ـكىتاب) …… 436
بۇغىتاپان (3ـكىتاب) …… 410
بۇغىئوت يىلتىزى (2ـكىتاب) …… 455
بۇقا چۈيىسى (3ـكىتاب) …… 296
بۇيا ئۇرۇقى (1ـكىتاب) …… 468
بۆدۈنە (2ـكىتاب) …… 446
بۆرە سويمىسى يىلتىزى پوستى (3ـكىتاب) …… 407
بۆكەن مۈڭگۈزى (3ـكىتاب) …… 284
بۆلجۈرگەن (1ـكىتاب) …… 71
بېدە ئۇرۇقى (3ـكىتاب) …… 254
بېدە (2ـكىتاب) …… 128
بېلىق مېڭە تېشى (2ـكىتاب) …… 107
بېھى (1ـكىتاب) …… 73
بېھى ئۇرۇقى (3ـكىتاب) …… 137
بىدمىشكى (3ـكىتاب) …… 21
بىستىپايەنج (1ـكىتاب) …… 196
بىلسان ياغىچى (1ـكىتاب) …… 415
بىلسان يېغى (3ـكىتاب) …… 502
بىنەپشە (1ـكىتاب) …… 168
پاختەك گۆشى (2ـكىتاب) …… 433
پاقا شىرىسى (2ـكىتاب) …… 386
پاقىيوپۇرمىقى (1ـكىتاب) …… 128
پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى (2ـكىتاب) …… 319
پالەك ئۇرۇقى (2ـكىتاب) …… 91
پالەك (2ـكىتاب) …… 129
پالما مەرىزى (2ـكىتاب) …… 83
پەرەنجىمىشكى (3ـكىتاب) …… 34
پەربۇن (2ـكىتاب) …… 5
پەمىدۇر (1ـكىتاب) …… 66
پەنەرمايە (3ـكىتاب) …… 287
پويرارىيە يىلتىزى (3ـكىتاب) …… 41
پۇنۇس ئۇرۇقى (1ـكىتاب) …… 291
پىلىكئوت (2ـكىتاب) …… 81
پىچانگۈل يىلتىزى (3ـكىتاب) …… 214
پىچەكگۈل (3ـكىتاب) …… 172
پىدىگەن (1ـكىتاب) …… 328
پىدىگەن يىلتىزى (1ـكىتاب) …… 289
پىرسىياۋشان (1ـكىتاب) …… 204
پىستە مېغىزى (3ـكىتاب) …… 348
پىستىگۈل يىلتىزى (3ـكىتاب) …… 180

www.uyghurkitap.com


پىششىق ئەگرسۇناي (1-كىتاب) ………… 316

پىلە غوزىسى (3-كىتاب) ………… 17

پىلە قۇرتى مايىقى (2-كىتاب) ………… 248

پىلە قۇرتى (3-كىتاب) ………… 86

پىلپىل (1-كىتاب) ………… 108

پىلپىل يىلتىزى (1-كىتاب) ………… 110

پىندۇق (3-كىتاب) ………… 344

پىنىە (3-كىتاب) ………… 187

پىياز ئۇرۇقى (3-كىتاب) ………… 256

پىياز (3-كىتاب) ………… 195

پىيزەك ئامۇت (3-كىتاب) ………… 219

پىيزەك (2-كىتاب) ………… 116

تاباشىر (2-كىتاب) ………… 329

تاتلىق ئانار (1-كىتاب) ………… 332

تاتلىق بادام يېغى (3-كىتاب) ………… 464

تاتلىق شاپتۇل مېغىزى (3-كىتاب) ………… 108

تاتلىق ئۆرۈك مېغىزى (3-كىتاب) ………… 109

تاجىگۈل ئۇرۇقى (3-كىتاب) ………… 365

تاجىگۈل (2-كىتاب) ………… 322

تارانتاس (3-كىتاب) ………… 240

تازىلانغان شور (2-كىتاب) ………… 333

تاشپاقا قېپى (2-كىتاب) ………… 415

تاشتۇز (2-كىتاب) ………… 140

تاشچېچەكى (3-كىتاب) ………… 403

تاشقا ئايلانغان سۆڭەك (2-كىتاب) ………… 338

تاشئوت (2-كىتاب) ………… 55

تاغ بادرەنجى بۇيىسى (1-كىتاب) ………… 199

تاغ پىيىزى (3-كىتاب) ………… 132

تاغ دېنى (3-كىتاب) ………… 168

تاغ سامسىقى (2-كىتاب) ………… 158

تاغ سۇنبۇلى (3-كىتاب) ………… 6

تاغ كەرەپشىسى ئۇرۇقى (3-كىتاب) ………… 488

تال غازىڭى (1-كىتاب) ………… 442

تالك (2-كىتاب) ………… 43

تاماكا يوپۇرمىقى (2-كىتاب) ………… 278

تاۋۇزەك (2-كىتاب) ………… 89

تاۋۇز (1-كىتاب) ………… 70

تاۋۇز ئۇرۇقى (2-كىتاب) ………… 71

تەبىئىي مىس (2-كىتاب) ………… 374

تەرەنجىبىن (1-كىتاب) ………… 251

تەرخەمەك ئۇرۇقى (2-كىتاب) ………… 87

تەرخەمەك (3-كىتاب) ………… 81

تەسۇنقوناق (3-كىتاب) ………… 232

تەڭگىيوپۇرماق گۈلى (3-كىتاب) ………… 105

تەلق (2-كىتاب) ………… 376

تەمرى ھىندى (1-كىتاب) ………… 215

تەنكار (1-كىتاب) ………… 438

توخۇ تاشلىقى پوستى (3-كىتاب) ………… 186

توخۇ گۆشى (2-كىتاب) ………… 416

تورموس (2-كىتاب) ………… 186

توشقانزەدىكى (3-كىتاب) ………… 253

توشقانقۇلاق (3-كىتاب) ………… 288

توشقانكالپۇك (1-كىتاب) ………… 373

توشقانئوتى (1-كىتاب) ………… 392

تولغىماچ مېۋىلىك تاغ كۆنجۈتى (3-كىتاب) ………… 398

تومۇر دورىسى (1-كىتاب) ………… 498

تۇتىيا (3ـكىتاب) ...... 367
تۇخۇمەك مېۋىسى (1ـكىتاب) ...... 395
تۇخۇم سېرىقى (3ـكىتاب) ...... 260
تۇخۇم شاكىلى (1ـكىتاب) ...... 381
تۇخۇم ئېقى پەردىسى (2ـكىتاب) ...... 377
تۇخۇم ئېقى (2ـكىتاب) ...... 14
تۇدەرى (3ـكىتاب) ...... 347
تۇربۇت (1ـكىتاب) ...... 219
تۇرۇپ ئۇرۇقى (2ـكىتاب) ...... 211
تۇرۇپ (2ـكىتاب) ...... 77
تۆگە گۆشى (2ـكىتاب) ...... 418
تۆگە يېغى (3ـكىتاب) ...... 449
تۆگىتاپان (2ـكىتاب) ...... 228
تۆگىقۇشى (2ـكىتاب) ...... 151
تۆمۈر (1ـكىتاب) ...... 313
تۆمۈر كېپىكى (1ـكىتاب) ...... 330
تۇلكە (3ـكىتاب) ...... 251
تېرىق (1ـكىتاب) ...... 135
تېزەكچى قوڭغۇز (2ـكىتاب) ...... 264
تىرېمولىت تېشى (3ـكىتاب) ...... 327
تىزغا (3ـكىتاب) ...... 104
تىكەنلىك لېپەكگۈل (2ـكىتاب) ...... 8
تىللا ئوت (2ـكىتاب) ...... 100
جاغجاقئوت (2ـكىتاب) ...... 3
جامكا (2ـكىتاب) ...... 4
جاۋاشىر (1ـكىتاب) ...... 404
جەرەن (3ـكىتاب) ...... 250
جەزبۇزار (2ـكىتاب) ...... 456
جويۇز (3ـكىتاب) ...... 424
جۇزنەك (2ـكىتاب) ...... 194
جۇڭگو ماڭدارى (3ـكىتاب) ...... 218
جۇۋنە (3ـكىتاب) ...... 189
جۆئدە (1ـكىتاب) ...... 403
جىغان مېۋىسى (3ـكىتاب) ...... 181
جىگدە چېچىكى (3ـكىتاب) ...... 294
جىگدە (2ـكىتاب) ...... 310
جىنتىيانا (3ـكىتاب) ...... 66
جىنچاتقىلى يىلتىزى (3ـكىتاب) ...... 451
جىنكېۋىزى ئۇرۇقى (3ـكىتاب) ...... 492
چاچراتقۇ (1ـكىتاب) ...... 227
چاچ كۆمۈرى (1ـكىتاب) ...... 391
چارپاقا (2ـكىتاب) ...... 358
چار يىلان (1ـكىتاب) ...... 271
چاغىرچاي (1ـكىتاب) ...... 359
چاققاقئوت ئۇرۇقى (3ـكىتاب) ...... 486
چاققاقئوت (3ـكىتاب) ...... 485
چاكا مۇخ (2ـكىتاب) ...... 385
چاكاندا (2ـكىتاب) ...... 221
چال موگرا (1ـكىتاب) ...... 301
چالموگرا يېغى (3ـكىتاب) ...... 476
چامغۇر (3ـكىتاب) ...... 116
چايان (2ـكىتاب) ...... 401
چاي (2ـكىتاب) ...... 471
چەشمى خورۇس (3ـكىتاب) ...... 300
چوڭ چىلان (3ـكىتاب) ...... 59
چوڭ سۈتلۈكئوت (1ـكىتاب) ...... 143

چوڭ يوپۇرماقلىق جىنتىيانا (3-كىتاب) ... 397
چۈپۈرشاك (1-كىتاب) ... 475
چۈغۈندان (3-كىتاب) ... 102
چۈقا (1-كىتاب) ... 477
چۈلۈك دەرىخى قوۋزىقى (2-كىتاب) ... 304
چۈپچىن (1-كىتاب) ... 268
چۆل رەيھىنى (1-كىتاب) ... 413
چۆل رەيھىنى (3-كىتاب) ... 101
چۆل يالپۇزى (1-كىتاب) ... 478
چۈچۈكبۇيا يىلتىزى (1-كىتاب) ... 179
چۈژگۈن ئۇندۇرمىسى (3-كىتاب) ... 166
چۈمۈلە (3-كىتاب) ... 420
چىغىرتماق گۈلى (2-كىتاب) ... 11
چىغىرتماق ئۇرۇقى (1-كىتاب) ... 426
چىغىرتماق يىلتىزى (1-كىتاب) ... 496
چىگىت مېغىزى (3-كىتاب) ... 335
چىگىت يېغى (3-كىتاب) ... 515
چىڭگىلىك (3-كىتاب) ... 396
چىلاپا (1-كىتاب) ... 236
چىلان (1-كىتاب) ... 172
چىلغوزا (3-كىتاب) ... 345
چىنار ئۇرۇقى (2-كىتاب) ... 406
چىنىگۈل (2-كىتاب) ... 79
خام ئەگىرسۇناي (1-كىتاب) ... 462
خەرنۇپ (1-كىتاب) ... 417
خوخا (1-كىتاب) ... 149
خورما (1-كىتاب) ... 322
خولىنجان (3-كىتاب) ... 161
خۇنسىياۋشان (1-كىتاب) ... 387
خېنىگۈل (1-كىتاب) ... 296
خېنىگۈلى ئۇرۇقى (3-كىتاب) ... 483
خىيارشەنبەر (1-كىتاب) ... 249
دارچىن (1-كىتاب) ... 99
دارچىن يوپۇرمىقى (1-كىتاب) ... 102
دەرمەنە تۇركى (2-كىتاب) ... 195
دولانا (3-كىتاب) ... 70
دۇرنەج ئەقرەبى (3-كىتاب) ... 31
دېگىزىيا (1-كىتاب) ... 505
دىبىق (2-كىتاب) ... 229
دىپساكۇس (3-كىتاب) ... 323
راتىيانەج (3-كىتاب) ... 122
رال (2-كىتاب) ... 363
رەۋەن (3-كىتاب) ... 72
رەيھان (1-كىتاب) ... 113
رەيھان ئۇرۇقى (3-كىتاب) ... 37
روشەنگۈل (2-كىتاب) ... 394
رۇببى سۇس (3-كىتاب) ... 121
رۇسۇت (3-كىتاب) ... 372
رۇم بەدىيان (1-كىتاب) ... 97
رىگ ماھى (3-كىتاب) ... 280
زاراڭزا چېچىكى (2-كىتاب) ... 201
زاراڭزا مېغىزى (2-كىتاب) ... 146
زاراڭزا يېغى (2-كىتاب) ... 242
زاغۇن ئۇرۇقى (3-كىتاب) ... 269
زەپەر (2-كىتاب) ... 441
زەرچۇۋە (2-كىتاب) ... 147

زەرنەپ (3ـكىتاب ) ...... 78
زەرنىخ (2ـكىتاب ) ...... 366
زەمچە (3ـكىتاب ) ...... 373
زەنجىۋىل (1ـكىتاب ) ...... 95
زەنجىۋىل شامى (1ـكىتاب ) ...... 424
زەھەرمۇھرە (2ـكىتاب ) ...... 403
زەيتۇن مېۋىسى (2ـكىتاب ) ...... 120
زەيتۇن يېغى (3ـكىتاب ) ...... 429
زۇپا (3ـكىتاب ) ...... 100
زۇپتى رۇمى (3ـكىتاب ) ...... 417
زۇرۇمبات (3ـكىتاب ) ...... 42
زۇلۇك (1ـكىتاب ) ...... 273
زۇمرەت (3ـكىتاب ) ...... 12
زىرە (2ـكىتاب ) ...... 159
زىرىق (3ـكىتاب ) ...... 225
زىغىر ئۇرۇقى (3ـكىتاب ) ...... 133
زىغىر يېغى (3ـكىتاب ) ...... 135
سازاڭ (1ـكىتاب ) ...... 275
سازەج ھىندى (3ـكىتاب ) ...... 24
سالاجىت (2ـكىتاب ) ...... 331
سامساق (3ـكىتاب ) ...... 479
سانا (1ـكىتاب ) ...... 225
سانجىقئۇت يىلتىزى (2ـكىتاب ) ...... 405
سەبرى (1ـكىتاب ) ...... 223
سەپدە گۈل (1ـكىتاب ) ...... 126
سەپرائۇت يىلتىز پوستى (3ـكىتاب ) ...... 209
سەدەپ (1ـكىتاب ) ...... 383
سەئدى كوفى (3ـكىتاب ) ...... 84
سەئدى (3ـكىتاب ) ...... 74
سەرەس (3ـكىتاب ) ...... 361
سەرپىستان (1ـكىتاب ) ...... 191
سەرتان بەھرى (2ـكىتاب ) ...... 357
سەرتان نەھرى (2ـكىتاب ) ...... 355
سەرخەس (1ـكىتاب ) ...... 304
سەقەنقۇر (3ـكىتاب ) ...... 282
سەكبىنەج (1ـكىتاب ) ...... 437
سەمەكتۇس سەيدا (3ـكىتاب ) ...... 291
سەنگى جاراھەت (2ـكىتاب ) ...... 361
سەنگىيا (1ـكىتاب ) ...... 285
سەۋزە ئۇرۇقى (3ـكىتاب ) ...... 271
سەۋزە (2ـكىتاب ) ...... 118
سوقمۇنىيا (1ـكىتاب ) ...... 257
سۇ بۆلجۈرگىنى (3ـكىتاب ) ...... 217
سۇزاپ ئۇرۇقى (2ـكىتاب ) ...... 149
سۇزاپ (3ـكىتاب ) ...... 450
سۇڭپىياز (1ـكىتاب ) ...... 350
سۇماق (1ـكىتاب ) ...... 129
سۇنبۇل چىنى (3ـكىتاب ) ...... 8
سۇنبۇل ھىندى (3ـكىتاب ) ...... 22
سۇندۇرۇس (3ـكىتاب ) ...... 76
سۆرۈنجان (2ـكىتاب ) ...... 235
سۆگەتگۈل (2ـكىتاب ) ...... 20
سۆگەت (2ـكىتاب ) ...... 53
سۆئلەب مىسرى (3ـكىتاب ) ...... 248
سۆئلەپ چىنى (1ـكىتاب ) ...... 385
سۇرمە (3ـكىتاب ) ...... 359

سۆزە (1ـ كىتاب) ........ 154
سېرىق ھېلىلە (1ـ كىتاب) ........ 210
سېغىزخان (3ـ كىتاب) ........ 364
سېغىنچېچكى (2ـ كىتاب) ........ 9
سېمىزئوت (1ـ كىتاب) ........ 124
سېمىزئوت ئۆرۈكى (2ـ كىتاب) ........ 317
سىركە (2ـ كىتاب) ........ 56
سىسالىيۇس (3ـ كىتاب) ........ 164
سىماب (1ـ كىتاب) ........ 282
سىماقۇلئەبغەيىن (2ـ كىتاب) ........ 335
سىيادان (3ـ كىتاب) ........ 500
سىيادان يېغى (3ـ كىتاب) ........ 508
شاپتۇل (1ـ كىتاب) ........ 68
شاپتۇل مېغىزى (3ـ كىتاب) ........ 526
شاپتۇل مېغىزى يېغى (3ـ كىتاب) ........ 528
شاتارى (1ـ كىتاب) ........ 465
شاترەنجى (3ـ كىتاب) ........ 504
شاتۇت (3ـ كىتاب) ........ 378
شاخار (3ـ كىتاب) ........ 191
شاخ دارچىن (1ـ كىتاب) ........ 100
شادىنەج (1ـ كىتاب) ........ 382
شازاندىرا (2ـ كىتاب) ........ 284
شاقاقۇل مىسرى (3ـ كىتاب) ........ 302
شاقايىقۇننۇئمان (2ـ كىتاب) ........ 41
شاكال بەديان (2ـ كىتاب) ........ 143
شاھتەررە چىنى (1ـ كىتاب) ........ 173
شاھتەررە ھىندى (1ـ كىتاب) ........ 303
شەپەرەڭ (1ـ كىتاب) ........ 440
شەپەرەڭ مايىقى (1ـ كىتاب) ........ 443
شەھدان (2ـ كىتاب) ........ 390
شەۋكىران (2ـ كىتاب) ........ 267
شۇمبۇيا (3ـ كىتاب) ........ 413
شۇمشا ئۆرۈكى (3ـ كىتاب) ........ 128
شېكەرتىغال (3ـ كىتاب) ........ 130
شېكەر قومۇشى (1ـ كىتاب) ........ 327
شىرخىشت (1ـ كىتاب) ........ 259
شىقىلداق يىلتىزى (3ـ كىتاب) ........ 145
شىنجاڭ قانتېپەرى (3ـ كىتاب) ........ 234
شىۋاق (1ـ كىتاب) ........ 432
غاپەس (1ـ كىتاب) ........ 241
غارغار (3ـ كىتاب) ........ 516
غارىقۇن (1ـ كىتاب) ........ 239
غازتاپان (1ـ كىتاب) ........ 379
غاز تۇخۇم شاكىلى (2ـ كىتاب) ........ 336
غاز تۇخۇمى (3ـ كىتاب) ........ 292
غاز قانتىئوتى (1ـ كىتاب) ........ 390
غاز قېنى (2ـ كىتاب) ........ 388
غاز گۆشى (3ـ كىتاب) ........ 293
غۇنچىئۇزۇم (3ـ كىتاب) ........ 215
فەرپىيۇن (3ـ كىتاب) ........ 439
فۇپەل (2ـ كىتاب) ........ 181
فىروزە (2ـ كىتاب) ........ 396
قاپاق (1ـ كىتاب) ........ 76
قاپاق ئۆرۈكى (1ـ كىتاب) ........ 115
قاپاق يېغى (1ـ كىتاب) ........ 78
قارا پارپا (3ـ كىتاب) ........ 432

قارا چېكەتكە (3ـكىتاب) ……………… 297

قارا خەربەق (3ـكىتاب) ……………… 496

قارادان (2ـكىتاب) ……………… 2

قارا شېكەر (1ـكىتاب) ……………… 337

قارا كۆز بەدىيان مايسىسى (2ـكىتاب) …… 213

قارا كۆز بەدىيان (2ـكىتاب) ……………… 243

قارا كۆنجۈت (3ـكىتاب) ……………… 339

قارا ھېلىلە (1ـكىتاب) ……………… 300

قارا ئۈجمە (1ـكىتاب) ……………… 325

قار لەيلىسى (1ـكىتاب) ……………… 493

قارلىغاچ چاڭگىسى (3ـكىتاب) ……………… 146

قارىمۇچ (1ـكىتاب) ……………… 106

قارىمۇق (3ـكىتاب) ……………… 334

قارىئۆرۈك (1ـكىتاب) ……………… 138

قاشتېشى (3ـكىتاب) ……………… 44

قاشلىقئوت (1ـكىتاب) ……………… 363

قاغتىرنىقى (2ـكىتاب) ……………… 39

قاقرا تۇمشۇق (3ـكىتاب) ……………… 416

قاقلە (3ـكىتاب) ……………… 183

قامچىئوت (1ـكىتاب) ……………… 471

قامچىئوت يىلتىزى (1ـكىتاب) ……………… 315

قانتېپەر (1ـكىتاب) ……………… 321

قاندالا (2ـكىتاب) ……………… 324

قايماق (1ـكىتاب) ……………… 165

قەردمانە (3ـكىتاب) ……………… 473

قەسبۇززەربرە (1ـكىتاب) ……………… 298

قەشقەر ئۆپپىسى (2ـكىتاب) ……………… 373

قەغەز كۆلى (1ـكىتاب) ……………… 377

قەلەمپۇر (1ـكىتاب) ……………… 103

قەلەمپۇر يېغى (3ـكىتاب) ……………… 435

قەلەي (2ـكىتاب) ……………… 364

قەنبىل (2ـكىتاب) ……………… 179

قەنتەرىيۇن (1ـكىتاب) ……………… 233

قەھۋە (2ـكىتاب) ……………… 276

قوغۇن (1ـكىتاب) ……………… 324

قوغۇن ساپىقى (2ـكىتاب) ……………… 110

قوغۇن ئۇرۇقى (2ـكىتاب) ……………… 108

قوڭغۇراقگۈل يىلتىزى (3ـكىتاب) ……………… 125

قومۇش يىلتىزى (3ـكىتاب) ……………… 208

قوي جىگىرى (3ـكىتاب) ……………… 61

قوي سۈتى (2ـكىتاب) ……………… 420

قوي قېرىنى (3ـكىتاب) ……………… 175

قويكۆزى ئوت (1ـكىتاب) ……………… 365

قوي گۆشى (2ـكىتاب) ……………… 422

قوي مېڭىسى (2ـكىتاب) ……………… 454

قوي ئۆپكىسى (3ـكىتاب) ……………… 110

قوي ئۆتى (3ـكىتاب) ……………… 362

قوي يېغى (2ـكىتاب) ……………… 421

قوي يىلىكى (1ـكىتاب) ……………… 161

قۇرتئوت (1ـكىتاب) ……………… 319

قۇشقاچ مېڭىسى (2ـكىتاب) ……………… 466

قۇلماق (3ـكىتاب) ……………… 173

قۇندۇز قەھرى (2ـكىتاب) ……………… 463

قۇندۇزئوت (3ـكىتاب) ……………… 124

قۇنۇن (2ـكىتاب) ……………… 265

قېتىق (1ـكىتاب) ……………… 65

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىتىق سۈزمىسى (3-كىتاب) …… 163
قىرىقىز (2-كىتاب) …… 51
قىرغاۋۇل (3-كىتاب) …… 394
قىرىقئاياغ (2-كىتاب) …… 407
قىرىقبوغۇم (1-كىتاب) …… 354
قىزىلبۇغداش (1-كىتاب) …… 162
قىزىلچا (3-كىتاب) …… 184
قىزىل چۈپچىنى (1-كىتاب) …… 269
قىزىل سەندەل (3-كىتاب) …… 39
قىزىل سىر (1-كىتاب) …… 280
قىزىل قىچا (3-كىتاب) …… 506
قىزىلگۈل (1-كىتاب) …… 175
قىزىلگۈل يېغى (2-كىتاب) …… 18
قىزىلمۇچ (2-كىتاب) …… 219
قىزىل ئۈزۈم (1-كىتاب) …… 335
قىزىل ئۈزۈم ئۇرۇقى (2-كىتاب) …… 303
كاپۇر (2-كىتاب) …… 268
كات ھىندى (3-كىتاب) …… 388
كاسنە ئۇرۇقى (1-كىتاب) …… 171
كاسنە (3-كىتاب) …… 223
كاسنە يىلتىزى (1-كىتاب) …… 402
كاشىم (3-كىتاب) …… 431
كاكتۇس (2-كىتاب) …… 393
كاكىنەچ (1-كىتاب) …… 486
كالا سۈتى (1-كىتاب) …… 163
كالا ئۆتى (2-كىتاب) …… 398
كاللەكبەسەي (2-كىتاب) …… 74
كالىقۇلاق (1-كىتاب) …… 366
كالىي زىرە (3-كىتاب) …… 491
كاۋا ئۇرۇقى (2-كىتاب) …… 178
كاۋاۋىچىنى (3-كىتاب) …… 391
كەبابە (3-كىتاب) …… 387
كەپە (2-كىتاب) …… 138
كەپتەر گۆشى (2-كىتاب) …… 430
كەپرەس (1-كىتاب) …… 287
كەتمەنقوڭغۇز (1-كىتاب) …… 347
كەترائچىنى (2-كىتاب) …… 350
كەترا (3-كىتاب) …… 140
كەرەپشە (1-كىتاب) …… 427
كەرەپشە ئۇرۇقى (2-كىتاب) …… 85
كەرەپشە يىلتىزى (1-كىتاب) …… 445
كەركىدان مۈڭگۈزى (2-كىتاب) …… 352
كەرمان (2-كىتاب) …… 470
كەرۋىيا (2-كىتاب) …… 155
كەسلەنچۈك (2-كىتاب) …… 153
كەكرە (1-كىتاب) …… 290
كەكرى ئۇرۇقى (1-كىتاب) …… 429
كەكلىك گۆشى (2-كىتاب) …… 428
كەندىر ئۇرۇقى (2-كىتاب) …… 295
كەھرىۋا (2-كىتاب) …… 326
كەۋرەك (3-كىتاب) …… 461
كۆتىكى (1-كىتاب) …… 502
كۆچۈلا (3-كىتاب) …… 447
كۆلى بىھىسى (3-كىتاب) …… 194
كۈندۈر (2-كىتاب) …… 312
كۈندۈش (3-كىتاب) …… 399

كۆپىكى دەريا (3-كىتاب) ...... 385
كۆك ئەمەن (3-كىتاب) ...... 503
كۆكتاش (2-كىتاب) ...... 353
كۆك چاي (1-كىتاب) ...... 92
كۆك كاۋا شاپىقى (2-كىتاب) ...... 73
كۆك كاۋا (2-كىتاب) ...... 124
كۆكمارال (2-كىتاب) ...... 323
كۆك ماش (3-كىتاب) ...... 228
كۆكنار پوستى (2-كىتاب) ...... 233
كۆكنار ئۇرۇقى (3-كىتاب) ...... 342
كۆممىقوناق ساقىلى (2-كىتاب) ...... 75
كۇدە ئۇرۇقى (2-كىتاب) ...... 152
كۇدە (2-كىتاب) ...... 126
كۇمۇش (3-كىتاب) ...... 46
كۇمۇش ژاراق (2-كىتاب) ...... 460
كۇنجۇت يېغى (3-كىتاب) ...... 498
كېلەر (2-كىتاب) ...... 142
كېۋەز ئانىسى (1-كىتاب) ...... 81
كېۋەز ئانىسى ئۇرۇقى (1-كىتاب) ...... 474
كېۋەز چېچىكى (3-كىتاب) ...... 3
كېيۇرە (1-كىتاب) ...... 156
كىيىك قېنى (1-كىتاب) ...... 394
كىچىك چىلان (1-كىتاب) ...... 345
كىچىك خوخا (1-كىتاب) ...... 361
كىچىك سۇتلۇكئوت (1-كىتاب) ...... 145
كىرەش (3-كىتاب) ...... 2
كىرپە (2-كىتاب) ...... 437
كىشمىش (1-كىتاب) ...... 213
كىلىمىل تېشى (3-كىتاب) ...... 520
گاسترودىيە ئوتى (2-كىتاب) ...... 445
گاۋزىبان چىنى (2-كىتاب) ...... 46
گاۋزىبان ھىندى (1-كىتاب) ...... 194
گەج (2-كىتاب) ...... 360
گۇرەل (1-كىتاب) ...... 159
گۇڭگۇرت (1-كىتاب) ...... 278
گۇلەمبەر (2-كىتاب) ...... 175
گۇلدارچىن (3-كىتاب) ...... 160
گۇلى گاۋزىبان (3-كىتاب) ...... 47
گۇل ياسىمەن (3-كىتاب) ...... 221
گىلاس (1-كىتاب) ...... 86
گىلى مەختۇم (2-كىتاب) ...... 346
لاجۇۋەرد (1-كىتاب) ...... 255
لاچىندانە چىنى (3-كىتاب) ...... 197
لاچىندانە ھىندى (2-كىتاب) ...... 467
لەكى مەغسۇل (3-كىتاب) ...... 62
لەئلى (3-كىتاب) ...... 10
لەھىيەتۇتتىس (1-كىتاب) ...... 388
لوبان (3-كىتاب) ...... 119
لوپنۇر كەندىرى (2-كىتاب) ...... 50
لوفاھ (2-كىتاب) ...... 271
لوكات (2-كىتاب) ...... 48
لىپەكگۇل (3-كىتاب) ...... 324
لىمون (1-كىتاب) ...... 62
مارجان (3-كىتاب) ...... 5
مازارىيۇن (1-كىتاب) ...... 237
ماگنولىيە (3-كىتاب) ...... 167

ماگنىت تېشى (2-كىتاب) …… 103
مالكەنگنى (3-كىتاب) …… 428
مالىنا (3-كىتاب) …… 289
مامچەمەك (2-كىتاب) …… 22
مامرانچىنى (1-كىتاب) …… 495
مامسا (2-كىتاب) …… 307
مامكاپ (1-كىتاب) …… 472
ماھۇدانە (2-كىتاب) …… 15
ماھى زەھرەج (1-كىتاب) …… 234
مەدەستان (2-كىتاب) …… 347
مەرزەنجۇش (3-كىتاب) …… 26
مەرۋايىت (3-كىتاب) …… 29
مەرۋايىت (3-كىتاب) …… 65
مەستىكى رۇمى (3-كىتاب) …… 192
مودەنگۇل يىلتىز پوستى (2-كىتاب) …… 44
موزا (3-كىتاب) …… 381
موزايىۋىشى (1-كىتاب) …… 436
مۇرچۇبە (3-كىتاب) …… 111
مۇرمەككى (3-كىتاب) …… 383
مۇشكىتارامىش (2-كىتاب) …… 145
مۇشكىدانە (2-كىتاب) …… 245
مۇغاس (1-كىتاب) …… 422
مۇقەل (1-كىتاب) …… 421
مىئە سائىلە (3-كىتاب) …… 379
مىس دېتى (3-كىتاب) …… 470
نارجىل (3-كىتاب) …… 264
نارگۇل ئۇرۇقى (3-كىتاب) …… 326
نارمىشكى (3-كىتاب) …… 32
نەرگىس گۇلى ئۇرۇقى (3-كىتاب) …… 519
نەرگىس (2-كىتاب) …… 173
نەغەز گۇلى يىلتىزى (1-كىتاب) …… 460
نوقۇت (3-كىتاب) …… 268
نۆشۇدۇر (3-كىتاب) …… 477
نىلۇپەر گۇلى (1-كىتاب) …… 169
نىلۇپەر ئۇرۇقى (3-كىتاب) …… 211
نىشاستە (3-كىتاب) …… 117
ھايۋاناتلارنىڭ تېلى (3-كىتاب) …… 233
ھەببەتۇلخۇزرا (3-كىتاب) …… 351
ھەببۇلئاس (2-كىتاب) …… 349
ھەببۇلبان (2-كىتاب) …… 191
ھەببۇلغار (3-كىتاب) …… 411
ھەببۇلمۇلۇك (2-كىتاب) …… 169
ھەببۇلمۇلۇك يېغى (2-كىتاب) …… 172
ھەببى بىلسان (1-كىتاب) …… 408
ھەببى رىشاد (3-كىتاب) …… 353
ھەببى زەلەم (3-كىتاب) …… 352
ھەببى قەلقەل (3-كىتاب) …… 299
ھەجرۇليەھۇد (2-كىتاب) …… 106
ھەرە كۆنىكى (2-كىتاب) …… 389
ھەسەل (3-كىتاب) …… 285
ھەشقىپىچەك گۇلى (1-كىتاب) …… 433
ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى (1-كىتاب) …… 261
ھەلىيۇن ئۇرۇقى (3-كىتاب) …… 258
ھەمىشباھار ئۇرۇقى (1-كىتاب) …… 490
ھۆپۈپ گۆشى (3-كىتاب) …… 363
ھېقىق (3-كىتاب) …… 16

ھىلىڭ (3-كىتاب) ...... 418
ئوچاق چالمىسى (2-كىتاب) ...... 332
ئوردان (3-كىتاب) ...... 494
ئوسما يوپۇرمىقى (3-كىتاب) ...... 523
ئوسما يىلتىزى (3-كىتاب) ...... 376
ئوسۇڭ (1-كىتاب) ...... 84
ئوسۇڭ ئۇرۇقى (2-كىتاب) ...... 281
ئوغرىتىكەن (2-كىتاب) ...... 104
ئۆترۈچ (1-كىتاب) ...... 87
ئۆچارچاشقان مايىقى (1-كىتاب) ...... 348
ئۆچقۇن پاقا (1-كىتاب) ...... 276
ئۆد سەلب (1-كىتاب) ...... 202
ئۆد ھىندى (3-كىتاب) ...... 79
ئۆزبەر (2-كىتاب) ...... 280
ئۆزۈنچاق زىراۋەندە (3-كىتاب) ...... 405
ئۆسرۈل (2-كىتاب) ...... 274
ئۆلار گۆشى (2-كىتاب) ...... 419
ئۆچكە گۆشى (2-كىتاب) ...... 431
ئۆرۈك مېغىزى (1-كىتاب) ...... 117
ئۆرۈك مېغىزى يېغى (2-كىتاب) ...... 122
ئۆرۈك (2-كىتاب) ...... 123
ئۆشەق (2-كىتاب) ...... 156
ئۆشنە (3-كىتاب) ...... 19
ئۆجمە يوپۇرمىقى (1-كىتاب) ...... 500
ئۆجمە يىلتىزى پوستى (3-كىتاب) ...... 143
ئۆچقات (1-كىتاب) ...... 461
ئۆستقۇددۇس (1-كىتاب) ...... 193
ئۆستقۇدرىيۇن (2-كىتاب) ...... 24
ئېشەكقومۇشى (3-كىتاب) ...... 337
ئېشەكيېلىمى (1-كىتاب) ...... 318
ئېگىر (1-كىتاب) ...... 419
ئېۋكوممىيە دەرىخى قوۋزىقى (3-كىتاب) ...... 64
ئېيىقئۆزۈمى (1-كىتاب) ...... 229
ئېپار (2-كىتاب) ...... 464
ئىتئۆزۈمى (1-كىتاب) ...... 508
ئىتياڭىقى گۈلى (2-كىتاب) ...... 297
ئىتياڭىقى ئۇرۇقى (2-كىتاب) ...... 240
ئىتياڭىقى يوپۇرمىقى (2-كىتاب) ...... 299
ئىزخىر مەككى (3-كىتاب) ...... 58
ئىسپىغۇل (1-كىتاب) ...... 491
ئىشەك سۈتى (3-كىتاب) ...... 142
ئىكلىلىلمىلىك (2-كىتاب) ...... 17
ئىلى سوغىگۈلى (3-كىتاب) ...... 114
ئىنەكپىتى ئۇرۇقى (2-كىتاب) ...... 238
ئىنەكپىتى يېغى (1-كىتاب) ...... 231
ياچىۋەك تۇخۇمى (2-كىتاب) ...... 337
ياز غازىڭى (1-كىتاب) ...... 430
ياقۇت (3-كىتاب) ...... 35
ياڭاق كۆك پوستى (1-كىتاب) ...... 507
ياڭاق (2-كىتاب) ...... 457
يالپۇز جەۋھىرى (2-كىتاب) ...... 250
يالپۇز (2-كىتاب) ...... 231
يالغان ئادەمگىياھ (1-كىتاب) ...... 374
يانتاق (2-كىتاب) ...... 12
ياۋا ئامۇت (3-كىتاب) ...... 171
ياۋا پۇرچاق (2-كىتاب) ...... 217

ياۋا توشقان گۆشى (3-كىتاب) ........ 401
ياۋا زاغۇن (2-كىتاب) ........ 261
ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى (2-كىتاب) ........ 101
ياۋا سۇپۇرگە ئۇرۇقى (1-كىتاب) ........ 295
ياۋا كەشمىر (2-كىتاب) ........ 80
ياۋا كۇنجۇت (3-كىتاب) ........ 338
يەر توزغىقى (1-كىتاب) ........ 470
يەرلىك توغرىغا (2-كىتاب) ........ 139
يەرلىك سوپۇن (1-كىتاب) ........ 294
يەرمەدىكى (2-كىتاب) ........ 439
يەر ياڭىقى (3-كىتاب) ........ 354
يەر ياڭىقى يېغى (3-كىتاب) ........ 281
يۇلغۇن مېۋىسى (1-كىتاب) ........ 369
يۇلغۇن (2-كىتاب) ........ 302
يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى (2-كىتاب) ........ 443
يۇمغاقسۇت (1-كىتاب) ........ 83
يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى (2-كىتاب) ........ 320
يۇملاق قاقىلە (3-كىتاب) ........ 169
يۆگمەچئوت (3-كىتاب) ........ 226
يېسسىمۇق (1-كىتاب) ........ 157
يېكەن توزغىقى (1-كىتاب) ........ 375
يىڭنە بېلىق (3-كىتاب) ........ 303
يىلان قاسىرىقى (1-كىتاب) ........ 503
يىلان ئۆتى (3-كىتاب) ........ 113
يىلپىز سۆڭىكى (3-كىتاب) ........ 404

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



لاچىندانە ھىندى
印度豆蔻
11.28- رەسىم



بالەنگو ئۇرۇقى
紫苏子
12.28- رەسىم



كەرمان
远　志
13.28- رەسىم



چاي
茶　叶
14.28- رەسىم



كىرەش
当　归
1.29- رەسىم



مارجان
珊　瑚
3.29- رەسىم

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



سونبول چىنى
甘 松
5.29- رەسىم



لەئلى
喇 子
6.29- رەسىم



ئاق مەۋسەل
麦 冬
7.29- رەسىم



زۇمرەت
纯绿宝石
8.29- رەسىم



ئالما
苹 果
9.29- رەسىم



ھېقىق
玛 瑙
10.29- رەسىم



پىلە غوزىسى
蚕　茧
11.29- رەسىم



ئۆشنە
松　萝
12.29- رەسىم



بىدمىشكى
黄花柳
13.29 - رەسىم



سۇنبۇل ھىندى
毛甘松
14.29 - رەسىم



مەرزەنجۇش
牛　至
16.29- رەسىم



مەرۋايىت
珍　珠
17.29 - رەسىم

www.uyghurkitap.com



دۇرنەج ئەقرەبى
印度多榔菊
18.29- رەسىم



نارمشكى
铁 力 木
19.29- رەسىم



پەرەنجمشكى
丁香罗勒
20.29- رەسىم



ياقۇت
红 宝 石
21.29- رەسىم



رەيھان ئۇرۇقى
罗 勒 子
22.29- رەسىم



ئاق سەندەل
檀 香
23.29- رەسىم



قىزىل سەندەل
紫檀香
24.29 - رەسىم



پۇيرارىيە يىلتىزى
葛根
25.29 - رەسىم



زۇرۇمبات
郁金
26.29 - رەسىم



قاشتېشى
玉石
27.29 - رەسىم




ئالتۇن
金
28.29 - رەسىم



كۈمۈش
银
29.29 - رەسىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئىزخىر مەككى
青香茅
1.30- رەسىم



چوڭ چىلان
大 枣
2.30- رەسىم



لەكى مەغسۇل
紫 草 茸
4.30- رەسىم



ئېۋكوممىيە دەرىخى قوۋزىقى
杜 仲
5.30- رەسىم



مەرۋايىت قۇلۇلە
石 块 明
6.30- رەسىم



جىنتىيانا
龙 胆
7.30- رەسىم



دولانە
山楂
8.30- رەسىم



رەۋەن
大黄
9.30- رەسىم



سەئدى
香附
10.30- رەسىم



سۇندۇرۇس
侧柏脂
11.30- رەسىم



زەرنەپ
紫杉
12.30- رەسىم



ئۇد ھىندى
沉香
13.30- رەسىم

www.uyghurkitap.com



تەرخەمەك
黄 瓜
14.30 - رەسم



ئاق شېكەر
白少糖
15.30 - رەسم



پىلە قۇرتى
僵 蚕
17.30 - رەسم



زۇپا
神 香 草
1.31 - رەسم



چۇغۇندان
苦 葶 苈
3.31 - رەسم



تىزغا
半 夏
4.31 - رەسم



تەڭگىيوپۇرماق گۈلى 5.31- رەسىم
款冬花



تاتلىق شاپتۇل مېغىزى 7.31- رەسىم
甜桃仁



تاتلىق ئۆرۈك مېغىزى 8.31- رەسىم
甜杏仁



مۇرچۇبە 10.31 - رەسىم
天冬



يىلان ئۆتى 11.31- رەسىم
蛇胆



ئىلى سوغىگۈلى 12.31- رەسىم
伊贝母

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



چامغۇر
芜 菁
13.31 - رەسىم



نىشاستە
淀 粉
14.31 - رەسىم



لوبان
安 息 香
15.31 - رەسىم



رۇببىسۇس
甘 草 膏
16.31 - رەسىم



قوڭغۇراقگۈل يىلتىزى
桔 梗
19.31 - رەسىم



شۇمشا ئۇرۇقى
葫 芦 巴
21.31 - رەسىم



شىكەر تىغال
大蓟虫瘿
22.31 - رەسىم



تاغ پىيىزى
野　葱
23.31 - رەسىم



زىغىر ئۇرۇقى
亚 麻 子
24.31 - رەسىم




زىغىر يېغى
亚 麻 油
25.31 - رەسىم



بېھى ئۇرۇقى
榅 桲 子
26.31 - رەسىم



ئەرەب يېلىمى
阿 拉 伯 胶
27.31 - رەسىم

www.uyghurkitap.com



كەترا
西黄耆胶
28.31- رەسىم



ئېشەك سۈتى
驴 乳
29.31- رەسىم



ئۈجمە يىلتىزى پوستى
桑 白 皮
30.31 - رەسىم



شىقىلداق يىلتىزى
沙 参
31.31 - رەسىم



قارلىغاچ چاڭگىسى
燕 窝
32.31- رەسىم



ئاملە
余 干 子
1.32- رەسىم



گۈلدارچىن
肉桂子
2.32 -رەسىم



خولنجان
高良姜
3.32 -رەسىم



چۈژگۈن ئۈندۈرمىسى
谷芽
6.32 -رەسىم



ماگنولىيە
厚朴
7.32 -رەسىم



تاغ دېنى
延胡索
8.32 -رەسىم



يوملاق قاقىلە
草豆蔻
9.32 -رەسىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ياۋا ئامۇت
山 梨
10.32 - رەسم



پىچەكگۈل
山 药
11.32 - رەسم



ئاقمۇچ
白 胡 椒
14.32 - رەسم



ئارپىبەدىيان يىلتىزى پوستى
小茴香根皮
15.32 - رەسم



ئارپا ئۇندۇرمىسى
麦 芽
16.32 - رەسم



پىستىگۈل يىلتىزى
太 子 参
17.32 - رەسم



قاقلە
草 果
رەسم -19.32



قىزىلچا
甜菜根
رەسم -20.32



توخۇ تاشلىقى پوستى
鸡 内 金
رەسم -21.32



پىننە
藿 香
رەسم -22.32



جۇۋىنە
阿育魏实
رەسم -23.32



مەستىكى رۇمى
洋乳香
رەسم -25.32



كاسنە
菊 苣
12.33 - رەسىم



زىرىق
小檗实
13.33 - رەسىم



كۆك ماش
绿 豆
15.33 - رەسىم



تەسۋىقوناق
薏苡仁
1.34 - رەسىم



ھايۋانلار تېلى
动物脾脏
2.34 - رەسىم



بەرخوت دەرىخى قوۋزىقى
黄 柏
4.34 - رەسىم

www.uyghurkitap.com



بايناق
苍 术
5.34- رەسىم



ئاق ماش
白扁豆
6.34- رەسىم



تارانتاس
白 术
7.34- رەسىم



سۆئلەپ مسرى
欧白及
1.35- رەسىم



جەرەن
黄 羊
2.35- رەسىم



تۈلكە
狐 狸
3.35- رەسىم



توشقانزەدىكى
肉苁蓉
4.35- رەسىم



بېدە ئۇرۇقى
苜蓿子
5.35- رەسىم



بۇغا قېنى
鹿血
6.35- رەسىم



پىياز ئۇرۇقى
葱子
7.35- رەسىم



ھەلىيون ئۇرۇقى
石刁伯子
8.35- رەسىم



تۇخۇم سېرىقى
鸡子黄
9.35- رەسىم

www.uyghurkitap.com



ئاقىرقەرھا
除虫菊跟
رەسىم -10.35



نوقۇت
鹰嘴豆
رەسىم -11.35



نارجىل
椰 子
رەسىم -12.35



بەسباسە
肉豆蔻衣
رەسىم -13.35



ئاق بەھمەن
失车菊
رەسىم -14.35



زاغۇن ئۇرقى
艺麻菜子
رەسىم -15.35



سەۋزە ئۇرۇقى
胡萝卜子
16.35 - رەسىم



ريگ ماهى
沙龙子
1.36 - رەسىم




يەر ياڭىقى يېغى
花 生 油
2.36 - رەسىم



بۆكەن مۈڭگۈزى
羚 羊 角
4.36 - رەسىم



ھەسەل
蜂 蜜
5.36 - رەسىم



پەنەرمايە
初 乳
6.36 - رەسىم

www.uyghurkitap.com



مالىنا
覆盆子
رەسىم 8.36-



غاز گۆشى
鹅 肉
رەسىم 11.36-



جىگدە چېچىكى
沙枣花
رەسىم 12.36-



بۇقا چۆيىسى
牛 鞭
رەسىم 13.36-



قارا چېكەتكە
蟋 蟀
رەسىم 14.36-



ھەببى قەلقەل
رەسىم 15.36-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



چەشمى خوروس
相思豆
16.36 - رەسىم



شاقاقۇل مىسرى
欧玉竹
17.36 - رەسىم



يىڭنە بېلىق
海龙
18.36 - رەسىم



باشاق مۈڭگۈزى
麦角
1.37 - رەسىم



دىپساكوس
川继续
2.37 - رەسىم



لېپەكگۈل
牛膝
3.37 - رەسىم



نارگۈل ئۇرۇقى
蛇床子
رەسىم -4.37



تىرېمولىت تېشى
阳起石
رەسىم -5.37



بالا ھەمراھى
紫河车
رەسىم -6.37



قارىمۇق
王不留行
رەسىم -1.38



چىگىت مېغىزى
棉花子
رەسىم -2.38



ياۋا كۆنجۈت
野芝麻
رەسىم -4.38

www.uyghurkitap.com



قارا كۈنجۈت
黑芝麻
5.38- رەسىم



ئاق كۈنجۈت
白芝麻
6.38- رەسىم



كۆكنار ئۇرۇقى
罂粟子
7.38- رەسىم



پىندۇق
欧棒
8.38- رەسىم



چىلغوزا
油松子仁
9.38- رەسىم



تۇدەرى
独行菜子
10.38- رەسىم



پستە مېغىزى
阿月浑子
رەسىم -11.38



ھەببە تۇلخۇزرا
笃耨香子
رەسىم -12.38



ھەببى زەلەم
铁 荸 界
رەسىم -13.38



ھەببى رشاد
家独行菜
رەسىم -14.38



يەر ياڭىقى
落 花 生
رەسىم -15.38



ئاق تۇدەرى
رەسىم -16.38

www.uyghurkitap.com



سۈرمە
锑
1.39- رەسىم



سەرەس
合 欢 皮
2.39- رەسىم



هۆپۈپ گۆشى
庶鸪肉
4.39- رەسىم



سېغىزخان
喜 鹊
5.39- رەسىم



تاجىگۈل ئۇرۇقى
鸡蔻花子
6.39- رەسىم



تۇتىيا
土提亚
7.39- رەسىم



زەمچە
白矾
2.40- رەسىم



ئوسما يىلتىزى
板蓝根
3.40- رەسىم



شاتۇت
红果桑
4.40- رەسىم



مىئە سائىلە
苏合香
5.40- رەسىم



موزا
没食子
6.40- رەسىم



مۇرمەككى
没药
7.40- رەسىم

www.uyghurkitap.com



شۇمبۇيا
列 当
15.41 - رەسىم



ئاق پارپا
附 子
16.41 - رەسىم



قاقىراتومشۇق
老 鹳 草
17.41 - رەسىم



ھەڭ
阿 魏
19.41 - رەسىم



چۈمۈلە
蚂 蚁
20.41 - رەسىم



بوزۇغا
莪 术
21.41 - رەسىم



جوۋۇز
肉豆蔻
رەسىم -22.41



بالادۇر
槚如实
رەسىم -23.41



جىنچاتقىلىق يىلتىزى
卫矛根
رەسىم -24.41




زەيتۇن يېغى
橄榄油
رەسىم -26.41



قارا پارپا
飞燕草
رەسىم -28.41




قەلەمپۇر يېغى
丁香油
رەسىم -29.41



ئەرمۇدۇن دەرىخى ئۇرۇقى
白蜡树子
30.41 - رەسىم



فەرپىيۇن
火秧竻
31.41 - رەسىم



ئادراسمان ئۇرۇقى
骆驼篷子
32.41 - رەسىم




ئادراسمان ئۇرۇقى يېغى
骆驼篷子油
33.41 - رەسىم



ئادراسمان
骆驼篷
34.41 - رەسىم



كۆچۈلا
马钱子
35.41 - رەسىم

www.uyghurkitap.com



تۆگە يېغى
骆驼脂
36.41- رەسىم



سۇزاپ
芸 香
37.41- رەسىم



بوزىدان
伯孜旦
40.41- رەسىم



كەۋرەك
防 风
1.42- رەسىم



ئاق چۇغلۇق
白 芍
2.42- رەسىم




تاتلىق بادام يېغى
巴旦杏仁油
3.42- رەسىم

www.uyghurkitap.com



ئاچچىق قۇستە
木　香
1.43 - رەسىم



مىس دېتى
铜　绿
2.43 - رەسىم



قەردىمانە
野孜然
3.43 - رەسىم



ئالا كۈلۈك
斑　蝥
4.43 - رەسىم




چالموگرا يېغى
大 风 子 油
5.43 - رەسىم



نۆشۈدۈر
硇　砂
6.43 - رەسىم



سامساق
大　蒜
7.43- رەسىم



خېنگۈلى ئۇرۇقى
急 性 子
8.43- رەسىم



چاققاقئوت
荨麻草
9.43- رەسىم



چاققاقئوت ئۇرۇقى
荨 麻 子
10.43- رەسىم



تاغ كەرەپشىسى ئۇرۇقى
欧芹菜子
11.43- رەسىم



ئاق قىچا ئۇرۇقى
白 芥 子
12.43- رەسىم

www.uyghurkitap.com



13.43 - رەسىم
كالى زىرە
驱虫斑鸠菊



14.43 - رەسىم
جىنكىپۈزى ئۇرۇقى
补 骨 脂



15.43 - رەسىم
ئوردان
茜 草 根



16.43 - رەسىم
قارا خەربەق
铁 筷 子




17.43 - رەسىم
كۈنجۈت يېغى
芝 麻 油



18.43 - رەسىم
سىيادان
黑种草子

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىدرىس باقى
ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت ھاجى

مەسئۇل كوررېكتورى: رەيھان نۇر

# ئۇيغۇر تېبابىتى خام دورىلار ئىلمى

(ئۈچىنچى توم)

تۈزگۈچىلەر: (ئۇيغۇر ئىلمىي تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت ھاجى، ئابدۇللا ئابدۇرېشىت،
ئەلى ھاجى قۇربانىنىياز ئەمچى، ئەركىن قاسىم، تۇرغۇن ئۆمەر،
تۇنساگۇل مەتقاسىم، رۇقىيە سادىق، زاھىدە توختى،
غالىپ تۇردى، مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى،
ئوبۇلقاسىم مۇھەممەتسىدىق، ئوبۇل تۇردى

*

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى بۇلاقبېشى كوچىسى 66 - قورۇ، پوچتا نومۇرى 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
1092×787 مىللىمېتىر، 16 فورمات
باسما تاۋىقى: 102، قىستۇرما بېتى: 130
2006 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى، 1 - قېتىم بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3500

*

ISBN7—5372—4065—5
ئومۇمى باھاسى (ئۈچ توم): 198.00 يۈەن